# تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى

# Turpanological Research

# 吐鲁番学研究



2006.1

# يېڭى ئەسىردىكى كاتتا يىغىلىش - ئۇنتۇلماس ئەسلىمە



تۇرپانشۇناسلىقنىڭ يۈز يىللىقى - « تۇرپانغا قايتا زىيارەت - يېڭى ئەسىردە يىپەك يولىنىڭ سەنئىتى ۋە مەدەنىيىتى ئۈستىدە تەتقىقات » تېمىلىق خەلقئارا ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى بېرلىندا ئېچىلدى

بېرلىن ھىندى سەنئىتى مۇزېيى، بېرلىن براندېنبورگ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى، گېرمانىيە دۆلەت كۈتۈپخانىسىنىڭ شەرق بۆلۈمى قاتارلىق ئۈچ ئورۇن بىرلىكتە ئۇيۇشتۇرغان، تۇرپانشۇناسلىقنىڭ يۈز يىللىقى - « تۇرپانغا قايتا زىيارەت - يېڭى ئەسىردە يىپەك يولىنىڭ سەنئىتى ۋە مەدەنىيىتى ئۈستىدە تەتقىقات » تېمىلىق خەلقئارا ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى 2002 - يىلى 9 - ئاينىڭ 8 - كۈنىدىن 13 كۈنىگىچە بېرلىن ھىندى سەنئىتى مۇزېيىدا ئېچىلدى. يىغىنغا ئامېرىكا، جۇڭگو، ياپونىيە، گېرمانىيە، ئاۋستىرالىيە، ئىران، فرانسىيە، بېلگىيە، ۋېنگىرىيە، ئەنگلىيە، رۇسىيە، ئىتالىيە، تۈركىيە، گوللاندىيە، فىنلاندىيە، ئاۋستىرىيە قاتارلىق 16 - دۆلەتتىن 100 دىن ئارتۇق ئالىم، مۇتەخەسسىس، تەتقىقاتچى قاتناشتى. 5 كۈن ئېچىلغان يىغىن جەريانىدا 90 كىشى ئىلمىي ماقالىسىنى ئوقۇدى. يىغىنغا يەنە بىر مۇنچە كىشى سىرتتىن قاتناشتى. تەكلىپكە بىنائەن بۇ قېتىمقى يىغىنغا جۇڭگودىن رۇڭ شىنجاڭ، چاۋخۋاشەن، لى چۇڭفىڭ، چېڭ شېمىن، ئىراپىل يۈسۈپ، ئىدارىس ئابدۇرسۇل، ۋاڭ ۋېيدوڭ، خۇ شويچۇ، جاۋ لى، لىيۇ خوڭلياڭ، ئابلىم قېيىم قاتارلىق 11 كىشى قاتناشتى.

2006 - يىل 1 - سان
تۇرپانشۇناسلىق
تەتقىقاتى
(ئومۇمىي 13 - سان)

تەھرىر ھەيئىتىنىڭ مۇدىرى:

ئابلا قاسىم

مۇئاۋىن مۇدىرلىرى:

ئابلىم قېيۇم
ئەركىن ئىمىننىياز قۇتلۇق

باش مۇھەررىر:

ئابلىم قېيۇم

ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنغان
ئالىي مۇھەررىر:

ئەركىن ئىمىننىياز قۇتلۇق

تەھرىرلىرى:

ئابدۇگۇل ئابلىمىت، ئەركىن ئىمىننىياز قۇتلۇق، زۇلپىيە مۇھەممەت، ئۆمەر ئابدۇقادىر

بېزەكلىك مىڭئۆي ۋە ئىدىقۇت خان ئارسلان تېكىن رەسىمى
(مىلادىيە 10 - ئەسىر)

## بۇ ساندا

### دۇنخۇاڭشۇناسلىق ۋە تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى

تۇرپانشۇناسلىق ئىلمىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە ئۇنىڭ تارىخىي تەرەققىياتى ...... ئە. ئى. قۇتلۇق، ئا. ئۇمىديار(1)
تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتىغا نەزەر ...... چېن گوشەن(18)
ياپونىيە تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى ساھەسىدىكى كاتتا ئالىم شىمازاكى ئاكىرا ئەپەندى ...... ئابدۇبەسىر شۈكۈرى(29)

### يازما يادىكارلىقلار تەتقىقاتى

قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى بىر دانە ئويما مەتبە بۇيۇمىدىكى تاپىنغۇچى ۋە بېغىشلىما ...... پېتىر سىممې(32)
قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ئىبادەتخانىنىڭ ئىقتىسادىغا دائىر بىر پارچە ھۆججەت ...... ياڭ فۇشۆ(38)
ئۇرقۇن مەڭگۈ تاش پۈتۈكلىرىنىڭ بايقىلىشى ...... ج. رەھىم، روھلان(45)

### قوچۇ ئۇيغۇرلىرى ۋە مەدەنىيەت تەتقىقاتى

ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىنىڭ خونەندە ئولتۇراقلىشىشى ...... يولۋاس راشىدىن(47)
شامان دىنىنىڭ تۇرپان ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئادىتىگە كۆرسەتكەن تەسىرى ئۈستىدە ئانترىپولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ...... ئادىل غاپپار كارىزى(63)

### ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقاتى

ئۇيغۇر نامى ھەققىدە ...... ج. كلاۋسون(88)
ئۇيغۇر نامىنى قوللىنىشنىڭ باش ۋە ئاخىرى ...... غالىپ بارات ئەرك(97)

### يەر ناملىرى تەتقىقاتى

ئالدى قوش ( 前姑师 ) شەھىرى — يارغول قەدىمكى شەھىرىمۇ؟ ...... ئابابەكرى ئىبراھىم(105)
خوتەن شەھىرىنىڭ قەدىمكى نامى «ئىلچى» ھەققىدە ...... ۋارىس تېكىن(109)

### ئېكسكۇرسىيە ۋە ساياھەتنامە

ماركوپولو غەربىي يۇرتتا ...... تىيەنۋېيجياڭ(111)
مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئارقىلىق تۇرپان ۋىلايىتىنىڭ ساياھەتچىلىك ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش يولى ئۈستىدە ئىزدىنىش ...... ئايگۈل مۇھەممەت(116)
ئېكسكۇرسىيە ۋە ئۆگىنىش خاتىرىسى ...... ئابلىم قېيۇم(122)

吐鲁番学研究
(维吾尔文)
(2006年第一期 总第十三期)

编 委 会
主 任：阿不拉·卡斯木
副 主任：阿不力木·克尤木
艾尔肯·伊明尼牙孜

主 编：
阿不力木·克尤木
特邀编审：
艾尔肯·伊明尼牙孜

编 辑：
阿不都古力·阿不力米提，艾尔肯·伊明尼牙孜，祖力菲亚·买买提，吾买尔·阿不都哈地尔

封一：
吐鲁番柏孜克里千佛洞与高昌回鹘阿斯兰可汗(公元十世纪画)

# 目　录

## 敦煌吐鲁番学研究

吐鲁番学的形成和发展 …… 艾尔肯·伊明尼牙孜，阿不拉江·吾米德亚尔(1)
吐鲁番学形成和发展刍议 …… 陈国灿(18)
知名的日本吐鲁番学家 — 岛崎昌 …… 阿不都拜斯尔·秀库尔(29)

## 文献研究

一件回鹘文雕版印刷品的供养人及尾记 …… 彼得·吉姆[德]著(32)
一件珍贵的回鹘文寺院经济文书 …… 扬富学(38)
奥尔浑碑铭的发现 …… J·热合木·若合兰(45)

## 高昌回鹘文化研究

居住在湖南的高昌回鹘人后裔 …… 优力瓦斯·热西丁(47)
萨曼教对吐鲁番维吾尔人社会生活习俗的影响 …… 阿迪力·阿帕尔(63)

## 维吾尔学研究

"维吾尔"名称考 …… 捷·克劳逊(88)
浅谈"维吾尔"名称溯源 …… 阿力甫·爱尔克(97)

## 地名研究

"前姑师"是交河古城吗？ …… 阿巴拜克力(105)
关于和田古城"一利奇" …… 瓦力斯·特肯(109)

## 考察随感

马可·波罗与西域 …… 田卫疆(111)
试谈保护文物古迹发展吐鲁番地区的旅游事业 …… 阿依古丽·买买提(116)
参观旅游日记 …… 阿不力木·克尤木(122)

# دۇنخۇاڭ، تۇرپانشۇناسلىق ئىلمىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە ئۇنىڭ تارىخى تەرەققىياتى

ئەركىن ئىمىنىياز قۇتلۇق، ئابلاجان ئۇمىديار

تۇرپان ئويمانلىقى دىيارىمىز شىنجاڭنىڭ شەرقى قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى مەدەنىيەت ئوچاقلىرىدىن بىرى. بۇ رايون يىراق تارىخى دەۋرلەردىن باشلاپلا شەرق بىلەن غەربىنىڭ ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ئىشلىرىدىكى مۇھىم تۈگۈن بولۇپ كەلگەن ئىدى. تارىختا كارۋان يولى دەپ ئاتالغان يىپەك يولى مۇشۇ دىياردىن ئۆتەتتى. ئىجادكار تۇرپان خەلقى ئۇزاق تارىختىن بۇيان جۇغراپىيىلىك ئەۋزەللىكىدىن پايدىلىنىپ قەدىمكى گرېك - رىم مەدەنىيىتى، ھىندى مەدەنىيىتى، پارس-ئەجەم مەدەنىيىتى ۋە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك مەدەنىيىتى قاتارلىق كۆپ خىل مەدەنىيەت بىلەن ئۇچرىشىپ دۇنياۋى مەدەنىيەت رىقابىتىگە قاتناشقان ھالدا ئۆزلىرىنىڭ باي، مىللىي مەدەنىيىتىنى ياراتقان ۋە ئۇنى ئەۋلادمۇ ئەۋلاد گۈللەندۈرگەن.

يىپەك يولى بويىغا جايلاشقان تۇرپاننىڭ قەدىمكى نامى ئۇيغۇر تىلىدا «تۇرپان» دەپ ئاتالغان بولۇپ، ئۇنىڭ مەنىسى: «چوڭ شەھەر»، «مۇقەددەس پايتەخت» دېگەنلىك بولىدۇ. تۇرپان رايونى قەدىمكى تارىخى ماتېرىياللاردا «غوز»، «قوش»، «قوچو»، «قارا قوچو»، «ئۇيغۇرىيە» دېگەندەكناملار بىلەن ئاتالغان بولسا، خەنزۇچە بەزى ماتېرىياللاردا «قوش ئالدى دۆلىتى»، «قوچو ئوبلاستى»، «غەربىي ئوبلاست»، «قوچو دۆلىتى» دېگەندەك ناملار بىلەن خاتىرىلىنىپ كەلگەن. قوش خانلىقى ۋە قوچو ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرلىرىدە تۇرپان مۇشۇ خانلىقلارنىڭ مەركىزى بولۇش بىلەن بىرگە، قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇزاق تارىختىن بۇيانقى تارىخ ۋە مەدەنىيەت تەرەققىياتى جەريانىدا ئۆزىنىڭ مۇھىم ستراتېگىيىلىك رولىنى ئوينىغان. قوش خانلىقىنىڭ ئالدى - كەينىدىكى يەنى مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 8 - ئەسىرلەردە تۇرپان رايونىدىكى خەلقلەر ھارۋىنى ئىجات قىلىپ قوللىنىشتىن تارتىپ تامغا - مەتبەئەچىلىك، ئۈزۈمچىلىك - باغۋەنچىلىك، دېھقانچىلىق ۋە كارىزچىلىق سۇغۇرۇش تېخنىكىسى قاتارلىق جەھەتلەردە ئۆزلىرىنىڭ بىر يۈرۈش ئىلمىي تېخنىكىسىنى ياراتقان بولسا؛ كېيىنكى مەزگىللەردە جۈملىدىن قوچو خانلىقى، يۈەن، مىڭ، چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى تۇرپان خانلىقى دەۋرلىرىدىمۇ شانلىق مەدەنىيەتكە ئىگە تۇرپان شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى مەدەنىيەت ۋە ئىقتىساد ئالماشتۇرۇشتا ئۆزىنىڭ جۇغراپىيىۋى تۈگۈنلۈك رولىنى جارى قىلدۇرغان. دېمەك، تارىختا قوچو ئېلى يەنى ئۇيغۇر ئېلى دەپ ئاتالغان تۇرپان دىيارى تارىخىنىڭ ئۇزۇنلۇقى، مەدەنىيىتىنىڭ قەدىمىيلىكى ۋە خىلمۇ خىل بولۇشى، مىللىي خاسلىققا ئىگە يازما ۋەسىقىلەرنىڭ موللىقى بىلەن دۇنيا ئارخېئولوگىيىلىرى - سەيياھلىرى ۋە شەرقشۇناس - ئۇيغۇرشۇناسلىرىنىڭ زور دىققەت ئېتىبارىنى قوزغاپ كەلگەن. ئۇنىڭ مول مەدەنىيەت مىراسلىرى ۋە ھەر خىل يازما ۋەسىقىلىرى ھەققىدىكى قېزىش ۋە تەتقىقات پائالىيەتلىرى كەڭ قانات يايغان بولۇپ، 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن تارتىپلا دۇنياۋى خاراكتېرلىك ئىجتىمائىي پەن — تۇرپانشۇناسلىق ئىلمىنى شەكىللەندۈردى.

تۇرپانشۇناسلىق ئىلمىنىڭ ئۇزاق تەتقىقات جەريانلىرىنى باشتىن كەچۈرۈپ، ھازىرقى كۈندە خەلقئارالاشقان بىر ئىلىم سۈپىتىدە شەكىللىنىشى ھەم مۇكەممەل ئىلىم سىستېمىسىغا ئىگە مۇستەقىل بىر ئىنسانشۇناسلىق ئىلمى تۈرىگە ئايلىنىشى مۇئەييەن تارىخى ئارقا كۆرۈنۈشكە ئىگىدۇر. 1811 - يىلى فودىكشېۋ رۇسىيە ھەربىي قىسمىنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن تەڭرىتاغنىڭ جەنۇب ۋە شىمالىغا كېلىپ جۇڭغار ۋادىسى ۋە تۇرپان رايونىدىن ئاز بولمىغان مەدەنىيەت

يادىكارلىقلىرىمىزنى ۋە ھەر خىل ئاخباراتلارنى توپلاپ ئۆز دۆلىتىگە قايتقاندىن كېيىن شۇ ۋاقىتتىكى «سىبىرىيە خەۋەرلىرى» ژۇرنىلىدا ئۆزىنىڭ بۇ ھەقتىكى دوكلاتىنى ئېلان قىلدى. بۇ ئىش ئەينى ۋاقىتتىكى رۇسىيىلىكلەرنىڭ غەربىي رايون جۈملىدىن تۇرپان ئېكسپېدىتسىيىسىگە بولغان قىزىقىشىنى قوزغىدى. شۇنىڭ بىلەن چار رۇسىيە 19 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرلىرىدىن باشلاپ شىنجاڭ جۈملىدىن تۇرپان رايونىغا ھەر خىل سالاھىيەتتىكى ئادەملەرنى كىرگۈزۈپ تۇردى. 1879 - يىلى (رۇسىيە ئىلى رايونىنى بېسىۋېلىپ 8 يىلدىن كېيىن) سانكىتپېتېربورگ رۇسىيە پادىشاھلىق ئۆسۈملۈكلەر باغچىسىنىڭ مۇدىرى رېيگىل تۇرپان ئويمانلىقىغا كېلىپ نۇرغۇن ئۆسۈملۈك ئەۋرىشكىلىرىنى توپلايدۇ ھەمدە قەدىمكى خارابىلىقلاردا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ ۋەتىنىگە قايتقاندىن كېيىن «تۇرپاننى تەكشۈرۈش خاتىرىسى» ناملىق ئەسىرىنى يېزىپ چىقىپ ئۇنى «پېتمان جۇغراپىيە ئايلىق ژۇرنىلى» نىڭ 1881 - يىللىق 27 - سانىدا ئېلان قىلىدۇ. 1893 - يىلى لوپنوپسكى ۋە كوزنوۋلار تەشكىللىگەن ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى تۇرپانغا كېلىپ بۇ يەردە ھاۋارايى كۆزىتىش پونكىتى قۇرۇپ بىر يىلغا يېقىن ۋاقىت ئىچىدە تۇرپاندا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەرنى توپلاپ ئېلىپ كەتكەن. ئۇلار بۇ قېتىم ئېلىپ كەتكەن مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئاساسىدا رۇسىيە جۇغراپىيە ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشىدىكى «ئوتتۇرا ئاسىيانى تەكشۈرۈش ئۆمىكىنىڭ مەشغۇلاتى» ناملىق كىتابنى نەشر قىلدۇرىدۇ. 1897 - يىلى كلېمېنتز، رادلوۋ قاتارلىقلار پېتربورگ خان جەمەتى پەنلەر ئاكادېمىيىسى تەشكىللىگەن ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى بىلەن تۇرپانغا كېلىپ بۇ يەردىن بۇددا مىڭ ئۆيلىرىدىكى نۇرغۇن تام رەسىملىرىنى ۋە بىر قىسىم ۋەسىقىلەرنى يىغىپ ئېلىپ رۇسىيىگە قايتقاندىن كېيىن «تۇرپان ۋە ئۇ يەردىكى قەدىمكى ئىزلار» ناملىق ماقالىسىدا تۇرپان يادىكارلىقلىرى ھەققىدە تەپسىلىي مەلۇمات بېرىدۇ.

1899 - يىلى رىمدا چاقىرىلغان 12 - نۆۋەتلىك خەلقئارا شەرقشۇناسلىق يىغىنىدا رۇسىيىلىك تۈركلوگ رادلوۋ ئېكسپېدىتسىيىچى كىلېمېنتز تۇرپاندىن ئېلىپ كەلگەن يادىكارلىقلارنى تونۇشتۇرۇپ يىغىنغا قاتناشقۇچىلارنىڭ زور قىزىقىشىنى قوزغايدۇ. بۇ يىغىندا يەنە «ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شەرقىي ئاسىيانى تەتقىق قىلىش رۇسىيە كومىتېتى» ناملىق ئىلمىي ئورگان تەسىس قىلىنىدۇ. 1902 - يىلى گېرمانىيىنىڭ ھامبورگ شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن 13 - نۆۋەتلىك خەلقئارا شەرقشۇناسلىق يىغىنىدا يىغىن ئىشتىراكچىلىرى ئىلگىرىكى «رۇسىيە كومىتېتى» دېگەن نامنى تېخىمۇ كەڭ مەنىگە ئىگە قىلىپ «ئوتتۇرا ئاسىيا يىراق شەرق تارىخ ئارخېئولوگىيە، تىلشۇناسلىق، مىللەتشۇناسلىق خەلقئارا ئىلمىي جەمئىيىتى» گە ئۆزگەرتىپ سانكىتپېتېربورگدا باش ئورگان قۇرۇپ، ھەرقايسى ئەللەردە شۆبە ئورگانلار تەسىس قىلىنىدۇ. چار پادىشاھنىڭ خىراجىتى بىلەن رۇسىيىلىك ئولدېنبورگ بۇ جەمئىيەتنىڭ ئىشلىرىغا رىياسەتچىلىك قىلىدۇ. 1909 - يىلى ئولدېنبورگ «ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە يىراق شەرق خەلقئارا ئىلمىي جەمئىيىتى رۇسىيە كومىتېتى» نامىدا ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى تەشكىل قىلىپ قەشقەر ئارقىلىق تۇرپانغا كېلىپ نۇرغۇن ئاسار - ئەتىقە ۋە ھۆججەتلەرنى ئېلىپ كېتىدۇ، ھەمدە 8000 پارچىدىن ئارتۇق مەدەنىيەت يادىكارلىقىنىڭ سۈرىتىنى تارتىپ ئېلىپ كېتىدۇ. رۇسىيىلىكلەرنىڭ تۇرپاندىكى پائالىيىتى گېرمانىيىلىكلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغايدۇ. 1902 - يىلى بېرلىن ئانتروپولوگىيە مۇزېيىنىڭ خادىمى گرۈنۋېدېل گېرمانىيىدىكى بىرقانچە مالىيە گۇرۇھىنىڭ ياردىمى ئارقىسىدا ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى تەشكىللەپ رۇسىيە ئارقىلىق تۇرپانغا كېلىدۇ. ئۇ بىر تەرەپتىن تۇرپان غارلىرىنى تەپسىلى خەرىتىگە چۈشۈرسە، يەنە بىر تەرەپتىن نۇرغۇن ئورۇنلاردا قېزىش ئېلىپ بېرىپ، قەدىمكى ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە يېزىقلاردىكى قول يازمىلارنى، مانى دىنى نومىلىرى، ئۇيغۇرچە تامغا - مەتبەئە پارچىلىرى قاتارلىقلارنى توپلايدۇ ھەم ئۇلارنى 46 ساندۇققا قاچىلاپ 1903 - يىلى ئۆز دۆلىتىگە قايتىدۇ. ئۇ «1902 - 1903 - يىللىرىدىكى قوچو قەدىمىي شەھىرى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدا ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك قېزىشتىن دوكلات» دېگەن كىتابچىنى نەشر قىلدۇرىدۇ.

1904 - يىلى گېرمانىيىلىك لېكوك باشچىلىقىدىكى ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى تۇرپانغا كېلىدۇ. ئۇلار تۇرپاندىكى بېزەكلىك، تۇيۇق قاتارلىق ئورۇنلاردىكى مىڭ ئۆي تام رەسىملىرىنى پۈتۈن قومۇرۇپ ئالىدۇ ھەمدە قوچو قەدىمىي شەھەر خارابىسىدىن قوچو ئۇيغۇر خانلىرىنىڭ ئىش - ئىزلىرى ئويۇلغان مەڭگۈ تاشلارنى، مانى دىنىغا ئائىت تام رەسىملەرنى ۋە ئۇيغۇرچە نوملارنى ئېلىپ كېتىدۇ. بۇ قېتىم لېكوك ئېلىپ كەتكەن مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى 200 ساندۇقتىن ئاشىدۇ. 1905 - يىلى گرۈنۋېدېل، لېكوك باشچىلىقىدىكى ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى تۇرپانغا يەنە بىر قېتىم كېلىپ ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش ئېلىپ بارىدۇ. 1906 - يىلى لېكوك 30 ساندۇق، 1907 - يىلى گرۈنۋېدېل 174 ساندۇق يادىكار لىقنى گېرمانىيىگە ئېلىپ كېتىدۇ، كېيىن لېكوك قولىدىكى ماتېرىياللارغا ئاساسەن «قوچو» ناملىق رەسىملىك كىتابنى نەشر قىلدۇرىدۇ.

ئەينى ۋاقىتتا رۇسىيە ۋە گېرمانىيىلىكلەرنىڭ تۇرپاندا قولغا چۈشۈرگەن بۇ ئولجىلىرى ئەنگلىيە، فرانسىيە، ياپونىيە مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ دىققىتىنى قوزغايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارمۇ قېزىشقا ئاتلىنىدۇ. فرانسىيە ئېكسپېدىتسىيە ئۆمىكىنىڭ باشلىقى مەشھۇر خەنزۇشۇناس پېللىئوت 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئىشنى باشلايدۇ. ئۇنىڭ ئاساسىي نىشانى كۇچا ۋە دۇنخۇاڭ بولسىمۇ لېكىن تۇرپانىمۇ ئالا قويمايدۇ. ياپونىيە ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىمۇ شىنيۇەن ئىبادەتخانىسىنىڭ راھىبى - ئوتانى كوزى باشچىلىقىدىكى تەكشۈرۈش ئۆمىكى بۇددا دىنى ئورۇنلىرىنى ساياھەت قىلىش نامىدا تۇرپانغا كېلىپ ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بارىدۇ ۋە بىر قىسىم يادىكارلىقلار ۋە ھۆججەتلەرنى قولغا چۈشۈرىدۇ. 1913 - يىلى ياپونىيىلىك جىچۇەن شاۋيىلاڭ ئاستانە قەبرىستانلىقىدا يەنە بىر قېتىم تەكشۈرۈش ئېلىپ بارىدۇ. ئەينى ۋاقىتتا ئوتانى نامىدا ئېلان قىلىنغان «ئوتانى - ۋەسىقىلىرى» نىڭ ساقلىنىش نومۇرىلا 7733 گە يەتكەن بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە خەنزۇ يېزىقىدىكىسى 4830 پارچە، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكىسى 978 پارچە، سانسكرىت، تىبەت، موڭغۇل يېزىقىدىكىلىرى 425 پارچە، خەنزۇچە ۋە باشقا يېزىقلار ئارىلاشتۇرۇلۇپ يېزىلغانلىرى 530 پارچىدىن ئارتۇق ئىدى. ياپونىيىلىكلەردىن كېيىن ئەنگلىيىلىك ئاۋرېل ستېيىن 1914 - يىلى 11 - ئايدا تۇرپانغا كېلىپ بېزەكلىك مىڭ ئۆيلىرىدىكى تام رەسىملىرىنى كېسىپ - قومۇرۇش ۋە بۇددا نوملىرىنى يىغىشتىن سىرت، قاراغوجا - ئاستانىدا قەدىمكى قەبرىلەرنى قازىدۇ، يارغول شەھىرىنى خەرىتىگە ئالىدۇ. بۇ قېتىم ئۇ تۇرپاندىن 182 ساندۇق مەدەنىيەت يادىكارلىقىنى ئېلىپ كېتىدۇ.

1928 - يىلى ئا. ستېيىن نەشر قىلدۇرغان «ئاسىيانىڭ مەركىزى» دېگەن تۆت توملۇق كىتابنىڭ تۇرپان بۆلىكىلا 3 باپنى ئىگىلىگەن. غەرپ دۆلەتلىرىنىڭ تەتقىقات نەتىجىسىدىن قارىغاندا، ئەينى دەۋردە ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ تەتقىقات سەۋىيىسىدە پەرق بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە رۇسىيىنىڭ سەۋىيىسى نىسبەتەن تۆۋەن بولغان. رۇسىيىلىكلەرنىڭ تۇرپاندىن ئېلىپ كەتكەن مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئاساسەن پېتىربورگدىكى «ئاسىيا مۇزېيى» (سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيىسى قارمىقىدىكى شەرقشۇناسلىق تەتقىقات ئىنستىتۇتى) دا ساقلانغان بولۇپ، ئۇلار بۇ يادىكارلىقلارنى تولۇق تەتقىق قىلمىغان. 1960 - يىلى 25 - نۆۋەتلىك خەلقئارا شەرقشۇناسلىق يىغىنى موسكۋادا ئۆتكۈزۈلگەن بولۇپ، بۇ يىغىنغا قاتناشقان جامائەتچىلىكنىڭ بېسىمى ئاستىدا لېنىنگراد شۆبىسى بىر قىسىم ۋەسىقىلەرنى كۆرگەزمە قىلىدۇ (قالغانلىرىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكى ئېنىق ئەمەس ئىدى). ئۇلار پەقەت 1947 - دىن 1963 - يىللىرىغىچە ئىككى توملۇق «ئاسىيا مىللەتلەر تەتقىقات ئىنستىتۇتىدا ساقلىنىۋاتقان دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان خەنزۇ يېزىقىدىكى ھۆججەتلەرنىڭ چۈشەندۈرۈش مۇندەرىجىسى» نى تۈزۈپ چىقىدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇلارنىڭ ئىچىدىكى نۇرغۇنلىرى تۇرپاندىن تېپىلغان ھۆججەت - ۋەسىقىلەر ئىدى. گېرمانىيىلىكلەر ئېلىپ كەتكەن يادىكارلىقلار ئىچىدىكى تۇرپانغا دائىر ھۆججەتلەر پرۇسسىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسى ۋە بېرلىن ئېتنوگرافىيە مۇزېيىدا ساقلانغان. 2- دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە ئۇلارنىڭ بىر قىسمى ئۇرۇش ئوتىدا ۋەيران بولغان. ساق قالغانلى-

رىنىڭ كۆپ قىسمىنى سوۋېت ئارمىيىسى شەرقىي گېرمانىيىگە يۆتكەپ كېتىپ، ئەينى ۋاقىتتىكى بېرلىن پەنلەر ئاكادېمىيىسىگە تاپشۇرۇپ بېرىدۇ. ئۇرۇشتىن كېيىن پروفېسسور خاتمانىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە بۇ ھۆججەتلەر رەتلىنىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر يېزىقىدىكىسى 8000 پارچە، خەنزۇ - تىبەت يېزىقىدىكىسى 6000 پارچە ئىدى. سابىق شەرقىي گېرمانىيىدە ساقلىنىۋاتقان تۇرپان ھۆججەتلىرىنىڭ سانى كۆپ بولغانلىقتىن سابىق دېموكراتىك گېرمانىيە جۇمھۇرىيىتى پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ شەرق تىللىرى تەتقىقات ئىنستىتۇتى «تۇرپان ھۆججەتلىرىنى تەتقىق قىلىش كومىتېتى» قۇرۇپ ۋېنگرىيە، ياپونىيە قاتارلىق ئەللەردىن خەنزۇشۇناسلارنى تەكلىپ قىلىپ ئىشلەپ «بېرلىندىكى تۇرپان يازمىلىرى مەجمۇئەسى» نى ئارقا - ئارقىدىن نەشر قىلدۇرىدۇ.

ئەنگلىيىلىك ئا. ستەيىن 1914 - يىلى شىنجاڭ ۋە خېشى كارىدورى ۋادىسىنى تەكشۇرۇشكە كېلىش ھارپىسىدا ئەنگلىيىگە قارام ھىندىستان ھۆكۈمىتى بىلەن كېلىشىم تۈزۈپ ھىندىستاننىڭ خىراجەت بېرىشى بىلەن تۇرپانغا تەكشۇرۇشكە كېلىپ، تەكشۈرۈشتە ئېرىشكەن بۇيۇملارنىڭ بىر قىسمىنى يۇيۇك برىتانىيە مۇزېيىغا ئەۋەتىپ بەرگەندىن سىرت، قالغىنىنى ھىندىستان دۆلەتلىك مۇزېيىنىڭ ساقلىشىغا تاپشۇرۇپ بەرگەن. ستەيىن بۇ قېتىم ئېلىپ كەلگەن خەنزۇچە ۋەسىقىلەرنى فرانسىيىلىك خەنزۇشۇناس چاۋانېسنىڭ ئوقۇغۇچىسى ماسپورىلنىڭ تەتقىق قىلىشىغا بەرگەن. ماسپورىل ئەپەندى «ستېيىننىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى 3 - قېتىملىق ئېكىسپېدىتسىيىسى جەريانىدىكى ھۆججەتلەر» دېگەن كىتابچىسىنى يازغان. بۇ كىتابنىڭ 1 -، 2 - بۆلۈملىرى ئايرىم - ئايرىم ھالدا دۇنخۇاڭ ۋە كىرورانىدىن تېپىلغان تارشا پۈتۈك ۋەسىقىلەردىن 3 - بۆلۈمدىن 8- بۆلۈمگىچە بولغان مەزمۇنلار پۈتۈنلەي تۇرپاندىن تېپىلغان يازما ۋەسىقىلەردىن ئىبارەت ئىدى. قالغانلىرىنى كېيىن ئەنگلىيە مۇتەخەسسىلىرى رەتلەپ تەتقىق قىلىپ «تۇرپان ھۆججەتلىرى توپلىمى» نى نەشر قىلدۇرىدۇ. ئۇلار ئىچىدە يازما ۋەسىقىلەردىن سىرت، سەنئەت بۇيۇملىرى، قەدىمكى تامغىلارمۇ بار ئىدى. ستېيىن ئۆزىنىڭ «ئاسىيانىڭ مەركىزى» ناملىق كىتابىدا بۇلار ھەققىدە توختالغان.

20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، فرانسىيەلىكلەر دىققىتىنى دۇنخۇاڭغا مەركەزلەشتۈرگەن، شۇندىقتىمۇ تۇرپان ۋەسىقىلىرىگە ئالاھىدە دىققەت قىلغان. ياپونىيىلىكلەر 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا شىنجاڭدىن بولۇپمۇ تۇرپاندىن ئېلىپ كەتكەن مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ بىر قىسمىنى ئەينى دەۋردە شېنيوۋەن ئىبادەتخانىسىنىڭ ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقى تۈپەيلىدىن سېتىۋېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ يادىكارلىقنىڭ بىرقىسمى ئەينى ۋاقىتتىكى ياپونىيىگە قارام بولغان جوڭگودىكى لۈشۈن مۇزېيىغا ئېلىپ كېلىنىدۇ. يەنە بىر قىسمى كورىيە باش گوبېرناتور مەھكىمىسىگە قاراشلىق سېئول مۇزېيىغا سېتىپ بېرىلىدۇ. ئەمما قىممىتى يۇقىرىراقلىرى يەنىلا ياپونىيىدە قالىدۇ. لۈشۈن مۇزېيىدىكىلىرىنىڭ بىر قىسمى 1933 - 1943 - يىللىرى ئارقا - ئارقىدىن رەتلىنىپ «لۈشۈن مۇزېيىنىڭ مۇندەرىجىلەر توپلىمى» دېگەن نامدا نەشر قىلىنىدۇ، كورىيىدە ساقلىنىۋاتقان قىسمى 1930 - يىلى «كورىيە باش گوبېرناتور مەھكىمىسىگە قاراشلىق مۇزېي تەرىپىدىن «ئوتانى توپلىغان غەربىي رايون مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى مۇندەرىجىسى» دېگەن نامدا نەشر قىلىنىدۇ. ياپونىيىدە قالغان ئاز بىر قىسمى بولسا ھازىر توكيو، ئوساكا مۇزېيلىرىدا ساقلىنىۋاتىدۇ. ياپونىيىدىكى يادىكارلىقلارنىڭ ھەقىقىي قىممەتكە ئىگىلىرى شېنيوۋەن ئىبادەتخانىسىنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا بولۇپ كېيىن خاماگۇچى بىڭگو ناھىيىسىدىكى ئېرلېجۋاڭ (二乐庄) تەتقىقات ئىنستىتۇتىغا يۆتكەپ رەتلەش ئېلىپ بارىدۇ. تەتقىقاتچى جورۇيچاۋ تۈت جىلدلىق «ئېرلى مەجمۇئەسى» نى تۈزۈپ چىقىپ بىر قىسىم ۋەسىقىلەرنى ۋە مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ سۈرىتىنى ئېلان قىلىدۇ، كېيىن ئېرلى تەتقىقات ئىنستىتۇتى تاقىلىپ كەتكەنلىكتىن بۇ يادىكارلىقلارنىڭ ھەممىسى شېنيوۋەن ئىبادەتخانىسى قارمىقىدىكى شىشىگانى (لوڭگو) ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ساقلىشىغا تاپشۇرۇلىدۇ.

تۇرپان يادىكارلىقلىرىنىڭ كۆپ قىسمى گېرمانىيىدە يەنە بىر قىسمى رۇسىيىنىڭ سانكىتپېتېربورگ شەھىرى ۋە ياپونىيىدە ساقلىنىپ كەلگەن. لېكىن تەتقىقات جەھەتتە ياپونىيىنىڭ خىزمەتلىرى كۆرۈنەرلىك

بولغان. 1953 - يىلى 1 - ئايدا ياپونىيەدە «غەربىي رايون مەدەنىيىتى تەتقىقات جەمئىيىتى» قۇرۇلۇپ، ياپونىيەدە ساقلىنىۋاتقان تۇرپان ۋەسىقىلىرى ئۈستىدە ئومۇميۈزلۈك تەتقىقات ئېلىپ بېرىلىدۇ. 1958 - يىلدىن كېيىن «غەربىي رايون تەتقىقاتى» مەجمۇئەسىدىن 6 سى نەشر قىلىنىدۇ. كېيىن يەنە توكيو ئۇنىۋېرسىتېتى ياپونىيە مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىش ئىنستىتۇتى قارمىقىدا «ياپونىيەدە ساقلىنىۋاتقان دۇنخۇاڭ - تۇرپان ھۆججەتلىرىنى تەتقىق قىلىش كومىتېتى» نى قۇرۇپ دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ساقلىنىۋاتقان غەربىي رايونغا ئائىت ھۆججەتلەرنى يىغىپ مەخسۇس توپلاپ قايتىدىن مۇكەممەلرەك بولغان مۇندەرىجىنى تۈزۈپ چىقىش بىلەن ئۇنىڭ مۇھىم مەزمۇنلىرىنى رەتلەپ چىقىدۇ.

بىرقانچە ئون يىلدىن بۇيان ياپونىيەدە تۇرپان - دۇنخۇاڭ يازما يادىكارلىقلىرىنى تەتقىق قىلىدىغان زور بىر تۈركۈم تەتقىقات قوشۇنى بارلىققا كەلدى. بىر قىسىم نوپۇزلۇق ئالىملار يېتىشىپ چىقتى. گېرمانىيىلىكلەرنىڭ تەتقىقاتىدا كۆپرەكى تۇرپاندىن ئېلىپ كېتىلگەن تام رەسىملىرى ۋە «ئالتۇن يارۇق»، «ئىككى تېگىن ھېكايىسى»، «تۇرپان شېئىرلىرى» قاتارلىق ئەدەبىيات - سەنئەت مىراسلىرىنى تەتقىق قىلىشتا زور نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلگەن بولسا، روسىيىلىكلەرنىڭ تەتقىقاتى تۇرپاندىن تېپىلغان ئىقتىسادىي توختام ۋەسىقىلەر ۋە قانۇنىي ھۆججەتلەرنى تەتقىق قىلىش جەھەتتە ئالاھىدە كۆرۈنەرلىك بولدى.

1927 - يىلى ئېلىمىزدىكى بىر قىسىم ئالىملارنىڭ ئىلمىي تەشەببۇسى ئارقىسىدا شىۋىتسىيىلىك سېۋېن ھېدىن قاتارلىقلارنىڭ يېتەكچىلىكىدە «جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر بىرلەشمىسى غەربىي شىمالنى تەكشۈرۈش ئۆمىكى تەشكىل قىلىنىدى (خۇاڭ ۋېنبى بۇ ئۆمەكنىڭ ئەزاسى بولغان). بۇ ئۆمەك 1928 - يىلدىن 1931 - يىلغىچە بولغان ۋاقىت ئىچىدە تۇرپانغا ئىلگىرى ئاخىر بولۇپ ئىككى قېتىم كېلىپ قەدىمىي خارابىلارنى ۋە قەبرىلەرنى تەكشۈرۈپ خېلى كۆپ يادىكارلىقلارنى يىغىپ توپلىدى. كېيىن بۇ ماتېرىياللارنى رەتلەپ «قوچو غارلىرى»، «تۇرپان ئارخېئولوگىيە خاتىرىسى» قاتارلىق بىرقانچە ئەسەرلەرنى نەشر قىلىپ، ئېلىمىز تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى ئۈچۈن ئاساس سالدى.

ئېلىمىزنىڭ تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى ئاساسەن يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن رەسمىي باشلاندى. 1953 - يىلىدىن باشلاپ ئېلىمىزنىڭ ئارخېئولوگىيە ساھەسىدىكى خادىملار تۇرپان رايونىدىكى قوچو، يارغۇل قەدىمكى شەھىرىگە، بېزەكلىك، مۇرتۇق مىڭ ئۆيلىرىگە بېرىپ ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. ئېلىمىزنىڭ غەربىي رايون مەدەنىيىتى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان مەشھۇر ئالىملاردىن شياڭدا، خۇاڭ ۋېنبى، سۇ بەي قاتارلىقلار ئىلگىرى - كېيىن تۇرپانغا كېلىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، بىر تۈركۈم ئىلمىي ماقالىلارنى ۋە ئەسەرلەرنى ئېلان قىلدى.

1959 - يىلىدىن باشلاپ، شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىق، ئارخېئولوگىيىسى ساھەسىدىكى خادىملار تۇرپان رايونىدىكى ئاستانە، قاراغوجا قاتارلىق ئىككى ئورۇندىكى قەدىمكى قەبرىستانلىقتا ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ 13 قېتىم كەڭ كۆلەمدە قېزىش ئېلىپ بېرىپ، مىلادىيە 5 - 7 ئەسىرلەرگە مەنسۇپ بولغان قەدىمىي قەبرىلەردىن جەمئىي 456 نى قازدى. بۇنىڭ ئەھۋالى «تۇرپان ئاستانىنىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى قەدىمكى قەبرىلەرنىڭ قېزىلىش ئەھۋالى توغرىسىدا دوكلات» دېگەن تېمىدىكى ماقالە بولۇپ، ئۇ «مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» خەنزۇچە ژۇرنىلىنىڭ 1960 - يىللىق 6 - سانىدا ئېلان قىلىندى. «تۇرپان ناھىيىسىنىڭ ئاستانە - قاراخوجا يېزىلىرىدىكى قەدىمكى قەبرىلەرنى رەتلەش ئەھۋالى توغرىسىدا دوكلات»، «مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 1972 - يىللىق 2 - سانىدا ئېلان قىلىندى. تۇرپاندىكى قەدىمىي قەبرىلەردىن تېپىلغان زور تۈركۈمدىكى ھۆججەتلەرگە قارىتا دۆلەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسى رەتلەش ئېلىپ بېرىپ «تۇرپاندىن تېپىلغان ھۆججەتلەر» نى 10 توم قىلىپ نەشر قىلىشنى پىلانلىغان بولۇپ، ھازىر ئۇنىڭ 12 تومى نەشردىن چىقتى. يۇقىرىقى نەتىجىلەر تۈرتكىسى بىلەن 1983 - يىلى جۇڭگودا دۇنخۇاڭ -- تۇرپانشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتى قۇرۇلدى. 1983 - يىلى 11 -

ئايدا «جۇڭگو شىنجاڭ تۇرپانشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتى» ۋە ئۇنىڭ ماتېرىيال ئۇچۇر مەركىزى قۇرۇلدى. 1988 - يىلى 11 - ئايدا «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق تۇرپانشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتى» قۇرۇلۇپ، بۇ جەمئىيەت 2000 - يىلدىن باشلاپ «تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى» ناملىق ژۇرنالنى نەشر قىلىشقا باشلىدى. 20 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا قوچو ئۇيغۇر مەدەنىيەت تەتقىقاتچىسى ئىسمائىل تۆمۈرنىڭ «ئىدىقۇت ئۇيغۇر مەدەنىيىتى»، «ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئەدەبىياتى»، «ئىدىقۇت ھۆججەتلىرى» قاتارلىق كىتابلىرى ئارقا - ئارقىدىن نەشر قىلىندى. 21 - ئەسىرنىڭ كىرىشى بىلەن ئابلىم قەيۇم قاتارلىقلارنىڭ «تۇرپان يادىكارلىقلىرى»، تۇرپانشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ 1996 - يىلى ئېچىلغان «يىپەك يولى ۋە تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى» تېمىسىدىكى مەملىكەتلىك ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ «يىپەك يولى ۋە مەدەنىيەت جەھەتتە ئېچىۋېتىش» ئىلمىي ماقالىلار توپلىمى قاتارلىق كىتابلىرى ئابلىم قېيۇم، ئەركىن ئىمىنىياز قۇتلۇقلارنىڭ تۈزۈشى بىلەن شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى. 2001 - يىلى ۋە 2005 - يىل 8 - ئايدا تۇرپانشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ خەلقئارالىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئېچىلدى ۋە ئىلمىي ماقالىلار توپلىمىنى نەشر قىلدۇردى.

دىيارىمىز شىنجاڭ ئۇزاق تارىختىن بۇيان چەت ئەللىكلەر تەرىپىدىن «تەبىئىي مۇزېي» دەپ تەرىپلىنىپ كەلگەن بولۇپ، تۇرپان يادىكارلىقلىرى ھەم يازمىلىرى مۇشۇ تەبىئىي مۇزېينىڭ ئەڭ مول ۋە مۇھىم تەركىبىي قىسمىنى شەكىللەندۈرۈپ كەلگەن. تۇرپان يازمىلىرى ئۆزىنىڭ تارىخىنىڭ ئۇزۇنلۇقى، ئىلمىي ۋە بەدىئىي قىممىتىنىڭ يۇقىرىلىقى بىلەن 200 يىل مابەينىدە جۇڭگو ۋە چەت ئەل ئالىملىرىنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىپ ئۇيغۇرشۇناسلىقنىڭ خەلقئارا ۋە مەملىكىتىمىز ئىچىدىكى مۇھىم تەتقىقات ئېقىمىنى ھاسىل قىلىپ كەلدى. تۇرپان ئېلىمىزدە بوگۈنكى كۈندىمۇ نۇرغۇن ئالىم مۇتەخەسسىسلىرىمىز تەرىپىدىن داۋاملىق قېزىلىپ، ئىزچىل تەتقىق قىلىنىپ كېلىۋاتقان مول ھوسۇللۇق ھەم ئەھمىيەتچانلىققا ئىگە ئىجتىمائىي پەنلەرنىڭ بىرى بولۇپ شەكىللەنمەكتە. نۆۋەتتە مەملىكىتىمىزنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا بىر قىسىم تەشكىلاتلار قۇرۇلغان بولۇپ، بۇ خىل ئورگانلار مەخسۇس تۇرپان يادىكارلىقلىرى ۋە يازمىلىرىنى تەتقىق قىلىش بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىدۇ.

دېمەك، مول ۋە رەڭگارەڭ تۈسكە ئىگە بولغان تۇرپان يازما يادىكارلىقلىرى مەملىكىتىمىز ئىچى ۋە سىرتىدا تۇرپانشۇناسلىقتىن ئىبارەت ئەمەلىي قىممەتكە ئىگە بۇ ئارىلىق پەننى شەكىللەندۈرگەن. ئۇزاق تارىخ ئەنئەنىگە ۋە مول ماتېرىيال مەنبەسىگە ئىگە بولغان تۇرپانشۇناسلىق ئىلمىي ھازىرقى كۈندە ئۆزىنىڭ غايەت زور ھاياتى كۈچىنى نامايەن قىلىپ شىنجاڭنى دۇنياغا تونۇتۇپ ۋە دۇنياغا يۈزلەندۈرۈپلا قالماستىن بەلكى يىراق كەلگۈسىدىمۇ ئۆزىنىڭ زور ئىلمىي ۋە تارىخ قىممىتىنى ساقلاپ، ئۆزىنىڭ ئالەمشۇمۇل نەتىجىلىرى ئارقىلىق شانلىق جۇڭخۇا مىللەتلىرى مەدەنىيىتىنى دۇنياغا تېخىمۇ كەڭ نامايەت قىلالايدۇ. شۇنداقلا تۇرپانشۇناسلىقنىڭ تارىخىي نەتىجىلىرى بىزنىڭ يۈكسەك ۋەتەنپەرۋەرلىك تۇيغۇمىزنى كۈچەيتىدۇ.

## تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتىنىڭ ئۇيغۇرشۇناسلىقتىكى ئەھمىيىتى

تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى تار ئۇقۇم دائىرىسىدىن ئېيتقاندا قەدىمىي يۇرت تۇرپان دىيارىدىن بايقالغان شۇنداقلا تۇرپاننىڭ تارىخ ۋە مەدەنىيىتىگە دائىر تۈرلۈك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى، يازما ۋەسىقىلەر، فولكلور مىراسلىرى ۋە غار - ئۆڭكۈرلەردىكى تام سۈرەتلىرى قاتارلىق كونكرېت ئوبيېكتلارنى ئارخېئولوگىيىلىك پاكىتلارغا ئاساسلىنىپ تارىخى ۋە ئىجتىمائىي مەدەنىيەت ھادىسىسى سۈپىتىدە تەتقىق قىلىدىغان ئەمەلىيەتچانلىقى كۈچلۈك بولغان ئىجتىمائىي پەن تۈرلىرىنىڭ بىرى. ئەمما ئۇ كەڭ مەنىدىن قارىغاندا يالغۇز پەقەت تۇرپان رايونىدىن قېزىۋېلىنغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ۋە يازما ۋەسىقىلەرنىلا ئارخېئولوگىيىلىك، ئىنسانشۇناسلىق ئۇسۇل ۋە مەدەنىيەت نۇقتىئىنەزىرى بويىچە تەتقىق قىلىپلا قالماستىن بەلكى تۇرپان ۋە تۇرپان

ئويمانلىقىغا يېقىن بولغان قۇمۇل، سانجى، توقسۇن، قاراشەھەر، كوچا، ئۈرۈمچى، ئالغۇي، لوپنۇر، چەرچەن، چاقىلىق، كىروران قاتارلىق جايلارنىڭ ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرى ھەم كېيىنكى مەدەنىيەت ۋە تارىخى ئىزلىرىنى ئارخېئولوگىيىلىك پاكىتلار ئاساسىدا تەتقىق قىلىش ئارقىلىق قەدىمكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك تارىخى باسقۇچقا ئىگە بولغان بۇ غوللۇق ئېقىنىنى يورۇتۇپ بېرىشنى مەقسەت قىلىدىغان ئۇنىۋېرساللىقى ۋە ئىلمىي قىممىتى كۈچلۈك بولغان ئارىلىق پەنلىرىنىڭ بىرىدۇر. بۇ پەن ئۇزاق تارىختىن بۇيان تۇرپان ئويمانلىقىدا ياشاپ مول ۋە رەڭگا - رەڭ مەدەنىيەت ياراتقان ئىجادكار ئەجدادلىرىمىزنىڭ شانلىق تارىخى ۋە مەدەنىيەت ئىزلىرىنى تەتقىق قىلىش، خەلقىمىزنىڭ قەدىمكى تارىخى، ئەنئەنىۋى مەرىپىتى، ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى بىلىش ۋە ئۆگىنىشتە ئىنتايىن مۇھىم تارىخىي ۋە رېئال قىممەتكە ئىگە. دېمەك، كەڭ مەنىدىكى تۇرپانشۇناسلىق ئىلمىنىڭ مەزمۇنى مول، دائىرىسى كەڭ، تارىخى ئۇزۇن بولۇشتەك تۈپكى ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە. شۇڭا مەملىكەت ئىچى ۋە خەلقئارادا بۇ ئىلىم ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقاتىنىڭ ئاساسلىق غول ئېقىمىنى شەكىللەندۈرگەن. تەتقىقات ئۇسۇلى جەھەتتىن ئۇ ئارخېئولوگىيە، تارىخ، مەدەنىيەت، ئەدەبىيات - سەنئەت، سىياسىي - ئىقتىساد، پەلسەپە، دىنى - ئېتىقات قاتارلىق تۈرلۈك ئىلىملار بىلەن زىچ گىرەلىشىپ، كۆپ قىرلىق، ئۇنىۋېرسال ئىلمىي تەتقىقات مېتودولوگىيىسىنى شەكىللەندۈرگەن. ئىنسانىيەت ئەقىل - پاراسىتىنىڭ ھەممە ساھەلىرىگە چېتىلىدىغان، تارىخى ئۇزۇن، مەزمۇن دائىرىسى ئىنتايىن كەڭ بولغان تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتىنىڭ ئىلمىي قىممىتى ۋە رېئال ئەھمىيىتىنى تۆۋەندىكى تەرەپلەردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

1) تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى قەدىمكى يىپەك يولىنىڭ تۈگۈنى بولغان تۇرپان ئويمانلىقى جۈملىدىن شەرقىي ۋە شىمالىي شىنجاڭنىڭ تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. يىپەك يولى دېگەن بۇ ئاتالغۇ 1877 - يىلى گېرمانىيىلىك مەشھۇر جۇغراپىيە ئالىمى رىچ خوۋېن يازغان «جۇڭگو» ناملىق كىتابىدا قوللانغان مەخسۇس نامدىن ئىبارەت. كېيىن گېرمانىيىلىك شەرقشۇناس ۋېلىيامىس ئۆزىنىڭ «جۇڭگو ۋە سۈرىيە ئوتتۇرىسىدىكى يىپەك يولى» ناملىق كىتابىدا تېخىمۇ كونكرېت قوللانغان. شۇنىڭدىن كېيىن يىپەك يولى دېگەن بۇ ئاتالغۇ ئىلىم - پەن ساھەسىدە ئىزچىل قوللىنىپ كەڭ ئومۇملاشقان.

يىپەك يولى دېگىنىمىز ئېلىمىزنىڭ قەدىمكى دەۋرىدە چاڭئەندىن باشلىنىپ، خېشى كارىدورىدىن ئۆتۈپ قۇمۇل، تۇرپان بوستانلىقى، تارىم ۋادىسى ئارقىلىق ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە غەربىي ئاسىيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا كىرىپ، ئىراندىن ئۆتۈپ، ياۋروپا ۋە شىمالىي ئافرىقىغا يېتىپ بارىدىغان ئاسىيا - ياۋروپا ئىچكى قۇرۇقلۇق قاتناش لىنىيىسىنى كۆرسىتىدۇ. دۇنيانىڭ شەرقىي بىلەن غەربىنى تۇتاشتۇرغان بۇ مۆجىزىلىك يولدا ئۇزاق تارىخىي جەريانلار ئىچىدە يىپەك ۋە ئېسىل توقۇلما بويۇملار توشۇلغاچقا ئۇ «يىپەك يولى» دەپ ئاتالغان. ئۇيغۇرلارنىڭ جۈملىدىن يىپەك يولىدىكى بىر مەرۋايىت ھېسابلانغان تۇرپان ئۇيغۇرلىرىنىڭ يىپەك يولى بىلەن بولغان ئىجتىمائىي ئالاقىسى نەچچە مىڭ يىللىق تارىخقا ئىگە. ئىجاتكار تۇرپان خەلقى ئۇزاق تارىختىن بۇيان يىپەك يولىنىڭ غەربىي يۇرتتىكى بۆلىكىنى ئېچىش ۋە ئۇنى گۈللەندۈرۈش، شەرق - غەرپكە كېڭەيتىش جەھەتتە ئاجايىپ زور مۇۋاپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرگەن. تۇرپان ئويمانلىقىنىڭ يەر ئاستىدىن قېزىۋېلىنغان كۆپلىگەن مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ۋە ھۆججەتلەر شۇنى ئىسپاتلىدىكى، قوچو قەدىمكى خەنزۇچە ماتېرىياللاردا 高昌 دەپ ئالاھىدە ئاتالغان تۇرپان ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ قەدىمكى مەدەنىيەت ئوچاقلىرىنىڭ بىرى، شۇنداقلا قەدىمكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ مۇقەددەس بۆشۈكى بولۇپ، بۇ يەردە ياشىغان ئەجدادلىرىمىز ئۆزلىرىنىڭ يۈكسەك ئەقىل - پاراسىتىگە تايىنىپ، ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى خەزىنىسىگە ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقان. بىراق قەدىمكىسىنى قويۇپ تۇرۇپ، ئوتتۇرا ئەسىردىكىسى ھەققىدە توختىلىدىغان بولساقمۇ مەملىكىتىمىز تارىخىدا يۈز بەرگەن ئۆتكۈلۈك - سۆيگۈن توپىلىڭى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى 5 دەۋر 10 دۆلەت مەزگىلىدىكى ئۇرۇش قالايمىقانچىلىقى، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك

رايونىنىڭ ئىقتىساد ۋە مەدەنىيىتىنى ئېغىر دەرىجىدە نابۇت قىلغان، غەربتە ئەرەب مۇسۇلمان كۈچلىرى ئوتتۇرا ئاسىيانى غەربىي قىسىم رايونلىرىنى ئۆزىگە قاراتقان مانا مۇشۇنداق جىددىي تارىخىي شارائىتتىمۇ يىپەك يولى بويىغا جايلاشقان تۇرپان رايونى ئۆزىنىڭ مەدەنىيەت ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكىگە تايىنىپ، سىياسىي ۋەزىيىتى تىنچ، سودا ۋە مەدەنىيەت ئىشلىرى روناق تاپقان، خەلق ئىگىلىكىنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن پايدىلىق شارائىتقا ئىگە بىر جاي بولۇپ كەلگەن ئىدى. تۇرپاننىڭ قەدىمكى مەدەنىيىتىنىڭ كۆلەم - مىقياسىنى بىلىشىمىزگە ياردەم بېرىدىغان ئاساسلىق ماتېرىيال پاكىتى — ئەينى زاماندىكى تۇرپان ئويمانلىقىنىڭ مەتبەئە ئىشلىرىدا 24 خىل يېزىقنى قوللانغانلىقى، مەتبەئە ۋە پۈتۈكچىلىك ئىشلىرىدا قوللىنىلغان بۇ يېزىقلار ھەتتا گرېك يېزىقى، پارس يېزىقى، سانسكرىت يېزىقى، خەنزۇ، تىبەت يېزىقى قاتارلىق كۆپ يېزىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. مانا بۇ ھال ناھايىتى ئۇزۇن تارىخىي جەرياندا تۇرپان ئويمانلىقىدىكى خەلقلەرنىڭ ئەتراپتىكى ئەللەر ھەتتا يىراق دۇنيا بىلەن قويۇق مەدەنىيەت ئالاقىسىدا بولغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. جۈملىدىن ئورقۇن ئۇيغۇرلىرىنىڭ مىلادىيە 840 - يىللاردا تەبىئىي ئاپەت ۋە ئىچكى نىزالار سەۋەبىدىن ھاكىمىيىتى يىمىرىلىپ، باشلىرىغا ئېغىر كۈنلەر كەلگەن جىددىي پەيتتە ئۆز قېرىنداشلىرى بولغان تارىم ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئېلىگە - مەدەنىيىتى تەرەققىي قىلغان تۇرپان - تارىم بوستانلىقىغا كۆچۈپ كېلىشىمۇ ھېچ بىر ئەجەبلىنەرلىك ئىش ئەمەس ئىدى. 13 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى خىتانلارنىڭ پائالىيىتى، چىڭگىزخاننىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە غەربكە يۈرۈش قىلىشى، يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى زور تارىخىي ۋەقەلەرنىڭ ھەممىسى تۇرپان دىيارىنىڭ تارىخىي ۋە مەدەنىيەت تەرەققىياتى بىلەن ئىنتايىن زىچ ۋە بىۋاسىتە ئالاقىدار ئىدى. تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى يۇقىرىدا ئېيتقاندەك يىپەك يولىدىكى زور دۇنياۋى خاراكتېرلىك ئىشلار ۋە دۇنياۋى تۈسكە ئىگە ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەر تارىخىنى يورۇتۇشتىمۇ ئۆزىنىڭ مۇھىم تەتقىقات ئوبيېكتى قىلغاچقا، نەچچە ئەسىردىن بۇيان دۇنيا ئىلىم ئەھلىلىرى ۋە تارىخشۇناس، تىلشۇناس، ئىنسانشۇناس ئالىملارنىڭ مۇھىم تېمىسى ۋە تەتقىقاتىدىكى قىززىق نۇقتا بولۇپ كەلگەن ئىدى. مەيلى جۇڭگودا ياكى چەت ئەللەردە بولسۇن تۇرپانشۇناسلىق ئىلمىي تەبىئىي رەۋىشتە تۇرپان يادىكارلىقلىرىنى ۋاستە قىلغان ھالدا تۇرپاندىن ئىبارەت مۇشۇ مۇھىم ئۆتكەلنى ۋە ئۇنىڭ يىراق قەدىمكى تارىخى ۋە مەدەنىيىتىنى، تۇرپان ئۇيغۇرلىرىنىڭ ھەرقايسى تارىخىي دەۋردىكى ئۆتمۈش - كەچمىش سەرگۈزەشتىلىرىنى، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىيات مۇساپىسى ۋە ئۇنىڭ ئۆزگىرىشىگە دائىر ماھىيەتلىك مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىدۇ. بۇ خىل ئەمەلىي تەتقىقات مۇقەررەر ھالدا تۇرپاننىڭ ئارخېئولوگىيىسى بولۇپمۇ تۇرپان ۋەسىقىلىرىنى پاكىت قىلىپ ئەمەلىي ئىسپاتلاشتىن باشلىنىدۇ.

2) تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى تارىختا تۇرپان رايونىدا ياشىغان ۋە پائالىيەت ئېلىپ بارغان ئۇيغۇر ۋە باشقا قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ تىل ۋە مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ئىلمىي ۋە تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە. ئېنىقكى، يىپەك يولىنىڭ قاتناش تۈگۈنىگە جايلاشقان شۇنداقلا سىرتقا قارىتا ئېچىۋېتىلگەن تۇرپان رايونىدا تارىختىن بۇيان كۆپ خىل ئېتنىك تەركىبتىكى ئىنسانلار ياشىغان. شۇڭا بۇ زېمىندا قەدىمىي تۆت چوڭ مەدەنىيەت - ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك مەدەنىيىتى؛ قەدىمكى تۈرك - ئۇيغۇر مەدەنىيىتى، قەدىمكى ھىندى مەدەنىيىتى، قەدىمكى گرېك مەدەنىيىتى؛ ئۈچ چوڭ تىل سىستېمىسى - ئورال - ئالتاي تىللىرى سىستېمىسى، خەنزۇ - تىبەت تىل سىستېمىسى، ھىندى - ياۋروپا تىل سىستېمىسى؛ تۆت چوڭ ئىقتىسادىي ئىگىلىك - چارۋىچىلىق، دېھقانچىلىق، سودا - تىجارەت، قول ھۈنەرۋەنچىلىك بىر - بىرى بىلەن ئۇچراشقان ۋە ئۆزئارا تولۇقلاشقان. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ خىل ئالاھىدىلىك تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى، ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقاتىنى غايەت زور مۇرەككەپلىككە، مول تېمىغا، تۈرلۈك ئوبيېكتلارغا ئىگە قىلغان، بۇ ھال تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنىڭ تەتقىقاتتا چوڭقۇر ئىلمىيلىك ۋە كەڭ دائىرىدىكى تەتقىقات مېتودولوگىيىسىنىڭ بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ.

3) تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى يىپەك يولىنىڭ جۇغراپىيىسى ۋە ئۇنىڭ قاتناش - ترانسپورت تەرەققىيات ئەھۋالىنى تەتقىق قىلىشنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. يىپەك يولى كېسىپ ئۆتىدىغان خېشى كارىدورى، تارىم ۋادىسى، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە غەربىي ئاسىيا رايونلىرى قۇرغاق ۋە يېرىم قۇرغاق خاراكتېرىدىكى ئىچكى قۇرۇقلۇق رايونلىرىدۇر. تۇرپان ئويمانلىقىدا مۇشۇ رايونلارنىڭ ئېكىئولوگىيىلىك مۇھىت تىپى مەركەزلەشكەن بولۇپ، ئۇنىڭ تاغ دەريالىرى، بوستانلىقلىرى، چۆل - قۇملۇقلىرى، ئوتلاقلىرى ۋە كۆللىرى بار. بۇ تەبىئىي زېمىندا شەھەرلەر، كىچىك بازارلار، كەنت - قىشلاقلار بولغاچقا تارىختا ئۇنىڭ جۇغراپىيىسى ۋە قاتناش يوللىرى بولغان. بۇ قاتناش يوللىرى مۇشۇ رايوننىڭ ئېكولوگىيىسىگە قانداق تەسىر كۆرسەتكەن؟ شەھەر - بازارلارنىڭ ئاۋاتلىشىشى ۋە تەرەققىياتى بىلەن شىنجاڭنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتى ئوتتۇرىسىدا قانداق تەسىر كۆرسىتىش مۇناسىۋىتى بار؟ قەدىمكى قاتناش يوللىرى بىلەن ھازىرقى يوللارنىڭ قانداق پەرقى بار؟ دېگەندەك بىر قاتار مەسىلىلەر تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتىنىڭ نەتىجىلىرىگە تايىنىپ تەتقىق قىلىنىدۇ.

4) تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى يىپەك يولىنىڭ ئارخېئولوگىيىلىك مەدەنىيەت تەتقىقاتى ئۈچۈنمۇ پايدىلىق رول ئوينايدۇ. ئارخېئولوگىيە ئىلمى بولسا قەدىمكى ئىنسانلار تۇپىنىڭ تۇرلۇك پائالىيەتلەر ئارقىلىق قالدۇرغان خىلمۇ خىل يادىكارلىقلارغا ئاساسلىنىپ، ئىنسانلارنىڭ قەدىمكى تارىخى ۋە مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىدىغان پەندۇر. يىپەك يولىنىڭ ئارخېئولوگىيىلىك مەدەنىيەت تەتقىقاتى كېيىن قېزىپ چىقىرىلغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىدىن پايدىلىنىپ، يىپەك يولى بويىدا ياشىغان ھەرقايسى ئىنسانلار تۇپىنىڭ ئىجتىمائىي پائالىيەتلىرى ۋە ئۇنىڭ قانۇنىيەتلىك ئەھۋالىنى تەتقىق قىلىدۇ. ھەمىشە ئەمەلىي پاكىتلىق نەرسىلەرگە تايىنىدۇ. بۇلار: قەدىمىي شەھەر خارابىسى، كونا مەھەللە ۋە قەدىمكى ئىز - خارابىلار ياكى تۇرلۇك شەكىلدىكى قەدىمكى ماددىي بويۇملاردىن ئىبارەت. تەتقىقات جەريانى بۇ ماددىي بويۇملاردىن پايدىلىنىپ تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، ئالاقىدار ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتىنى مول پاكىتلىق ماتېرىيال بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. يىپەك يولى ئارخېئولوگىيىلىك مەدەنىيىتى ئاساسەن قەدىمكى ئىنسانلار تۇپىنىڭ مەدەنىيەت تېماتىكىسى ۋە ئۇنىڭ ئىچكى - تاشقى خاسلىقى ھەم ئالاھىدىلىكلىرىنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق ئوخشاش بولمىغان مەدەنىيەت تىپلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئورتاقلىق ۋە پەرقلەرنى تېپىپ چىقىپ، بۇ خىل مەدەنىيەتلەرنىڭ ئۆزئارا ئالمىشىشىنى تەتقىق قىلىدۇ. تۇرپانشۇناسلىقنىڭ ئىلمىي تەتقىقات ئاساسى دەل تۇرپاندىن قېزىۋېلىنغان ھەرخىل مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى يازما ۋەسىقىلەر ئارقىلىق تۇرپان ئويمانلىقىدىكى قەدىمكى ۋە ھازىرقى مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىسى، تارىخى، ئىجتىمائىي تۇرمۇش ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇل - شەكىللىرىنى تەتقىق قىلىدۇ. بۇ ئارقىلىق ئىنسانلار مەدەنىيىتى تارىخىدىكى ئومۇمىي قانۇنىيەتلەر ۋە تۈپكى مەسىلىلەر بايقىلىدۇ ۋە ئىلمىي ھالدا ئىسپاتلىنىدۇ.

5) تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى يىپەك يولى بويىدىكى ئۇيغۇر ۋە بىر قىسىم مىللەتلەرنىڭ ئېتنوگرافىيىسى، ئۇلارنىڭ جۇغراپىيىلىك جايلىشىشى، تەرەققىيات تارىخى، تارىختىكى كۆچۈش - يۆتكىلىشلىرى، بۇ جەرياندىكى مىللەتلەر ۋە قەبىلىلەرنىڭ ئۆزئارا قوشۇلۇش - ئاسسىمىلاتسىيىلىشىشى قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ۋە ئەمەلىي تەتقىقات قىممىتىگە ئىگە. تارىختا تۇرپان ۋە تەڭرىتاغنىڭ شەرقىي جەنۇبىي ئېتىكىدە ياشاپ، پائالىيەت ئېلىپ بارغان مىللەتلەردىن ئۇيغۇر، خەنزۇدىن باشقا توخرى (ياۋچى)، تېلى، ھۇن، تۇرك، قاڭقىل، سوغدى، پارس - ھىندى، تىبەت، موڭغۇل قاتارلىقلار بار. بۇلاردىن كۆپۈنچىلىرى تارىختا تۇرپان رايونىدا مۇقىم ياشاپ بۇ يەردە بىۋاستە پائالىيەت ئېلىپ بارغان. بۇلار ئىچىدە ئىزچىل ھالدا مۇقىم ئولتۇراقلاشقان مىللەت - قەبىلىلەرمۇ، ئوت - سۇ ۋە يايلاق قوغلىشىپ ياشايدىغان كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەرمۇ، تىلى، دىنى ئېتىقادى ۋە مەدەنىيىتى ئورتاق بولغان تۇغقان مىللەتلەر ۋە تىلى ۋە مەدەنىيىتى دىنىي ئېتىقادى تامامەن پەرقلىق بولغان مىللەت - قەۋملەرمۇ بار. يىپەك يولى تۇگۈنىدىكى مۇشۇ مىللەت - قەۋملەرنىڭ ئۆزئارا ئىجتىمائىي

ئالاقە، كۆچۈش، ئارىلىشىپ ياشاش، قوشۇلۇش ۋە پارچىلىنىش ھادىسىلىرى ھەرقايسى تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا تۇرپاننىڭ تارىخ ۋە مەدەنىيىتىگە قانداق تەسىر كۆرسەتتى؟ يىپەك يولى ۋادىسىدا پائالىيەت قىلغان بۇ مىللەت ۋە قەۋملەر تۇرپان رايونىنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىياتىدا قانداق ئىجابىي ۋە سەلبىي روللارنى ئوينىدى؟ يىپەك يولى ۋادىسىدا تارقالغان ھەر خىل دىنلار ۋە بىرىكمە مەدەنىيەت شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر ۋە باشقا قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتىگە قانداق تەسىرلەرنى كۆرسەتتى؟ قاتارلىق ئەمەلىي تېمىلار تۇرپانشۇناسلىق ئىلمىي تەتقىقاتى بىلەن زىچ باغلىنىدۇ. مەسىلەن، تۇرپان ۋادىسىدىن تېپىلغان قەدىمكى ئۇيغۇرچە ياكى باشقا تىل - يېزىقلاردىكى مانى، نىستورىيان، بۇددا دىنىغا دائىر ھۆججەتلەر ھەققىدىكى تەتقىقات مۇقەررەر ھالدا قەدىمكى دەۋرلەردىكى دۇنياۋى مىللىي ۋە مەدەنىيەت مۇناسىۋەتلەرنى يادرو قىلغان مۇشۇ خىل ئەمەلىي تېمىلارنى تەتقىق قىلىش ئىشلىرى بىلەن زىچ باغلانغان بولىدۇ.

6) تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى قەدىمكى تۇرپان ۋە شىنجاڭ رايونىنىڭ تۈرلۈك دىنلىرى ۋە دىنىي ۋاستە قىلغان ئالاقىدار ئەدەبىيات - سەنئەت تەتقىقاتى ئۈچۈنمۇ مۇھىم ئەمەلىي قىممەتكە ئىگە. تۇرپان ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى يىپەك يولى بويىغا تارقالغان تۈرلۈك دىنلار تۇرپان ۋادىسىدا پائالىيەت ئېلىپ بارغان مىللەت - قەۋملەرنىڭ ئىپتىدائىي دىنلىرى، رايون خاراكتېرلىك دىنلىرى ۋە دۇنياۋى خاراكتېرلىك دىنلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەسىلەن، ئىپتىدائىي دىنلاردىن: تەبىئەتكە چوقۇنۇش، ئەجدادلار روھىغا چوقۇنۇش، تۆتېم ئېتىقادى، شامان دىنى قاتارلىقلار بار. رايون خاراكتېرلىك دىنلاردىن ئاتەشپەرەسلىك دىنى، براھمى دىنى، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى تويىن (داۋجياۋ) دىنى قاتارلىقلار؛ دۇنياۋى خاراكتېرلىك دىنلاردىن خىرىستىئان دىنى، نىستورىيان دىنى، بۇددا دىنى، ئىسلام دىنى قاتارلىقلار بار. بەزى دىنلار ئۆز ئىچىدىن يەنە، ھەر خىل مەزھەپ - ئېقىملارغا بۆلۈنگەن. تۇرپاندىن تېپىلغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ۋە يازما ۋەسىقىلەرنىڭ كۆپىنچىسى دېگۈدەك مۇشۇ خىل دىنلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغاچقا، تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتىمۇ ناھايىتى تەبىئىي رەۋىشتە مۇشۇ خىل دىنلار ۋە ئۇلارنىڭ دىنىي ئەقىدىلىرى بىلەن ياكى ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بولغان مەدەنىيەت ھادىسىلىرى ھەققىدىكى تەتقىقاتلار بىلەن زىچ باغلىنىدۇ. بەزىدە ئۇلار بىلەن گىرەلىشىپ ئېلىپ بېرىپ، تۇرپان رايونىدا ياشىغان ئۇيغۇرلارنىڭ دىنىي ئېتىقادى ۋە دۇنيا قارىشىنى شۇنداقلا سىرتتىن كەلگەن ئالاقىدار مىللەت - قەۋملەرنىڭ دىنىي ئېتىقات ۋە پەلسەپىۋى قاراشلىرىنىمۇ تەتقىق قىلىدۇ.

7) مول مەزمۇن ۋە ئۇنىۋېرسال ئىلمىي خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولغان تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى يەنە تۇرپان ۋادىسىنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت بايلىقلىرىنى ئېچىش ۋە ئۇنىڭدىن ئاكتىپ پايدىلىنىشتا رېئال ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي قىممەتكە ئىگە. قەدىمىي مەدەنىيەت بۆشۈكى بولغان تۇرپان ۋادىسىدا ھازىرغىچە بىر قەدەر مۇكەممەل ساقلىنىپ قالغان خېلى كۆپ قەدىمكى مەدەنىيەت ئىزلىرى، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ۋە كۆزنى قاماشتۇرىدىغان تەبىئىي مەنزىرىگاھلار بار. مەسىلەن، قۇتتاغ، بېزەكلىك، تۇرپاننىڭ كارىز مەدەنىيىتى، باغۋەنچىلىك - ئۈزۈمچىلىكى، چۈنچە مەدەنىيىتى، تۈرلۈك ھۈنەر - سەنئىتى، تۇرپاندىكى مىڭ ئۆيلەر يالغۇز تارىختا چەت ئەل ئالىم سەيياھلىرىنى جەلىپ قىلىپلا قالماستىن بەلكى قوچو قەدىمىي شەھىرى، يارغۇل قەدىمىي شەھىرى قاتارلىق ئورۇنلار تارىخنىڭ ئۇزۇنلۇقى، مەدەنىيەت قىممىتىنىڭ يۇقىرىلىقى بىلەن ھازىرقى كۈندىمۇ دۇنيا ساياھەتچىلىرىنىڭ كۈچلۈك دىققەت ئېتىبارىنى جەلىپ قىلىپ كەلمەكتە. دېمەك، تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى تۇرپاننى - ئۇنىڭ مەدەنىيىتى ۋە شانلىق تارىخىنى تەتقىق قىلىش، ئۇنىڭ مەدەنىيىتىنى دۇنياغا تونۇتۇش، تۇرپاننى ۋە دىيارىمىز شىنجاڭنى دۇنياغا تونۇتۇش ۋە يۈزلەندۈرۈش جەھەتتە ئىنتايىن مۇھىم ئىلمىي، تارىخىي قىممەتكە ۋە رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە.

8) تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى ۋە ئۇنىڭ ئەمەلىي نەتىجىلىرى قەدىمكى ئەجدادلىرىمىز ياراتقان مول مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ۋە يازما ۋەسىقىلەرنى تارىخىي ۋە مەدەنىيەت نۇقتىسىنەزىرى بويىچە تەتقىق قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا ئەجدادلىرىمىزنىڭ جاپا -

مۇشەققەتكە چىداپ كۆرەش قىلىپ ئۆز ـ ئۆزىنى قۇدرەت تاپقۇزۇش، ئىجادكارلىق ۋە يېڭىلىق يارىتىش ئارقىلىق دۇنياۋى رىقابەتتە ئالدىدا مېڭىشتەك شانلىق تارىخىي ئەنئەنىسىنى، ئۇلارنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى كەلگۈسى ياش ـ ئۆسمۈرلەرگە بىلدۈرۈش، كېيىنكى ئەۋلادلارغا تارىخ تەربىيىسى، ۋەتەنپەرۋەرلىك ئەنئەنە تەربىيىسى ئېلىپ بېرىشتىمۇ مۇھىم رېئال قىممەتكە ئىگە.

## دۇنخۇاڭشۇناسلىق

### 1) دۇنخۇاڭشۇناسلىقنىڭ شەكىللىنىشى ۋە ئۇنىڭ ئۇقۇم دائىرىسى

دۇنخۇاڭ ناھايىتى قەدىمكى دەۋرلەردىن تارتىپلا كۆپ مىللەت ئولتۇراقلاشقان رايون. شۇنداقلا ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان مىللەتلەرنىڭ تارىخىي مەدەنىيىتى ۋە ئەدەبىيات تەرەققىياتىغا مۇناسىۋەتلىك مۇھىم جاي. ئۇ گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى داخې دەرياسى ساھىلىغا قايلاشقان. ئۇ غەرب تەرەپتىن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بىلەن چېگرالىنىدۇ. جۇملىدىن ھازىرقى لەنجۇ ـ شىنجاڭ تۆمۈر يولى دۇنخۇاڭ شەھىرىنى كېسىپ ئۆتىدۇ.

«دۇنخۇاڭ» دېگەن بۇ نام خەن سۇلالىسى ۋۇدى خانىنىڭ يۈەنشۇي ئۈچىنچى يىلى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 126 ـ يىلى) دىن باشلاپ قوللىنىلىپ كەلگەن. بۇ نام ئەڭ دەسلەپتە «تارىخىي خاتىرىلەر» نىڭ «فەرغانە قىسسىسى» قىسمىدا تىلغا ئېلىنغان. ئۇنىڭدا «توخرىلار دەسلەپتە دۇنخۇاڭ بىلەن چىلەنشەن (چىلان) تاغلىرى ئارىسىدا ياشايتتى» دېيىلگەن. «خەن سۇلالىسى تارىخى» نىڭ «جۇغراپىيىلىك تەپسىراتى» بۆلۈمىنىڭ دۇنخۇاڭ ۋىلايىتى ماددىسىغا بېرىلگەن شەرھىدە: «دۇن (敦)- بۈيۈك، چوڭ «خۇاڭ (خەنزۇچە 煌 ئاۋات گۈللەنگەن دېگەن مەنىدە) دەپ خاتىرىلەنگەن①. دۇنخۇاڭ دېگەن شەھەر نامى قەدىمكى ئۇيغۇرچە ماتېرىياللاردا «دەشت ئاتا شەھىرى» دەپمۇ ئاتالغان. ئۇزاق تارىخىي دەۋرلەر ئىچىدە گەنجۇ ۋە دۇنخۇاڭ ۋادىسىنى مەركەز قىلىپ ياشاپ كەلگەن خېشى ئۇيغۇرلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىيات جەريانىدا بۇددىزىم ۋە مانى دىنى مەزمۇن قىلىنغان باي مىللىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى ياراتقان. دۇنخۇاڭ مەدەنىيىتى تاڭ، سۇڭ، يۈەن سۇلالىسى دەۋرلىرىدە تازا گۈللەنگەن. موڭغۇل ئىستىلاسىدىن كېيىنكى دەۋرلەردە خېشى ۋادىسىدا ياشىغۇچى ئۇيغۇرلارنىڭ ناھايىتى ئاز بىر قىسمى تارىم ۋادىسىدىكى مۇسۇلمان خەلقلەرنىڭ بېسىمى بىلەن ئىسلاملاشتۇرۇلغان بولسىمۇ لېكىن بۇلار ئىچىدىكى خېلى كۆپ قىسىم سېرىق ئۇيغۇر ئاھالىسى ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلماستىن شەرققە كۆچۈپ ياشاپ ئۆزلىرىنىڭ قەدىمكى بۇددا ۋە مانى دىنى ئېتىقادى ئاساسىدىكى ئەنئەنىۋى مىللىي مەدەنىيىتىنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن.

دۇنخۇاڭ رايونىدا مىلادىيە 3 ـ 4 ئەسىردىن باشلاپلا شامان، بۇددا، مانى قاتارلىق كۆپ خىل ئېتىقادقا ئىگە كىشىلەر ياشاپ كەلگەن. شۇ خىل دىنلارنىڭ دىنىي ئەقىدىلىرىدە ياخشىلىق-يامانلىق، ئىزگۇ-گۇناھ چۈشەنچىسىنىڭ چەك ـ چېگراسى ناھايىتى روشەن بولغان. بولۇپمۇ بۇددىزىمدا دوزاق ۋە جەننەت ھەققىدىكى چۈشەنچىلەردە پوزىتسىيە ناھايىتى ئېنىق ئايرىلغان. ئۇنىڭدا «ياخشىلىقنىڭ ھامان ياخشى ھېسابىي بولىدۇ، يامانلىقنىڭ ھامان يامان ئاقىبىتى كۆرىنىدۇ» دېگەن ئىدىيە ئالغا سۈرۈلگەن. بۇددا مۇخلىسلىرى پۈتۈنلەي تەركى دۇنياچىلىق ۋە روھانىيەتچىلىك روھىدا تۇرۇپ ئۆزلىرى ياشاپ تۇرۇۋاتقان رېئال دۇنيانى «چەكسىز ئازاپ ئوقۇبەت دۇنياسى» ، «گۇناھلىق ئىشلار بىلەن تولغان جاي» دەپ قاراپ ئۇنى سەلبىي جەھەتتىن تونۇغان روھانىيلار خىلۋەتتە پاك ياشاشنى تەشەببۇس قىلغان. شۇڭا بۇددىزىم مۇھىتىدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى رېئال تۇرمۇشتا نۇرغۇن باش ئاغرىقىغا، ئوڭۇشسىزلىقلارغا ياكى زىددىيەتكە ئۇچرىغان بىر قىسىم كىشىلەر زاھىتلىق يولىغا مېڭىپ، بۇددا دىنى سورۇنلىرىدىن ئۆزلىرىگە ئاراملىق-تىنچلىق ياكى بەخت ئىزدىگەن. ئۇلارنىڭ كۆپۈنچىسى گۇناھتىن خالىي بولۇش ئۈچۈن ئادەمسىز تىنچ ـ خالىي جايلارغا قېزىلغان مىڭئۆي بۇددا غارلىرى ياكى خىلۋەتتىكى ساڭرامىلارنى ئۆزلىرىنىڭ ئارامگاھى ياكى تىنچ دۇئا ـ تىلاۋەت ماكانى قىلىشقان. شۇڭا مىلادىيە 4 ـ ئەسىردىن مىلادىيە 13 ـ ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتا دۇنخۇاڭدىكى بۇددا ۋە مانى دىنى

ئېتىقادچىلىرى تەرىپىدىن قىيالارغا كىچىك ھۇجرا شەكىللىك بىر قىسىم غار - ئۆڭكۈرنى قازغان②. چاسا شەكىلدە قېزىلغان بۇ خىلۋەت ئىبادەتخانىلارنىڭ ئىچىدە بۇددا راھىبلىرى ۋە تويىنلار نوم نوملاپ دۇئا - تىلاۋەت قىلىشقان. ئۇنىڭ بەزىلىرىگە مەخسۇس دىنىي كىتاب ساقلايدىغان ئامبار - ئىسكىلاتلار بىنا قىلىنغان. بۇ ئورۇنلاردا كۆپ مىقداردىكى دىنىي ۋەسىقىلەر ھەم ئەدەبىي ئەسەرلەر، تارىخىي ھۆججەتلەر ساقلىنىپ قالغان.

ھازىرغىچە دۇنخۇاڭدىن خەنزۇ، سانسكرىت، سوغدى، ئۇدۇن، قەدىمكى تۈرك، كۇسەن، ئۇيغۇر، تاڭغۇت، تىبەت تىل - يېزىقلىرىدا يېزىلغان نۇرغۇن قول يازمىلار تېپىلدى. بۇلارنىڭ ئەڭ بۇرۇنقىلىرى شىمالىي ۋېي سۇلالىسى (386 - 127) نىڭ تەيخې يىللىرى (484 - يىلى) يېزىلغان ۋە كۆچۈرۈلگەن، كېيىنكىلىرى شىمالىي سۇڭ سۇلالىسى (960 - 1127) ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى دەۋرلەردە يېزىلغان ياكى كۆچۈرۈلگەن.

دۇنخۇاڭ يازما ۋەسىقىلىرى 20- ئەسىرنىڭ باشلىرىدا بايقىلىپ مەلۇم بولغاندىن بۇيان چەت ئەللىكلەر تەرىپىدىن خالىغانچە قالايمىقان قېزىلىپ ياۋروپا ۋە غەرب ئەللىرىگە ئېلىپ كېتىلگەن. بۇلارنىڭ بىر قىسمىنى (جەمئىي 120 ساندۇق) ئەنگلىيىلىك ستەيىن 1907 - يىلى لوندونغا، يەنە بىر قىسمىنى (جەمئىي 124 ساندۇق) 1908 - يىلى فرانسىيىلىك خەنزۇشۇناس پ. پىللىئوت فرانسىيىگە ئېلىپ كەتكەن. ئۇلارنىڭ ئاز بىر قىسمى - مىڭ پارچىگە يېقىن ھۆججەتنى بولسا ئوتانى كوزى ياپونىيىگە، ئاز بىر قىسمىنى 1900 - يىللاردىن بۇرۇن رۇس سودىگەرلىرى دۇنخۇاڭدىن ئېلىپ كېتىپ چۆچەكتە تۇرۇشلۇق رۇس كونسۇلىغا تاپشۇرۇپ بەرگەن. 1905 - 1906 - يىللىرى رۇسىيە ئېكسپېدىتسىيىچىلىرى دۇنخۇاڭدىن يەنە بىر قىسىم تارىخىي ھۆججەتلەرنى ئېلىپ چىقىپ كەتكەن. رۇسىيىلىكلەر 1914 - 1915 - يىللىرى 3 - قېتىم دۇنخۇاڭدىن يەنە بىر تۈركۈم ۋەسىقىلەرنى قولغا چۈشۈرۈپ ئېلىپ كەتكەن. ھازىر رۇسىيىدە ساقلىنىۋاتقان دۇنخۇاڭ ۋەسىقىلىرى 3000 پارچىگە يېتىدۇ. ئۇنىڭدىن قېپ قالغانلىرى بولسا مەملىكىتىمىزدە (دالىيەن شەھىرىدىكى لۈشۈن مۇزېيى، گەنسۇ ئۆلكىسىدە ۋە بېيجىڭ كۇتۇپخانىسىدا، شاڭخەي كۇتۇپخانىسى، تەنجىڭ كۇتۇپخانىسى، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى كۇتۇپخانىسى قاتارلىق ئورۇنلاردا) ساقلىنىۋاتىدۇ.

قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەر ساقلانغان دۇنخۇاڭ موگاۋ مىڭ ئۆي غارلىرى مىڭشىيا تېغى ئېتىكىگە بىنا قىلىنغان بولۇپ، تاغنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 1600 كىلومېتىر كېلىدۇ. جەمئىي 492 غار - ئۆڭكۈر بولۇپ، بۇلارنى ئەينى دەۋرىدىكى بۇددا، مانى دىنى مۇرتلىرىدىن بولغان يەرلىك بۇددىست خەلقلەر بىنا قىلغان. بۇنىڭغا 2000 دىن ئارتۇق بۇت - ھەيكەل قويۇلغان. موگاۋ غارى ۋە باشقا غار - ئۆڭكۈرلەردە نۇرغۇنلىغان بۇددا نوم دەستۇرلىرى، ھېكايە قىسسىلەر، ئىجتىمائىي تارىخىي قىممەتكە ئىگە بولغان باشقا خىلدىكى ھۆججەتلەر بايقالغان. دۇنخۇاڭدىكى غارلاردىن تېپىلغان ھەر خىل يادىكارلىقلار، يازما ۋەسىقىلەر ۋە سەنئەت مىراسلىرىغا قارىتا تارىخىي، ئىجتىمائىي، مەدەنىيەت، جۇغراپىيە، مىللەتشۇناسلىق نۇقتىسىنەزەرىنى چىقىش قىلىپ ئىزدىنىش - تەتقىقات ئېلىپ بېرىش ئىشلىرى خەلقئارادا 20 - ئەسىرنىڭ كىرىشى بىلەن باشلانغان. بۇ خىل تەتقىقات 1908 - يىلى فرانسىيىلىك پ. پىللىئوتنىڭ پارىژدا دۇنخۇاڭ ۋەسىقىلىرىنى تونۇشتۇرۇشىدىن باشلاپ قولغا ئېلىنغان، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن دۇنخۇاڭ ۋەسىقە ھۆججەتلىرىنى تەتقىق قىلىش خىزمىتى رەسمىي ئىلىم سۈپىتىدە شەكىللەندى. دۇنخۇاڭشۇناسلىق مانا مۇشۇ يوسۇندا باشلىنىپ ھازىرغا قەدەر بولغان بىر ئەسىرگە يېقىن ۋاقىت ئىچىدە ئىزچىل داۋاملىشىپ كەلمەكتە.

دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان خەنزۇ، ئۇيغۇر، تۈرك، تىبەت، موڭغۇل قاتارلىق ھەر خىل تىل - يېزىقتا پۈتۈلگەن خىلمۇ خىل يازما ۋەسىقىلەر، تارىخىي يادىكارلىقلار ۋە سەنئەت مىراسلىرىغا قارىتا ئېلىپ بېرىلىدىغان ئۇنىۋېرسال ئىلمىي تەتقىقات پائالىيىتى دۇنخۇاڭشۇناسلىق ئىلمىي دەپ ئاتىلىدۇ. دۇنخۇاڭشۇناسلىق ئىلمىنىڭ زور بىر قىسمىنى ئۇيغۇر ۋەسىقىشۇناسلىقى تەشكىل قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەرنى تونۇشتۇرۇش ۋە تەتقىق

قىلىش ئىشلىرى - ئۇزاق تارىختىن بۇيان يىپەك يولى مەدەنىيىتى تەتقىقاتى ۋە شەرقشۇناسلىقنىڭ يادروسىنى شەكىللەندۈرگەن بولۇپلا قالماستىن بەلكى ئۇ ئىزچىل داۋاملىشىپ نۆۋەتتىكى ئۇيغۇرشۇناسلىق ئىلمىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىنى تەشكىل قىلغان.

دۇنخۇاڭشۇناسلىقتىن ئىبارەت بۇ ئۇنىۋېرسال ئىجتىمائىي پەن ناھايىتى كەڭ مەناغا ئىگە بولغاچقا ئۇ پەۋقۇلئاددە ئېنىق ۋە ناھايىتى كەڭ ئۇقۇم دائىرىسىگە شۇنداقلا كۈچلۈك ئۇنىۋېرساللىققا ئىگە. دۇنخۇاڭشۇناسلىق ئىلمىنى ئۇنىۋېرساللىققا ئىگە دېيىشىمىزدىكى ئاساسىي سەۋەپ شۇكى، دۇنخۇاڭ رايونى ناھايىتى قەدىمكى دەۋرلەردىن تارتىپلا يىپەك يولىنىڭ مۇھىم قاتناش تۈگۈنىگە جايلاشقان شۇنداقلا كۆپ مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جاي بولغاچقا، دۇنخۇاڭ ۋەسىقىلىرى خەنزۇلار، تۈيخۇنلار، ئۇيغۇرلار، تىبەتلەر، سىيانپىلار، ئۈيسۇنلار، موڭغۇللار، داڭشاڭ قاتارلىق مىللەت ۋە ئېتنىك قوۋملەرنىڭ تارىخ ۋە مەدەنىيىتى بىلەن تۇتىشىدۇ. ھەتتا ئۇ ئاسىيا، ياۋروپا قۇرۇقلۇقىنى بىر گەۋدە قىلغان يىپەك يولىدىكى نۇرغۇن مىللەتلەرنىڭ جۈملىدىن خەنزۇ، ھىندى، تۈرك، سوغدى، ئۇيغۇر، پارس، موڭغۇل، تىبەت قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش تارىخىنى تەتقىق قىلىش ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا مىللەتلىرىنىڭ ئۆزئارا مەدەنىيەت ۋە ئەدەبىيات - سەنئەت تارىخى، ئۆزئارا تەسىرىنى تەتقىق قىلىدىغان سېلىشتۇرما مەدەنىيەتشۇناسلىق، سېلىشتۇرما ئەدەبىيات ئىلمى تەتقىقاتى بىلەنمۇ بىۋاسىتە مۇناسىۋەتكە ئىگە كەڭ دائىرىلىك گۇمانىتار ئىلىم - پەن تۈرلىرىنىڭ بىرىدۇر.

دۇنخۇاڭشۇناسلىق ئىلمى ئېلىمىزدە جۇڭگو مەدەنىيىتى ۋە جۇڭگو كىلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقاتىنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان باشقا قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى ۋەسىقىلىرىنى، تىل - يېزىق، تارىخ ۋە باشقا مەدەنىيەت ھادىسىلىرىنى تەتقىق قىلىشنى قوشۇمچە قىلغان ھالدا تەتقىقات ئېلىپ بېرىش، مۇشۇ ئاساستا دۇنخۇاڭنى مەركەز قىلغان پۈتكۈل جۇڭخۇا مىللەتلىرى مەدەنىيىتىنى بىر ئومۇمىي گەۋدە سۈپىتىدە تەتقىق قىلىشتىن ئىبارەت تەتقىقات مېتودولوگىيىسى ۋە ئىلمىي پرىنسىپىنى ئاساس قىلىدۇ.

دۇنخۇاڭشۇناسلىق ئۇيغۇر مەدەنىيىتى، تارىخىنى تەتقىقات ئاساسىي قىلغان نىسبەتەن تار ئۇقۇم دائىرىسىدىن قارىغاندا، بۇ ئىلىم قەدىمكى خېشى كارىدورى ۋادىسىدىكى گۇاجو، شاجو، گەنجو، لياڭجو، سۇ جو قاتارلىق جايلار بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپلا قالماستىن يەنە قوچو، ئۇدۇن، قۇمۇل، سولمى، كۇسەن، كىروران قاتارلىق جايلارنىڭ قەدىمكى تارىخ مەدەنىيىتى بىلەنمۇ زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان ئىلىمدۇر. شۇڭا بىر ئەسىرگە يېقىن تارىخىي مۇساپىدە دۇنخۇاڭشۇناسلىق خەلقئارادا شەرقشۇناسلىق - جۇڭگوشۇناسلىق، تىبەتشۇناسلىق، يىپەك يولى تەتقىقاتى قاتارلىق كۆپ خىل ئىلىملەر بىلەن زىچ گىرەلىشىپ تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، ئۆزىنىڭ غايەت زور نەتىجىلىرىنى نامايەن قىلدى.

ئانتروپولوگىيىلىك ۋە ئارخېئولوگىيىلىك بايقاشلاردىن قارىغاندا، دۇنخۇاڭ رايونىنىڭ تارىخى ئۇزۇن، مەدەنىيىتى مول بولغاچقا، ھۆججەتلەر كۆپ بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە. جۈملىدىن يىراق قەدىمكى دەۋرلەردىن باشلاپ بۇ يەردە ياشاپ كەلگەن ئۇيغۇرلار سۈي، تاڭ، سۇڭ سۇلالىلىرى ۋە موڭغۇل ئىستىلاسى دەۋرلىرىدىمۇ مەدەنىيەت ۋە ئەدەبىيات - سەنئەت جەھەتتە ئەتراپتىكى قوشنىلىرىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن. يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ھەرقايسى ئەل ۋە مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىجتىمائىي ئالاقە ۋە سودا ئالماشتۇرۇشنىڭ كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ ئۇيغۇر تىل - يېزىقى خېشى كارىدورىدىكى ئىجتىمائىي ئالاقە ۋە سودا ئالماشتۇرۇشتىكى مۇھىم تىللارنىڭ بىرى بولۇپ قالغان ئىدى. مۇشۇ مەزگىللەردە ئۇيغۇر يېزىقىنى موڭغۇل قاتارلىق مىللەتلەرمۇ ئورتاق قوللانغاچقا بۇ يېزىقتا كۆپلىگەن يازما ۋەسىقىلەر ۋە ھەر خىل ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي ھۆججەتلەر خاتىرىلەنگەن. بىر قىسىم ئەدەبىي ئەسەرلەر ئىجاد قىلىنغان ياكى بۇددا دىنى كلاسسىك ئەسەرلىرى تەرجىمە قىلىنغان ئىدى. دېمەك، ناھايىتى قەدىمكى دەۋرلەردىن تارتىپ خەنزۇ، ئۇيغۇر، تىبەت تۈيخۇن، تاڭغۇت قاتارلىق مىللەتلەر بىرلىكتە ياشاپ ئورتاق پائالىيەت

ئېلىپ بارغان قەدىمىي ديار دۇنخۇاڭ تارىختا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىنى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ياۋروپا ئەللىرى بىلەن تۇتاشتۇرۇپ كەلگەن يىپەك يولى ۋادىسىدىكى مۇھىم بىر ئۆتكەل بولۇپ، بۇ يەردە 3 - 4 - ئەسىردىن 14 - ئەسىرگىچە بولغان 10 نەچچە ئەسىرلىك ئەجدادلىرىمىز تارىخىنىڭ شاھىدى بولغان نۇرغۇن مەدەنىيەت مىراسلىرى، ھەر خىل يادىكارلىقلار ساقلىنىپ كەلگەن. 19 - ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ ياۋروپا ئېكسپېدىتسىيىچىلىرى بۇ جايدىن كۆپ مىقداردىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قېزىپ ئېلىپ كەتكەن. بۇ ھال ياۋروپا ۋە غەرب ئەللىرىدىكى دۇنخۇاڭشۇناسلىقنىڭ مۇقەددىمىسىنى ئاچقان ئىدى.

چەت ئەللەردىكى دۇنخۇاڭشۇناسلىق ۋېنگىرىيىلىك ئالىم لويىزنىڭ 1879 - يىلى دۇنخاڭغا كېلىپ ئىلمىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشىدىن باشلىنىدۇ. ئەنگلىيىلىك ئا. ستەيىننىڭ «غەربىي يۇرتتىكى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشتىن خاتىرە» ناملىق ئەسىرىدە بايان قىلىنىشىچە، ئەينى ۋاقىتتا لويىز دۇنخۇاڭدا ئاسارە - ئەتىقىلەرنىڭ بارلىقى ۋە ئۇنىڭ تۈرلىرىنىڭ ناھايىتى كۆپ ئىكەنلىكىنى ستەيىنگە تونۇشتۇرغان. بۇ ئىش ستەيىننىڭ دۇنخۇاڭغا كېلىپ ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشىغا تۈرتكە بولغان. ستەيىندىن كېيىن فرانسىيە، ياپونىيە، رۇسىيە، ئامېرىكا قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ نۇرغۇن ئالىملىرى ۋە ئارخېئولوگلىرى بۇ يەرگە كېلىپ ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ۋە قېزىش ئېلىپ بارغان. چەت ئەل ئېكسپېدىتسىيىچىلىرىنىڭ بۇ رايوندا ئېلىپ بارغان بىر قاتار ئىلمىي تەكشۈرۈش پائالىيەتلىرى ۋە ئۇلارنىڭ قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرى ئەينى ۋاقىتتا دۇنيا جامائەتچىلىكىنىڭ زور دىققەت ئېتىبارىنى قوزغىغان. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ جەھەتتىكى تەكشۈرۈش ۋە تەتقىقات ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن 1899 - يىلى رىمدا ئېچىلغان 12 - قېتىملىق خەلقئارا شەرقشۇناسلىق يىغىنىدا مەركىزىي ئاسىيانى ئىلمىي تەكشۈرۈش خەلقئارالىق تەشكىلاتىنى قۇرۇش قارار قىلىندى. 1900 - يىلى 6 - ئاينىڭ 22 - كۈنى دۇنخۇاڭدىكى موگاۋ نوم - پۈتۈك غارىنىڭ بايقىلىشى دۇنخۇاڭشۇناسلىق ئىلمىنىڭ دۇنياغا كەلگەنلىكىنىڭ مۇقەددىمىسىنى ئاچتى③. 1902 - يىلى ھامبورگدا 13 - نۆۋەتلىك خەلقئارا شەرقشۇناسلىق يىغىنى ئېچىلىپ «مەركىزىي ئاسىيا ۋە يىراق شەرق رايونىنىڭ ئارخېئولوگىيە، تارىخ، فولكور، تىل - ئەدەبىيات ئىلىملىرىنى تەتقىق قىلىش جەمئىيىتى» قۇرۇلدى. بۇ ئىككى قېتىملىق يىغىندا نۇرغۇنلىغان چەت ئەل ئالىملىرى جۇڭگونىڭ غەربىي شىمالىي رايونىغا جايلاشقان دۇنخۇاڭ دۇنيا شەرقشۇناسلىرى كۆز تىككەن مۇھىم جايغا ئايلاندى. 20 - ئەسىرنىڭ كىرىشى بىلەن تەڭ ئاۋرىل ستېيىن، سۋېن ھېدىن، فون لىكوك پ. پېللىئوت، ئوتانى، كوئول، گرۇنۋېدېل قاتارلىقلار ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش پائالىيىتى بىلەن ئىزچىل شۇغۇللىنىپ دۇنخۇاڭشۇناسلىق ئىلمىنىڭ تۇنجى قەدىمىنى باستى.

دېمەك، 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا غەربتە قوزغالغان ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقاتى قىزغىنلىقى ۋە 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا دۇنخۇاڭدىكى بۇددا نوملىرى غارىنىڭ بايقىلىشى بىلەن قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى كۆپلىگەن يادىكارلىقلار يورۇققا چىقتى. بۇ ئالەمشۇمۇل بايقىلىشلار مەملىكىتىمىزدىكى خەنزۇ، ئۇيغۇر، تىبەت، موڭغۇل قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ تارىخىي ۋە مەدەنىيىتى تەتقىقاتىنى بىرىنچى قول ماتېرىيال بىلەن تەمىنلىدى. بىز دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەرنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق بۇ رايوندا قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇزۇن تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا ياراتقان مەدەنىيىتى بولۇپمۇ گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقى سۇڭ ۋە يۈەن سۇلالىسى مەزگىللىرىدىكى ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت ئەھۋاللىرى ھەققىدە ئىشەنچلىك پاكىتلارغا ئىگە بولالايمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن دۇنخۇاڭدىن بايقالغان ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىنى ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىش تۇرپانشۇناسلىق شۇنداقلا ئۇيغۇرشۇناسلىق ئىلمىنىڭ مۇھىم بىر ئوبيېكتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

**2) ئېلىمىزدىكى دۇنخۇاڭشۇناسلىق ۋە ئۇنىڭ تارىخىي تەرەققىياتى**

دۇنخۇاڭشۇناسلىقنىڭ خەلقئارادا مۇستەقىل ئىلىم سۈپىتىدە شەكىللەنگىنىگە بىر ئەسىردىن ئارتۇقراق ۋاقىت بولدى.

لېكىن بۇ ئىلىم جۇڭگودا تېخى بىر ياش پەن سۈپىتىدە تەرەققىي قىلىش ۋە گۈللىنىش ھالىتىدە تۇرماقتا. مەلۇم بىر چەت ئەللىك ئالىم ئۆزىنىڭ ئوچۇق باياناتىدا: «دۇنخۇاڭ جۇڭگودا. لېكىن، دۇنخۇاڭشۇناسلىق باشقا ئەللەردە» ④ دەپ ئېيتقان بولۇپ، بۇ سۆز ناھايىتى چوڭقۇر مەناغا ئىگە بولۇش بىلەن بىرگە، دۇنخۇاڭشۇناسلىقنىڭ ئېلىمىزدە كېچىكىپ باشلىنىشىنىڭ سەۋەبى ۋە ئۇنىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى ھەققىدە بىزنى ئەستايىدىل ئويلىنىشقا ئۈندەيدۇ.

مەلىكىتىمىز جۇڭگو 1840 - يىللاردىكى ئەپيۇن ئۇرۇشىدىن كېيىن تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا يېرىم مۇستەملىكە ۋە يېرىم فېئوداللىق دۆلەتكە ئايلىنىپ قالدى. چەت ئەللىكلەرگە چوقۇنۇش ئۇلارنىڭ جۇڭگودىكى ھەرىكەتلىرى ۋە بارلىق مەنپەئەتلىرىگە دەخلى يەتكۈزمەسلىك ئەينى دەۋردىكى فېئوداللىق جۇڭگو جەمئىيىتىنىڭ ئومۇمىي ھالىتى ئىدى. بۇ ھال چەت ئەل كۈچلىرىنىڭ ئېلىمىزدە خالىغانچە ھەرىكەت قىلىش ۋە ئۇلارنىڭ جۇڭخۇا مىللەتلىرى ياراتقان مەدەنىيەت مىراسلىرىنى خالىغانچە قېزىش ۋە ئېلىپ چىقىپ كېتىشى ئۈچۈن قولايلىق شارائىت يارىتىپ بەرگەن ئىدى. يەنە بىر تەرەپتىن ئەينى دەۋردە چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ جۇڭخۇا مىللەتلىرى ياراتقان تارىخىي مەدەنىيەت يادىكارلىقلارنى قوغداش، ئاسراش ۋە باشقۇرۇش جەھەتلەردە بىرەر ئەمەلىي چارە - تەدبىرلىرىمۇ يوق ئىدى. ئۈچىنچىدىن، ئەينى دەۋردە دۇنخۇاڭ رايونىدىكى يەرلىك خەلقنىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ۋە مىللىي مىراس ھەققىدە تونۇش - چۈشەنچىسى يوق ئىدى. شۇڭا ئۇلار چەت ئەللىكلەرنىڭ بۇ يەردە ئاسارە - ئەتىقىلەرنى سېتىۋېلىشىغا شارائىت يارىتىپ بەرگەن. ھەتتا ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر قىسىم ئادەملەر چەت ئەللىكلەرنىڭ قالايمىقان قېزىشى ۋە خالىغانچە ئېلىپ چىقىپ كېتىشى ئۈچۈن ئاكتىپ ماسلاشقان. مەسىلەن، ۋاڭ راھىپقا ئوخشاش كىشىلەر ئاز تولا پۇل ياكى شەخسىي مەنپەئەتنى ئويلاپ نۇرغۇن مەدەنىيەت بويۇملىرىنى چەت ئەللىكلەرگە سېتىپ بەرگەن. 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرى ۋە ئوتتۇرىلىرىدا بولسا ئېلىمىزدە ئىچكى ئۇرۇشلارنىڭ كۆپ بولۇشى ھاكىمىيەتنىڭ كۆپ ئالمىشىشى ۋە باشقا تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن دۇنخۇاڭ ۋەسىقىلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى چەت ئەللىكلەر تەرىپىدىن ھەرقايسى دۆلەتلەرگە ئېلىپ چىقىپ كېتىلگەن. شۇنداقلا ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ماتېرىيال مەنبەسى ۋە ئادەم كۈچى جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكىدىن پايدىلىنىپ دۇنخۇاڭ مەدەنىيەت بويۇملىرى ۋە يازما ۋەسىقىلەرنى تەتقىق قىلىشنى بۇرۇن باشلىغان بولۇپلا قالماي بۇ ساھەدە غايەت زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن. مانا بۇلار ئېلىمىزنىڭ دۇنخۇاڭشۇناسلىق ئىلمىدا باشقىلارنىڭ ئارقىسىدا قېلىشىدىكى مۇھىم سەۋەب ئىدى.

دۇنخۇاڭشۇناسلىق ئېلىمىزدە بىر ياش پەن بولۇش سۈپىتى بىلەن 20 - ئەسىرنىڭ ئىككىنچى چارىكىدىن باشلانغان بولۇپ، يېرىم ئەسىردىن ئارتۇقراق تارىخىي جەرياننى باشتىن كەچۈردى. جۇڭگودىكى دۇنخۇاڭشۇناسلىق تەتقىقاتىنىڭ تەرەققىياتىنى تۆۋەندىكىدەك ئۈچ باسقۇچقا بۆلۈشكە بولىدۇ.

بىرىنچى باسقۇچ، 1909 - يىلى (ئەمەلىي پائالىيەت ۋاقتى 1927 - يىلى) دىن 1949 - يىلغىچە بولغان دەسلەپكى باسقۇچ.
ئىككىنچى، 1950- يىلىدىن 1978 - يىلىغىچە بولغان ئوتتۇرا باسقۇچ.
ئۈچىنچىسى، 1979 - يىلىدىن 21- ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە بولغان گۈللىنىش - تەرەققىي قىلىش باسقۇچىدىن ئىبارەت⑤.

بىرىنچى باسقۇچتا ئېلىمىز دۇنخۇاڭ يادىكارلىقلىرى ۋە يازما ۋەسىقىلىرىنىڭ قىممىتىنى تونۇشتىن تەدرىجىي ھالدا ئۇنى ئاڭلىق ئىزدەش - قېزىشقا قاراپ يۈزلىنىشكە باشلىدى. بۇنىڭ بىلەن بىر قىسىم ئالىم مۇتەخەسسىسلەر چەت ئەللەردىكى دۇنخۇاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بىلەن تونۇشۇش ئۇلارنى سۈرەتكە تارتىپ ئېلىپ كېلىش ياكى كۆچۈرۈۋېلىش شەكلى ئارقىلىق قۇتقۇزۇشقا تىرىشسا يەنە بىر تەرەپتىن چەت ئەللىك ئارخېئولوگلار ۋە ئالىملار بىلەن ھەمكارلىشىپ دۇنخۇاڭ ۋە تۇرپان رايونىدىن ئاز بولمىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى

بايقىغان. بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈش ئۆمىكىگە جۇڭگودىن خۇاڭ ۋېنبى ئەپەندى قاتارلىقلار قاتناشقان ئىدى. «دۇنخۇاڭشۇناسلىق» دېگەن بۇ ئاتالغۇنى جۇڭگو ئالىمى چېن يىكې 1930 - يىلى ئوتتۇرىغا قويغان ئىدى. 1942 - يىلىدىن 1944 - يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا غەربىي شىمال تارىخ جۇغراپىيە ئىلمىي تەكشۈرۈش ئۆمىكى يەنە بىر قېتىم بۇ جايلارنى تەكشۈرۈپ ئاز بولمىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ۋە يازما ۋەسىقىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن. لېكىن ئازادلىقتىن ئىلگىرى دۇنخۇاڭ ۋە غەربىي رايوندىكى نۇرغۇن مەدەنىيەت نۇقتىلىرى جۈملىدىن غار - ئۆڭكۈرلەر تېخى تولۇق قېزىلمىغان ھالەتتە ئىدى. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي 1944 - يىلى جۇڭگودا دۇنخۇاڭشۇناسلىق ئىلمى رەسمى شەكىللەندى دەپ قاراشقا بولىدۇ.

ئىككىنچى باسقۇچتا، ئېلىمىزدە دۇنخۇاڭ يادىكارلىقلىرى ۋە يازما ۋەسىقىلىرىدىنى جۈملىدىن دۇنخۇاڭدىكى غار - ئۆڭكۈرلەرنى نۇقتىلىق قوغداش - ئاسراش ئىشلىرىدا مەلۇم نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. بولۇپمۇ، 1953 - يىلىدىن كېيىن بۇ جەھەتتىكى خىزمەت ئالاھىدە تۈتۈلۈپ تارىخ، ئەدەبىيات ساھەسىدىكى بىر قىسىم ماتېرىياللار رەتلەندى. بۇ ۋاقىتتا يەنە 1944 - يىلى تەسىس قىلىنغان دۇنخۇاڭ سەنئەتى تەتقىقات يۇرتىنىڭ نامى دۇنخۇاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى تەتقىقات يۇرتىغا ئۆزگەرتىلىپ موگاۋ (قۇملۇق) غارى قاتارلىق نۇقتىلىق غارلار رېمونت قىلىندى. لېكىن 1960 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ جۇڭگودا ئىچكى سىياسىي ھەرىكەتلەر ئەۋج ئېلىپ كەتكەچكە، مەملىكىتىمىز مىقياسىدا شاڭگاڭ ۋە تەيۋەندىن باشقا جايلاردا دۇنخۇاڭشۇناسلىق تەتقىقاتىغا دائىر ئىلمىي پائالىيەتلەر ئاساسىي جەھەتتىن توختاپ قالدى. ھەتتا بۇ جەھەتتىكى خەلقئارالىق ئۆچۈر ئالماشتۇرۇشلارمۇ يوق دېيەرلىك بولدى.

ئۈچىنچى باسقۇچ 1979 - يىلىدىن باشلىنىدۇ. بۇ مەزگىلدە جۇڭگو ئىسلاھات ئېچىۋېتىشنىڭ تۇنجى قەدىمىنى باشتىن كەچۈرۈۋاتقان بولۇپ، بۇ ھال ئىلمىي تەتقىقات ساھەسىگىمۇ مەلۇم دەرىجىدە تەسىر كۆرسەتكەن ئىدى. بولۇپمۇ 1980 - يىللاردىن باشلاپ جۇڭگو - چەت ئەل ئالىملىرى ئۆزئارا ھەمكارلىشىش ۋە ئۇچۇر ئالماشتۇرۇشنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ، دۇنخۇاڭشۇناسلىق ساھەسىدە ئاز بولمىغان نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. نۇرغۇن ۋەسىقىلەرنى يېڭىدىن توپلاش بىلەن بەزى ۋەسىقىلەرنى چەتئەللەردىن كوپىيە كۆچۈرۈپ ئەكىلىش ئارقىلىق تولۇقلاپ نەشرگە تەييارلاش ۋە مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلدۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردە ئاز بولمىغان خىزمەتلەر ئىشلەندى. 1988 - يىلى 8 - ئايدا جۇڭگو دۇنخۇاڭ تۇرپانشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتى بېيجىڭدا رەسمىي قۇرۇلۇپ كاتتا ئىلمىي يىغىلىش ئۆتكۈزۈلدى. مەملىكىتىمىز ئازاد بولغاندىن تاكى ھازىرغىچە جۇڭگودا «دۇنخۇاڭ تام رەسىملىرىدىن تاللانما»، «دۇنخۇاڭ تارىخىي ماتېرىياللىرى»، «دۇنخۇاڭدىكى تاش ئۆڭكۈرلەر مۇندەرىجىسى»، «دۇنخۇاڭ ئەدەبىياتى»، «دۇنخۇاڭ بېيەنۋېن ژانىرى تەتقىقاتى»، «دۇنخۇاڭ مىجاۋ ۋەسىقىلىرىدىن تېزىسلار»، «دۇنخۇاڭ تۇرپان نادىر ئەسەرلەر تەتقىقاتى»، گېڭ شىمىننىڭ «شىنجاڭ تىل - ئەدەبىيات ۋە تارىخىغا دائىر ماقالىلار» (مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2001 - يىل خەنزۇچە نەشرى)، ياڭ فۇشۆ، نىيۇ رۇجىلارنىڭ «شاجو ئۇيغۇرلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ۋەسىقىلىرى» (گەنسۇ مەدەنىيەت نەشرىياتى 1995 - يىلى خەنزۇچە نەشرى)، «دۇنخۇاڭ ئەدەبىياتى» (گەنسۇ خەلق نەشرىياتى 1989 - يىل نەشرى)، روڭ شىنجاڭنىڭ «دۇنخۇاڭشۇناسلىقتىن 18 لېكسىيە» (بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2001 - يىل خەنزۇچە نەشرى)، چەي جيەنخوڭنىڭ «دۇنخۇاڭ تۇرپانشۇناسلىق تېزىسلىرى» (جېجياڭ مائارىپ نەشرىياتى 2000 - يىل خەنزۇچە نەشرى)، «دۇنخۇاڭ تەتقىقاتى» (پەسىللىك ژۇرنال)، «دۇنخۇاڭشۇناسلىق» ژۇرنىلى قاتارلىق كىتاب، ژۇرنال ۋە مەخسۇس توپلاملار نەشر قىلىندى. شاڭخەيدە نەشر قىلىنغان «دۇنخۇاڭشۇناسلىق قامۇسى» دىكى ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، 1980 -

يىلىدىن 1994 - يىلىغىچە مەملىكىتىمىز ئىچى ۋە سىرتىدا دۇنخۇاڭشۇناسلىققا دائىر نەشر قىلىنغان مەخسۇس ئەسەرلەر 400 خىلدىن ئاشىدىكەن. ئېلىمىزدىكى 10 نەچچە ئالىي مەكتەپتە دۇنخۇاڭشۇناسلىق دەرسى تەسىس قىلىنغان بولۇپ، بۇ نەتىجىلەرنىڭ ھەممىسى ئېلىمىز جۇڭگونىڭ دۇنخۇاڭشۇناسلىق تەتقىقاتى ساھەسىدە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىنىڭ پاكىتىدۇر.

دۇنخۇاڭشۇناسلىقنىڭ چەت ئەللەردىكى تەتقىقات نەتىجىلىرى ئالاھىدە كۆزگە كۆرۈنەرلىك بولدى. فرانسىيە، گېرمانىيە، ئەنگلىيە، رۇسىيە، ياپونىيە ۋە مەملىكىتىمىزنىڭ تەيۋەن ئۆلكىسىدە بۇ جەھەتتىكى تەتقىقات خېلى كۆزگە كۆرۈنەرلىك بولدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە ياپونىيىلىكلەرنىڭ تەتقىقاتى بىر قەدەر ئىنچىكە ۋە ھوسۇللۇق سالماقنى ئىگىلەيدۇ. مەسىلەن، زوكوشيۇ، موريياسو تاكائو، ئومېمىرا خىروشى، شوگايتو ماساھىرو قاتارلىق ئالىملارنىڭ دۇنخۇاڭدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى، مەدەنىيىتى ۋە ئەدەبىي ۋەسىقىلىرى ھەققىدە ئېلىپ بارغان تەتقىقات نەتىجىلىرى ياپونچە ۋە خەنزۇچە كىتاب، ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان.

دۇنخۇاڭشۇناسلىق ھازىر بىر خىل چېتىلىش دائىرىسى ئىنتايىن كەڭ بولغان خەلقئارالىق ئۇنىۋېرسال ئىلمىي سۈپىتىدە بارغانسېرى كېڭىيىپ ئىنچىكىلەپ تەرەققىي قىلىپ سىستېمىلىشىپ بارماقتا. ئۇنىڭ ئۇنىۋېرساللىق خاراكتېرىگە ئىگە بولۇشى بۇ پەننىڭ نۇرغۇن ئىلمىي تۈرلىرى بىلەن چېتىلىدىغانلىقىدا. يەنى دۇنخۇاڭشۇناسلىق تەتقىقاتى دۇنخۇاڭ ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدا ياشىغان مىللەتلەرنىڭ تارىختىكى دىنىي، ئېتىقادى، تىل يېزىقى، تارىخى، بۇ رايوننىڭ قەدىمكى جۇغراپىيىسى، ئەدەبىيات - سەنئىتى، ئارخېئولوگىيىسى، ئاسترونومىيىسى، تېبابەتچىلىكى، كالېندارچىلىق، تەنتەربىيە، ماتېماتىكا، قۇرۇلۇش ئىمارەت تېخنىكىسى، ئېتنوگرافىيىسى، مىللىي ئۆرپ - ئادەتلىرى، سودا - سانائىتى قاتارلىق كۆپ خىل ئىلمىي تۈرلىرى بىلەن زىچ ماسلىشىپ ئۇنىۋېرسال تەتقىقات ئېلىپ بېرىش بىلەنلا چەكلىنىپ قالماستىن ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقاتى، يىپەك يولى تەتقىقاتى، بۇددىزم مەدەنىيىتى تەتقىقاتى، غەربىي يۇرتنىڭ ئېتنوگرافىيىسى، مىللەتلەر مۇناسىۋىتى، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىشى، مەتبەئەچىلىك تېخنىكىسى قاتارلىق كۆپلىگەن ئىلمىي تارماقلىرى بىلەنمۇ چېتىلىپ ۋە زىچ بىرلىشىپ تەتقىقات ئېلىپ بارىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز دۇنخۇاڭشۇناسلىقتىن ئىبارەت بۇ پەننى كۈچلۈك ئۇنىۋېرساللىققا ۋە ئەمەلىيەتچانلىققا ئىگە ئارىلىق پەن دەپ قارايمىز.


ئىزاھاتلار:

① ئابلەت نۇردۇن «دۇنخۇاڭ ۋە دۇنخۇاڭشۇناسلىق» «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى» ژۇرنىلى 1990 - يىللىق 5 - سانىدىكى ماقالە

② ئابلاجان ئۇمىديار «چەت ئەل ئالىملىرىنىڭ شىنجاڭ ئېكسپېدىتسىيىسىگە قىزىقىشى ۋە ئۇيغۇرشۇناسلىقنىڭ تارىخىي نەتىجىلىرى» «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 2000 - يىللىق 1 - سان

③ چەي جيەنخوڭ «دۇنخۇاڭ تۇرپانشۇناسلىقتىن تېزىسلار» جېجياڭ مائارىپ نەشرىياتى 2000 - يىلى خەنزۇچە نەشرى 2 - بەتكە قاراڭ)

④ چەي جيەنخوڭ «دۇنخۇاڭ تۇرپانشۇناسلىق تېزىسلىرى» جېجياڭ مائارىپ نەشرىياتى 2000 - يىللىق خەنزۇچە نەشرى 440 - بەت


(ئاپتور قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ لېكتورى)

تەھرىرلىگۈچى: ئابلىم قېيۇم

چېن گوشەن

# تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتىغا نەزەر

تەرجىمان: ئابدۇگۇل ئابلىمىت

تۇرپان ئويمانلىقىنىڭ يەر ئۈستى ۋە يەر ئاستىدا ئىنتايىن مول تارىخىي مەدەنىيەت مىراسلىرى ساقلىنىپ قالغان بولۇپ، ئۇلار تاش قوراللار دەۋرىدىن باشلىنىپ جۇ، چىن، مىڭ، چىڭ دەۋرلىرىگىچە بولغان ئارىلىقتىكى ئۇيغۇر، خەنزۇ ۋە شىمالدىكى باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ يادىكارلىقلىرىدىن ئىبارەت. بۇلار جۇڭگو قەدىمكى زامان مەدەنىيىتىنىڭ بىر قىسمىدۇر. بۇ تارىخىي مىراسلارنى قوغداش، رەتلەش ۋە تەتقىق قىلىش توغرىسىدىكى ئىلىم — تۇرپانشۇناسلىق ئىلمى دەپ ئاتالغان.

## 1. تۇرپانشۇناسلىق ئىلمىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە بۇ ھەقتە ئەسلىمە

تۇرپانشۇناسلىق ئىلمىنىڭ تەرەققىيات مەنبەسىنى چىڭ دەۋرلىرىنىڭ ئوتتۇرلىرىدىن تارتىپ سۈرۈشكە بولىدۇ. چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن بۇيان غەربىي يۇرتنىڭ تارىخى، جۇغراپىيىسى، مىللەت ۋە مەدەنىيىتى دۆلىتىمىز خەلقىنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى. چيەنلۇڭ، جياچىڭ يىللىرىدا ئەمەل مەنسەپتىن چۈشكەن ئەمەلدارلار، زىيالىيلار غەربىي رايونغا سۈرگۈن قىلىنىپ كىرىشكە باشلىغان. ئۇلار كۆرگەن، ئاڭلىغانلىرىنى مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلغان. مەسىلەن، چيەنلۇڭ يىللىرى نەشر قىلىنغان چۈن يۈەن يازغان «غەربىي رايوندا كۆرگەن ۋە ئاڭلىغانلىرىم». بۇنىڭدىن كېيىن چى چۈنشى يازغان «ئون مىڭ چاقىرىملىق سەپەر خاتىرىسى»، «غەربىي يۇرت يەر ناملىرى توغرىسىدا ئىزاھات»، يۇخاۋ يازغان «غەربىي يۇرت ئارخېئولوگىيە خاتىرىلىرى»، شۇ سوڭ يازغان «غەربىي يۇرت سۇ يوللىرى خاتىرىسى» تاۋباۋلىيەن يازغان «شىن ماۋ يىللىرىدىكى جاپا - مۇشەققەتلىك سەپەر خاتىرىسى» قاتارلىق ئەسەرلەردە ئوخشىمىغان دەرىجىدە تۇرپان ئويمانلىقى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلارنىڭ تاغ - دەريالىرى جۇغراپىيىسى، مەنزىرىگاھلىرى، مىللەت ۋە تارىخىي مەدەنىيەت ئىزلىرى بايان قىلىنغان. بۇ بايانلار گەرچە يۈزەكى بولسىمۇ تۇرپانشۇناسلىقنىڭ بىخى دېيىشكە بولىدۇ. بۇ ئەينى چاغدىكى دۆلەتنىڭ يېڭى بىرلىكى، مىللەتلەرنىڭ يېڭى قوشۇلۇشى، چېگرا مۇداپىيە قورۇلۇشىنىڭ ۋەزىيىتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىدى. بۇ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشتىن تۇرپانشۇناسلىقنىڭ دونخۇاڭشۇناسلىق ئىلمىدىن بۇرۇن باشلانغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

يېقىنقى زامانغا كەلگەندە جۇڭگو، كۈچلۈك جاھانگىرلارنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا ئۇچراپ مىللىي كىرزىس كۈچەيدى. غەربىي شىمال چېگرا رايونى چارروسىيىنىڭ نىشانىغا ئايلاندى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەرقايسى ئەللەرنىڭ ئېكسپېدىتسىيىچىلىرى، تەكشۈرۈش ئۆمەكلىرى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىغا ئاياغ باستى. بولۇپمۇ تۇرپان ئويمانلىقىدەك بۇنداق مول تارىخىي مەدەنىيەت مىراسلىرى ساقلانغان رايونغا كېلىپ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى تەكشۈردى ۋە ئوغۇرلۇقچە قېزىپ ئېلىپ كەتتى. بۇ ئىشلار دۆلىتىمىز خەلقىنىڭ غەزىپىنى قوزغىدى. بەزىلەر بۇ مەدەنىيەت يادىكارلىقلارنىڭ يوقۇلۇۋاتقانلىقىغا قاراپ ئېچىنسا، بەزىلەر بۇ مەدەنىيەت يادىكارلىقلارنى يىغىپ ساقلاشقا كۈچ چىقاردى ۋە ياكى تەتقىقات ئېلىپ باردى. شۇندىن تارتىپ تۇرپانشۇناسلىق ئىلمى پەيدا بولدى.

1905 - يىلى چىڭ سۇلالىسى ئەمەلدارى رۇي فاڭ ياۋروپاغا تەكشۈرۈشكە بارغاندا بېرلىن مۇزېيىدا گېرمانىيە ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى تۇرپاندىن ئېلىپ كەتكەن «لياڭ خانى قۇتقۇئارغۇنىڭ ئىبادەتخانا ياساتقانلىقى

توغرىسىدىكى ئابىدە تېشى» نى كۆرۈپ ھالاك ـ تالاك قالغان. ئۇ باسما نۇسخىسىنى ياندۇرۇپ ئېلىپ كەلگەن. بۇ ئىش دۆلىتىمىز خەلقىنى چۆچۈتۈۋەتتى. جۇڭگو ئېلىم ـ پەن ساھەسى تۇرپاندىن تېپىلغان قەدىمكى ۋەسىقىلەرگە ئېتىبار بىلەن قاراشقا باشلىدى. ئالىملاردىن لياۋ پۇەنسۇن (缪荃孙)، ياڭ شۇجىڭ قاتارلىقلار بۇنىڭغا قارىتا ئېتىرازنامە ۋە ئوبزور يازغان ئىدى. 1907 ـ يىلى لو جېنيۇ بۇ ھۆججەتنى تەكشۈرۈپ تەھقىقلەپ «ۋەتەن شان ـ شەرىپى» ژۇرنىلىنىڭ 6 ـ تومىدا ئېلان قىلدى. بۇ جۇڭگو ئېلىم ساھەسىنىڭ تۇرپاندىن تېپىلغان ۋەسىقىلەرگە قارىتا ئېتىبار بىلەن قاراشقا باشلىغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى.

1911 ـ يىلى ۋاڭ شۇدەن يازغان «شىنجاڭنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» گە 87. جىلد «قەدىمكى ئىزلار تەزكىرىسى» كېيىنچە «بۇ شىنجاڭدىكى قەدىمكى ئىزلارنى زىيارەت قىلىش خاتىرىسى» دېگەن نام بىلەن نەشر قىلىنغان. مەشھۇر ئەسەر «تاڭ دەۋرىدىكى جاڭ خۇەيجىنىڭ قەبرە تەزكىرىسى» بىلەن شەخسلەر ساقلاپ قويغان تۇرپاندىن تېپىلغان ۋەسىقىلەردىن ئون نەچچە پارچىنى كىرگۈزگەن ھەمدە ھەربىر ۋەسىقىنى تەكشۈرۈپ، تەتقىقلەپ چۈشەندۈرگەن. 1914 ـ يىلى لۇ جېنيۇ «غەربىي يۇرتتىكى تاش ئويمىلار» دېگەن كىتابىنى نەشر قىلدۇردى ھەمدە ياپونىيە ئوتانى ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى تۇرپاندىن ئېلىپ كەتكەن قەبرە تەزكىرىلىرىنى، تاش ئويما ۋەسىقىلەرنى ئېلان قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە لۇ جېنيۇ بۇ قەبرە تەزكىرىلىرىدىن ئېرىشكەن ماتېرىياللارغا ئاساسەن تەتقىقات ئېلىپ باردى ھەمدە «قوچو كىيو جەمەتى نەسەبنامىسى» نى يېزىپ چىقتى. 1916 ـ يىلى لۇجېنيۇ يەنە «قوچو تام رەسىملىرىنىڭ جەۋھەرلىرى» دېگەن كىتابىنى نەشر قىلدۇرۇپ دۆلىتىمىز خەلقىگە گېرمانىيە ئېكسپېدىتسىيىچىلىرى ئېلىپ كەتكەن تۇرپان مىڭئۆيلىرىدىكى تام رەسىملىرىنى تونۇشتۇردى. 1923 ـ يىلى ۋاڭ گوۋېي ئېلان قىلغان «تاڭ دەۋرىدىكى لى زىيىڭ تۆھپە مەلۇم قىلىشى» بىلەن «قوچونى تىنچلاندۇرغۇچى سەركەردە كيۇۋۇنىڭ ئىبادەتخانا سېلىش ئابىدە تېشى» دېگەن كىتابلاردا تۇرپاندىن تېپىلغان ۋەسىقىلەرگە بىرلەشتۈرۈپ تۇرپاننىڭ تارىخىنى تەتقىق قىلغان. مانا بۇلار تۇرپانشۇناسلىق ئىلمى توغرىسىدىكى دەسلەپكى نەتىجىلەر ئىدى.

1928 ـ يىلى جۇڭگو ئېلىم ـ پەن تەشكىلاتى ھەرقايسى كۈچلۈك جاھانگىر ئەللەر جۇڭگونىڭ غەربىي شىمالىغا ئېكسپېدىتسىيە ئەترەتلىرىنى ئەۋەتىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان رېئاللىققا قارىتا ئۆزلىرىنىڭ «غەربىي شىمالنى ئىلمىي تەكشۈرۈش ئۆمىكى» نى تەشكىللەپ جۇڭگو ئېلىم ساھەسىنىڭ تۇرپان قاتارلىق جايلارغا قارىتا بىرىنچى قېتىملىق ئىلمىي تەكشۈرۈشىنى قانات يايدۇردى. ئۆمەك ئەزالىرىدىن خۇاڭ ۋېنبى ئەپەندى 1928 ~ 1931 ـ يىللىرى ئىككى قېتىم تۇرپاندىكى قوچو قەدىمكى شەھىرى، يارغول قەدىمكى شەھىرى ۋە ئۇنىڭ يېقىن ئەتراپىدىكى قەبرىلەرنى تەكشۈرۈپ قازدى. يەنە باشقا خارابە ئىزلىرىنى تەكشۈردى. بۇ تۇرپانشۇناسلىق ئىلمىدىكى دەۋر بۆلگۈچ چوڭ ئىش. ئەگەر بۇندىن بۇرۇن جۇڭگو ئېلىم ساھەسى تۇرپاننىڭ تارىخى مەدەنىيەت مىراسلىرىغا قارىتا تونۇشتۇرۇش باسقۇچى بىلەنلا چەكلەندى دېسەك، ئۇنداقتا 1928 ـ يىلىدىن كېيىن ئەمەلىي تەكشۈرۈش ۋە تەتقىقات باسقۇچىغا كىردى دېيىشكە بولىدۇ.

1931 ـ يىلى 2 ـ ئايدا خۇاڭ ۋېنبى «قوچو» 1. توم دېگەن كىتابىنى ئېلان قىلدى. 5 ـ ئايدا يەنە «قوچو قەبرە تېشى توپلىمى» 2. تومنى ئېلان قىلدى. ئۇنىڭدا تۇرپاندا تەكشۈرۈپ ئېرىشكەن قوچو پادىشاھلىقىدىن تاڭ دەۋرىگىچە بولغان 122 دانە قەبرە تېشى ئېلان قىلىندى ھەمدە تەكشۈرۈپ ئېنىقلاپ چىقتى. مۇشۇ ئاساستا ئۇ يەنە كىيو جەمەتى خانلىقىنىڭ يىلنامىسى ۋە مەنسەپ ـ ئەمەللىرى ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ باردى.

1933 ـ يىلى خۇاڭ ۋېنبى تۇرپاندا ئېرىشكەن ساپال ئەسۋابلارنى رەتلەپ چىقىپ «قوچو ساپال بۇيۇملىرى توپلىمى» دېگەن كىتابىنى نەشر قىلدى. ئارقىدىنلا يەنە «تۇرپان ئارخېئولوگىيە خاتىرىسى» نى يېزىپ ئۆزىنىڭ

تۇرپانىدكى تەكشۈرۈش جەريانىنى بايان قىلىپ 15 پارچە (قەدىمكى ئەسەرنى) قەدىمكى نوم قولىيازمىلىرىنى ۋە باسما كىتابىنى يەنە جىن، تاڭ، يۈەن دەۋرلىرىگە تەۋە 26 خىل ئىجتىمائىي ۋەسىقە ھەمدە ئۇيغۇرچە يېزىلغان قەدىمكى قولىيازما، باسما ھۆججەت، تام رەسىملىرى، بۇت ھەيكىلى، قەدىمكى پۇل قاتارلىقلارنى ئېلان قىلىپ، 1954 - يىلى نەشر قىلدۇردى. بۇنىدىن بۇرۇن خۇاڭ ۋېنبى يەنە «لوپنۇر ئارخېئولوگىيە خاتىرىسى» نى ئېلان قىلدى. كېيىن يەنە «تارىم ئويمانلىقىنىڭ ئارخېئولوگىيىلىك خاتىرىسى» دېگەن كىتابىنى ئېلان قىلغان. بۇ نەتىجە ۋە ھۆججەت يادىكارلىقلارنىڭ ئېلان قىلىنىشى جۇڭگو ئىلىم - پەن ساھەسىنىڭ تۇرپانشۇناسلىققا قارىتا تونۇشىنى بېيىتتى، تۇرپاندىن تېپىلغان ۋەسىقىلەرنى تەتقىق قىلىشتا، تارىخىي ئەسەرلەر ۋە قەبرە تېشى تەزكىرىلىرى، مەدەنىيەت يادىكارلىق ئىزلىرى بىلەنلا بىرلەشتۈرۈپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپلا قالماي شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىنىكى تارىخى، قېزىلغان ۋەسىقىلەر بىلەن بىرلەشتۈرۈپ تەتقىق قىلىش كېرەكلىكىنى تونۇتتى.

ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرىنىڭ ئالدى - كەينىدە «غەربىي شىمال ئىلمىي تەكشۈرۈش ئۆمىكى» نىڭ پائالىيەتلىرى ئەينى ۋاقىتتىكى مىللىي ھۆكۈمەتنىڭ ياردىمىگە ئېرىشكەن بولسىمۇ، بۇ يەنىلا خەلق ئىچىدىكى ئېلىم - پەن ئۇيۇشمىلىرىنىڭ ئىشى بولغاچقا ئادەم مالىيە كۈچى چەكلىك ئىدى. خېلى نۇرغۇن نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن بولسىمۇ چوڭ كۆلەملىك قېزىش، قايتا تەكشۈرۈش تەتقىق قىلىش جەھەتتە كۈچى يەتمەسلىكتەك ئەھۋال كۆرۈلۈپ تۇراتتى. 1931 - يىلى بۇ ئۆمەك «غەربىي رايوننى ئىلمىي تەكشۈرۈش ئۆمىكى» نى تەشكىللەشكە تەييارلىق كۆرگەن بولسىمۇ ئاخىرى راسخوت بولمىغاچقا ئەمەلگە ئاشمىدى.

## 2. تۇرپانشۇناسلىقنىڭ خەلقئارا ئىلىمغا ئايلىنىشىنىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى

جۇڭگو — تۇرپانشۇناسلىقنىڭ ماكانى، تارىخ تەرەققىي قىلىپ يېقىنقى زامانغا كەلگەندىن كېيىن ھەرقايسى كۈچلۈك ئەللەرنىڭ ئېكسپېدىتسىيە ئەترەتلىرى تۇرپانغا كەلگەندە بۇ ئىلىم خەلقئارا تۈسنى ئالدى.

19 - ئەسىرنىڭ كېيىنكى مەزگىللىرىدە چارروسىيە ئوتتۇرا ئاسىياغا كېڭەيمىچىلىك قىلىپ، غەلىبىگە ئېرىشكەندىن كېيىن جۇغراپىيە جەھەتتىكى ئەۋزەللىكىگە تايىنىپ شىنجاڭ رايونىغا ئادەم ئەۋەتىپ تۈرلۈك پائالىيەتلەرنى ئېلىپ باردى. ئۇنىڭ ئىچىدىكى بىرمۇنچە ئارخېئولوگلار ئېكسپېدىتسىيە ئەترەتلىرى تۇرپانغا كېلىپ، بۇ يەردىكى قەدىمكى ئىزلارنى تەكشۈرۈپ، قەدىمكى يادىكارلىقلارنى ئوغۇرلىدى.

1893 - يىلى روبوروۋسكى (V. I. Roborovsky) كوزلوف (P. K. Kozlov) تۇرپانغا كېلىپ ھاۋارايى پونكىتى قۇردى. كېتىدىغان چاغدا تۇرپاننىڭ مىڭئۆيلىرىدىكى قەدىمكى بۇددا نوملىرى ۋە ئۇيغۇرچە قولىيازمىلارنى ئېلىپ كەتتى. 1897 - يىلى رۇسىيە ئارخېئولوگىيە ئىلمى جەمئىيىتىنىڭ باشلىقى كىلېمېنتز (D. A. Klemehtz) تۇرپانغا كېلىپ 130 دەك بۇددا غارلىرىنى تەكشۈرگەن. ئۇنىڭ ئىچىدىكى نەپىس تام رەسىملىرى خەت ئويمىلارنى ۋە قەدىمكى قولىيازمىلارنى رۇسىيىگە ئېلىپ كەتكەن. كېيىن «تۇرپان ۋە ئۇ يەردىكى قەدىمكى ئىزلار» دېگەن ماقالىنى ئېلان قىلدى. بۇ يادىكارلىقلار ھېلىمۇ سانكىت پېتىربورگدىكى ئېرمىنتاژ مۇزېيىدا ساقلانماقتا. ھۆججەت - ۋەسىقىلەر رۇسىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسى پېتىربورگ شۆبىسىنىڭ شەرق تەتقىقات ئورنىدا ساقلانماقتا.

1902 ~ 1907 - يىللىرى گېرمانىيە «خانلىق پروسىيە تۇرپان ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى» نى تەشكىللەپ تۇرپانغا قارىتا ئۈچ قېتىملىق مەدەنىيەت يادىكارلىقلارنى بۇلاش پائالىيىتىنى ئېلىپ باردى. ئا. گىرۈنۋېدېل (A. G. runwedel) ئۇلارنىڭ رەھبىرى بولۇپ، ئۇلار 1 - قېتىمدا 46 ساندۇق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىقنى ئېلىپ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، «1902 - 1903 -

يىللىرى قوچو شەھىرى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدا ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش دوكلات» نى ئېلان قىلدى. ھەمدە 1906 ـ يىلى مىيونخىندا نەشر قىلدۇردى. 2 ـ قېتىمقىسى، 1904 ـ يىلىدىن 1905 ـ يىلى 8 ـ ئايغىچە بولۇپ، بۇنىڭغا لېكوك رەھبەرلىك قىلغان. تۇرپاندىكى بېزەكلىك مىڭ ئۆيى، تۇيۇق، سىڭگىم ئېغىز مىڭ ئۆيى قاتارلىق جايلاردا ۋە قوچو قەدىمكى شەھىرى ئىچىدىكى خان ئوردىسى، ئىبادەتخانا خارابىسى قاتارلىق جايلاردا ئوغۇرلۇقچە قېزىش ئېلىپ باردى ۋە تام رەسىملىرىنى كەستى. 1905 ـ يىلى تۇرپاندىن تۆرلۈك يېزىقتا يېزىلغان قولىيازما ۋە نوم ۋەسىقىلەر، ھەرخىل پۇل، ھەيكەل، تاش ئويما، تام رەسىمى ۋە باشقا مەدەنىيەت يادىكارلىقلارنى ئېلىپ كەتتى. 1912 ـ يىلى لېكوك بېرلىندا نەشر قىلدۇرغان «تۇرپاننىڭ قەدىمكى سەنئىتىدىكى ئېسىل مەرۋايىت — قوچو» دېگەن كىتابىدا ئورغۇن «نوم-نوملاش رەسىمى» ئېلان قىلىنغان بولۇپ، بېزەكلىك مىڭ ئۆيىنىڭ 9 ـ غارىدىن ئېلىپ كېتىلگەن. «لياڭ پادىشاھى قۇتقۇ ئارغۇنىڭ ئىبادەتخانا سېلىش مەڭگۈ تېشى» بىلەن «قوچو دورغابېنىڭ ئىبادەتخانا سېلىش ئابىدە تېشى ( 高昌主客长史 )» لارنى قوچو قەدىمكى شەھىرىدىن قېزىپ ئېلىپ كەتكەن. 3 ـ قېتىمقىسى 1906 ـ 1907 ـ يىلىغىچە بولۇپ، بۇ قېتىمقىغا گىرۈنۋېدېل بىلەن لېكوك تەڭ رەھبەرلىك قىلغان. ئاۋۋال ئۇلار كۇچا ۋە بايدىكى قىزىل، قۇمتورا، سىم ـ سىم قاتارلىق مىڭئۆيلەردە ئوغۇرلۇقچە قېزىش ئېلىپ بارغان. كېيىنچە تۇرپان، قۇمۇللاردا ئوغۇرلۇقچە قېزىش ئېلىپ بېرىپ، 128 ساندۇق مەدەنىيەت يادىكارلىقىنى ئېلىپ كەتكەن. 1912 ـ يىلى گىرۈنۋېدېل بېرلىندا نەشر قىلغان «شىنجاڭدىكى قەدىمكى بۇددىزىم ئىبادەتخانىلىرى» دېگەن كىتابتا بۇ قېتىم ئېلىپ كەتكەن مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى توغرىسىدا دوكلات بېرىلگەن.

1902 ـ يىلى 8 ـ ئايدىن تارتىپ ياپونىيە شى بېنيۇەن ئىبادەتخانىسىنىڭ راھىپ كالانى ئوتانى كوزى ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىنى تەشكىللەپ شىنجاڭدا ئۈچ قېتىم تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى، 1 ـ قېتىمقىسى 1902 ـ 1904 ـ يىلىغىچە بولۇپ، ۋاتانابى تېششىن، خورى كېنيۇ قاتارلىقلاردىن تەشكىللەنگەن. ئۇلار ئاۋۋال خوتەننى كېيىن كۇچا ۋە باي قاتارلىق جايلاردىكى قىزىل، قۇمتۇرا مىڭئۆيلىرىدە ۋە كۇچاردىكى دۇل ـ دۇل ئوقۇر قەدىمكى ئىزىدا قېزىش ئېلىپ بارغان. كېيىنچە ئۇلار ئىككىسى «غەربىي يۇرتتىكى ساياھەت خاتىرىلىرى» دېگەن كىتابنى ئېلان قىلدى. 2 ـ قېتىمقىسى 1908 ـ يىلى 11 ـ ئايدىن 1909 ـ يىلى 5 ـ ئايغىچە بولۇپ، تاچىۋانا زىچاۋ بىلەن نومۇرائېزا برونى باشچىلىق قىلغان. ئۇلار تۇرپاندىكى يارغول قەدىمكى شەھىرى ۋە تۇيۇق قاتارلىق جايلاردا تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان. 3 ـ قېتىمقىسى 1910 ـ يىلى 10 ـ ئايدىن 1913 ـ يىلى 5 ـ ئايغىچە بولۇپ، بۇ قېتىمقىدا تاچىۋانازىچاۋ بىلەن يوشكاۋا شو ئىچىرو لاڭ ئىككىسى ئايرىلىپ دۇنخۇاڭ، تۇرپاندىكى چىقتىم، سىڭگىم، تۇيۇق، يارغول قەدىمكى شەھىرى ۋە ئاستانە قەدىمكى قەبرىستانلىقى قاتارلىق جايلاردا ئوغۇرلۇقچە قېزىش ئېلىپ بارغان. قوچو خانلىقى دەۋرىگە مەنسۇپ نۇرغۇن ئىجتىمائىي ۋەسىقىلەرنى، قەدىمكى قولىيازما ۋە بۇددا نوم پارچىلىرىنى قولغا چۈشۈرگەن. بۇ بۇيۇملار ياپونىيىگە ئېلىپ بېرىلغاندىن كېيىن «ئوتانى ھۆججەتلىرى» دەپ ئاتالدى. 1915 ـ يىلى ياپونىيىدە نەشر قىلىنغان «غەربىي يۇرتنىڭ ئارخېئولوگىيىلىك رەسىملىك شەجەرىسى» دېگەن مەجمۇئەدە ئۇلار قولغا چۈشۈرگەن يادىكارلىقلارنىڭ ئاز بىر قىسمىلا بېرىلگەن. 20 ـ ئەسىرنىڭ 50 ـ يىللىرىدىن بۇيان ياپونىيە ئىلىم ـ پەن ساھەسى غەربىي يۇرت مەدەنىيەت تەتقىقات جەمئىيىتىنى قۇرۇپ ئوتانى ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى قولغا چۈشۈرگەن يادىكارلىقلارنى مەركەزلىك تەتقىق قىلىپ نۇرغۇن نەتىجىلەرگە ئېرىشتى. يېقىنقى يىللاردا ياپونىيە ناگويا ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى پروفېسسور شاۋتەن يى جو «ئوتانى ھۆججەتلىرى مەجمۇئەسى» نى يېزىپ تاماملىدى.

تۇرپانغا كېلىپ مەدەنىيەت يادىكارلىقلارنى ئوغۇرلىغانلاردىن يەنە ئاۋرېل ستەيىنمۇ

(A. Stein) بار. ئۇ ئەنگلىيە ھامىيلىقىدىكى ھىندىستان ھۆكۈمىتى مائارىپ مىنىستىرلىكىنىڭ ئەمەلدارى بولۇش سۈپىتى بىلەن، جۇڭگونىڭ غەربىي شىمالىغا نەچچە قېتىم كېلىپ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئوغۇرلىغان. 1 - قېتىمقىسى 1900 - 1901 - يىللىرى بولۇپ، ئاساسلىقى شىنجاڭنىڭ تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىدىكى خارابىلىقلاردا ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان، كېيىنچە 1907 - يىلى ئىككى توملۇق «قەدىمكى خوتەن» دېگەن كىتابىنى نەشر قىلدۇرغان. 2 - قېتىمقىسى 1906 - 1908 - يىللىرى بولۇپ، ئۇ خوتەندىن كىرۇران خارابىسىغا بارغان، ئۇ يەردىن يەنە دۇنخۇاڭغا بارغان. ئۇ يەردىن نۇرغۇن قەدىمكى قول يازمىلارنى قولغا چۈشۈرگەن. ئۇ يەردىن تۇرپان، قاراشەھەر، كۇچا، خوتەن قاتارلىق جايلارغا بېرىپ تەكشۈرۈش ۋە قېزىش ئېلىپ بارغان. كېيىن 1921 - يىلى بەش توملۇق «ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە جۇڭگونىڭ غەربىي شىمالىدىكى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش دوكلاتى» سىرىندىيانى نەشر قىلدۇرغان. 3 - قېتىمقىسى 1913 - يىلىدىن 1916 - يىلىغىچە بولۇپ، ئۇ بۇ قېتىمدا تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبى ئارقىلىق كىرۇران خارابىسىغا بارغان. ئۇ يەردىن قارا خوتو (خېيچېڭ) خارابىسىغا، ئۇ يەردىن يەنە قۇمۇل، باركۆل، ئاراتۈرۈك قاتارلىق جايلارغا بېرىپ، يەنە ئۇ يەردىن تۇرپانغا كەلگەن. ئۇ بىزەكلىك مىڭئۆيدىن كېسىپ ئېلىۋالغان تام رەسىملىرىنى يۈزدىن ئارتۇق ساندۇققا قاچىلاپ ئېلىپ كەتكەن. ئاستانە قەدىمكى قەبرىستانلىقىدا ئۇ قەبرىستانلىقنى 10 قەبرە رايونىغا ئايرىپ 34 نى قازغان، 24 دىن شىمالىي لياڭ، قوچو دۆلىتى، تاڭ دەۋرىگە ئائىت يادىكارلىق ۋە ھۆججەتلەر تېپىلغان. ئۇ بۇ قېتىم قولغا چۈشۈرگەن يادىكارلىقلارغا ئاساسلىنىپ 1928 - يىلى تۆت توملۇق «ئاسىيانىڭ مەركىزى رايونى - گەنسۇ ۋە ئىراننىڭ شەرقىدىكى تەكشۈرۈش دوكلادى» دېگەن كىتابىنى نەشر قىلدۇردى.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغانلار چەتئەل ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىنىڭ تۇرپاندا ئېلىپ بارغان چوڭ دائىرىدىكى بۇلاڭچىلىق ھەرىكىتى بولۇپ، كىچىك دائىرىدىكىلىرىمۇ خېلى بار. بۇ ئىشلار دۆلىتىمىز چەتئەللەرنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا ئۇچراۋاتقان، مىللەت كىرزىسقا دۇچ كەلگەن ئەھۋال ئاستىدا يۈز بەرگەن. تارىخ مانا مۇشۇنداق راۋاجلانغان. تارىخنى ئېتىراپ قىلىپ، بۇ ئېچىنىشلىق قىسمەتلەرنى ئۇنتۇپ قالماسلىقىمىز، رېئاللىققا ۋە تۇرپانشۇناسلىقنىڭ تەرەققىياتىغىمۇ كۆز يۇماسلىقىمىز لازىم.

تۇرپاننىڭ بۇ بىباھا يادىكارلىقلىرى پېتىربورگ، بېرلىن، كىئوتو، لوندون، يېڭى دېھلى قاتارلىق جايلارغا ئېلىپ بېرىلغاندىن كېيىن ھەرقايسى ئەللەردىكى شەرقشۇناسلار، ئارخېئولوگىيە، تارىخشۇناسلىق، تىلشۇناسلىق، مىللەتشۇناسلىق، جۇغراپىيەشۇناسلىق، دىنشۇناسلىق ساھەسىدىكى ئالىملار، سەنئەتكارلار قىزغىنلىق بىلەن تەتقىق قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ يېڭى تەتقىقات نەتىجىلىرىنى ئېلان قىلىشتى. بۇلار تۇرپانشۇناسلىقنىڭ مەزمۇنىنى بېيىتتى. تۇرپانشۇناسلىقنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلەتتى. ئۇلارنىڭ تەتقىقات ئۇسۇلى ۋە نەتىجىلىرى جۇڭگو ئالىملىرىنىڭ تەتقىقاتىدىكى يېتەرسىزلىكلەرنى تولۇقلاپ، جۇڭگو ئىلىم - پەن ساھەسىنىڭ ئۇلار بىلەن بولغان ئالاقىسىنى كۈچەيتتى. شۇڭا تۇرپانشۇناسلىقنى پەيدا بولغاندىن تارتىپلا بىر خىل دۇنيا خاراكتېرلىك ئىلىم دەيمىز. تەرەققىي قىلىپ بۈگۈنگە كەلگەندىمۇ يەنىلا خەلقئارا ئىلىملىك ئورنىدا تۇرماقتا. بۇلارنىڭ ھەممىسىنى شۇ چاغدىكى ئالاھىدە تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈش بەلگىلىگەن. شۇڭا 21 - ئەسىرگە قەدەم قويغان بۈگۈنكى كۈندە ھەرقايسى ئەللەردىكى ئالىم، مۇتەخەسسىسلەر تۇرپاننىڭ تارىخى ۋە مەدەنىيەت تەتقىقاتىغا قارىتا ھۆرمەت ۋە قارشى ئېلىش تۇيغۇسىنى تۇرغۇزۇشى، بۇ قىممەتلىك مەدەنىيەت مىراسلىرىنى ۋە بۇ قىزىق ئىلىمنى خەلقئارا دائىرىدە قانات يايدۇرۇشنى ئۈمىد قىلىمەن.

## 3. تۇرپانشۇناسلىق ئىلمىنىڭ يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىنكى تەرەققىياتى

تۇرپانشۇناسلىقنىڭ تەرەققىياتى دۇنخۇاڭشۇناسلىقنىڭ تەرەققىياتىغا

ئوخشمايدۇ. دۇنخۇاڭ نوم ساقلاش غارىدىكى ۋەسىقىلەرنىڭ كۆپ قىسمى چەتئەللەرگە ئېلىپ كېتىلگەن بولسىمۇ، بىر قىسمى ئۆز ئورنىدا قالغان. موگاۋ تاش غارى، يۇلىن تاش غارىدىكى تام سىزمىلىرى، ھەيكەللەر ئاساسىي جەھەتتىن بۇزغۇنچىلىقتا ئۇچرىمىغان. ئىلىم - پەن ساھەسى ئۇچۇن مۇكەممەل تەتقىقات ئوبيېكتى بىلەن تەمىنلىگەن. تۇرپاننىڭ ئەھۋالى بۇنىڭغا ئوخشمايدۇ. بۇ يەردىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلار ۋەسىقىلەرنىڭ تولىسى چەتئەللەرگە ئېلىپ كېتىلگەن، تام رەسىملىرىنىڭ كۆپ قىسمى ئېلىپ كېتىلگەن بولۇپ، تەتقىقات ئاساسى ۋە ئەمەلىي بويۇملار كەمچىل. شۇڭا 20 - ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا جۇڭگو دۇنخۇاڭشۇناسلىقى تۇرپانشۇناسلىقتىن ئېشىپ كەتتى. بۇ ئارىلىقتا تۇرپانشۇناسلىق يەنىلا «ھايات» تۇرسۇن دەيدىكەنمىز يەنىلا لو جېنيۇ، فىڭ چىڭجۇن، جىن زۇتوڭ قاتارلىق يولداشلارنىڭ شەرق غەربتىن كىرگۈزگەن ماتېرىياللىرىغا، خۇاڭ ۋېنبى ئەپەندىنىڭ چەكلىك قېزىش ماتېرىياللىرىغا تايىنىپ تەتقىق قىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.

جۇڭگو تۇرپانشۇناسلىقىنىڭ ھەقىقىي تەرەققىياتقا ئېرىشىشى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن بولغان، ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 50-يىللىرىنىڭ دەسلىپىدە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ قۇرۇلۇشىغا ئەگىشىپ موزېي ۋە ئارخېئولوگىيە ئەترىتىمۇ قۇرۇلدى. ئۇزاق ئۆتمەي تۇرپان ۋىلايىتىدىمۇ مەدەنىيەت يادىكارلىقلارنى قوغداش ئورنى قۇرۇلدى. ئاپتونوم رايونلۇق ھۆكۈمەتنىڭ رەھبەرلىكىدە شىنجاڭ ئارخېئولوگىيە مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى خىزمەت ئەترىتى تۇرپاندىكى قەدىمكى شەھەر خارابىلىرى، بۇددىزىم مىڭئۆيلىرى ۋە ھەرخىل مەدەنىيەت يادىكارلىقلارنى تەكشۈردى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە بىرقىسىم ئورۇنلارنى رېمونت قىلدى ۋە قوغدىدى. دۆلەتنىڭ ياردىمىدە 1959 - يىلىدىن باشلاپ تۇرپاندىكى ئاستانە، قاراخوجا قەدىمكى قەبرىستانلىقىنى قازدى. 1975 - يىلغىچە جەمئىي 13 قېتىم قېزىش ئېلىپ بېرىپ، 456 قەبرىدىن مەزمۇنى ئوخشمايدۇ-غان ھەرخىل يادىكارلىقلارنى تاپتى. 203 دانە قەبرىدىن 16 پادىشاھلىق، قوچو دۆلىتى ۋە قوچو ئېلى دەۋرىگە تەۋە نۇرغۇن ھۆججەتلەرنى تاپتى. ئۇلار بىرتەرەپتىن قېزىپ، بىر ياقتىن رەتلەپ، بىر ياقتىن قىسقىچە دوكلات يېزىپ ئىلىم - پەن ساھەسىگە تۇرپان ئارخېئولوگىيە ئىلمى جەھەتتىكى نەتىجىلەرنى بىلدۈرۈپ توردى. بۇ تۇرپانشۇناسلىق ئىلمىدىكى دەۋر بۆلگۈچ چوڭ ئىش. شۇنداقلا شىنجاڭ ئارخېئولوگىيە خادىملىرىنىڭ تۇرپانشۇناسلىق ئىلمىگە قوشقان تۆھپىسىدۇر.

1975 - يىلى دۆلەت مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسىنىڭ بىۋاسىتە رەھبەرلىكىدە ۋۇخەن ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى پروفېسسور تاڭ چاڭرۇنى ئاساس قىلغان ھالدا پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئالىم مۇتەخەسسىلەردىن تەشكىللەنگەن «تۇرپاندىن قېزىلغان ھۆججەتلەرنى رەتلەش» كە رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى. ھەممە بۇ ھۆججەتلەرنى تەتقىق قىلدى ۋە رەتلىدى. 1981 - يىلىدىن تارتىپ «تۇرپاندىن قېزىۋېلىنغان ھۆججەتلەر» (خەنزۇچە) نى نەشر قىلدۇردى. ئاۋۋال ئون توملۇق چۈشەندۈرۈشى بار قىسمىنى، ئاندىن تۆت توملۇق خەرىتىلىك قىسمىنى نەشر قىلدۇردى. بۇ خىزمەتلەردىكى تەرەققىياتلار ۋە نەتىجىلەر جۇڭگو تۇرپانشۇناسلىق ئىلمىي تەتقىقاتىنىڭ يېڭى بىر باسقۇچقا كىرگەنلىكىنى، مۇستەقىل تەتقىقات يولىغا ماڭغانلىقىنى ئىپادىلىدى. تۇرپاندىن قېزىۋېلىنغان يېڭى ھۆججەتلەرنى چۆرىدىگەن ھالدا ئىلمىز ئىلىم - پەن ساھەسىدە قىزىق تەتقىقات قانات يېيىپ، نۇرغۇن يېڭى نەتىجىلەر ئېلان قىلىندى. بۇ ھۆججەتلەر ئاساسەن توخرى، كۆك تۈرك، سوغدى، ئۇيغۇر، تۈبۈت، مۇڭغۇل قاتارلىق يېزىقلىرىدا يېزىلغان بولۇپ، بۇ جەھەتتىكى تەتقىقاتىمۇ يېڭى نەتىجىلەر قولغا كەلدى. بۇددا مىڭئۆيلىرى، قەدىمكى شەھەر خارابىسى قاتارلىق جەھەتتە نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىق ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى، ئاپتونوم رايونلۇق موزېي، تۇرپان مەدەنىيەت يادىكارلىقلارنى قوغداش باشقۇرۇش ئورنىدىكى خادىملار نۇرغۇن جاپالىق خىزمەتلەرنى

ئىشلىدى.

1983 - يىلى دۆلىتىمىزدە «دۇنخۇاڭ-تۇرپانشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتى» قۇرۇلدى. شۇندىن تارتىپ جۇڭگو ئىلىم - پەن ساھەسىدە تەشكىللىك، ماسلاشقان، تەتقىقات ئالماشتۇرىدىغان ئىلىم - پەن تەشكىلى مەيدانغا كەلدى. دۇنخۇاڭ - تۇرپانشۇناسلىق ئىلمىنىڭ ئورتاقلىقى، ئوخشىمايدىغان ئالاھىدىلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ، «جۇڭگو تۇرپانشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتى» دېگەن نام مۇقىملاشتۇرۇلدى. تۇرپانشۇناسلىق ئىلمىنىڭ نامىمۇ مۇشۇنداق قىلىپ مۇقىملاشتى. بۇ تۇرپانشۇناسلىق ئىلمىنىڭ يۇقىرىغا قاراپ تەرەققىي قىلىشىنى، ئالىملارنىڭ تۇرپانشۇناسلىقتىكى ئالاھىدىلىكى ۋە دائىرىسىگە ئاساسەن تەتقىقات خىزمەتلىرىنى قانات يايدۇرۇشنى تېزلەتتى.

ئالاھىدە تەكىتلەشكە ئەرزىيدىغىنى شۇكى، 20 - ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرىدىن تارتىپ تۇرپان ۋىلايىتىدە مەدەنىيەت يادىكارلىقلار كەسپى ئەترىتى شەكىللەندى، موزېيمۇ قۇرۇلدى. ھەرقايسى مەدەنىيەت يادىكارلىق ئىزلىرىغا قوغداش ئورگىنى تەسىس قىلىندى. يەرلىكنىڭ قۇرۇلۇشىغا ماسلىشىش ئۈچۈن ۋىلايەتلىك موزېيمۇ قۇتقۇزۇش خاراكتېرلىك قېزىش ۋە تازىلاش ئېلىپ بېرىپ قىسقىچە دوكلاتلىرىنىمۇ ئېلان قىلدى. بۇ يېڭى ئىلگىرىلەشلەرنى ۋىلايەتلىك پارتكوم ۋە مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ رەھبەرلىكىدىن ۋە قوللىشىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە تۇرپان مەدەنىيەت يادىكارلىقلار ئورنىدا 20 يىلدىن ئارتۇق خىزمەت قىلغان، يېقىندىلا ئالەمدىن ئۆتكەن دوكتور ليۇخوڭلياڭنىڭ تىرىشچانلىقىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. ليۇ خوڭلياڭنىڭ باشلامچىلىقىدا تۇرپاننىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى خىزمەتچى خادىملىرى يېڭى قېزىۋېلىنغان ھۆججەتلەرنى تەتقىق قىلىپ، «يېڭىدىن تېپىلغان تۇرپان ھۆججەتلىرى ۋە ئۇلار ئۈستىدە تەتقىقات» دېگەن كىتابنى نەشر قىلدۇردى. بېزەكلىك مىڭئۆيىنى تازىلاپ، تەكشۈرگەندىن كېيىنكى تەتقىقات ئاساسىدا ئۇلار يەنە «تۇرپان بېزەكلىك مىڭئۆي تام رەسىملىرى سەنئىتى» نى نەشر قىلدۇردى. چەتئەللىكلەرنىڭ تەكشۈرۈش خاتىرىلىرىنى ۋە تەتقىقاتلىرىنى تەرجىمە قىلدى. تۇرپاننىڭ ساياھەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ماسلىشىش ئۈچۈن ئۇلار يەنە «تۇرپان موزېيى»، «تۇرپان» قاتارلىق رەسىملىك ئاتلاس ۋە «تۇرپان ساياھەت قوللانمىسى» نى تەھرىرلەپ نەشر قىلدۇردى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە نۇرغۇن خىزمەتلەر ئىشلىنىپ كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە «بېزەكلىك مىڭ ئۆيدىن تېپىلغان ھۆججەتلەرنى رەتلەش ۋە تەتقىق قىلىش» دېگەن تەتقىقات تۈرىنى ئۈستىگە ئېلىپ تاماملىدى. بۇلار تۇرپانشۇناسلىقنىڭ ماكاندا مەدەنىيەت يادىكارلىق، ئارخېئولوگىيە كەسپى ئەترىتىنىڭ يېتىلىپ چوڭىيىۋاتقانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

يۇقىرىقى خۇشاللىنارلىق نەتىجىلەر ئاساسىدا تۇرپان ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە 1988 - يىل «شىنجاڭ تۇرپانشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتى» رەسمىي قۇرۇلدى. ھەمدە بىرنەچچە نۆۋەت ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئاچتى. يېڭى ئەسىرگە قەدەم قويغاندا، تۇرپان ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسى رەھبەرلىكىدىكى «تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى» مەجمۇئەسى مەيدانغا كەلدى. ھازىرغا قەدەر 12 سان نەشر قىلىندى. خېلى يۇقىرى ئىلمىي سەۋىيىدە چىقىۋاتىدۇ. ئۇ تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى ئۈچۈن يېڭى بىر مۇنبەر ھازىرلىدى. بۇ مەجمۇئە ياخشى باشقۇرۇلۇپ، بۇ جۇڭگو دۇنخۇاڭ — تۇرپانشۇناسلىق ساھەسىدە ئېچىلغان گۈل بولۇپ، تۇرپانشۇناسلىق ئىلمىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن يېڭى تۆھپە قوشقۇسى.

**4. يېڭى ئەسىردىكى تۇرپانشۇناسلىق ئىلمىنىڭ تەرەققىياتىغا نەزەر**

تۇرپانشۇناسلىق دۇنخۇاڭشۇناسلىققا ئوخشاش ئۆزلىرىنىڭ يەرلىك ئالاھىدىلىكىگە بىرلەشتۈرگەن ھالدا جۇڭگونىڭ قەدىمكى زامان تارىخى، مەدەنىيەت مىراسلىرىغا قارىتا تەتقىقات ئېلىپ بارىدىغان ئىلىم بولۇپ، نۇرغۇن ئورتاقلىققا ئىگە. شۇنداقتىمۇ ئىنچىكە سېلىشتۇرىدىغان بولساق ئۇلاردا نۇرغۇن

ئوخشىماسلىقىنىڭ بارلىقىنى بىلەلەيمىز. تارىخىي مەدەنىيەت ئىزلىرىنىڭ ئەھۋالىدىن قارايدىغان بولساق، تۇرپاندا دۇنيادا ئاز ئۇچرايدىغان قەدىمكى شەھەر خارابىلىرى بار. قوچو، يارغولدىن باشقا يەنە نۇرغۇن چوڭ - كىچىك شەھەر - قەلئە خارابىلىرى بار. قەدىمكى شەھەرلەرنىڭ ئەتراپىدا يەنە نۇرغۇنلىغان قەدىمكى قەبرىستانلىقلار بار. قەبرىلەردە دائىم ھۆججەت ۋە تۈرلۈك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى كۆزگە چېلىقىدۇ. بۇ ئالاھىدىلىكلەر دۇنياۋىدا يوق. ئۇنىڭدىن باشقا قېزىۋېلىنغان ھۆججەتلەرنىڭ ئەھۋالىدىن قارايدىغان بولساق، دۇنخۇاڭ ھۆججەتلىرى ئاساسلىقى موگاۋ غارىدىكى نوم ساقلاش غارىدىن تېپىلغان بولۇپ، جامائەتچىلىككە ئېلان قىلىنىپ بولغان، يېڭىدىن تېپىلغانلىرىنىڭ سانى چەكلىك. بىراق تۇرپان ھۆججەتلىرى بولۇپمۇ ئىجتىمائىي ھۆججەتلەر قەبرىلەردىن تېپىلىدۇ. ئەھۋالدىن قارىغاندا كۆمۈلۈپ ياتقانلىرى كۆپ، بايقىلىش ئىستىقبالى چەكسىزدۇر. ھۆججەت - ۋەسىقىلەرنىڭ دەۋرىدىن ئېلىپ ئېيتساق دۇنخۇاڭ ھۆججەتلىرى تاڭ، بەش دەۋردىن سوڭ دەۋرىگىچىلا مەركەزلىشىپ قالغان. كېيىنكى تاڭدىن بۇرۇنقىلىرى ئىنتايىن ئاز، تۇرپان ھۆججەتلىرى ئىچىدە تاڭدىن بۇرۇنقىلىرى، جىن خانلىقىنىڭ ئاخىرلىرىدىن 16 پادىشاھلىقىچە، قوچو خانلىقى دەۋرىگە تەۋە ھۆججەتلەر بار بولۇپ، جۇڭگونىڭ قەدىمكى دەۋرىدىكى غەربىي شىمالنىڭ تارىخىي مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىشتا بىر - بىرىنى تولۇقلايدۇ. ئۈچىنچىدىن، دۇنخۇاڭدا موگاۋ غارى، يۈلىن تاش غارىغا ئوخشاش مۇكەممەل ساقلانغان ئاز ئۇچرايدىغان بۇددا دىنى سەنئەت غەزىنىسى بار. تۇرپاندا بۇرۇن بار بولسىمۇ مۇتلەق كۆپ قىسمى ۋەيران بولغان. تۆتىنچىدىن، تاڭ دەۋرىدە دۇنخۇاڭ بىلەن تۇرپان ئارىلىقىدا بىرلا يول بار ئىدى. تاڭ دەۋرىنىڭ ئوتتۇرلىرىدىن كېيىن دۇنخۇاڭ تۈبۈتلەر تەرىپىدىن 60 يىلدەك ئىگىلىۋېلىندى. تۇرپان بولسا ئۇيغۇرلارنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا ئىدى. شۇ سەۋەبتىن دۇنخۇاڭدىن نۇرغۇن تۈبۈتچە ھۆججەتلەر ۋە تۈبۈتلەرگە تەۋە مەدەنىيەت ئىزلىرى تېپىلدى. تۇرپاندىن بولسا ئۇيغۇرچە ھۆججەت - ۋەسىقىلەر ۋە مەدەنىيەت ئىزلىرى كۆپلەپ تېپىلدى.

تۇرپانشۇناسلىق ئىلمى ئۆزىنىڭ ئالاھىدىلىكى، ئەۋزەللىكى ۋە زەئىپ ھالىتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋالغاندىلا تەرەققىيات نىشانىدا كەمچىلىكىنى تولۇقلاپ، ئارتۇقچىلىقىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرالايدۇ. يېڭى ئەسىرگە قەدەم قويغاندىن كېيىن تۇرپانشۇناسلىق ئىلمى نۇرغۇن تەتقىقات تېمىلارغا ئاساس قۇرۇلۇش، تەتقىقات جەھەتتىكى ئىزدىنىش قاتارلىق تېمىلارغا دۇچ كەلدى.

ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇش جەھەتتە، تۇرپانشۇناسلىق ئىلمى ھازىرغىچە بىرنەچچە تۈرلۈك ئىشنى ئېنىقلىمىدى. بىرىنچىسى، 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن بۇيان چەتئەل ئېكسپېدىتسىيىچىلىرى تۇرپانغا زادى قانچە قېتىم كەلگەن؟ زادى قايسى دۆلەتنىڭ؟ قانداق مەدەنىيەت يادىكارلىقلارنى ئېلىپ كەتكەن؟ ھازىر قەيەردە ساقلىنىۋاتىدۇ؟ بۇ يادىكارلىقلارغا ئاساسلىنىپ ئۇلار قانداق ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش دوكلاتى ۋە تەتقىقاتلارنى ئىشلىگەن؟ بۇ جەھەتتە جۇڭگو ۋە چەتئەللەردىكى بىرمۇنچە ئالىملار بەزى تەتقىقاتلارنى ئېلىپ باردى. ئۇلار بۇ ئاساستا خىزمەتلەرنى سىستېمىلاشتۇرۇش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش زۆرۈر. بۇ ئىشلار ئېنىقلىنىدىغان بولسىلا جۇڭگو ۋە چەتئەللەردىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلارغا قارىتا كۆڭلىدە ئېنىق سان بولىدۇ.

ئىككىنچى ئىش، تۇرپاندىن قېزىۋېلىنغان ھۆججەتلەرنىڭ كاتالوگىنى تۈزۈشتىن ئىبارەت. بۇ دۆلىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ساقلىنىۋاتقان ۋە چەتئەللەرگە ئېلىپ كېتىلگەن ھۆججەتلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. چۈنكى 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن بۇيان تۇرپاندىكى ھۆججەتلەر چەتئەللەرگە ئېلىپ كېتىلگەن بولۇپ، مۇندەرىجىسى يوق، بۇنداق تېگى ئېنىق بولمىغان، كۆڭلىدە ھېچقانداق سان بولماسلىق، ھۆججەتلەرنى چوڭقۇر تەتقىق قىلىشنى قانات يايدۇرۇشقا، تۇرپانشۇناسلىق بىلەن چەتئەللەرنىڭ ئۆزئارا ئالاقىسىگە پايدىسىز. شۇڭا مۇكەممەل بولغان تۇرپان

ھۆججەتلىرىنىڭ كاتالوگىنى ياكى ھۆججەتلەرنى تەتقىق قىلىپ ئېلان قىلىنغان ئەسەرلەر مۇندەرىجىسىنى تۈزۈپ چىقىشى زۆرۈر. نۆۋەتتە ئېلىمىزنىڭ «تۇرپاندىن قېزىۋېلىنغان ھۆججەتلەر مۇندەرىجىسى»نى تۈزۈش تۈرىنى ئۈستىمىزگە ئالدۇق، بۇ خىزمەت بۇ يىل تاماملىنىشى مۇمكىن.

ئۈچىنچىسى ئىش، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن تۇرپاندىكى قەبرىلەرنى ئون نەچچە قېتىم قازغاندىكى قېزىش دوكلاتىدىن ئىبارەت. بۇرۇن قېزىش دوكلاتى ياكى خەۋەرلەر ئېلان قىلىنغان بولسىمۇ بىراق، سىستېمىلىق قېزىش دوكلاتى ئېلان قىلىنمىدى. زادى قايسى قەبرىلەردىن قانداق يادىكارلىقلار تېپىلدى؟ بۇمۇ ئېنىق بولمىغان ئىش. ئەگەر سىستېمىلىق ئىلمىي دوكلات چىقىرىلسا بۇمۇ بىر چوڭ ئۇل قۇرۇلۇش ھېسابلىنىدۇ. تۇرپان قەبرىلىرىدىن تېپىلغان ھۆججەتلەر ئاساسەن سىستېمىلىق رەتلىنىپ نەشر قىلىندى. تۇرپاندىن تېپىلغان قەبرە تاشلىرى ۋاڭ بىڭخۇالار يازغان «سۇي، تاڭ، بەش دەۋر قەبرە تەزكىرىلىرى توپلىمى — شىنجاڭ تومى» بىلەن خوشەن، ۋومېيلىنلار يازغان «تۇرپاندىن تېپىلغان قەبرە تەزكىرىلىرى» رەتلىنىپ نەشر قىلىندى. ئەينى يىللىرى قېزىشقا قاتناشقان مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تېخىمۇ غەيرەتكە كېلىپ قېزىش دوكلاتىنى رەتلەپ چىقىپ تۇرپانشۇناسلىق ئىلمى ساھەسىگە تۆھپە قوشۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

تۆتىنچى ئىش، تۇرپاندا ھازىر ساقلىنىۋاتقان قەدىمكى ئىزلارنىڭ تەپسىلىي خاتىرىسى. بۇلار قەدىمكى شەھەرلەر، بازار - قەلئە تۇرلىرى، مىڭئۆي، قەدىمكى قەبرىلەر ۋە باشقا ئىزلاردىكى ئۆلچەش، سۈرەتكە تارتىش، خەرىتىگە ئېلىش توغرىسىدىكى تەپسىلىي خاتىرە ۋە چۈشەندۈرۈشلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ مەدەنىيەت يادىكارلىق خىزمىتى قۇرۇلۇشىدىكى ئۇلۇغۋار پىلاندۇر. بۇ، كۈنلەرنىڭ بىرىدە مەلۇم خارابە بۇزۇلسا كۆڭلىمىزدە سان بولۇپ، تەكشۈرۈشكە ۋە رېمونت قىلىپ ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە پايدىلىق. بۇ جەھەتتىكى خىزمەتلەرنى يۈز يىل بۇرۇن ئاۋرېل ستەيىنمۇ ئىشلەپ «ئاسىيانىڭ مەركىزى» دېگەن كىتابىدا ئېلان قىلغان. بۈگۈنكى كۈندە بىزمۇ ئۇ ئىشلىگەن خىزمەت ئاساسىدا ئەستايىدىل ئىشلىشىمىز لازىم. ئىنچىكە بولغان تۇرپان ئارخېئولوگىيە ماتېرىياللىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشىمىز لازىم. بۈگۈنكى كۈنگە قەدەر تۇرپاندا ساقلىنىۋاتقان قەدىمكى بازار - قەلئەلەر، تور خارابىلىرى زادى قانچىلىك؟ بۇنىسى بىزگە نامەلۇم. شۇڭا بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن چوڭقۇر تەكشۈرۈش ۋە سېلىشتۇرما تەتقىقات ئېلىپ بېرىشقا توغرا كېلىدۇ.

تەتقىق قىلىشتا تېگىشلىك تېمىلار كۆپ بولۇپ، سىياسىي، ئىقتىساد، مىللەت، ھەربىي ئىشلار، قاتناش، جۇغراپىيە، مەدەنىيەت قاتارلىق جەھەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

سىياسىي جەھەتتە، چوڭ جەھەتتىن تۇرپان ئويمانلىقى تارىخىي دەۋرلەردە ئىچكىرىدىكى خانلىقلارنىڭ سىياسىي تەۋەلىكىدە بولغان تۇرۇقلۇق، كىچىك جەھەتتىن تۇرپان رايونىنىڭ نېمە ئۈچۈن «تۇرپان» دەپ ئاتالغانلىقى، قوچو خانلىقى، غەربىي ئايماق ئۇيغۇر خانلىقى نېمە ئۈچۈن ئۇنداق ئۇزۇن مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان؟ 16 پادىشاھلىق مەزگىلىدىكى قوچو ئايمىقى تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي ئايماق مەمۇرىي تۈزۈلمىلەر قانداق ئېلىپ بېرىلغان؟ ھۆكۈمەتلەر بىلەن ھۆكۈمەت ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتلەر، ئەمەلدارلار بىلەن پۇقرالار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنىڭ ھەممىسىنى چوڭقۇر تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

ئىقتىسادىي جەھەتتە: تۇرپاننىڭ تارىختىكى ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئەھۋالى، سەۋىيىسى ۋە تەجرىبىلەردىن ئىبارەت. ئۇنىڭدىكى مال - مۈلۈكلەر بىلەن ئاھالىنىڭ نىسبەت مۇناسىۋىتى، ئويمانلىقنىڭ چەكلىك تەبىئىي بايلىقى ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ سىلجىغانلىقىغا قارىتا تەسىر كۆرسىتىدۇ. تۇرپاننىڭ تارىخىدىكى ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە چېكىنىشى ھەمدە ئۇنىڭ سەۋەبلىرى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى تەتقىقات تېمىلىرىدۇر.

مىللەت جەھەتتە: تۇرپاندا بۇرۇن نۇرغۇن مىللەتلەر ياشىغان. 9 - ئەسىردىن كېيىن ئۇيغۇرلار روناق تاپقان. بۇنىڭ بىلەن

ئۇيغۇرلارنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان خەنزۇلار، كۆك تۈركلەر، سوغدىلار، تىبەتلەر، تويخۇنلار، موڭغۇللار ۋە مانجۇلار تەڭ ياشاشتەك ئەھۋال پەيدا بولدى. بۇ مىللەتلەرنىڭ كۆچىشى، كۈرەشلىرى، ئالاقىلىرى ۋە ئاسسىمىلاتسىيە بولۇشى تۇرپان تارىخىدىكى مىللەتلەرنىڭ مۇناسىۋەت تەرەققىيات تارىخىنى شەكىللەندۈردى. بۇنىڭ ئىچىدىكى ھەربىر ھالقىغا قارىتا چوڭقۇر تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. ھەرقايسى مىللەتلەر تۇرپانغا ئۆزلىرىنىڭ تارىخى مەدەنىيەت ئىزلىرىنى قالدۇرغان، بۇ تارىخىي مىراسلارنى تەتقىق قىلىش ۋە خۇلاسىلەش تۇرپاننىڭ قەدىمكى مەدەنىيىتىگە قوشقان تۆھپە بولۇپ، قىممەتلىك تېمىدۇر.

ھەربىي ئىشلار جەھەتتە: تۇرپان قەدىمكى قوچو قەلئەسى، قوچو ۋىلايىتى، قوچو خانلىقى، غەربىي ئوبلاست ئۇيغۇرلىرى، موڭغۇللار ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىللەردە رايون خاراكتېرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە ھەربىي ئىشلار مۇداپىئە تۈزۈمى بولغان. بۇلارنىمۇ چوڭقۇر تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى مىللەتلەرنىڭ مۇناسىۋىتى، كۈرەشلىرى ۋە ئاسسىمىلاتسىيە جەريانىدا قەدىمكى تۇرپان دائىم ھەربىي ئىشلاردا بازىلىق رولىنى ئويناپ كەلگەن. بۇ ھالقىنى تەتقىق قىلىشمۇ بىر خىل تارىخىي تەجرىبىلەرنى يەكۈنلىگەنلىك بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

جۇغراپىيە ۋە قەدىمكى قاتنىشى جەھەتتىمۇ تەتقىق قىلىشقا تېگىشلىك تېمىلار نۇرغۇن. تۇرپان قەدىمكى يىپەك يولىدىكى مۇھىم يول بۆلىكى بولۇپ، بۇ يول بۆلىكىنىڭ يۈزلىنىشى قانداق بولغان؟ زادى قايسى ئۆتەڭلەر - سارايلار بار؟ ئۇنىڭ تەمىنلەش ۋە باشقۇرۇش تۈزۈمى قانداق؟ بۇ مول مەزمۇنلارنىمۇ تەتقىق قىلىش كېرەك. ئويمانلىقتا شەرقىي شىمالدىن غەربىي جەنۇبقا سوزۇلغان ئەنئەنىۋى جۇڭگو غەرب يىپەك يولىدىن باشقا يەنە شىمالغا، شەرقىي جەنۇبقا، غەربىي شىمالغا كەتكەن نۇرغۇن يوللار بار. بۇ يوللارنى ئېچىشنىڭ تەبىئىي شەرت - شارائىتى بىلەن مۇناسىۋىتى ۋە ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، ھەربىي مۇداپىئەنى مۇستەھكەملەش جەھەتتىكى رولى قاتارلىقلارمۇ مۇھىم تەتقىقات تېمىسى ھېسابلىنىدۇ. تۇرپاننىڭ قەدىمكى تاغ - دەريا - جۇغراپىيە - مۇھىتى ۋە باشقا قاتناش يوللىرىنى تەتقىق قىلىش ئاساسىدا قەدىمكى قاتناش خەرىتىسىنى سىزىپ چىقىش مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە تېما ھېسابلىنىدۇ.

مەدەنىيەت جەھەتتە: قەدىمكى تۇرپان رايونىدا نۇرغۇن مەدەنىيەتلەر گىرەلەشكەن، يەنە كۇڭزىچىلىق تەلىماتى، تەرىقەتچىلىك ئىدىيىسى، بۇددا دىنى، زورو ئاستىر دىنى، مانى دىنى، نىستورىيان دىنى، ئىسلام دىنى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت، ھەربىر خىل ئىدىيە ۋە ئېتىقاد كىشىلەرنىڭ ھەرىكىتى ۋە تۇرمۇشىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. بۇ ئىدىيە ۋە ئېتىقادلارغا قارىتا قالغان ئىجتىمائىي ئارقا كۆرۈنۈشكە بىرلەشتۈرۈپ تەتقىقات ئېلىپ بارغاندىلا ساغلام سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا پايدىلىق بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا قەدىمكى تۇرپان خەلقىنىڭ كىيىم - كېچەك، تۇرالغۇ، يېمەك - ئىچمەك، تۇرمۇشى، نىكاھ، دەپنە قاتارلىق ئۆرپ - ئادەتلىرىگە قارىتا تەتقىقات ئېلىپ بېرىشمۇ رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە تېما ھېسابلىنىدۇ.

20 نەچچە يىلدىن بۇيان تۇرپانشۇناسلىق ئىلمى ھەرقايسى جەھەتلەردە ئوخشىمىغان دەرىجىدە تەتقىقاتلار ئېلىپ بېرىلىپ خۇشاللىنارلىق نەتىجىلەر قولغا كەلدى. نۆۋەتتىكى مەسىلە تەتقىقاتنى تېخىمۇ چوڭقۇر قانات يايدۇرۇشتىن ئىبارەت. بۇنىڭ ئۈچۈن جۇڭگو ۋە چەتئەللەردىكى ھۆججەت ۋە مەدەنىيەت يادىكارلىقلارنى بىرلەشتۈرۈشكە، قېزىۋېلىنغان ۋەسىقىلەرنى تۇرپاننىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈشكە، شىنجاڭنىڭ باشقا رايونلىرىدىن چىققان قەدىمكى ۋەسىقىلەرنى ھەمدە دۇنخۇاڭ ھۆججەتلىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈشكە، ئوبيېكتىپ ھالدا ئەمەلىي تەكشۈرۈشكە سۈپەتلىك بولغان تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقات مەجمۇئەسىنى نەشر قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. دېمەك، يېقىنقى ئەسىرگە قەدەم قويغاندىن بۇيانقى تۇرپانشۇناسلىق ئىلمىدا ۋەزىپە ئېغىر ھەم مۇشكۇل. تۇرپانشۇناسلىق

ئىلمى يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە مەخسۇس ئىلىم بولۇپ، ئۇنىڭغا نۇرغۇن تارىخىي مەدەنىيەت مىراسلىرى مۇجەسسەملەشكەن. شۇڭا، بۇ مىراسلارنى ياخشى قوغداش تۇرپانشۇناسلىق ئىلمىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى، ئۇزاق مەزگىللىك ۋەزىپە. خۇشاللىنارلىق يېرى شۇكى، نۆۋەتتە «تۇرپاننىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلارنى قوغداش ئومۇمىي پىلانى» تۈزۈپ چىقىلىپ، مەدەنىيەت يادىكارلىقلارنى قوغداش بىلەن ئېچىپ پايدىلىنىشنىڭ مۇناسىۋىتى ئېنىق بولدى. قوغداش بىرىنچى، پايدىلىنىش ئىككىنچى (ئاساس). مەدەنىيەت يادىكارلىقلار قايتا پەيدا بولمايدىغان قىممەتلىك بايلىق، تونۇش ۋە قوغداش يېتەرلىك بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا ۋاقتىنچە ئاچماي تۇرۇش كېرەك. نۆۋەتتىكى قوغداش خىزمىتى يەنىلا جىددىي ۋەزىپىگە دۇچ كەلمەكتە. ئۇ بولسىمۇ قەدىمكى يادىكارلىقلار-نى ئوغرىلۇقچە قېزىش ۋە بۇزغۇنچىلىق قىلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە زەربە بېرىشتىن ئىبارەت. بۇنداق بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىگە قارىتا زەربە بېرىش ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇپلا قالماي، ئامما ئىچىدە مەدەنىيەت يادىكارلىقلارنى قوغداش تەشۋىقاتىنى كۈچەيتىپ، «مەدەنىيەت يادىكارلىقلار قانۇنى»نى كىشىلەر قەلبىگە سىڭدۈرۈش كېرەك. قەيەردە بۇزغۇنچىلىق ھەرىكىتى كۆرۈلسە شۇ يەردە خەلق ئاممىسى توسايدىغان كەيپىيات شەكىللەنسە بۇزغۇنچىلىق ۋە ئوغرىلۇقچە قېزىش ئىشلىرىنى ئازايتقىلى بولىدۇ. تۇرپاننىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلارنى قوغداش ئىشىمۇ بىر تۈرلۈك ئىلمىي خاراكتېرلىك خىزمەت بولۇپ، كەسپىي خادىملارنىڭ ئىشلىشىگە توغرا كېلىدۇ. شۇڭا سەۋىيىسى يۇقىرى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى قوشۇنىنى تەربىيىلەپ چىقىشمۇ بىر ئۇزۇن مەزگىللىك ۋەزىپىدۇر.

تۇرپاندىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىزلىرى 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن بۇيان نۇرغۇن قېتىم چەتئەل ئېكسپېدىتسىيە-چىلىرىنىڭ ئوغرىلۇقچە قېزىشىغا ئۇچرىدى. بۇنداق ئالاھىدە تارىخىي ئەھۋال تۇرپانشۇناس-لىق ئىلمىگە بۇزۇلغان، ئوغرىلانغان يادىكارلىقلارغا قارىتا ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋەزىپىسى يۈكلىدى. مەسىلەن، قوچو قەدىمكى شەھىرىدىكى خان قۇرغان ۋە ھەرقايسى ئىبادەتخانا خارابىلىرىنىڭ بۈگۈنكى ھالىتى يۈز يىل بۇرۇن لېكوك، ستەيىنلەر تارتقان سۈرەتلەرگە سېلىشتۇرغاندا زور دەرىجىدە بۇزۇلغان. بۈگۈنكى كۈندە بۇرۇنقى شەكلىگە ئاساسەن رېمونت قىلىپ ئەسلىگە كەلتۈرەلەيمىزمۇ ـ يوق؟ مېنىڭچە قىلغىلى بولىدۇ. ئەسلى قىياپىتىنى ساقلاپ قېلىش مەدەنىيەت يادىكارلىقلارنى قوغداشتىكى بىر تۈرلۈك مەسئۇلىيەت. يەنە بېزەكلىك مىڭئۆيدىكى نۇرغۇن رەسىملەر يۈز يىل بۇرۇن گېرمانىيىلىكلەر تەرىپىدىن ئېلىپ كېتىلگەن، بولۇپمۇ 20 ـ غاردىكى رەسىملەر لېكوكنىڭ «قوچو» دېگەن كىتابىدا ئېلان قىلىنغان. بۈگۈنكى كۈندىكى ئىلمىي تېخنىكا شارائىتىغا تايىنىپ ئۇنى تامامەن ئەسلىگە كەلتۈرگىلى، ئەسلى جايغا قويۇپ، خەلققە ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى ئېلىپ بارغىلى بولىدۇ. يەنە لياڭ پادىشاھى قۇتقۇ ئارغۇننىڭ «ئىبادەتخانا سېلىش ئابىدە تېشى»نىڭ رەسىمىگە ئاساسەن ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، تۇرپان مۇزېيىغا قويۇپ، مەزكۇر ئابىدىنىڭ ئوغرىلىنىش جەريانى ۋە تەغدىرىنى بايان قىلىش كېرەك. بۇلار تۇرپانشۇناسلىق ئىلمىنىڭ تەرەققىياتىدىكى بىر يېڭى سەھىپىدۇر. تۇرپاننىڭ ساياھەت ئىشلىرى ئۈچۈنمۇ پايدىلىق.

يېڭى ئەسىرگە قەدەم قويغان تۇرپانشۇ-ناسلىق ئىلمىنىڭ نۇرغۇن خىزمەتلىرى بىزنىڭ ئىشلىشىمىزنى كۈتۈپ تۇرماقتا. ئىشىنىمىزكى، قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا تۇرپانشۇناسلىق ئىلمىدە زور بىر بۆسۈش پەيدا بولىدۇ.

تەھرىرلىگۈچى: ئابلىم قېيۇم

# ياپونىيە تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى ساھەسىدىكى كاتتا ئالىم شىمازاكى ئاكىرا

ئابدۇبەسىر شۈكۈرى

1977 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى توكيو ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى تەرىپىدىن مەركىزىي ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مەشھۇر ئۇيغۇرشۇناس پروفېسسورى شىمازاكى ئاكىرا ئەپەندىنىڭ «قوچو ئېلى تارىخى ئۈستىدە تەتقىقات» ناملىق چوڭ ھەجىملىك، كاتتا بىر ئەسىرى نەشر قىلىندى. بۇ ياپونىيە تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى ساھەسىدىكى يەنە بىر خۇشاللىنارلىق ئىش بولدى.

شىمازاكى ئاكىرا تايشۇنىڭ 3 ـ يىلى (1913 ـ يىلى) 9 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى خۇنشيۇنىڭ غەربىي قىسمىغا جايلاشقان، يەنى ياپون دېڭىزى بويىدىكى فۇكوياما ناھىيىسىدە ئوقۇتقۇچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. شۆۋانىڭ 12 ـ يىلى (1938 ـ يىلى) 4 ـ ئايدا كيوجو ئىمپېرىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ قانۇن ـ فىلولوگىيە فاكولتېتىنىڭ شەرقشۇناسلىق تەتقىقاتى بويىچە تارىخ كەسپىنى پۈتتۈرگەن. ئۇ مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ بىر مەزگىل ياردەمچى ئوقۇتقۇچى بولۇپ، ئۆزى پۈتتۈرگەن فاكۇلتېتتا قېلىپ تەتقىقات ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان. 1941 ـ يىلى ئۇ ئۇستازىنىڭ يېتەكلىشى بىلەن ئىچكى موڭغۇل ۋە رايونىمىزدا تەكشۈرۈشلەر ئېلىپ بارغان. شۇ چاغلاردىلا ياش شىمازاكى ئاكىرانىڭ قەلبىدە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ رەڭگارەڭ، ئاجايىپ باي مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىش ئىشتىياقى شەكىللەنگەنىدى. شۇندىن كېيىنمۇ ئۇ رايونىمىزغا تەتقىقات ۋە تەكشۈرۈش ئىشلىرى بىلەن بىر نەچچە قېتىم كەلگەن. 1943 ـ يىلى 4 ـ ئايدا ئۇ بېيجىڭدا مەركىزىي ئاسىيانى تەكشۈرۈش ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ يېتەكچىلىك ۋەزىپىسىنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىپ، مەركىزىي ئاسىيانىڭ تارىخ ۋە جۇغراپىيىسىنى نۇقتىلىق تەكشۈردى. شۇ يىلى ئۇ يەنە «مەركىزىي ئاسىيا» ناملىق مەجمۇئەنىڭ تەھرىرلىك ۋەزىپىسىنى ئۆز ئۈستىگە ئالدى. شىمازاكى ئاكىرا 1947 ـ يىلدىن 1951 ـ يىلغىچە ئۆز يۇرتى ۋە سايتاما ناھىيىلىرىدە ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ ئىشلىدى. 1952 ـ يىلى 4 ـ ئايدا توكيودىكى مەركىزىي ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئەدەبىيات فاكولتېتىغا دوتسېنتلىققا تەكلىپ قىلىندى. بۇ ئارىلىقتا ئۇ مەركىزىي ئاسىيا تارىخ ۋە مەدەنىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك يۇقىرى سەۋىيىلىك بىر مۇنچە تەتقىقات ماقالىلىرىنى ئېلان قىلىپ، ئىلىم ساھەسىدە بەلگىلىك تەسىر قوزغىغانىدى. 1956 ـ يىلى 4 ـ ئايدا شىمازاكى ئاكىرا ئەپەندى مەركىزىي ئۇنىۋېرسىتېت ئەدەبىيات فاكولتېتىنىڭ پروفېسسورى بولدى. 1964 ـ يىلى ئۇ مەركىزىي ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ چەت ئەللەردىكى تەتقىقاتچىسى بولۇش سالاھىيىتى بىلەن، ياۋروپانىڭ ھەرقايسى ئەللىرىدىكى تەتقىقات ئورۇنلىرىغا، بولۇپمۇ سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى، گېرمانىيە قاتارلىق جايلاردىكى مەركىزىي ئاسىيا تارىخ، مەدەنىيىتى تەتقىقاتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك تەتقىقات ئورۇنلىرىغا باردى. ئۇ گېرمانىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسىدىلا 4 ئايدىن ئارتۇق تۇرۇپ، لېكوك مەركىزىي ئاسىيادىن ئېلىپ كەلگەن يازما يادىكارلىقلارنى رەتلىدى ۋە تەتقىق قىلدى. ئۇنىڭدىن باشقا ئۇ يەنە ھامبۇرگ ئۇنىۋېرسىتېتىدىمۇ تەتقىقات ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللاندى. بۇ جەرياندا ئۇ ھامبۇرگ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى مەشھۇر ئۇيغۇرشۇناس ئا. ۋون گابائىن بىلەن يېقىندىن ھەمكارلىشىپ، تۇرپانشۇناسلىققا ئائىت بىرمۇنچە قىممەتلىك تەتقىقاتلارنى

ئىشلىدى. 1966 ـ يىلى توكيو ئۇنىۋېرسىتېتى ۋە توكيو مائارىپ ئۇنىۋېرسىتېتىغا پروفېسسورلۇققا تەكلىپ قىلىندى. 1968 ـ يىلى مەركىزىي ئۇنىۋېرسىتېت ئەدەبىيات فاكولتېتىنىڭ مۇدىرى، ئاسپىرانتورىيە ئەدەبىيات پەنلىرى ھەيئىتى بولدى. 1971 ـ يىلى ياپونىيە مەدەنىيەت ـ مائارىپ مىنىستىرلىكىنىڭ ئىلىم ـ پەن تەتقىقات فوندى بىلەن «ئىچكى ئاسىيانىڭ تارىخ، جۇغراپىيىسى ئۈستىدە ئومۇمىي تەتقىقات» ناملىق چوڭ تەتقىقات تۈرىنى ئىشلىدى. ئۇ ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيا تارىخ تەتقىقات بۇيىچە ياپونىيىدىكى تەسىرى زور تەتقىقاتچىلاردىن بىرى ئىدى. ھالبۇكى، ئۇ تەتقىقاتتا تازا مول نەتىجىلەرگە ئېرىشۋاتقان 59 ياش ۋاقتىدا قىزىل ئۆڭگەچ راكىغا گىرىپتار بولۇپ قالدى. بۇ ئىستىداتلىق تەتقىقاتچى شۇ كېسەل سەۋەبى بىلەن 1974 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى توكيودا ئالەمدىن ئۆتتى.

پروفېسسور شىمازاكى ئاكىرا ۋاپات بولۇپ ئىككى يىلدىن كېيىن، ئۇنىڭ ئىلمىي ماقالىلىرى توپلىمى بولغان «قوچو ئېلى تارىخى ئۈستىدە تەتقىقات» ناملىق ئەسىرى تويوبۇنكو (شەرقىي ئوكيان ماتېرىياللار ئامبىرى) دىكى تەتقىقاتچىلارنىڭ نەشرگە تەييارلىشى بىلەن نەشر قىلىندى.

شىمازاكى ئاكىرا ئەپەندى ئۆز ھاياتىدا ئاز ھەم ساز ئىلمىي تەتقىقات بىلەن شۇغۇللاندى. ئۇ جەمئىي 30 پارچىدەك ئىلمىي ماقالا يازدى، ئەمما ئۇنىڭ ماقالىلىرى يۈكسەك ئىلمىي قىممەتكە ئىگە بولغاچقا خەلقئارادا تەسىر پەيدا قىلىپ، ياۋروپا تىللىرىغا تەرجىمە قىلىندى. ئۇ «قۇش ۋە قانقىللارنىڭ ئالدىنقى ۋە كېيىنكى خانلىقلىرى» ناملىق ماقالىسىدا قۇش ۋە قانقىللارنىڭ پۈتۈن ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي تارىخىنى ئەڭ ئەتراپلىق ۋە ئىلمىي نۇقتىدىن يورۇتقان بولسا، «ھۇنلارنىڭ غەربىي يۇرتنى قارام قىلىشى ۋە ئىككى خەننىڭ قانقىللارغا يۈرۈشى» ناملىق ماقالىسىدا خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى غەربىي يۇرتنىڭ ستراتېگىيىلىك ئورنىنى، ئۇنىڭ ھۇنلار بىلەن ۋە خەن سۇلالىلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئىنچىكە ۋە سىستېمىلىق تەتقىق قىلدى. «قوچو ئۇيغۇر ئېلى بىلەن تاڭ سۇلالىسىنىڭ مۇناسىۋىتى»، «قوچو ئۇيغۇر ئېلىنىڭ ئەمەلدارلىق تۈزۈملىرى»، «قوچو ئۇيغۇر ئېلىگە قاراشلىق (谷柳) دېگەن جاي ھەققىدە» قاتارلىق ماقالىلىرىدا، بۈگۈنگىچە قوچو ئۇيغۇر خانلىقى تارىخى تەتقىقاتىدا ھەل بولماي كەلگەن نۇرغۇن مەسىلىلەرنى ھەل قىلدى. ئۇ يەنە «تۇرپان كارىزچىلىقى ھەققىدە تەتقىقات»، «لىن زېشۈ ۋە كارىز بىلەن يەر سۇغۇرۇش»، «غەربىي يۇرتتىكى سۇغۇرۇش ئەسلىھەلىرى ھەققىدە» ناملىق يىرىك ماقالىلىرىدا كىشىنى قايىل قىلىدىغان ۋە سۆيۈندۈرىدىغان قىممەتلىك تەتقىقات نەتىجىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى بىر تەرەپلىمە، ئىلمىي بولمىغان قاراشلارغا خاتىمە بەردى. شىمازاكى ئاكىرا ئۆزىنىڭ «غەربىي يۇرت قاتناش تارىخىدىكى يېڭى يول ۋە ئېۋۇرغول يولى» ماۋزۇلۇق ماقالىسىدا قەدىمكى يىپەك يوللىرىنىڭ غەربىي يۇرت بۆلۈكىدىكى ھەرقايسى لىنىيىلىرىنى تەپسىلىي ئېنىقلاپ چىقتى. «مەركىزىي ئاسىيا تارىخى ھەققىدە ئومۇمىي ئوبزور» ۋە «كۆچمەن چارۋىچى ئەللەرنىڭ مەركىزىي ئاسىيانى قارام قىلىشى ۋە جۇڭگو سۇلالىلىرى» ناملىق يىرىك ماقالىلىرىدا مەركىزىي ئاسىيانىڭ قەدىمكى زامان تارىخىدىكى زور ۋەقەلەرنى مۇپەسسەل تەتقىق قىلدى. ئۇنىڭ بۇ ماقالىلىرىنىڭ ھەربىرى ئەمەلىيەتتە ئادەتتىكى بىر كىتابچىلىك ھەجىمدىدۇر.

پروفېسسور شىمازاكى ئاكىرا 34 يىللىق تەتقىقات ھاياتىدا پۈتۈن زېھنىنى تۇرپان ئويمانلىقىنى مەركەز قىلغان ھالدا مەركىزىي ئاسىيا تەتقىقاتى ئىمىسىغا سەرپ قىلدى. ئۇ، مەركىزىي ئاسىيا تارىخى ـ بوستانلىق، يايلاق

ۋە قۇملۇقنىڭ بىرلىك تارىخىدۇر؛ شەھەر ۋە يېزىلاردا ئاھالىسى توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان دېھقانچىلىق ئىگىلىكى ئاساسىدىكى دۆلەتلەر بىلەن كەڭ يايلاقلارنى ماكان قىلغان كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ تىركىشىش تارىخىدۇر، دەپ قارايدۇ. ئۇنىڭچە، بۇ تارىخنى چوڭقۇر تەتقىق قىلماي تۇرۇپ، شەرق ۋە غەرب مەدەنىيىتىنىڭ ئۆزئارا تەسىرىنى، شۇنداقلا شەرق خەلقلىرىنىڭ يىراق قەدىمكى مەدەنىيەت تارىخىنى ئەتراپلىق تەسۋىرلىگىلى بولمايدۇ. ئەمما، كەڭ مەركىزىي ئاسىيانىڭ ئومۇمىي تارىخ ۋە مەدەنىيىتىنى يالغۇز بىر ئادەم تەتقىق قىلىشىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىپ بولمىقى بىر قەدەر قىيىن، ئۇنىڭ ئۈستىگە كەڭ دائىرىلىك تەتقىقاتتا كونكرېت مەسىلىلەر ئۈستىدە چوڭقۇرلاپ مۇھاكىمە يۈرگۈزۈش ۋە ئىزدىنىش تېخىمۇ قىيىن، شۇڭا شىمازاكى ئاكىرا ئەپەندى بارلىق تەتقىقاتلىرىنى تۇرپاننى مەركەز قىلغان ھالدا ئېلىپ باردى. ئۇ تۇرپاننىڭ قەدىمكى مەدەنىيىتىدىن شەرق ۋە غەرب مەدەنىيەتلىرىنىڭ ھەر خىل ئالاھىدىلىكلىرىنى روشەن كۆرگىلى بولىدىغانلىقىنى چوڭقۇر چۈشىنىپ يەتكەنىدى. شۇڭا ئۇ ھەربىر مەسىلىگە تارىخشۇناسلىق ھەم مەدەنىيەتشۇناسلىق نۇقتىسىدىن مۇئامىلە قىلدى. بۇ ئالاھىدىلىكلەر ئۇنىڭ ھەربىر پارچە ئىلمىي مېھنىتىدە گەۋدىلىك ھالدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ. ئەنە شۇنداق بولغاچقا ئۇنىڭ ماقالىلىرىنىڭ پاكىتلىرى تولۇق، نەزەرىيىۋىلىكى كۈچلۈك. ياپونىيىدىكى يېپەك يولى مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىۋاتقان مۇتەخەسسىسلەر شىمازاكى ئاكىرا ئەپەندىنىڭ ئىلمىي ماقالىلىرىغا ناھايىتى يۈكسەك باھا بېرىدۇ. ئۇنىڭ ئىلمىي ماقالىلار توپلىمىنىڭ نەشر قىلىنىش ئىشىمۇ شۇ ۋەجىدىن ناھايىتى مۇھىم ئىش سۈپىتىدە قارىلىپ، مەخسۇس تەتقىقاتچىلار سەپەرۋەر قىلىنغان. 1977- يىلى ئۇنىڭ ئىلمىي ماقالىلار توپلىمى نەشر قىلىنغاندا ياپونىيىدىكى مۇناسىۋەتلىك تەتقىقات ئورۇنلىرى چوڭ ۋەقە سۈپىتىدە ئۇنىڭ ئىلمىي ماقالىلىرى توغرىسىدا ئاخبارات يىغىنلىرى ئويۇشتۇرغان.

شىمازاكى ئاكىرا ئەپەندى ئىلىمغا ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىدىغان، ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا تىرىشىپ ئىزدىنىدىغان، ئوقۇغۇچىلىرىغا قاتتىق تەلەپ قويىدىغان، يۈكسەك پەزىلەتلىك كىشى ئىدى. ئۇ ھاياتىنىڭ ئاخىرقى باسقۇچلىرىدىمۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ دېسسېرتاتسىيىلىرىگە يېتەكچىلىك قىلىپ، بىرمۇ بىر ئەستايىدىل پىكىر يېزىپ چىققانىدى. ئۇ مەركىزىي ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى رەھبەرلىك خىزمىتىنىمۇ ئىنتايىن ياخشى ئىشلەپ، بارلىق ئوقۇتقۇچى ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئالىي ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغانىدى. شۇڭا ئۇنى ياپونىيىدە بىر داڭلىق تەتقىقاتچى بولۇش بىلەن بىللە يەنە، بىر تۆھپىكار مائارىپچى، دەپ باھالايدۇ.

خەلقئارادىكى مەركىزىي ئاسىيا تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغۇچى مۇتەخەسسىسلەرمۇ شىمازاكى ئاكىرانىڭ ماقالىرىنى ناھايىتى يۈكسەك ئىلمىي قىممەتكە ئىگە، دەپ قارايدۇ. دېمىسىمۇ ئۇنىڭ ماقالىلىرىدا گېرمانچە، ئەنگلىزچە، رۇسچە، ئەرەبچە، پارسچە، تۈركچە ۋە قەدىمكى ئۇيغۇرچە تەتقىقات ۋە يازما مەنبەلەرگە ناھايىتى كەڭ دائىرىدە مۇراجەت قىلىنغان.

تۈركولوگىيە ساھەسى ئۇنىڭ ئىلمىي ئەمگەكلىرىنى مەڭگۈ ئۇنتۇمايدۇ، ئۇنىڭ بۇ ساھەدىكى قىممەتلىك نەتىجىلىرىدىن چەكسىز سۆيۈنىدۇ.

(ئاپتور: شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ دوتسېنتى)

تەھرىرلىگۈچى: ئابلىم قېيۇم

(گېرمانىيە) پېتىر سىمې

# قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى بىر دانە ئۇيما مەتبەئە بۇيۇمىدىكى ئاپىنغۇچى ۋە بېغىشلىما

تەرجىمان: زەيتۇنگۇل رەھمان

ماقالىدا بېرلىن براندېنبورگ پەنلەر ئاكادېمىيىسىدە ساقلىنىۋاتقان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى بىر پارچە كەمتۈك مەتبە بۇيۇمى بىلەن ھىندى گۈزەل سەنئەت مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتقان ئوخشاش بىر كىتابنىڭ باشقا بىر پارچىسىدىكى مەزمۇنلار بىرلەشتۈرۈلۈپ، ياپراقچىغا بېسىلغان ئاپىنغۇچى ھەمدە ماقالىنىڭ ئاخىرىدىكى ئېما توغرىسىدا ئىسپاتلاش ئېلىپ بېرىلىدۇ.

ھالقىلىق سۆزلەر: ئاپىنغۇچى؛ قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى، بەت ئاخىرىدىكى بېغىشلىما، ئىتولدىكى رەسىم

## قىسقىچە بايان

جۇڭگونىڭ مەتبەئەچىلىك تارىخىدا، رەسىم بىلەن تېكىست بىرلەشتۈرۈلگەن بىر قەدەر قەدىمكى كىتاب نۇسخىلىرى ئىچىدە، ئەڭ داڭلىقى دۈنخۇاڭدىكى نوم ساقلاش غارىدىن بايقالغان مىلادىيە 868 - يىلى ئۇيما مەتبە ھەرپىدە بېسىلغان خەنزۇ يېزىقىدىكى «ۋاجرا پاپانى كىمقوقى سۇترا» دۇر. ئۇيما مەتبەئەچىلىك تېخنىكىسى جۇڭگودا ئۇچقاندەك تەرەققىياتقا ئېرىشكەن بولۇپ، يۈەن سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە، كلاسسىك نادىر ئەسەرلەر خەنزۇچە يېزىقتا بېسىلىپلا قالماستىن، بەلكى باشقا تىل - يېزىقلاردىمۇ نادىر كلاسسىك ئەسەرلەر بارلىققا كەلگەن. شۇ سەۋەبتىنمۇ، بىر قىسىم كىتاب بېسىش باسمىخانىلىرى خەلقئارالىق سودا كارخانىلىرىغا ئايلانغان.

ئوتتۇرا ئاسىيا بوستانلىقلىرىدىكى تۇرپاندىن تېپىلغان باسما ماتېرىياللار ئىچىدە خەنزۇ يېزىقى، تىبەت يېزىقى، تاڭغۇت يېزىقى، موڭغۇل يېزىقى، سانسكرىت يېزىقى قاتارلىق يېزىقلاردا بېسىلغان بۇددىزم ئەسەرلىرى، كىتابلىرى سان جەھەتتىن ئۇيغۇر يېزىقىدا بېسىلغان كىتابلار بىلەن ئوخشاش دېگۈدەكلا ئىدى. بېرلىندا ساقلىنىۋاتقان ئۇيما باسمىلارنى ئا. ۋون گابائىن (A. V. Gabain) بىر نەچچە قېتىملىق تەساددىپىي پۇرسەتتە بايقىغان بولۇپ، كېيىنچە F. W كارتېرنىڭ كۆپ قىسىم تەتقىقات نەتىجىلىرى 1967 - يىلغا كەلگەندىلا ئاندىن كىتاب قىلىپ نەشر قىلىندى. ج. ئېبېرت (J. Ebert) ۋە ل. ساندېر (L. Sander) ناھايىتى تېزلا مەتبەئە بۇيۇملىرىدىكى رەسىمنى ئىزاھلاش ۋە تەتقىقات ماقالىلىرىنى ئېلان قىلىشقا ئاساس سالغۇچىلارغا ئايلانغان. بېرلىندا ساقلىنىۋاتقان تۇرپاندىن تېپىلغان مەتبەئە بۇيۇملىرىنىڭ قالدۇقلىرىنى تۈرلەرگە ئايرىش يەنىلا بىر مۇھىم خىزمەت.

## رەسىملىك چۈشەندۈرۈشلۈك قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ئۇيمان مەتبە بۇيۇملار

بۇ يەردە مېنىڭ مۇھاكىمە قىلماقچى بولغىنىم بېرلىن براندېنبورگ پەنلەر ئاكادېمىيىسىدە ساقلىنىۋاتقان تۇرپان يادىكارلىقلىرى ئارىسىدىكى مىڭ پارچىدىن ئارتۇق ئۇيغۇر يېزىقىدىكى بۇددا ئۇيما مەتبەئە بۇيۇملىرى ئىچىدىكى قالدۇقلارنىڭ بىرسى ئۈستىدىلا بولىدۇ. ئۇ ھىندىستان سەنئەت مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتقان بىر پارچە ئۇيما مەتبەئە بۇيۇمنىڭ چۈشەندۈرۈشى بىلەن ئوخشاش بىر كىتابتا كۆرۈلىدۇ. ئىنچىكە تەتقىق قىلىشتىن بۇرۇن ئالدى بىلەن تۇرپاندىن بايقالغان باسما بۇيۇمنىڭ رەسىملىك چۈشەندۈرۈشىنى بايان قىلىپ ئۆتەيلى:

رەسىملىك چۈشەندۈرۈشلۈك مەتبەئە بۇيۇمنى ھېچبولمىغاندا تۆۋەندىكىدەك ئۈچ تۈرگە ئايرىشقا بولىدۇ.

1. تىلاۋەت قىلىش، سەدىقە بېرىش كۆنتەرتىپى، بېغىشلىما قاتارلىق بىر بەتلىك مەتبە بۇيۇمى.

2. بۇددا دىنى كىتاپلىرىنىڭ بېشىدىكى قىستۇرما رەسىم يەنى ئىتتۇل بەتتىكى رەسىم.

3. يارالمىش ھېكايىلىرى ياكى تەمسىل ھېكايىلىرىنىڭ قىستۇرما رەسىمى. تۈرلەرگە ئايرىلغان ھەر بىر گۇرۇپپىغا قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى كىتابلار مىسال بولالايدۇ. بۇ يەردە دىققەت قىلىشقا ئەسكەرتىدىغىنىم 2 - تۈردىكى كەمتۈك ياپراقچىلاردۇر.

A. ئۇيغۇر يېزىقىغا تەرجىمە قىلىنغان «ئاق سايىۋەن تۇتۇلغان تارانى سۇترا» نىڭ ئالدىنقى ئىككى بېتىگە ئاق رەڭلىك سايىۋەن ئاستىدىكى بۇدساتۋا ھەم بىللە تۇرغان ئىككى شاگىرتى ماھاكا سىياپا بىلەن ئانانىرا رەسىمىنى قىزىل رەڭدە بىرىنچى ۋاراقنىڭ بېشىغا نەپىس قىستۇرما قىلغان.

B. ئۇيغۇر يېزىقىغا تەرجىمە قىلىنغان «سەككىز يۈكمەك يارۇق سۇترا» نىڭ بېشىغا سىزىلغان قىستۇرما رەسىممۇ ئىككى بەت بولۇپ، بۇ قىستۇرما رەسىمنىڭ ئوڭ تەرەپ ئۈستىدىكى بۇرجىكىگە تامغا ئويۇلۇپ باسقۇچىنىڭ ئىسمى بىلەن بەت ياسىغان ۋاقتى يەنى چىن نىڭ 13 - ئەسىردە ئويغان دېيىلگەن.

C. بېرلىن ۋە ياپونىيىنىڭ توكيو شەھىرىدە ساقلىنىۋاتقان تۈزەشتۈرۈلگەن بىر نەچچە پارچە كەمتۈك ئەسەر ئىچىدە، بىر ئورامنىڭ بىرىنچى بېتىگە بېسىلغان قىستۇرما رەسىم ئەڭ ئاز دېگەندە ئىككى بەت، بەلكىم ئۈچ بەت ياكى ئۇنىڭدىن كۆپرەك بولۇشى مۇمكىن. ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان بىر قوللانمىغا ئۇيغۇر يېزىقىدا تېما يېزىلىپ، سانسكرىت يېزىقى بويىچە ئىسىم قويۇلغان. «بۇددانىڭ ھامىلە ھەققىدە ئېيتقانلىرى» نىڭ سانسكرىت يېزىقىدىكى قول يازمىسىنىڭ كېلىش مەنبەسى ھازىرغىچە ئېنىق ئەمەس.

D. بۇ خىلدىكى قىستۇرما رەسىملەرنىڭ ئەڭ مۇھىملىرىغىچە ھەممىسىنى كارتېر ئېلان قىلغان. بىراق ئۇيغۇر يېزىقىغا تەرجىمە قىلىنغان ماياھانامەزھىپىنىڭ «بۇددا ئېتىقاد ئامىتايۇس سۇترىسى» دېگەن ئورامنىڭ باش بېتىدىكى قىستۇرما رەسىملەرنىڭ توغرا تەرجىمىسىنى پەقەت يېقىندىلا ل. ساندېر تاماملىغان.

## ئالاھىدە ئويما مەتبە بۇيۇمىدىكى بىر پارچە قىستۇرما رەسىم

تۆۋەندە مۇھاكىمە قىلىدىغىنىمىز ئويما مەتبە بۇيۇمىدىكى قىستۇرما رەسىملەر ئىچىدىكى ئالاھىدە بىرسى، ئۇ تىستۇلمۇ ئەمەسمۇ بۇنىڭغا ھازىرچە ھۆكۈم قىلغىلى بولمايدۇ. A. ۋون گابائىن بۇ كەمتۈك ۋەسىقىنى كۆپ قېتىم سېلىشتۇرۇپ ۋە ئەتراپلىق ئىزاھلاپ ئۆتكەن. ئۇ كېيىنكى تەھرىرلەش جەريانىدا كەمتۈك-پۈتۈككە مۇناسىۋەتلىك ماتېرىيال ۋە تەرجىمىلەرگە بەزى تۈزۈتۈشلەرنى كىرگۈزگەن.

بېرلىن ھىندىستان گۈزەل - سەنئەت مۇزېيىدا (MIK) ئوتتۇرا ئاسىيادىن كەلتۈرۈلگەن بۇيۇملار ئىچىدە مۇكەممەل كۆپەيتىلگەن بىر نۇسخىسى (MIKIII4) [pls. 1, 2] بار، يەنە ئىككى پارچە كەمتۈك قىستۇرما رەسىم MIKIII23 ,[pls. 3,4]MIKIII6705[pls. 5] بولۇپ، ) بۇ كۆپەيتىلگەن رەسىمنىڭ ئۇزۇنلۇقى 28.5cm، كەڭلىكى 32cm. [pl. 2] (KIKIII4) ئارقا تەرەپكە كېيىنكىلەر ئۇيغۇر يېزىقىدا «مەن چارىگ (Cārig) بىر يىگى شاگىرت بولۇش سۈپىتىم بىلەن يۈرەكلىك ھالدا بۇ نومنى ئوقۇپ بولدۇم. قىلغان ساۋابىم بىلەن ئارزۇيۇم ئەمەلگە ئاشقۇچە... ئەپسۇسكى چارىكقا مۇناسىۋەتلىك باشقا ماتېرىياللار ۋە چۈشەندۈرۈشلەر يوق، ([PI. 4]MIKIII23) نىڭ كەينىگە خەنزۇ يېزىقىدىكى يەنە بىر پارچە كەمتۈك ۋاراق چاپلانغان بولۇپ، «ماھاپارامىترا سۇترا» دەپ يېزىلغان.

بۇ باسما بۇيۇمدىكى قىستۇرما رەسىمنى ل. ساندېر (L. Sander) مۇنداق دەپ تەسۋىرلىگەن. «بۇ رەسىمگە قاراپلا رەسىمنىڭ يانتۇ سىزىقلاردىن تەشكىللەنگەنلىكىنى جەزملەشتۈرگىلى بولىدۇ. بۇدساتىۋا ئوڭ قولىدا ۋاجرانى (ئالماس) تۇتۇپ، نەزىر چىراق سۈپىسىنىڭ ئالدىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرغان راھىبلارغا قاراپ تۇرغان. بۇ راھىب بەلكىم سۇبادھىرا بولۇشى مۇمكىن، بۇ نومدا ئۇ سورىغۇچى سالاھىيىتى بىلەن مەيدانغا چىققان» A. V گابائىنمۇ دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان ئۇيغۇر يېزىقىدىكى باسمىسىنىڭ كۆپەيتىلگەن نۇسخىسىنى كۆرگەن. ھەممىدىن كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتىدىغىنى، بۇ قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى باسمىسىنىڭ سول تەرىپىدىكى ئۈچ ئادەم بولۇپ، كىيىم - كېچەكلىرىدىن ئۇلارنىڭ بىر دەۋرنىڭ ئادەملىرى ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئۇلارنىڭ رەسىمىنىڭ ئۈستىدىكى تىك تۆت چاسا رامكىنىڭ ئىچىگە بۇ تاپىنغۇچىلارنىڭ ئىسىم فامىلىسى

يېزىلغان. بۇ كىشىلەرنى تونۇشتۇرۇشتىن ئىلگىرى، بۇ باسما بۇيۇملارنىڭ يەنە بىرسىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتەي، ئۇنىڭدا يىلنامە ۋە تاپىنغۇچىنىڭ ئېنىق چۈشەندۈرۈشى بار ئىدى.

ئوخشاش ئۇيما مەتبە بۇيۇمىدىكى باشقا بىر پارچە رەسىمدىكى بېغىشلىما بىز مۇزاكىرە قىلىدىغان ئىككىنچى كەمتۈك مەتبەئە بۇيۇمى بېرلىن براندېنبورگ پەنلەر ئاكادېمىيىسىدىكى تۇرپان ساقلانما بۇيۇمى بولۇپ، ئۇنىڭ ئاخىرىدىكى بارلىق مەزمۇنلار مۇكەممەل ساقلانغان ئىكەن.

TM36(U4791)[pls. 9,10] كەمتۈك ھۆججەتنىڭ ئاخىرىدىكى بېغىشلىمىنى تۆۋەندىكىلەرگە بۆلۈشكە بولىدۇ.

A. تاپىنغۇچىنىڭ ئىسىم فامىلىسى (I.1)

B. ئەسەرنى بېسىشتىكى ئۈچ خىل سەۋەب (II. 2 ~6)

C. ۋاقىت (II. 7 ~8)

D. ئورۇن (II. 8 ~9)

E. مەتبە بۇيۇمىنىڭ ماۋزۇسى (II. 9 ~ 10)

F. تاپىنغۇچىنىڭ ئاتا ـ ئانىسىغا بولغان تىلىكى (II. 11~13)

G. تاپىنغۇچىنىڭ تىلىكى (II. 13 ~ 15)

H. باشقا تونۇش ۋە بارلىق ھايات كىشىلەرگە بولغان تىلىكى (II. 15 ~20)

I. خاتىمە سۆزى (I. 20)

J. دەستۇرنىڭ ئاخىرىدىكى بېغىشلىمىسىغا بېرىلگەن باھا

A,F تاپىنغۇچى ۋە ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسى

بېغىشلىمىدا تىلغا ئېلىنغان تاپىنغۇچىنىڭ ئىسمى بۇيانچور باخشى (Buyancor Baxsî) (تولۇق شەكلى 1,13) ئىدى. بۇنىڭ ئىچىدىكى ئىككىنچى سۆز «ئۇستاز» دېگەن مەنىدە ئىدى. بۇ يەردە ھۆرمەت سۆزى سۈپىتىدە ئىشلىتىلگەن. بىرىنچى سۆز ئىسىم، يەنە كېلىپ دىنىي ئىسىم ئىدى. ئۇ بۇيان (Buyan) (سانسكرىت تىلىدىكى punya ساۋاپلىق ئىش) ۋە چور (cor) «پارلاق، شانلىق» دىن تۈزۈلگەن سانسكرىت تىلىدىكى Punyasrî بىلەن پۈتۈنلەي ئوخشاش. قالغىنى ئىككىنچى بۆلۈكى cwp بولسا ئارقا قوشۇلغۇچى cUK ئىدى. تىتۇل رەسىمدىكى ئىسىمدا «Bexsî» دېگەن سۆز يوق بولۇپ، پەقەت «Buyancor» لا بار. نېمە ئۈچۈن تاپىنغۇچى راھىب دەپ ئاتالغانلىقى كىشىنى ئاز تولا گۇمانغا سالماي قالمايدۇ. باخشى (Bexsî) دەپ ئاتىلىشى ئۇنىڭ دىنىي ئورنىغا ۋەكىللىك قىلىشى مۇمكىن، ئەمما كېيىن پەقەت ئادەم ئىسمىنىڭ بىر تەركىبى قىسمى سۈپىتىدە مەيدانغا كەلگەن.

بېغىشلىمىنىڭ ئاخىرىدا تىلغا ئېلىنغان تاپىنغۇچى ئاتىسىنىڭ ئىسمى بولسا، نومچىسى بىلگە تۇتۇڭ بەگ (nomcî bilgBexsä ToyîncorBexsî Tutung Bexsäg)، (ئانىسى) ئورۇل يىتمىس تەڭرىم (Orul Yitmis Tngrim) نومچىنىڭ مەنىسى nomci بولسا «ئۇستاز، ھەزرەت بولۇپ، bilgBexsä بولسا «ئەقىل پاراسەت، دانىشمەن» دېگەن مەنىدە، ئىسمى دېيىشكە بولىدۇ. ئاخىرىدىكى «Tngrim» بىلەن «bîag» ئوخشاش بولۇپ، يەنىلا بىر خىل ھۆرمەت سۆزىدۇر.

ئىسىم بولۇپ كەلگەن «Toyîncor» نىڭ تۈزۈلىشى بىلەن «Buyancor» نىڭ ئوخشاش «تۇتۇڭ» دەپ ئاتىلىشى. (Tutung) خەنزۇ تىلىدىكى دۇ تۇڭدىن كەلگەن بولۇپ، كېيىنچە ئىسىمنىڭ بىر بۆلىكى بولغان. تاپىنغۇچى ئانىسىنىڭ ئىسمى «ئوغۇل يېتىپ كەلدى» دېگەن مەنىدە ئىدى. ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، تىتۇل بىلەن بېغىشلىمىدا تىلغا ئېلىنغان ئىسىم:

تاپىنغۇچى (ئوغلى)

Buyancor Buyancor Baxsî

ئاتىسى: Toytîncor Tutung

nomcî bilgä Toyîncor Tutung bäg

ئانىسى: Orul Yitmis Tngrim

OruI Yitmis Tngrim

ئاتىسى، ئانىسى، ئوغلىنىڭ ئىسمى تىتۇلدىكى چاسا رامكىنىڭ ئىچىدىكى بېغىشلىما بىلەن رەسىم بېغىشلىمىنىڭ بېشىدىكى ئاتىلىشى ئوخشىمايدۇ. تاپىنغۇچى ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئۇ ئالەمدە باياشات ئۆتىشىنى ئۈمىد قىلغان. بۇنىڭدىن تاپىنغۇچى بېغىشلىمىنى يازغاندا ئاتا ـ ئانىسى ئالەمدىن ئۆتۈپ بولغان دېگەن يەكۈننى چىقىرىشقا بولىدۇ.

B. بېسىشتىكى ئۈچ سەۋەب

تاپىنغۇچى بۇ ئەسەرنى بېسىشتا ئۈچ سەۋەپ كۆرسىتىپ ئۆتكەن. ئالدى بىلەن بورھانغا بولغان ھۆرمىتىنى بىلدۈرۈش. قالغان ئىككى سەۋەب بولسا تاپىنغۇچى بىلەن

ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسىدىن ئىبارەت كونكرېتنى سەۋەب ئىدى. بېغىشلىمىنىڭ خاتىمىسى ۋە كىرىش سۆز قىسمىدىن باشقا ھەر خىل سەۋەبلەرنىڭ مەۋجۇتلىقىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ.

C . يىل دەۋرى

بېغىشلىمىدىكى ۋاقىت بىلەن بېسىپ چىقىرىلغان ۋاقىت ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە «uu» بولسا خەنزۇ تىلىدىكى رەت تەرتىپ بەلگىسى (قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى sipqan) دىكى «ۋۇ» نىڭ ئۆزگەرتىپ يېزىلىشىدىن شەكىللەنگەن. «ۋۇ» غا ماس كېلىدىغىنى 1248 - يىلى ياكى 1308 - يىلى بولۇشى مۇمكىن، مېنىڭ ئالدىنقى ماقالامدە 1248 - يىلى بولۇشى مۇمكىن دەپ قارىغان ئىدىم. بىراق ھازىر ئاز دېگەندىمۇ ئىككى سەۋەب تۈپەيلىدىن 1308 - يىلى دەپ قارايمەن. 1248 - يىلى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى باسمىسىدا تىلغا ئېلىنغان يىلنامىسىنىڭ بىرىنچىسى شۇنداقلا بىردىن بىرسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، يەنە بىر تەرەپتىن مېنىڭچە باسمىدىكى «جەڭدۇ» (خانبالىق) نىڭ بېيجىڭ رايونى بولۇشى ناتايىن، شۇڭا ئۇ 1307 - يىلى مەۋجۇت بولغان باشقا بىر شەھەر بولۇشى مۇمكىن (D بۆلىكىگە ئاساسەن) 8 - كۈنى بولسا دىنىي بايرام كۈنى

D . ئورنى

باسما بويۇملار خۇڭغا ئىبادەتخانىسىدىكى نوم باسىدىغان باسمىخانىدا بېسىپ چىقىلغان. نۇرغۇن ئىبادەتخانىلار خۇڭغا ئىبادەتخانىسى دەپ ئاتالغان. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرسى جۇڭدۇ شەھىرىنىڭ جەنۇبىدا بولۇپ «ئۈچ ئاغلىق نوم» (ترىپىتاكا) نومنى بېسىش بىلەن داڭ چىقارغان.

ئۇيغۇر تىلىدىكى «cungdu» خەنزۇ تىلىدىكى «جۇڭدۇ» نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى بولۇپ، قايسى جۇڭدۇنى كۆرسىتىدىغانلىقى نامەلۇم. ئالدىنقى بىر پارچە ماقالىدا جۇڭدۇنى بېيجىڭ دەپ قارىغان ئىدىم. جۇڭدۇ (بېيجىڭ) دېگەن بۇ ئىسىم جىن سۇلالىسىدىن باشلاپ ئىشلىتىلىپ، يۈەن سۇلالىسى 1272 - يىلىغا كەلگەندىلا خان بالىق دەپ ئاتالغان T . مورىياسو (T. moriyasu) 1307 - يىلى ۋۇزۇڭشۇلىڭ سالدۇرغان خانبالىقتىن ئۇدۇل ئۈستىگە ماڭغان يولدىكى ئوڭگوكخاتۇ (Onggokhatu) (ھازىرقى خېبېي ئۆلكىسى جاڭبېينىڭ شىمالى) ئەتراپىدىكى جۇڭدۇ بولۇشى مۇمكىن» دېگەن قاراشنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ يېڭى بايقالغان شەھەرگە نىسبەتەن، بىزدە پەقەت ئاز ساندىكى ماتېرىياللار بولۇپ، ئۇنىڭ دىنىي قۇرۇلمىسىغا مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللار تېخىمۇ كەمچىل.

E . نومنىڭ ئىسمى توغرىسىدا

باش بەتتە بۇددا نوملىرىنىڭ تەپسىلى تىزىملىكى بار بولۇپ «üc arîlîq» «ئۈچ ئەڭگۈشتەر» (ئەردىنى) ئۆلچەملىك (ترىپىتاكا) غا ۋەكىللىك قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشى مۇمكىن. بۇددا نومى كاتالوگى ئالتە بۆلەك نومدىن تەركىب تاپقان بولۇپ (نومنىڭ ئەسلى نۇسخىسى كىتابقا بېسىلمىغان)، قايسى خىل تىلدىكى نوم ئىكەنلىكىمۇ تىلغا ئېلىنمىغان. بىراق بارلىق تەپسىلىي ماتېرىياللاردىن قارىغاندا ئۇيغۇر يېزىقىدىكى تېمىلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ماس ھالدا خەنزۇچە ئەسەرلەردىن ئۆزگەرتىپ يېزىلغانلىقىغا ھۆكۈم قىلغىلى بولىدۇ.

I . Taipisaki (Pi ھەرپىدىكى i بولسا a نىڭ خاتا ئوقۇپ قېلىنغىنى بولۇپ، مۇشۇنىڭغا ئوخشاش نۇرغۇن مىساللار بار. شۇڭا توغرا يېزىلىشى pa). خەنزۇ تىلىدىكى «ماھاپراجنا سۇترا» بولسا «ماھاپراجنا پارامىتا سۇترا» نىڭ قىسقارتىپ يېزىلىشىدىن كەلگەن (T. 220). بۇ نوممۇ مەشھۇر ئەدەبىي ئەسەردۇر. بۇ يەردە تېخىمۇ كۆپ تولۇق بولمىغان نوم ئىسىملىكىنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتۈش زۆرۈردۇر.

a . شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالىدا ئون نەچچە خىل تەرجىمە ئەسەر خاتىرىلەنگەن.

b . بېرلىندىكى ساقلىنىۋاتقان Ch. 5539 نومۇرلۇق ھۆججەت بولد تەنپى (Bul[a]d Tanpi) بولد لۇنپى (Bul[a]d Lunpi) لار بىلەن مەن بۇ قىممەتلىك «ماھاپراجنا سۇترا» نى كۆچۈرۈپ بازدى دېيىلگەن.

c . T Ⅲ 505\273 (U5839)

[PIS . 11, 12] (ئالدى تەرەپى (1) نومنىڭ ئىسمىنى ئىككى خەنزۇچە خەت بىلەن قايتىلاپ يازغان. «دابەن». (2) كوبلىن مۇشاجىن (Q[a]nlim Saki) مەن بىلەن يۈرەكلىك ھالدا (؟) مەھاپرەجنا سۇتراغا ئېرىشتىم) . . .

(3) ئۇ ھەقىقەتەن ساتا قوۋرار قولى (Sata Quvrar Quli)! شۇنىڭ بىلەن مەن بۇ نومنى كۆچۈردۈم. (4) [. . . .]

تىنسى (Tinsi) مەن بىلەن (ئارقا بېتىگە 2.1) ھۆرمەت بىلەن چوقۇنۇپ «مەھاپرەجنا سۇترا».

2. (Qayimki) بولسا «بۇددا ۋاتامساكا ماھاۋەيپۇليا سۇترا» نىڭ ئۆزگەرتىپ يېزىلىشىدىن كەلگەن بولۇپ، بۇنداق ئىخچاملاپ يېزىش «بۇددا ۋاتەمساكا - ماھاۋايپۇليا سۇترا» نىڭ ئۈچ خىل تەرجىمىسىدىكى بىر خىلى ئىدى. (T. 278sqq)، ھازىرغىچە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ئېنىق تەرجىمىسى يوق. بىراق ئۇيغۇر يېزىقىدىكى قالدۇقلىرىدىن ئاز دىگەندىمۇ ئىككى خىل تەرجىمىسىنىڭ بارلىقىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ.

3. vayimki بولسا خەنزۇ تىلىدىكى «ساددىھارما پۇنداريكا سۇترا» نىڭ ئۆزگەرتىپ يېزىلىشى، «ساددىھارما پۇنداريكا سۇترا» مۇ دائىم ئۇچرايدىغان قىسقارتىپ يېزىلغان سۇترا ئىسمى بولۇپ، يەنى «ساددىھارما پۇنداريكا سۇترا» نىڭ خەنزۇ تىلىدىكى دائىم ئۇچرايدىغان تەرجىمىسى (T. 262) ئىدى.

4. Sosingki (تەرجىمىسى ئېنىق ئەمەس) بۇ بىز ئۈچۈن بىر مەسىلە.

5. Sipicam مېنىڭچە خەنزۇ تىلىدىكى بۇددا نومى «مېھرى - شەپقەتلىك بۇددا مانداكا چاكراسى» نىڭ تەرجىمىسى بولۇپ، سۇترا ئىسمىنى تاللىغاندا «سى بېي چيەن» ئۈچ خەت بىلەن ئاتىغان. يەنە بىر تەرەپتىن سۇترا ئىسمىنى بۇنداق ئىخچاملاپ ئاتاش «مېھرى - شەپقەتلىك سۇ تۆۋبە چاكراسى» دىن ئۈزۈپ ئېلىنغان.

6. ئەڭ ئاخىرقى سۇترا ئىسمى Kimqoki بولۇپ، كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى «كىمقوقى سۇترا»، نىڭ تەرجىمىسى ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. ئۇ مەشھۇر «ۋاجرا پارامىترا سۇترا» نىڭ قىسقارتىلمىسى (T. 235Sqq).

G,H تىلەك خېتى

بىرىنچى بۆلەكتىكى تاپىنغۇچىنىڭ تىلەك خېتى ناھايىتى ئۆزگىچە بولۇپ (G بۆلىكى)، ئۇنىڭ ئارزۇسى بويىچە ئىككى بۆلەككە بۆلۈنگەن. بۇ ئالەمدە سالامەت، بەختلىك بولۇشنى، ئۇ ئالەمدە جەننەتكە كىرىپ، بورھانغا ئايلىنىشنى ئۈمىد قىلغان.

H. قىسمىدا، تاپىنغۇچى ئۆزىنىڭ نۇرغۇن ئۇرۇق تۇققانلىرىنى بايان قىلغان. بۇنىڭدىمۇ دائىم ئۇچرايدىغان ئەسەرلەرگە ئوخشاشلا ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسىنىڭ ئىسىم - فامىلىسى يېزىلمىغان. ئۇلارنىڭ رەت - تەرتىۋى تۆۋەندىكىدەك.

1. ئاكام
2. ئىنىم
3. ئاچام
4. سىڭلىم
5. ئۇلارنىڭ ئاياللىرى
6. ئۇلارنىڭ ئوغۇللىرى
7. ئۇلارنىڭ قىزلىرى
8. باشقا ئۇرۇق تۇققانلار
9. كائىناتتىكى بارلىق جانلىقلار

ئەڭ ئاخىرىدا ئۇ كىشىلەر بۇندىن كېيىن بۇددا نوملىرىنى پىششىق ئىگىلەيدۇ، دەيدۇ.

1. خاتىمە سۆز

سانسكرىت تىلىدىكى «sadhu» ئۇيغۇر تىلىدا «adgu» غا يەنى «ئەدگۈ ئەدگۈ» (ياخشىلىق، ساۋاپلىق) دەپ تەرجىمە قىلىنغان.

A. راھىب بۇيانچۇر باخشى (Buyancor Baxsi) بېغىشلىمىنىڭ ئوقۇپ يېشىلىشى ئۈچ ئەڭگۈشتەر (ئەردىن) گە چىن دىلدىن ئېتىقاد قىلىدۇ. B. ئالدى بىلەن بۇددا ئەخلاقىغا بولغان چوڭقۇر ئوي ۋە چۈشەنچىسىنى، ئاندىن كېيىن ئاتا - ئانىسى، دوستلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ بورھانغا ئايلىنىشىنى، بۇ دۇنيادا ساق - سالامەت بەختلىك بولۇپ، بارلىق ئارزۇ - ئارمانلىرىنىڭ تولۇق ئەمەلگە ئېشىشىنى، كېيىنكى ھاياتىدا ئۆلۈپ - تۇغۇلۇشتىن ئىبارەت ئازاپ ئوقۇبەتتىن سانسارىدىن قۇتۇلۇپ، بورھانغا ئايلىنىشىنى ئۈمىد قىلغان. E بۇددا نومىنى ئەھدىلىشىپ كۆپلەپ باستۇرىمەن. C. ئۇپاۋاساتا چاخسا پۇت بايرىمى، 6 - ئاينىڭ 8 - كۈنى

E. بۇددا نوملارنىڭ جەۋھىرى - ئۈچ ئاغلىق نوم: مارھاپراجنا سۇترا، بۇددا ۋاتەمساكاماھاۋەيپۇليا سۇترا، ساددىھارما پۇنداريكا سۇترا، sosingki، مېھرى - شەپقەتلىك سۇ يۇيار تۆۋەنامە، كىمقوقى سۇترا. D باسما نۇسخىسى خوچۇغا ئىبادەتخانىسىدا بېسىلغان. F. ئاتام دانىشمەن ئۇستاز تويىنچور تۇتۇڭبەگ (Toyincor Tutung bag)، ئانام جەننەتكە كىرىپ، بورھانغا (Orul Yitmis Tngrim) ئايلانغۇسى.

G.I بويانچور باخشى (Buyancor baxsi) بۇ دۇنيادا بەختلىك ھاياتقا ئېرىششىنى، ئۇ ئالەمدە بورھانغا ئايلىنىشنى ئۈمىد قىلىمەن.

H. ئاكا- ئۇكا، ئاچا - سىڭىل، ئايالىم، ئوغلۇم، نەۋرە - ئەۋرە، چەۋرە، كۆكۈن نەۋرە ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئەۋلادلىرىمنىڭ بارلىق ئائىلە ئەزالىرىنىڭ ئارزۇسىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىنى كائىناتتا ياشاۋاتقان بارلىق تۇنۇش - بىلىشلەرنىڭ بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرۈشىنى، بۇ نومنى ئىخلاسمەنلىك بىلەن ئوقۇپ، جان - دىلى بىلەن توختىماي خەيرى - ساخاۋەت ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان كىشىلەرنىڭ ھەممىسى جەننەتكە كىرگۈزى، ئەدگۈ ! ئەدگۈ!

تاپىنغۇچى

بۇ بېغىشلىمىنى مۇھاكىمە قىلىپ بولغاندىن كېيىن، قىستۇرما رەسىمگە قايتىپ كېلەيلى. بىز تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن قىستۇرما رەسىمنىڭ سول تەرەپ ئۈستى قىسمىدا رەسىم بىلەن ئورالغان بىر- ئىككى بېغىشلىما يازىدىغان رامكىنىڭ ئىچىدە تۆت قۇر ئۇيغۇر يېزىقىدىكى بېغىشلىما بار. ماۋزۇنىڭ ئاستىغا ئۈچ ئادەم سىزىلغان بولۇپ، مېنىڭچە ئۇلار ئاتىسى، ئانىسى ۋە ئوغلى [pl. 6] بۇنىڭغا رامكىدىكى خەت ئارقىلىقلا ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتكە ھۆكۈم قىلماق ناھايىتى تەس، بىراق بېغىشلىما بىلەن قوشۇپ سېلىشتۇرغاندا، ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى تېخىمۇ ئېنىق كۆرۋالغىلى بولىدۇ. بۇ يەردىكى ئۈچ ئادەمنىڭ ئىچىدىكى بىرىنچى ئادەم قولىغا ئىسرىقدان كۆتۈرۈۋالغان بولۇپ، قالغان ئىككىسى ئىككى قولىنى جۈپلەپ، بۇتقا يۈكۈنىۋاتقان، ئەڭ ئارقىدىكىسى يالاڭ باش، يالاڭ ئاياغ بولۇپ، راھىپ بولۇشى مۇمكىن ياكى تاپىنغۇچىنىڭ ئاتىسى بولۇشى مۇمكىن. بۇنى بېغىشلىمىدىكى ئاتىسىنىڭ دىنىي ئىسمىدىن قىياس قىلىپ بىلۋالغىلى بولىدۇ. A. V گابائىن ئۇ ئادەمنى راھىب ياكى راھىبە دەپ پەرەز قىلغان. قالغان ئىككىسى بېشىغا زىببۇ زىننەت تاقىغان، كىيگەن كىيىملىرى ناھايىتى ئالاھىدە بولۇپ، يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئومۇملاشقان كىيىم - كېچەك ئۆرپ - ئادىتىگە ناھايىتى ئوخشاپ كېتىدۇ. قەدىمكى ئۇيغۇر - موڭغۇل ئۇسلۇبىدىكى كىيىم - كېچەكلەرنى كىيگىنى كۆرۈنىشتە ياپونىيىنىڭ توكيو شەھىرىدە ساقلىنىۋاتقان ئويما مەتبە بۇيۇمىغا بېسىلغان شاھزادە سۇددىھاناغا بەك ئوخشاپ كېتىدۇ. [pl. 31]. قولىدا كۆيمۇاتقان ئىسرىقداننى تۇتۇۋالغىنى ئۇنىڭ ئوغلى بولۇشى مۇمكىن. مۇشۇنداق بولغاندا ئوتتۇرىدىكى ئادەم دەل ئۇنىڭ ئانىسى بولىدۇ. ئۇنىڭ يۈز - تۇرقى ئەرلەرنىڭكىگە ئوخشايدىكەن.

يىغىنچاقلاپ ئېيتقاندا، تاپىنغۇچىنىڭ كىيىم - كېچەك ئالاھىدىلىكى تاپىنغۇچىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئوخشاش قىلىپ تەسۋىرلەنگەن. بۇ تەرەپنى بىزەكلىك قاتارلىق ئورۇنلاردىكى بىر قىسىم تام رەسىملىرى بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ [pl. 7, 8]. سەنئەتكارلار تەمىنلىگەن ئۈچ نەپەر تاپىنغۇچىنىڭ ئوبرازى ھەم ئۇنىڭغا ئالاقىدار مۇھىم قىممىتى دەل ئۇنىڭ دۇنخۇاڭ، تۇرپان بەدىئىي سەنئىتىدە ئالاھىدە ئورۇننى ئىگىلىگەنلىكىدە ئىدى. بىز E ۋىرسىموكنىڭ (E. Wiercimok) «يىپەك يولى ئارخېئولوگىيىسى ۋە سەنئەت» نىڭ (SRAA) 1-ساندا «قىسقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، بىز سەنئەتكارلار تاپىنغۇچىلارنىڭ ئوبرازىنى تەسۋىرلىگەندە، ئۆزلىرىنىڭ يۈكسەك ماھارىتىنى تولۇق جارى قىلدۇرغانلىقىدىن، تاپىنغۇچىلارنىڭ ئوبرازى خۇنۇكلەشتۈرۈپ قويۇلمىغان، شۇڭلاشقا تاپىنغۇچىلار مۇھىم ئوبرازلار سۈپىتىدە تەھلىل قىلىنىدۇ. سەنئەتكارلار پۇل ئىئانە قىلغۇچىلار تەرىپىدىن ياللىنىپ، ئۇلارغا سوۋغا رەسىملىرىنى سىزىپ بەرگەندە، بولۇپمۇ ياللىۋالغۇچىنىڭ رەسىمىنى سىزغاندا، پەقەت ئۇلارنىڭ كىيىم - كېچىكى جەھەتتىن ئىپادىلەيدۇ ياكى بېغىشلىمىدا قوشۇپ چۈشەنچە بېرىدۇ» دېگەن يەكۈنىگە پۈتۈنلەي قوشۇلىمىز. بۇ ئىككى پارچە باسما مەتبە بۇيۇمى قالدۇقلىرىنىڭ ئالاھىدە ئۆلچىمى بىلەن قوچو ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى دەۋرىدىكى مەتبەچىلىكنىڭ يۇقىرى تەرەققىياتىدىكى ئەڭ قىممەتلىك مىساللارنىڭ بىرى. ئەجەپلىنەرلىكى، ئالتە خىل باسمىدا بېسىلغان چوڭ ھەم تولۇق بۇددا نومىنىڭ ھېچقانداق قالدۇقى قايتا بايقالمىدى. بىز كۈنلەرنىڭ بىرىدە بۇ باسما مەتبە بۇيۇمىنىڭ قالدۇقلىرىنىڭ تېپىلىپ قېلىشىنى كۈتمەكتىمىز.

«دونخۇاڭشۇناسلىق تەتقىقاتى» 2002-يىللىق 2-ساندىن تەرجىمە قىلىندى.

تەھرىرلىگۈچى: ئەركىن ئىمىننىياز قۇتلۇق

ياڭ فۇشۆ

# قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ئىبادەتخانىنىڭ ئىقتىسادىغا دائىر بىر پارچە ھۆججەت

تەرجىمان: ئۆمەر ئابدۇقادىر

## 1. تېمىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى

ئۇيغۇر يېزىقى (4- ئەسىردىن 14- ئەسىرگىچە) دەۋرلىرىدە ئۇيغۇرلار ئىشلەتكەن قەدىمكى يېزىقلارنىڭ بىرى. 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرى 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن باشلاپ شىنجاڭ، گەنسۇ قاتارلىق جايلاردىن قىزىۋېلىنغان ئاز سانلىق مىللەت تىل - يېزىقى ماتېرىياللىرىنىڭ كۆپ قىسمى ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان ماتېرىياللار ئىدى. ئۇيغۇر يېزىقىدىكى قىممەتلىك ۋەسىقىلەر ئاساسەن ئىجتىمائىي ئىقتىسادى ھۆججەتلەر بولۇپ، بۇلار ئەينى ۋاقىتتىكى ئىبادەتخانىلارنىڭ ئىقتىسادى ئەھۋالىغا بېرىپ چېتىلىدۇ. بۇ يەردە شەرھىلىمەكچى بولغىنىمىز قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ئىبادەتخانىنىڭ ئىقتىسادىغا دائىر ھۆججەتتۇر. نۆۋەتتە بايقالغان ئىبادەتخانىنىڭ ئىجتىمائىي ئىقتىسادىغا دائىر ھۆججەت يۈەن دەۋرىدىكى ئۇيغۇر بۇددا ئىبادەتخانىلىرىنىڭ ئىقتىسادى ئەھۋالى بىر قەدەر ئەتراپلىق ئەكس ئەتتۇرۇلگەن بىردىن - بىر ۋەسىقە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. باشقا نۇرغۇن ئىجتىمائىي ئىقتىسادى ھۆججەتلەرگە ئوخشاش بۇ ھۆججەتنىڭ ئەسلىدىلا ماۋزۇسى يوق. بىراق ئالىم مۇتەخەسسىسلەر بايان قىلىشقا قولاي بولسۇن ئۈچۈن «بۇددا ئىبادەتخانىسىنىڭ باجدىن كەچۈرۈمنامىسى» ياكى «ئىبادەتخانىنى باجدىن كەچۈرۈم قىلىش يارلىقى» دېگەندەك ناملار بىلەن ئاتاپ كەلمەكتە. مەتبۇئاتتا ئېلان قىلىنغان ئۇچۇرلارغا ئاساسلانغاندا، بۇ ھۆججەتنى 1905 ~ 1907 - يىللىرى گېرمانىيە 3 - قېتىملىق غەربى يۇرت ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى تۇرپاننىڭ مۇرتۇق غول بەلۋاغلىرىدىن بايقىغان. ھازىر گېرمانىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنىدا (Zentralinstituts für Alte Geschichte und Archäologie der Akademie der Wissenschaften der DDR, Berlin), T Ⅲ M205 (U5317) نومۇر بىلەن ساقلانماقتا. ئۇزۇنلۇقى 78.2 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 27.5 سانتىمېتىر، 48 قۇر خەت ساقلانغان، 3 - 5 - قۇرغىچە بولغان مەزمۇنلارنىڭ كەمتۈكلۈكىنى ھېسابقا ئالمىغاندا قالغان قىسمى ئاساسەن مۇكەممەل ساقلانغان. ھازىرچە باش ئاخىرى ئاساسەن تولۇق.

بۇ ھۆججەت ئۆز نۆۋىتىدە ناھايىتى مۇھىم تارىخىي قىممەتكە ئىگە بولغانلىقتىن، قېزىلغاندىن تارتىپ تا ھازىرغىچە كىشىلەرنىڭ يۇكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىشىگە ئېرىشىپ، نۇرغۇن مۇتەخەسسىسلەر كېيىنى - كېيىندىن بۇ ھەقتە نۇرغۇن تەتقىقاتلارنى ئېلىپ باردى. ئەڭ بۇرۇن رۇسىيىلىك تۈركولوگ W. رادلوف (W. Radloff) بۇ ھۆججەتنى ئوقۇپ يەشكەن. ئۇنىڭ بۇ تەتقىقات نەتىجىسىنى ئۇ ۋاپات بولغاندىن كېيىن شاگىرتى S. مالوۋ (S. Malov) رەتلەپ 1928 - يىلى «قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەر توپلىمى» دېگەن كىتابىدا ئېلان قىلغان. مەزمۇنى ئەسلى تېكىستىنىڭ كۆچۈرۈلمىسى، گېرمانچە تەرجىمىسى، ئىزاھات ۋە مالوفنىڭ مۇلاھىزىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. بىراق قوشۇمچە قىلغان فوتو سۈرىتى ۋە ترانسكرىپسىيىسى بېرىلمىگەن[①]. شۇنىڭدىن كېيىن D. تىخونوۋ (D. N. Tihonov) ئۆزىنىڭ «10 - 14 - ئەسىرلەردىكى ئۇيغۇر ئېلىنىڭ ئىقتىسادى تۈزۈلمىسى» دېگەن كىتابىدا كۆپ قېتىم بۇ قىممەتلىك ھۆججەتلەردىن نەقىل كەلتۈرۈلگەن، قوشۇمچە ئىلاۋىدا رادلوفنىڭ ئەسلى تېكىستىنى كۆچۈرۈپ باسقان ھەمدە بۇنىڭغا ئاساسەن

① W. Radolff. Uigurische sprachdenkmäler. Materialien nach dem Tode des Verfassers mit Ergänzungen von S. Malov herausgegeben. Leningrad 1928. NO. 88. S. 143~148. 238~239.

ترانسكرىپسىيىسىنى ئىشلىگەن ۋە رۇس تىلىغا تەرجىمە قىلغان.[1] يېقىنقى يىللاردىن بېرى يەنە گېرمانىيىلىك مۇتەخەسسىس پېتىر سىمې (P. Zieme) بۇ ھۆججەت ئۈستىدە بىر قەدەر چوڭقۇر ۋە ئەتراپلىق تەتقىقاتلارنى ئېلىپ باردى.[2] بۇ ھۆججەتنىڭ يىل دەۋرىگە ئائىت مەسىلىلەردە نۆۋەتتە بىرلىككە كەلگەن قاراش يوق. رادلوف، مالوفلار مەتبۇئات يۈزىدە بۇ ھۆججەتنى ئېلان قىلغاندا يېزىلغان دەۋرى ھەققىدە ئېنىق مۇلاھىزە ئېلىپ بارمىغان. ئەڭ ئاۋۋال بۇ مەسىلە ھەققىدە تەھلىل يۈرگۈزگەن كىشى دەل يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن تىخونوۋ بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇ بۇ ھۆججەتتە ئۇچرايدىغان «قادىر بىلگە تەڭرى ئىلىگ قۇت» (qadîr bilgä tängri ilig quti) دېگەن مەرتىۋە مەنسەپ نامى بىلەن 8 - 9 ئەسىرلەردىكى ئۇيغۇر خاقانلىرىنىڭ نامىدا ئۇچرايدىغان «قۇتلۇغ بىلگە ئات تەڭرىدە قۇت بولمىش قاغان» (qutluɤ bilgä at tängrita qut balmiš qaɤan) دېگەن مەرتىۋە مەنسەپ نامىنىڭ ئىنتايىن ئوخشاشلىقىدىن ئىبارەت. بۇ بىر نۇقتىغا ئاساسەن، بۇ ئىككى نام - ئاتاق، بىر دەۋرگە تەۋە دەپ قارىغان. ئۇ يەنە بۇ ھۆججەتتە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بوددىزىم مەسىلىلىرىگە ئاساسەن ھۆججەتنىڭ موڭغۇل يۈەن دەۋرىدىكى ھۆججەت ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ چىققان[3] بىراق ئۇنىڭ خۇلاسە سۆزى تازا قايىل قىلارلىق ئەمەس. چۈنكى ھۆججەتنىڭ 44 - قۇرىدا ئۇچرايدىغان «quvcir» سۆزى، روشەنكى موڭغۇل تىلىدىكى «qubcir» دېگەن سۆزنىڭ تەلەپپۇزىدىن كەلگەن. «qubciɤ» موڭغۇل تىلىدا، ئەسلى «يايلاق» دېگەن مەنىدە بولۇپ، كېيىنچە مال - چارۋا تۇياق سانىغا ئاساسەن يىغىلىدىغان بىر خىل باج - سېلىققا نامىغا ئايلانغان. موڭغۇللار غەربىي رايوننى ئىدارە قىلىشقا ئەگىشىپ، بۇ خىل باج-سېلىقمۇ ئۇيغۇرلار رايونىدا كەڭ كۆلەمدە يىغىلىشقا باشلىغان. قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى باج - سېلىققا دائىر ۋەسىقىلەردە بۇ خىل باج-سېلىق تىلغا ئېلىنغان[4]. بۇنىڭدىن بۇ ھۆججەتنىڭ يىل - دەۋرىنى تەخمىنەن 13 - 14 - ئەسىرگە تەۋە دەپ ھۆكۈم قىلىشقا بولىدۇ.

## 2 . ئەسلى تېكىستنىڭ ترانسكرىپسىيىسى

1. qoin yîlčqšapt ay säkiz otuzqa. murut—luq
2. aryadan —îɤ. qadîr bilgä tängri ilig quti. sangikik
3. ///[taplay]...d...l/p[yan]gîrtî
4. ....g satɤin alturup.
5. ....d//n. //i/ud//
6. turyɤucî. titsu ayaɤ—qa tägimlig. vap tsu silavanti
7. bäs—în. silavantilarqa. lab tutup. yir—lšr—ingä
8. borluq—lar—înga. al[ban]baslap. nägü yamā iskūC
9. tägürtmägü üzä. ulam yarlîɤ birtürü yarlîqyoq
10. ätmîs. ol yarlîq [tar]qînč [qî]lmadîn. silavantilar—nîng
11. kōngüllar—ingā. is bolmîs—în uqa yarlîqap. murut
12. —luq aryadan—îɤ . sangikik borluq—î yir—lär—i
13. birlä . bizing qut idilätü yarlîqap nācākātägi il
14. is — siz. birt—siz böz— siz tintsui—sîz qîluru
15. bas—ta bizing qutînta basa il—kä ulusqa
16. buyan birzūn tip. vaptsu silavanti. toyîn
17. silavanti. qutadmîs apa silavanti. nomdas silavanti
18. buyancoɤ silavanti. bas—în silavanti—lar—qa . yangîrtî
19. tutuzup. borluq—î yîr—lär—i birlä lab
20. tutup. murut — luq aryadan — ta . turɤucî. silavanti
21. —lar—nîng kicig—lär—i säli—lar—i quvraɤ—tîn.
22. il—tin. budun—tîn. is—kä küc—kä tartmaɤu
23. qîlturu yarlîqadîmîz. bu küntä înaru. murut—luq
24. aryadan —îɤ . bizing qut idilätip. lab tuta
25. yarlîqucî. sangikik borluq yir—lär—i birlä. vaptsu

---

(1) Д. N. Tnxoho&. . xogücm&. o uwwgecm elu&.iüem roü güigrekono zocggf cm&.a. x~xiv B. moc — leh. 1966. CTp255 ~259.

(2) Pzime. uigurische steuerbefreuugsurkunden furdudhistische Kloster. AOF8. Berlin 1981.S.237~263.

(3) д. N. Tuxohob. Xosqucm&.o u oofug ehh&.mu cmriou guzgpckoio zocggarcmba. x~xiv bb. moc. — leh. 1966. ctp16.

(4) W. Radloff. Uigurische Sprachdenkmäler. Materialien nach dem Tode des Verfassers mit Ergänzungen von S. Malov herausgegeben. Leningrad la28. No. 88. S.9. 56~57. 90. 90~91.91. 91~92. 93. 121~122.

26. silavanti baslap. murut—luq—ta
tur४ucî silavanti
27. —lar . säli—lär ärksinip . kirmis tüsi
üzä
28. aryadan—î४ idip sapiq artmîs—în
kängäsip
29. isliätzün—lär. balîq—taqi vrxr yanglîy
sangisdvri
30. säli bolup . liv yimäzün—lär. bu
silavanti—lar.
31. bar ärgincä. bolar ilänzün—lîr
arksinzun—lar.
32. bolar—ta kin munî täg ōk. aryadan—ta.
täpränmädin
33. turyucî. silavanti—lar. säli—lär
ärksinzün—lar. balîq
34. —ta ulus—ta tur४ ucî quvray
qatîlmazun bu tur४ucî
35. silavanti—lar—ta säli—tä ymä. kin
balîq —ta ulus
36. —ta turup. murut—luq aryadan —
î४ ärksinip.
37. täprämädin tur४ucî—lar—nîng köngül —
lär—ingä . is
38. qîlmazun . bu murut—lu४ aryadan —
nîng. borluq—înga
39. qap . birt böz . yir—lär —ingä tintsui
—lar—îin.
40. tsangcî a४icî—lar almazun asîlu ulu४
birim
41. qoqbu—sî küncit käpäz bor copra
bädlap irt
42. bir. almadîn. isküc islatmäzün. murut
—luq
43. aryadan—ta. tur४ucî säli—lär—kä balîq
arqa—sîntîn
44. sazîn—tîn quvra४—tîn. basî४ täsig tü
tün quvcir tutun
45. uti baslap. qayu ymä is küctägür—mädin
borluq
46. —înga. ögän käsgüci—lär. suvcî kirınä
din. as४uüz
47. —üm asîy tirgük yma almazun anîn bu
tuta
48. tur४u bitig yarlîq birtürü yarlîqaqîmîz.

## 3. ئايرىم سۆزلەرنىڭ ئىزاھاتى

1.7—2.1، murut—luq aryadan—î४, بۇ سۆز ئىبادەتخانىنىڭ نامى بولۇپ، سۆز ئاخىرىدىكى î४ - بولسا چۈشۈم كېلىش سۆز ئارقا قوشۇمچىسىنى بىلدۈرىدۇ. بىلىشىمىز كېرەككى، بۇ ھۆججەت تۇرپاننىڭ مۇرتۇق (Murtuq) غول ئېقىنىنىڭ بويىدىكى مۇرتۇق ئىبادەتخانە خارابىسى (بېزەكلىك مىڭئۆي بىلەن بولغان ئارىلىقى بىر كىلومېتىر كېلىدۇ) دىن بايقالغان. خەت شەكلىدىن قارىغاندا Murtuq بىلەن murutluq ئىنتايىن يېقىن كېلىدۇ. مۇئەللىپنىڭ تەھلىلىچە «murtuq» «murutluq» نىڭ تەلەپپۇز جەريانىدىكى ئاددىيلاشتۇرۇلىشى ياكى خاتا ئوقۇلىشىدىن بولغان بولسا كېرەك.

2.2—6، qadîr bilgä tängri ilig qutî بۇ جۈملىدىكى «qadîr» پادىشاھنىڭ ئىسمى؛ «bilgä» نىڭ مەنىسى، «دانا»؛ «tängri» نىڭ مەنىسى «مۇقەددەس، تەڭرى، ئىلاھ، خۇدا»؛ «ilig» نىڭ مەنىسى «خان»؛ «qutî» نىڭ مەنىسى «بەخت» دېگەنلىك بولىدۇ. ھەممىسىنى يىغىنچاقلىغاندا «دانىشمەن مۇقەددەس، بەخت قۇچقان قادىرخان» دېگەنلىك بولىدۇ.

2.7، sangikik بۇ سۆزدىكى «sang» خەنزۇ تىلىدىكى «راھىب» سۆزىدىن كەلگەن. sangikik مەنىسى «ئىبادەتخانىنىڭ ئىختىيارلىقىدا» دېگەنلىك بولىدۇ.

3. /// ھەربىر يانتۇ سىزىقچە بىر كام ھەرىپنى بىلدۈرىدۇ. [] بەلگىسى تولۇقلانغان مەزمۇنلارنى بىلدۈرىدۇ.

. . . . . ئېنىق بولمىغان كام خەتلەرنى بىلدۈرىدۇ. تۆۋەندىكى تېكىستكە ئوخشاش.

6. 2—4، titsu aya४ — qa: رادلوفنىڭ بۇ سۆزنى tägimligtitsu «شاگىرت» دەپ تەرجىمە قىلىشى تازا مۇۋاپىق بولمىغان. تېكىستنىڭ ئالدى كەينىدىكى سۆزلەرنى باغلاشتۇرغاندا ئادەم ئىسىملىرى ئىكەنلىكىنى كۆرىۋالغىلى بولىدۇ. aya४— qa. tägimlig «ھۆرمەتكە سازاۋەر» دېگەن مەنىدە.

6. 6، silavanti سانسكرتچە «Silava(n)t» دىن كەلگەن، «ئەخلاق - پەزىلەتلىك» دېگەن مەنىدە[1]

9. 6، yarlîqyoq: رادلوفنىڭ yarlqîta دەپ ئېلىشى تازا مۇۋاپىق بولمىغاندەك تۇرىدۇ.

12. 2، aryadan —î४ رادلوف بۇ سۆزنى «aryadn yz» دەپ ئالغان بولۇپ، يازغاندا خاتالاشقان بولسا كېرەك.

13. 4، idilätü «ئىگە بولماق، ئىگىلىد-

[1] ۋلاجىمىرزوف «موڭغۇللار جەمئىيەت تۈزۈلمە تارىخى»، لتورولجون خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغان. بېيجىڭ. جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى 1980 - يىل 257 - بەت.

ۋالماق» دېگەن مەنىدە رادلوف ئۇنى tilätü دەپ ئالغان.

14.4، tintsui خەنزۇتىلىدىكى «田租» («يەر ئىجارىسى») دېگەن سۆزدىن كەلگەن.

16.6، toyîn خەنزۇ تىلىدىكى «道人» سۆزىدىن كەلگەن. (بۇ سۆز تويىن دىنى ياكى تەرىقەتچىلەر دىنى مۇرىتلىرىغا قارىتىلغان - ت)

21.3، «säli» قەدىمكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا بۇددىزىم راھىبلىرى ئىچىدىكى ئەڭ تۆۋەن قاتلامدىكىلەرنى كۆرسىتىدۇ. ساسكرىت تىلىدا «sali» سۆزى ئائىلىدىكى «مالاي» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ[1]. بۇ ھۆججەتتىكى «säli» سۆزى ئىبادەتخانىلاردىكى قول - ئىشلەمچىلەرنى كۆرسەتكەن بولۇپ، كۈندىلىك مۇلازىمەت خىزمەتلىرىدىن باشقا، ئىبادەتخانىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكى بىلەن شۇغۇللانغانلارنى كۆرسىتىدۇ. مۇتەخەسسىلەرنىڭ قارىشىچە قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەردىكى sali سۆزى خەنزۇتىلىدىكى «梨» ئاچارى) دىن كەلگەن.

21.4، quvraɣ: بىرخىل خوجىدارغا تەۋە بولغان، مەنسەپدار تۆرىلەرنىڭ، فېئودال ھاكىمىيەتنىڭ كونتروللۇقىنىڭ سىرتىدا تايىنىدىغان دېھقانچىلىق ئىگىلىكى.

24.4، idilätip «ئىگە بولماق، ئىگىلىۋالماق» دېگەن مەنىلەردە، رادلوف «agtilatip» دەپ ئالغان، مەنىسىنى يېشىشكە ئامالسىز قېلىپ، گۇمان بىلەن — agit («پەرۋىش قىلماق») دەپ خاتا يېزىپ قويغان.

29.3، vrxr: ساسكرىتچە vihára دېگەن سۆزدىن كەلگەن بولۇپ «ئىبادەتخانا» دېگەن مەنىدە[2]. رادلوف wang دەپ ئالغان بولۇپ، توغرا خاتالىقىغا ھۆكۈم قىلالماي ئاخىرىغا «؟» بەلگىسىنى قويۇپ قويغان.

30.3، liv كىلاۋسون (克劳 G. Glauson) نىڭ ئىزاھاتىغا ئاساسلانغاندا، بۇ سۆز «يېمىش، غىزا ئۇسىدىغان تەخسە» دېگەن مەنىدە. بۇ شەك شۈبھىسىزكى، باشقا تىلدىن قوبۇل قىلىنغان سۆز. بەلكىم خەنزۇتىلىدىكى «粒» سۆزىدىن كەلگەن بولۇشى مۇمكىن.[3]

39.1، qap سۇڭ، يۇەن دەۋرلىرىدىكى ئۇيغۇر ئەللىرىدىكى بىرخىل باج - سېلىق بولۇپ باج - سېلىق يىغىش ئوبيېكتى بەلكىم ئۆزۈم ھارىقى بولسا كېرەك.

41.1، qopbu: P. سىممىي بۇ سۆزنى quanpo دەپ ئالغان بولۇپ، خەنزۇتىلىدىكى «官布» سۆزىدىن كەلگەن دەپ قارايدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇ جەنۇبى شىنجاڭ رايونلىرىدا ئىشلەپچىقىرىلغان بۆز (亚麻布) نى كۆرسىتىدۇ.

44.1، sazîn سانسكرىتچە sásana دىن كەلگەن «دىنىي رايون»[4]. دېگەن مەنىدە.

4- يەشمىسى

1. قوي يىلى قەمەرىيە 12 - ئاينىڭ 28 - كۈنى، مۇرتۇق

2. ئىبادەتخانىسىنى، دانىشمەن مۇقەددەس، بەختلىك قادىر خان، ئىبادەتخانىنىڭ

3. . . . . . . . . . . . يېڭىۋاشتىن

4. . . . . . . . . سېتىپ ئالدۇرۇپ

5. . . . . . . . . . . . . .

6. ئىبادەتخانىدا تورۇۋاتقان كىشىلەر ھۆرمىتىگە سازاۋەر تىتسۇ (Titsu مۇرت - ت) ۋە ئەخلاق پەزىلەتلىك سىلاۋانتى (Silavanti ۋاپتسۇ شلاۋانتى: Vaptsu Silavanti

7. باش راھىبلار باشچىلىقىدىكى راھىبلارنىڭ ئىستېمالى ئۈچۈن ئىشلىتىلدى. ئۇلار ئىگىلىگەن يەر [ۋە].

8. تەكلىككە قارىتا ھازىردىن باشلاپ زورلۇق بىلەن سېلىنغان ئالۋاڭ - سېلىق

9. باشقا مەجبۇرى ئەمگەكلەر بولمايدۇ.

10. يوقالمىغان بۇ يارلىقتا، راھىبلارنىڭ

11. قەلبى ۋە ئىش خىزمەتلىرىگە چۈشەنچە بېرىلگەن

12. . . . تۇق ئىبادەتخانىسىدىكى راھىبلارنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىكى تەكلىك باغ ۋە يەرلەر

13. بىزگە بەخت ئامەت ئېلىپ كەلدى. خانلىق

14. ئۇلارنى ھاشارغا چىقمايدىغان، سوۋغا - سالام (بەرمايدىغان)، بۆز تاپشۇرمايدىغان، يەر ئىجارىسى ئالمايدىغان قىلدى.

15. ئاۋۋال بىز چىن كۆڭلىمىزدىن

---

① ۋلاجىمىرزوق «مۇڭغۇللار جەمئىيەت تۈزۈلمە تارىخى»، لئورۇڭجۇن خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغان. بېيجىڭ، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى 1980- يىل 257- بەت.

② S. V ئاپتې: «سانسكرىتچە-ئىنگلىزچە سۆزلۈك» يېڭى دېھلى، 1973- يىل 600-528- بەت.

③ G. كلائۇۋسون (G. Clauson): «13- ئەسىردىكى تۈرك تىلىنىڭ ئېتىمولوگىيىلىك لۇغىتى» ئوكسفورد 1972- يىلى 763- بەت.

④ V.S. ئاپتې «سانسكرىتچە-ئىنگلىزچە سۆزلۈك» يېڭى دېھلى، 1973- يىلى نەشرى 553- بەت.

ھۆرمەت بىلدۈرۈپ يەنە ئۇلۇس ئۈچۈن
16. بەخت - ئامەت تىلەيمىز! ئەخلاق - پەزىلەتلىك ۋاپتسۇ شىلاۋانتى (vaptsu) تويىن
17. شىلاۋانتى، قوتادمىش شىلاۋانتى، نومداش (nomdas) شىلاۋانتى
18. بوياچوغ شىلاۋانتى قاتارلىق باش راھىبلار يېڭى باشتىن باشقۇرۇش ھوقۇقىغا ئىگە قىلىندى.
19. ئۇلار بۇ تەكلىك ۋە يەرلەرگە تايىنىپ تۇرمۇشنى قامدايدۇ.
20. ئومۇمەن مۇرتۇق ئىبادەتخانىسىدا تۇرغۇچى راھىب
21. يېشى كىچىك بالىلار ياكى ئورنى تۆۋەن سالى (sälî) ۋە قوۋراغ (ɣuvray) (يانچى - ت) بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر.
22. يۇرت ئاق ساقاللىرى ئۇلارنى ھەربىر مەجبۇرىيەت ئۆتەشكە مەجبۇرلاشقا بولمايدۇ.
23. يارلىقتا: بۇگۈندىن باشلاپ مۇرتۇق
24. ئىبادەتخانىسىدىكىلەر خالىغان ۋاقىتتا كىشىلەرنىڭ سەدىقىسىنى قوبۇل قىلسا بولىدۇ. تەۋەلىكىمىزدىكى دىنىي رايوننىڭ
25. ئىبادەتخانا ئۈزۈمزارلىقى ۋە يەرلىرىنى ۋاپسۇ شىلاۋانتى باش بولۇپ باشقۇرىدۇ. مۇرتۇق ئىبادەتخانىسىدا تۇرىدىغان راھىب
27. لار، سالىلار، ئىبادەتخانىغا تەۋە بولغان تاپاۋەتنىڭ ئۆزىگە تەۋە قىسمىغا بولغان باشقۇرۇشنى كۈچەيتىشى لازىم.
28. ئاشقان قىسمىنى ئىبادەتخانىدىكىلەر ئۆزلىرى
29. بىر تەرەپ قىلىش: (شەھەر - د) ىكى، (ئىبادەتخانىدا تۇرغۇچى راھىب كالانى [ۋە]
30. سالى ئاشلىق ۋە يېمەكلەرنى ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىشقا بولمايدۇ. راھىبلار
31. ئۆزلىرىنىڭ ئورنى ۋە مەرتىۋىسىگە قاراپ تەقسىم قىلسا، ئاشۇرۇپ ئىگىلىسە بولىدۇ.
32. بۇنىڭدىن كېيىن ئىبادەتخانىدا تۇرىدىغان
33. راھىبلار ۋە سالىلار باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ
34. شەھەرنىڭ قوۋاغ (Quvraɣ) لار ئۇلارغا ئارلاشمىسۇن.
35. ئىبادەتخانىدا تۇرۇۋاتقان [ئىبادەتخانە] نىڭ راھىب ۋە سالىلىرى كېيىن
شەھەرگە كۆچۈپ كىرمەكچى
36. مۇرتۇق ئىبادەتخانىدىكىلەر
37. قالايمىقان ئىشلار سەۋەبلىك كۆڭۈللىرىنىڭ دىلخەستە بولماسلىقىغا
38. كېپىل بولۇشى شەرت. مۇرتۇق ئىبادەتخانىسىنىڭ ئۈزۈمزارلىقىنىڭ [باج - سېلىقى] نى
39. ئۈزۈم ھارىقى بېجى (qap)، بىرت (Birt) بېجى، بوز بېجى ۋە يەر ئىجارىسىنى
40. غەزىنىچىلەر يىغمايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا چوڭ باج-سېلىقلاردىن
41. مەسىلەن: بۆز، كونجىت، پاختا، ئۈزۈم ھارىقى، يۇڭ قاتارلىقلارغا
42. ئوخشاشلا ئالۋاڭ - ياساق تەقسىم قىلىنمىسۇن، مەجبۇرى ئەمگەك ئالۋىڭى سېلىنمىسۇن. مۇرتۇق
43. ئىبادەتخانىسىدىكى شەھەردە تۇرۇۋاتقان سالىلار ۋە شەھەردىكى بولسۇن،
44. ياكى دىنىي رايوندىكى قوۋراغ (Quvraɣ) لار بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ھەممىسىنى زورلۇق بىلەن باسىخ (Basiy) بېجى، تەشىلىك (Tasig) بېجى، تۈتۈن (tutun) بېجى، قۇۋچىر (Quycir) بېجى، تۈتۈن
45. تۈتۈن ئوتى (tutun uti) [بېجى] قاتارلىقلارنى ئېلىشقا بولمايدۇ. يەنە مەجبۇرى ئەمگەك سېلىقىنىمۇ تېڭىشقا بولمايدۇ.
46. كۆكبېشى: ئۆگەن كەسكۈچى (Ogan Käsgücî) ۋە سۇچىلارنىڭ ئىبادەتخانا ئۈزۈمزارلىقىغا بېغىغا كىرىشكە بولمايدۇ. ئاسغۇ (Asɣu) [بېجى؟ ۋە ئۆز
47. ۋم [بېجى] ئېلىشقا بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ ئالاھىدە يارلىقنى ئېلان قىلدۇق.
48. پۈتۈلگەن يارلىق بۇيىچە ئىجرا قىلىنسۇن، دېيىلگەن.

## 5 - تارىخىي قىممىتى

موڭغۇل — يۈەن دەۋرلىرى ئېلىمىز ئىبادەتخانىلىرىنىڭ ئىقتىسادى يۈكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان دەۋر بولدى. ئەينى ۋاقىتتا موڭغۇل ھاكىمىيىتى، دىنىنىڭ خەلقنى بىخوتلارشتۇرۇش رولىدىن پايدىلىنىپ ھاكىمىيەتنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، ئەينى ۋاقىتتا تارقالغان تۈرلۈك دىنىي ئېقىملارغا قارىتا، بولۇپمۇ بۇددا دىنىغا قارىتا يول قويۇش ۋە قوللاشتەك ئېتىبار سىياسەتلەرنى قوللانغان

ھەمدە دىنىي زاتلارنى سىياسى جەھەتتە تۈرلۈك ئىمتىيازلاردىن بەھرىمەن قىلىپلا قالماستىن، بەلكى ئىقتىسادى جەھەتتىنمۇ ئالاھىدە ئورۇندىن بەھرىمەن قىلغان. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئىبادەتخانىلارنىڭ ئىقتىسادىمۇ تېز رەۋىشتە روناق تاپقان. ئاقىۋەتتە «دۆلەت بايلىقىنىڭ تەڭدىن تولىسى، راھىبلار تۇرار جايلىرى ئۈچۈن ئىشلىتىلىش» تەك مەنزىرە بارلىققا كەلگەن①. موڭغۇل - يۈەن خانلىقىنىڭ بېقىندىسى بولغان ئۇيغۇرلار رايونىدىكى ئىبادەتخانىلارمۇ قوچو ئۇيغۇر ئىدىقۇت ھاكىمىيىتىنىڭ قوللىشى ئاستىدا زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشكەن. بۇ يەردە چۈشەندۈرۈلگەن ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ۋەسىقىدە بۇ تارىخىي مەسىلە مۇئەييەن (سەۋىيىدە) دەرىجىدە يورۇتۇپ بېرىلگەن.

ۋەسىقىدىن قارىغاندا، ئەينى ۋاقىتتا ئىبادەتخانىلار ھەقىقەتەن ئاز بولمىغان ئۈزۈمزارلىققا ۋە يەرلەرگە ئىگە بولغان. قوچو ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە ئۈزۈملۈك باغ بەرپا قىلىش كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە، يېزا ئىگىلىك زىرائەتلىرىنى ئۈستۈرۈشكە قارىغاندا كىشىلەرنىڭ ئەھمىيەت بېرىشىگە ئېرىشىپ كەلگەن. ئۇيغۇر تىلىدىكى ئۈزۈملۈك باغ ۋە يەرگە ئالاقىدار ۋەسىقىلەردە، يەر دائىم ئۈزۈملۈك باغنىڭ كەينىگە قالدۇرۇلغان. ۋەسىقىدىن بۇنىڭغا مىسال كەلتۈرۈشكە بولىدۇ. تېرىقچىلىقنىڭ ئېھتىياجى تۈپەيلىدىن ئىبادەتخانىلار ئېلىپ - سېتىش، مەجبۇرلاش قاتارلىق ۋاستىلەر ئارقىلىق زور بىر تۈركۈم يانچى - ئىشلەمچىلەر ـ قوۋراغ (Quvraɣ) ۋە تۆۋەن قاتلامدىكى راھىب - سالى (sali) لارغا تايىنىپ ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكى بىلەن شۇغۇللىنىشقا مەجبۇر بولدى. ئاشلىق، تەك يېتىشتۈرۈش، ئۈزۈم ھارىقى ئېچىتىش بىلەنلا قالماي يەنە پاختا، كۆنجۈت ۋە زىغىر قاتارلىق ئىقتىسادىي زىرائەتلەرنىمۇ تېرىغان. ئۇنىڭدىن باشقا ئىبادەتخانىلار قول - ھۈنەرۋەنچىلىك سانائىتى ۋە باقمىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئۆز - ئۆزىنى تەمىنلەيدىغان قويۇق ئىقتىسادىي خاسلىققا ئىگە بولدى. قوچو ئۇيغۇر ئىدىقۇت ھاكىمىيىتى ئىبادەتخانىلارنىڭ ئىقتىسادىنىڭ تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلىشىغا ئىلھام بېرىش ۋە ئۇلارنى قوللاش بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە ئۇلارنى تۈرلۈك ئىقتىسادىي ئىمتىيازلاردىن بەھرىمەن قىلغان. ئاۋۋال ئىبادەتخانىلارنى باج - سېلىق، ئالۋاڭ - ياساقتىن خالاس قىلدى. پەقەت يارلىقتا ئېيتىلغان بىكار قىلىنغان باج - سېلىق تۈرلىرىدىن: ئۈزۈملۈك (باغ) بېجى، قاپ بېجى (qap)، بىرت (Brit) بېجى، ماتا (بۆز 粗棉布) بېجى، بۆز رەخت بېجى (亚麻布税)، كۆنجۈت بېجى، پاختا بېجى، ئۈزۈم ھارىقى بېجى، يۇڭ - موي بېجى، باسىغ بېجى (Bsiy)، تەشىگ (taxig) بېجى، ئالۋاڭ (alban) سېلىق بېجى، تۈتۈن (tutun) بېجى، قوبچىر (Qubcir) بېجى، تۈتۈن ئۈتى بېجى. (tutun uti)، ئاسىغ (Asɣu) بېجى ۋە يەر ئىجارىسى قاتارلىق بارلىق باج - سېلىق تۈرلىرى بىكار قىلىنغان. بۇ بىر قاتار بەلگىلىمىلەر بىلەن يۈەن ھۆكۈمىتىنىڭ ئىبادەتخانىلارغا يۈرگۈزگەن ئېتىبار بېرىش چارە - تەدبىرلىرى تامامەن ئوخشاپ كېتىدۇ. يۈەنجېننىڭ تۆنجى يىلى (مىلادىيە 1295 - يىلى) كەبىسە 4 - ئايدا، يۈەن ھۆكۈمىتى ئىبادەتخانىلارنىڭ يەرلىرىگە قارىتا تۆۋەندىكىدەك ئەمىر - پەرمانلارنى ئېلان قىلغان.

تىبەت، جۇڭگونىڭ شىمالى رايونى، ئۇيغۇر، يۈننەن رايونلىرىدىكى راھىبلار، خرىستىيان مۆرتلىرى، تويىنلار، مۇسۇلمانلار، يۈەنجېننىڭ 1-يىلى 1- ئايدىن بۇرۇنقى باج ئېلىنمىغان يەرلەرنىڭ باج - سېلىقى بىكار قىلىنىدۇ. كېيىن ئۆزلۈكسىز ئىگىلىۋېلىنغان يەرلەردىن قائىدە - نىزام بويىچە باج - سېلىق يىغىلىدۇ.②

يەنە شۇنى تەكىتلەشكە بولىدۇكى، تىبەت، جۇڭگونىڭ شىمالى قىسمى، ئۇيغۇرلار رايونى، يۈننەن رايونىدىكى خىلمۇ خىل دىنىي مەزھەپ ئىبادەتخانىلىرىنىڭ يەرلىرى يۈەنجېننىڭ 1-يىلى 1- ئايدىن باشلاپ ئۇنىڭدىن بۇرۇنقى يەرلەرنىڭ باج - سېلىقىنى بىكار قىلىشقا بولىدۇ. بىراق يېڭىدىن ئىگىلىۋېلىنغان يەرلەرگە باج - سېلىق تاپشۇرىدۇ. «كېيىنكى ئۆزلۈكسىز ئىگىلىۋېلىنغان يەرلەر» دېگەن بۇ بىر جۈملىدىن قارىغاندا، ئىبادەتخانىلار يەنە دائىم سېتىۋېلىش

① جالڭ ياڭ خاۋ: «خىزمەتتىن بوشىنىپ يۇرتىغا قايتقانلارنىڭ قول يازمىلىرى» 2 - جىلد (ئەينى ۋاقىتتىكى سىياسى ئەھۋالدىن تەپسىلى شەرھى). تەپسىلى دەلىللەرنى خەن رۇلىن تۈزگەن «يۈەن سۇلالىسى تارىخى»1 - قىسمىدىن كۆرۈڭ. بېيجاڭ خەلق نەشرىياتى 1986 - يىلى 371 ~ 374 -بەتلەر، لىبىڭخەن: «يۈەن دەۋرى جەمئىيەت ئىقتىسادى تارىخىدىن تېزىسلار» ۋۇخەن: خۇبېي خەلق نەشرىياتى 1985 - يىل 11 - 15 - بەتلەر

② «يۈەن دەۋرىدىكى قائىدە - قانۇنلار، 24 - جىلد ۋۇجىندۇڭ جەمەتى نەشرى

ۋە زورلۇق بىلەن ئىگىلىۋېلىش شەكلى بىلەن زېمىننى كېڭەيتكەن، ھۆكۈمەتمۇ ئۇلارنى چەكلىمىگەن.

ئىككىنچىدىن، ئىبادەتخانىنىڭ راھىبلىرى ھەتتا ئىبادەتخانىغا تەۋە يانچىلار - سالى ۋە قوۋراغلار (Quvraɣ) نىڭ ھەممىسى مەجبۇرى ئەمگەك ئالۋىڭىنى ئۆستىگە ئالماسلىقتەك ئىمتىيازدىن بەھرىمەن بولىدۇ. ۋەسىقىدە دېيىلىشىچە: «ئومۇمەن مۇرتۇق ئىبادەتخانىسىدا تۇرغۇچى راھىب قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى، ئۇلارنىڭ يېشى كىچىك باللار ياكى ئورنى تۆۋەن سەلى (sali) ۋە قوۋراغ (Quvraɣ) بولۇشىدىن قەتئىينەزەر يۇرت جامەسىنىڭ (جامائىتىنىڭ) ئۇلارنى ھەربى مەجبۇرىيەت ئۆتەشكە مەجبۇرلاشقا بولمايدۇ»، «مەجبۇرى ئەمگەك ئالۋىڭى تەقسىم قىلىنمىسۇن»، «يەنە مەجبۇرى ئەمگەك سېلىقىمۇ تېڭىشقا بولمايدۇ» قاتارلىقلار بۇ مەسىلىنى چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، موڭغۇل - يۈەن دەۋرلىرىدە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۈستىگە ئالغان مەجبۇرى ئەمگەك ئالۋىڭى ھەقىقەتەن ئىنتايىن مۇرەككەپ بولغان.

ئۈچۈنچىدىن سۇئىنشاھاتى، سوغۇرۇش تەرەپلەردە ئىبادەتخانىلارمۇ ئالاھىدە ئىمتىيازدىن بەھرىمەن بولغان. ھەممىمىزگە مەلۇمكى، تۇرپان ئويمانلىقى قەدىمدىن تارتىپ ھاۋاسى قۇرغاق ھۆل - يېغىن ئاز رايونلارنىڭ بىرى بولۇپ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش، سۇغۇرۇش ئىشلىرىغا تايىنىدۇ. ۋەسىقىدە مۇنداق بىر جۈملە ئۇچرايدۇ:

كۆكبېشى: ئۆگەن كەسكۈچى ۋە سۇچىلار ئىبادەتخانىنىڭ ئۈزۈملۈك بېغىغا كىرىشكە بولمايدۇ. ئاسغۇ [بېجى]ۋە ئۈزۈم [بېجى] ئېلىنمايدۇ.

بۇ جۈملىدە دېيىلگەندەك ئىبادەتخانىنىڭ يەرلىرىگە سۇ ئىنشاھات سۇغۇرۇش ئەسلىھەلىرىنىڭ لازىمى يوقمۇ؟ روشەنكى ئۇنداق ئەمەس. مۇئەللىپنىڭ قارىشىچە، ئەينى ۋاقىتتىكى ئىبادەتخانىلار بىر يۈرۈش بىر قەدەر مۇكەممەل بولغان سۇ ئىنشائاتى ئەسلىھەلىرد- گە ئىگە بولۇپلا قالماي بەلكى يەنە ھەممىنى ئۆزى مۇستەقىل باشقۇرغان بولۇپ، سۇ ئىشلىرى ئەمەلدارلىرىنىڭمۇ ئىبادەتخانىغا خالىغانچە كىرىش ھوقۇقى بولمايدۇ. تىلغا ئېلىنىشقا ئەرزىيدىغان يېرى شۇكى، ۋەسىقىدە تىلغا ئېلىنغان ئىككى نەپەر سۇ ئىشلىرى ئەمەلدارى - ئۆگەن كەسكۈچى ۋە سۇچىلارنىڭ نامى باشقا ئۇرب - ئادەت مەزمۇنىدىكى ھۆججەت - ۋەسىقە خاتىرىلىرىدە ئۇچرىمايدۇ. بۇ تەرەپ بىزنىڭ دىققەت قىلىشىمىزغا ئەرزىيدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا، بىز ۋەسىقىلەردىن يەنە مۇنداق بىر تۈرلۈك ئەھۋالنىمۇ ئۇچرىتىمىز: ھۆكۈمرانلار تىرىشىپ دىنىنىڭ جەمئىيەتتىكى رولىنى كۈچلەندۈرۈپدۇ. دىنىدىن پايدىلىنىپ خەلقنىڭ ئىرادىسىنى سۇسلاشتۇرۇش، مەنىۋى تۇرمۇشنى تىزگىنلەش ئۈچۈن، قوچو ئۇيغۇر ھۆكۈمىتى ئىبادەتخانىلارنى تۈرلۈك ئىمتىيازلاردىن بەھرىمەن قىلىشتىن تاشقىرى، دىنىنىڭ كىشىلەر قەلبىدىكى ئورنىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە جېنىنىڭ بارىچە تىرىشقان.

«مورتۇق ئىبادەتخانىسىدىكى راھىبلار ئىگىدارچىلىقىدىكى ئۈزۈملۈك باغ ۋە يەرلەر بىزگە بەخت ئامەت ئېلىپ كەلدى. دۆلەت ئۇلارنى ئالۋاڭ ھاشارسىز، سوۋغا - سالام تاپشۇرمايدىغان، بوز تاپشۇرمايدىغان، يەر بېجىسىز قىلدى. بىز ئاۋۋال ئۇلارغا چىن كۆڭلىمىزدىن ھۆرمەت بىلدۈرۈپ، ئەل ئۈچۈن يەنە بىر قېتىم بەخت - ئامەت تىلەيمىز.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا «ئىبادەتخانىدىكىلەرنىڭ خالىغان ۋاقىتتا كىشىلەرنىڭ سەدىقىسىنى قوبۇل قىلىشىغا»، «ئىگىدارچىلىقنىڭ كۆپچىلىككە تەۋە» لىكىگە يول قويغان. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ھۆكۈمەت ئىبادەتخانىلارغا قارىتا بار كۈچى بىلەن قوللاشتا رەسمى يارلىق چۈشۈرۈپ قوغداپلا قالماستىن، بەلكى يەنە خەلقنى ھۆرمەتلەشكە، ئىشىنىشكە مەجبۇرلىغان. ۋاقىتنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ دىن ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى بىر تۈرلۈك ئالاھىدە كۈچكە ئايلانغان.

(«غەربىي يۇرت ۋە دۇنخۇاڭدىكى دىنلارغا دائىر ماقالىلەر» ناملىق كىتابتىن تەرجىمە قىلىندى.)

تەھرىرلىگۈچى: ئابلىم قېيۇم

# مەڭگۈ تاش پۈتۈكلىرىنىڭ بايقىلىشى

ج. رەھىم روھلان

مىلادىيە 6 ـ ئەسىردىن 8 ـ ئەسىرگىچە ھۆكۈم سۈرۈپ، دۇنيا مەدەنىيەت تارىخىدا ئۆچمەس ئىز قالدۇرغان تۈركىي مىللەتلىرى 19 ـ ئەسىرگە كەلگىچە يېزىقى يوق مىللەت دەپ قارالغانلىقتىن تۈركلەرنىڭ دۇنيا تارىخىدا ياراتقان پارلاق مەدەنىيىتى ئېتىراپ قىلىنىشقا مۇۋەپپەق بولالمىغانىدى. تۈركىي خەلقلەر ئۆزلىرى ئىجاد قىلغان ۋە قوللانغان تۈرك يېزىقى ھەرقايسى ئەل ئارخېئولوگلىرى تەرىپىدىن خېلى بۇرۇنلا كۆزگە چېلىقتۇرۇلغان بولسىمۇ، 200 يىلدىن ئارتۇقراق ۋاقىت ئىچىدە ئۇنىڭ تۈرك مىللەتلىرىنىڭ يېزىقى ئىكەنلىكىنى ھېچكىم جەزملەشتۈرەلمىدى.

17 ـ ئەسىردە ياشىغان فىنلاندىيىلىك ئارخېئولوگ ن. ۋىدسىرنىن مەڭگۈتاشلاردىن تۇنجى قېتىم بۇ يېزىقنى كۆرۈپ، تەتقىق قىلىشقا كىرىشكەن. شۇنداقلا بۇ يېزىقلارنىڭ رەسىملىرىنى كىرىشتۈرۈپ «تاتارىستاننىڭ شەرقىي شىمالىدا» ناملىق كىتاب يېزىپ چىققان بولسىمۇ، ئەپسۇسكى قىستۇرۇلغان يېزىق رەسىملىرى ھەققىدە ھېچنېمىنى ئىزاھلاپ بەرمىگەن. ئارخېئولوگ سىمىن رومتىرو «سىبىرىيىدىن تېپىلغان رەسىملەر» سەرلەۋھىلىك ماقالىسىدا بۇ بىرەر مىللەتنىڭ يېزىقى بولۇشى مۇمكىن. دېگەن پەرەزنى ئوتتۇرىغا قويغاندىن باشقا ئىشەنچلىك مەلۇمات بېرەلمىگەن.

1730 ـ يىلى سىبىرىيىدە 13 يىل ئىلمىي تەتقىقات ۋە تەكشۈرۈش بىلەن شۇغۇللانغان مەشھۇر ئارخېئولوگ ف. ج. ستران بىرگ ئۆزىنىڭ ئىلمىي ئەمگىكىگە بۇ يېزىقنىڭ رەسىملىرىنى كىرگۈزۈپ ئۇنىڭغا «ئورقۇن ـ يېنسەي يېزىقى» دەپ نام بەرگەن.

1818 ـ يىلى رۇسىيىلىك ئارخېئولوگ سىپاسكى «سىبىرىيە خەۋەرلىرى» ژۇرنىلىدا تۈرك يېزىقىنىڭ رەسىملىرى قىستۇرۇلغان بىر پارچە ماقالە ئېلان قىلىپ، بۇ يېزىق توغرىسىدا ئىشەنچلىك مەلۇماتلارنى ئوتتۇرىغا قويغاندىن كېيىن، ياۋروپادىكى نۇرغۇن ئالىملارنىڭ دىققەت ـ ئېتىبارىنى تارتىپ، بۇ يېزىق توغرىسىدا بەس ـ مۇنازىرە دولقۇنى قوزغالغان. نۇرغۇن ئالىملار بۇ يېزىق ھەققىدە قىزغىن تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ بەس ـ بەستە ماقالىلار ئېلان قىلغان. 1884 ـ يىلى فىنلاندىيىلىك ئارخېئولوگ ج. ر. ئاسفىلىن جاپالىق ئىزدىنىپ تەتقىق قىلىش ئارقىلىق بۇ يېزىقنىڭ 38 دىن 40 قىچە ھەرپتىن تەركىب تاپقانلىقىنى ئېنىقلاپ چىققان بولسىمۇ، يەنىلا قايسى مىللەتنىڭ يېزىقى ئىكەنلىكىنى ئىزاھلاشقا ئامالسىز قالغان.

1889 ـ يىلى رۇسىيىنىڭ يادىلىنىڭ سەيفۇ باشچىلىقىدىكى ئارخېئولوگىيە ئەترىتى ئورقۇن دەرياسى بويلىرى، تاشقى موڭغۇل داللىرى ۋە قارابالاساغۇن ئەتراپىغا بېرىپ تەكشۈرۈش ئارقىلىق كۆلتېگىن مەڭگۈتېشى بىلەن بىلگە قاغان مەڭگۈتېشىنى تېپىپ چىقىپ، ئۇلار ئۆز ماقالىلىرىدا مەڭگۈتاش ۋە ئۇنىڭدىكى ئويما پۈتۈكلەرنى تەسۋىرلىگەن. ئەينى يىللاردىكى ئارخېئولوگلارنىڭ مەڭگۈتاش قىزغىنلىقى ئاخىرى تۈرك يېزىقىنى بايقاشتىن ئىبارەت تۈپ مەقسەتنى روياپقا چىقارغان. 1890 ـ يىلى فىنلاندىيىلىك ن. خېكىل 1891 ـ يىلى رۇسىيىلىك رادلوف قاتارلىق ئارخېئولوگلار موڭغۇلىستانغا بېرىپ ھونگىن مەڭگۈتېشىنى تاپتى. دانىيىلىك تومسېن، رۇسىيىلىك رادلوفلار ئاخىرى جاپالىق تەتقىقات ۋە ئىزدىنىش ئارقىلىق مەڭگۈتاش پۈتۈكلىرىنىڭ تۈرك يېزىقى ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت سىرنى تۈنجى قېتىم ئېچىپ بەردى.

بۇ ئىككى ئالىم تەييارلىغان «ئورقۇن ـ يەنسەي يېزىقىنى ئوقۇپ چىقىشتىكى دەسلەپكى نەتىجە» سەرلەۋھىلىك ئىلمىي دوكلات بۇ خىل سىرلىق يېزىق ئۈستىدە باش قاتۇرۇۋاتقان ئالىملارنى ھەيران قالدۇردى. 1894 ـ يىلى بۇ ئىلمىي دوكلات دانىيىدە رەسمىي كىتاب قىلىپ نەشر قىلىنغاندىن كېيىن، دۇنيادىكى تۈركشۇناس ئالىملار مەڭگۈتاش پۈتۈكلىرىنىڭ تۈركىي خەلقلەرگە مەنسۇپ يېزىق ئىكەنلىكىنى ئېنىق مۇئەييەنلەشتۈردى.

تۈركىي خەلقلەر مەڭگۈتاشلارغا ئويۇپ قالدۇرغان بۇ يېزىقلار شىمالىي موڭغۇلىستان داللىرى، يەنسەي، لىنا دەريا بويلىرى، بالقاش كۆلى ئەتراپلىرى، ئىلى، ئالتاي، چۆچەك، تۇرپان، كروران، گەنسۇ، دۇنخۇاڭ، يەتتە سۇ، شەرقىي ياۋروپا، (دوناي دەريا بويلىرى) غىچە بولغان جايلاردىن تېپىلغان. بۇ مەڭگۈتاشلارغا ئويما خاتىرىلەر، تارىخىي تەرجىمىھال، دىنىي خاتىرىلەر، قەبرە تېشى خاتىرىسى، ئوردا خاتىرىسى قاتارلىقلار قويۇق ئەدەبىي تۈس بىلەن ئىچچام ئويۇلغان. بۇلار تۈرك خانلىقىنىڭ قاغانلىرىدىن بىلگە قاغان، كۆلتېگىن قاغانىنىڭ ئۆز قولى بىلەن يېزىپ بەرگەن خاتىرىسى. مەخسۇس ئويمىچى ئۇستىلار تەرىپىدىن ئەينەن ئويۇلغان. يەنە بەزىلىرىگە ئىلتارىش خانىنىڭ چوڭ ئوغلى ئىلىگ قاغانىنىڭ جەڭنامىلىرى، تونيۇقۇق قاغانىنىڭ ھايات ۋاقتىدا ئۆز قولى بىلەن يېزىپ بەرگەن خېتى ئويۇلغان. قەدىمكى مەڭگۈتاش پۈتۈكلىرىنىڭ ۋە ئۇنىڭ ئوقۇلۇشىدىن ئىبارەت سىرنىڭ ئېچىلىشى تۈركىي خەلقلىرىنىڭ 1400 يىل بۇرۇنقى مەدەنىيىتى ۋە دۇنيا تارىخىدا تۇتقان ئورنىنى تەتقىق قىلىشتا ئىنتايىن زور ۋە مول مەنبە بولۇپ قالدى.

(ئاپتور قاراقاش ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشتە)

تەھرىرلىگۈچى: ئەركىن ئىمىنىياز قۇتلۇق

# ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىنىڭ خونەندە ئولتۇراقلىشىشى

يولۋاس راشىدىن

تارىختا ئۇيغۇرلار ئىچكى ئۆلكىلەرگە كۆپلەپ كىرگەن. شىمالدىكى چارۋىچى قەۋملەر ئۆزئارا ئۇرۇشۇپ كەلگەن بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە قېرىنداشلار ئىدى. شۇڭا بىرەرى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە سۇلالە قۇرسا، ئۇيغۇرلارمۇ ئۇ يەرلەرگە تۈركۈملەپ كىرىشى تەبىئىي ئىدى. سۈي (581 — 618)، تاڭ (618 — 907) سۇلالىلىرى دەۋرىدە ساۋمىياۋدا، ساۋتاۋيى، سوجۇپ، دىھارماجىن، ۋايجىراجىن، ۋايجىراكويجى، ۋايجىراكان، قۇتلۇق، ساۋشياۋكۇي، قوشۇخان قاتارلىق 300 دىن ئارتۇق ئەدىب، مۇزىكانت، ناخشا - ئۇسسۇل مۇتەخەسسىسلىرى، سەنئەت ئوقۇتقۇچىسى، دراماتورگ، تەرجىمان، رەسسام، مۇزىكا نەزىرىيىچىسى، چالغۇ ئەسۋابلار ئىسلاھاتچىسى، مائارىپچى، ھەربى ئالىم، خەزىنىچى، تىۋىپلار يېتىشىپ چىقىپ ئىچكى ئۆلكىلەردىكى خەنزۇ ۋە باشقا قېرىنداش مىللەتلەر بىلەن بولغان دوستلۇق، ئىناقلىق مۇناسىۋىتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە زور تۆھپە قوشقان. يۈەن سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچكى ئۆلكىلەردىكى تەسىرى ۋە رولى تېخىمۇ چوڭىيىپ، ئۆز دەۋرىنىڭ ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت، سىياسى ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتىغا قوشقان تۆھپىسى تېخىمۇ چوڭ بولدى. بولۇپمۇ يۈەن سۇلالىسى (1368 - 1260) دەۋرىدە ئۇيغۇرلاردىن نۇرغۇن دۆلەت ئەربابلىرى، يازغۇچىلىرى، سەنئەتكارلىرى، مەدەنىيەت ئەربابلىرى، بىناكار ئۇستىلىرى، دېڭىز قاتناش ئالىملىرى يېتىشىپ چىقىپ يۈەن سۇلالىسىنىڭ قۇرغۇچىسى قۇبلايخان (1294 - 1215) نىڭ ئەل باشقۇرۇشىغا ھەمكارلاشقان. نۇرغۇن ئۇيغۇر سەركەردىلىرى ۋە ئالىملىرى ئوردىدا ئەتىۋارلىنىپ مۇھىم مەنسەپلەرگە قويۇلغان، بەزىلىرى سول قول ۋەزىر دەرىجىلىك ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. مۇختەر مامۇت سابىت ئەپەندى «‹تۈركى تىللار دىۋانى›دىكى ‹تابغاچ› ئاتالغۇسىغا ئېنىقلىما» دېگەن ماقالىسىدا «جۇڭگو ئېنسىكلوپېدىيىسى» دىن نەقىل ئېلىپ: «سۈي - تاڭ سۇلالىلىرىنىڭ قۇرغۇچىلىرى سۈي ياڭدى، لى شىمىنلار سىيانپىلاشقان خەنزۇلاردۇر، ئۇلارنىڭ ئانىلىرى ۋە ئاياللىرى بولسا خەنزۇلاشقان سىيانپىلاردۇر. ئىككى سۇلالىدىكى يۇقىرى ئەمەلدار ۋە تۆرىلەرنىڭ كۆپ قىسمى تابغاچلاردىن بولۇپ، ۋەزىرلەرنىڭ سانىلا 20 دىن ئاشىدۇ. ئۇندىن باشقا دىۋانبېگى، ھۆددىچى، يەرلىكتىكى تۇتۇق، ئايماق بەگلىرىنى ساناپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ»[1] دەپ يازىدۇ. ئۇ ھالدا ئادەتتىكى ئۇيغۇر پۇقرالارنى تېخىمۇ ساناپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ. بەزى خاتىرىلەردە كۆرسىتىلىشىچە، تاڭ دەۋرىدە يالغۇز چاڭئەن شەھىرىدىلا 10 مىڭ ئۇيغۇر سودىگەر بولغان. مىلادىيە 840 - يىلى ئورقۇن ئۇيغۇر خانلىقى يىمىرىلگەندە ئۆگە تېكىن باشچىلىقىدا جەنۇبقا سۈرۈلۈپ سەددىچىن ئەتراپىغا كەلگەنلەر 200 مىڭدىن ئاشار ئىكەن. يەنە بىر بۆلىكى تېخى گەنجۇدا ئۇيغۇر خانلىقى قۇرغان. 1285 - 1286 - يىللىرى نۇرىن تېكىن باشچىلىقىدا قوچودىن گەنسۇدىكى يۇڭچاڭغا كۆچكەن ئۇيغۇرلار كام ھېسابلىغاندىمۇ 5 - 6 تۈمەندىن ئاشىدۇ. كېيىن يۈەن، مىڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدىمۇ كۆرمىڭ ئۇيغۇر ئىچكىرىگە كۆچكەن ياكى بېرىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان. چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ يىللىرىدا بېيجىڭدىلا 5 يەر «ئۇيغۇر مەھەللىسى» نامىدا ئاتالغان، يەنە 4 يەردە مۇسۇلمان ئەسكەرلەر بارگاھ قۇرۇپ تۇرغان. جۇڭنەنخەينىڭ جەنۇبىدىكى بىر ئۇيغۇر مەھەللىسىدىلا 108 ئائىلە، 795 كىشى ئوردا تەمىناتى بىلەن تەمىنلەنگەن. ئۇلار كېيىنكى

① «تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى» 2000 - يىل 2 - سان

كۆنلەردە تېخىمۇ ئاۋۇغان. ئۇلاردىن باشقا، بېيجىڭنىڭ دۇڭسى، نيۇجيې، ۋېيگۇڭسۈن (ئۇيغۇر مەھەللىسى — بېيجىڭ شەھىرى خەيدىيەن رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى 1992 - يىلى 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ۋېيگۇڭسۈنگە رەسمى شىنجاڭ مەھەللىسى دەپ نام بەردى) . . . قاتارلىق جايلىرىدىمۇ ئۇيغۇرلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان. ھازىرقى كۈندە ئۇ ھېسابسىز كىشىلەرنىڭ ئۇيغۇر دېگەن نامى يوق. ئۇلار خەنزۇ ۋە خۇيزۇلارغا تەلتۆكۈس سىڭىشىپ كەتكەن.

بىراق، خۇنەندە بىرنەچچە مىڭ كىشى تا ھازىرغىچە «ئۇيغۇر» نامىنى يوقاتماي كېلىۋاتىدۇ. بۇ ھەقتە گېزىت - ژۇرناللاردا ئاز - تولا خەۋەرلەر بېرىلدى. 1989 - يىلى ئەتىيازدا شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىدىن ئۆمەرجان مۇھەممەدى قاتارلىق 6 كىشى خۇنەنگە بېرىپ، فېڭشۇ ئۇيغۇر - خۇيزۇ يېزىسىدا زىيارەتتە بولۇپ، تاۋيۇەن ئۇيغۇرلىرىنىڭ سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت، تۇرمۇش ۋە ئۆرپ - ئادەتلىرىدىن «2 - يۇرتتىكى ئۇيغۇرلار تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشتا» دېگەن مەخسۇس تېلېۋىزىيە فىلىمى ئىشلەپ كۆرسىتىپ، بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئەھۋالىنى شىنجاڭغا ۋە پۈتۈن مەملىكەتكە تونۇشتۇردى. قوچو (تۇرپان) دىن يىراق خۇنەنگە بېرىپ ئولتۇراقلىشىپ ھازىرغىچە ئۆزلىرىنىڭ مىللەت نامىنى يوقاتماي كەلگەن بۇ ئۇيغۇرلار ھەققىدە بىر قەدەر ئەتراپلىق مەلۇمات بېرىلسە ئارتۇقلۇق قىلماس دېگەن ئوي بىلەن بۇ ماقالە يېزىلدى.

**1. خۇنەن ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئەسلى يۇرتى**

خۇنەن ئۇيغۇرلىرى خۇنەنگە بېرىپ ئولتۇراقلاشقىنىغا 600 يىلدىن ئاشتى. بۇ جەرياندا ئۇلار ۋەتەنىنىڭ چېگرا رايونلىرىنى قوغداش، ۋەتەن بىرلىكىنى مۇستەھكەملەش، جەمئىيەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ مەدەنىيەت خەزىنىسىنى بېيىتىش ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونلىرىنى ئېچىش قاتارلىق جەھەتلەردە كۆز يۇمغۇسىز ئۆچمەس تۆھپىلەرنى ياراتتى.

خۇنەن ئۇيغۇرلىرى ئاساسەن چاڭدې شەھىرىنىڭ تاۋيۈەن ناھىيىسى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپلىرىغا ئورۇنلاشقان. ئۇنىڭدىن باشقا، چاڭسا، شياڭتەن، جۇجۇ، خېڭياڭ، يۆياڭ، جاڭجياجيې قاتارلىق جايلارغىمۇ ئاز ساندا تارقالغان. خۇنەن ئۆلكىسى تاۋ يۈەن ناھىيىسىدىكى ئۇيغۇرلار ئاساسەن ئىككى يېزىغا مەركەزلەشكەن بولۇپ، فېڭشۇ ئۇيغۇر - خۇيزۇ مىللىي يېزىسىدىكىسى 7688 نەپەر، چىڭلىن خۇيزۇ - ئۇيغۇر مىللىي يېزىسىدىكىسى 1446 نەپەر.

ئۇيغۇرلار مەركەزلەشكەن تاۋ يۈەن ناھىيىسىنىڭ يەر كۆلىمى 4441 كۋادرات كىلومېتىر، بۇ ناھىيە چاڭدې ۋىلايىتىنىڭ غەربى جەنۇبى، يۈەنشۈي دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا، تۆۋەن ئېقىمىغا جايلاشقان بولۇپ، غەربى ئېگىز، شەرقى پەس، ئەڭ ئېگىز رايونى دېڭىز يۈزىدىن 1130 مېتىر كېلىدۇ. ئۇيغۇرلار شەرق تەرەپتىكى تۈزلەڭلىككە ماكانلاشقان. بۇ رايوننىڭ قاتنىشى قولاي بولۇپ، چاڭسا - چاڭدې تاشيولى، چاڭسا - تاۋ يۈەن تاشيولى مۇشۇ رايوندىن ياكى يېنىدىن ئۆتىدۇ. يېزا - كەنتلەر بىر - بىرىگە راۋان يوللار بىلەن تۇتاشقان. بۇ رايوننىڭ تەبىئىي مەنزىرىسى گۈزەل، كىلىماتى ئىللىق، يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 0 دىن يۇقىرى سىلسىيە 5 .26 گرادۇس. ھۆل - يېغىن مىقدارى مول، يىللىق يامغۇر مىقدارى 6 .1431 مىللىمېتىر. بۇ رايون يېرى مۇنبەت، ئەپلىك، شۇڭا يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش تەرەققى قىلغان. بۇ رايون خۇنەن ئۆلكىسىنىڭ ئاساسىي ئاشلىق ئىشلەپ چىقىرىش رايونلىرىدىن بىرى ھېسابلىنىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ ئاز بىر قىسمى سودىگەرلىك قىلغاندىن باشقا، كۆپ قىسمى دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، قوشۇمچە ئىگىلىك، ئائىلە باقمىچىلىقى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. بۇ يەردىن گۈرۈچ، پاختا، قىچا، شېكەر قومۇچى، ياغاچ ۋە تاتلىق سۇ بېلىقى چىقىدۇ. يەر ئاستى قېزىلما بايلىقلىرىدىن ئالتۇن، مىس، سىنىك، تۆمۈر، ئالماس قاتارلىقلار بار، بولۇپمۇ ئالماس زاپىسى مول. ئۇيغۇرلار ئەنە شۇنداق مۇھىتى گۈزەل بىر رايوندا خۇشال - خۇرام ياشاپ كەلمەكتە. ئۇيغۇرلار خۇنەن ئۆلكىسىدىكى تارىخى ئۇزۇن سەككىز مىللەتنىڭ بىرى. خۇنەن ئۇيغۇرلىرى ئومۇمیۈزلۈك «جيەن» 蒋 فامىلىسىنى قوللىنىدۇ. بۇ كېيىنكى كۈنلەردە مىڭ سۇلالىسىنىڭ قۇرغۇچىسى جۇيۈەنجاڭ ئىنئام

قىلغان فامىلە. مەشھۇر تارىخشۇناس

خوتەن ئۇيغۇرلىرىنىڭ جايلىشىش خەرىتىسى




جيەن بوزەن ئەپەندى 1956 - يىلى خوتەننى تەكشۈرۈشكە كەلگەندە سۆزلىگەن سۆزىدە: «مېنىڭ فامىلەم جۇيۇەنجاڭ ئىنئام قىلغان «جيەن» 翦 فامىلىسى بىلەن قىلچە مۇناسىۋەتسىز، ئۇنى مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە پادىشاھ ئىنئام قىلغان. مېنىڭ مىللىتىم ئاتالمىش «خۇاڭدى» نىڭ ئەۋلادلىرى ياكى بۈيۈك خەنزۇ مىللىتىنىڭ بىر قەبىلىسىمۇ ئەمەس. بىز شىنجاڭدىن كەلگەن. ئاتالمىش غەربى رايوندىكى يات قەۋمدۇرمىز» ، «بىز قالى باشنى دەسلەپكى ئاتىمىز دېسەك ئاندىن توغرا بولىدۇ» دېگەن.

جيەن بوزەن ئەپەندىنىڭ قالى باش دېگىنى قوچو ئۇيغۇرلىرىدىن قالىنىڭ ئەۋلادىدۇر. ئەمىسە، قالى كىم؟ بۇنى ئېنىقلاش ئۈچۈن گەپنى يۈەن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى دەۋرلىرىدىن باشلاشقا توغرا كېلىدۇ.

قالى قومۇللۇق كىشى بولۇپ، ئۇيغۇر تۆرە ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان. قومۇل ئەينى چاغدا قارا قوچو دۆلىتىگە قارايتتى.

تارىختا، 916 - يىلىدىن 1124 - يىلىغىچە 210 يىل ھۆكۈم سۈرگەن شەرقى خىتان

خانلىقى جۇرجىتلار تەرىپىدىن ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن، خىتان شاھزادىسى يەللىغ تاش 1124 - يىلى 40 مىڭ تۇتۇن (چېدىر) جەمئىي 2 تۈمەن كىشىنى باشلاپ غەربكە قاچتى، ئۇ خاتۇنبالىق شەھىرى (بۇ شەھەر ھازىرقى موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىدىكى ئورقۇن دەرياسىنىڭ شەرقى قىرغىقىغا جايلاشقان قارابالغاسۇن بولۇپ، زامانىسىدا ئورقۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ پايتەختى ئىدى) گە كەلگەندە ئۇ يەردە خىتان خانلىقىغا بېقىنغان 7 ئايماق، 18 ئۇلۇسنىڭ ئاقساقاللىرىنى يىغىپ يىغىن ئېچىپ، بىر تۈمەن جەڭ ئېتى، 10 تۈمەن ئەسكەر توپلاپ، خىتان ھاكىمىيىتىنى تىكلىمەكچى بولدى. بىراق، جۇرجىتلارنىڭ سابىق خىتان زېمىنىدا ئۆزلۈكسىز قازىنىۋاتقان غەلىبىلىرىنى كۆرۈپ، بۇ نىيىتىدىن يېنىپ، غەربكە بېرىپ، قازى (بۇ چاغلاردا ئىران شۇنداق ئاتىلاتتى) دىن ئەسكەر ئارىيەت ئېلىپ كېلىپ، ئاندىن بۇ نىيىتىنى ئىشقا ئاشۇرماقچى بولدى. يەللىغ تاش غەربكە سەپەر قىلىشتىن بۇرۇن قوچو پادشاھى بىلگىگە مەكتۇپ يوللاپ، ئۆز تەۋەلىكىدىن ئۆتۈشكە رۇخسەت قىلىشنى تەلەپ قىلدۇ. يەللىغ تاش خېتىدە: «بۇرۇن تەيزۇ ئالىيلىرى① شىمالغا قوشۇن تارتىپ بارغۇت شەھىرىنى بويسۇندۇرغاندىن كېيىن، خېشى ئۇيغۇرلىرىغا ئەلچى ئەۋەتىپ، ئەجدادىڭلار ئۇماي قۇتلۇققا: ماكانىڭنى سېغىنىۋاتامسەن؟ مەن ساڭا ئۆتكۈزۈپ بېرەي، سەن قايتىپ كېلەلمىسەڭ مەن ئۇنى ئىلكىمدە تۇتۇپ تۇرىمەن، مېنىڭ ئىلكىمدە تۇرۇشى سېنىڭ ئىلكىڭدە تۇرغانغا ئوخشاش دېگەن. ئۇماي ئۇنىڭغا تەشەككۇر ئېيتىپ، بۇ يەردە ماكانلىشىپ قالغىنىمىزغا ئون نەچچە ئەۋلاد بولدى. لەشكەرلەر ۋە پۇقرالار كۆچۈش - يۆتكىلىشنى ناھايىتى ئېغىر كۆرىدۇ. قايتىپ بارالمايمىز دەپ ئىپادە بىلدۈرگەن. بۇ دېمەك، بىز سىلەر بىلەن بىر كۈنلۈك قەدىناس ئەمەسمىز، بۈگۈنكى كۈندە مەن غەربكە قاراپ قازىغا سەپەر قىلماقچى بولۇپ، دۆلىتىڭلاردىن ئۆتمەكچىمەن. بۇنىڭدىن گۇمانلانماسلىقىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن» دەپ يازدى. خەت يەللىغ تاش ئۆزى كۈتكىنىدىن ئارتۇق ئۈنۈم بەردى. بىلگەخان ئويلىنىپ تۇرمايلا بۇ تەلەپكە ماقۇل بولدى. يەللىغ تاش سەپەرگە ئاتلىنىپ قوچو تەۋەسىگە كىرگەندە بىلگەخان ئۇنى ئوردىسىغا چىللاپ ئۈچ كۈن زىياپەت بەردى. مېڭىش ۋاقتىدا ئۇنىڭغا يەنە 600 ئات، 100 تۆگە، 3000 قوي يوللۇق تۇتتى ھەم خان ئۆزى ئاتلىنىپ يەللىغ تاشنى تاكى چېگرىغىچە ئۇزىتىپ قويدى.

ئالىملار بۇ يىلنى (1124 - يىلنى) قوچو خانلىقىنىڭ قارا خىتانلارغا بېقىنغان يىلى دەپ بېكىتتى.

يەللىغ تاش قوچو ئىدىقۇت خانىنىڭ ئەنە شۇنداق چوڭقۇر ھۆرمىتىگە نائىل بولغىنى ئۈچۈن، كېيىنكى كۈنلەردە بۇ خانلىقتا ھەرىكەت قوللانمىدى ۋە ئۇنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلاشماي، خانىنىڭ ئۆز يۇرتىنى ئۆزى سورىشىغا يول قويۇپ، پەقەت بۇ دۆلەتنى نازارەت قىلىش ۋە سېلىق تاپشۇرۇشقا ھەيدەكچىلىق قىلىپ تۇرۇش ئۈچۈن ئۇ يەردە بىر باسقاقبەگ تۇرغۇزۇش بىلەن بولدى قىلدى. يەللىغ تاش بۇ يەردىن غەربكە ئۆتۈپ، ماۋرائۇننەھر رايونىدىكى كىرمان شەھىرىدە ئۆزىنى گورخان دەپ ئاتىدى. شۇنىڭ بىلەن غەربىي خىتان خانلىقى دۇنياغا كەلدى.

1124 - يىلدىن 1211 - يىلغىچە 90 يىلغا يېقىن ھۆكۈم سۈرگەن غەربىي خىتان خانلىقى دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگە كەلگەندە، غەربىي خىتاننىڭ قوچو دۆلىتىدىكى باسقاقبېگى قوچو ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئىدىقۇتى ۋە ھەردەرىجىلىك ئەمەلدارلىرىغا ھۆرمەت قىلمىدى، قانۇنسىز باج - سېلىق بىلەن يېنىنى چىڭداش غېمىدىلا بولۇپ، دۆلەت ۋە پۇقرالارنى قاقتى - سوقتى قىلدى. بولۇپمۇ قاراخىتانلار ئۇيغۇرلارنى زورلۇق بىلەن ئاسسىمىلاتسىيە قىلدى، ئۇيغۇرلارنى خىتانچە كىيىم - كېچەك كىيىشكە مەجبۇرلىدى. دىنىي پائالىيەتلەرگە توسقۇنلۇق قىلدى. بۇ ئەھۋال خان ۋە ۋەزىر-ۋۇزرالارنىڭ قاتتىق ئۆچمەنلىكىنى قوزغىدى. قوچو ئىدىقۇتى بارچۇق ئارتتېكىن 1209 - يىلى غەربىي خىتان خانلىقىنىڭ بېقىندىلىقىدىن قۇتۇلۇش ئويىغا كەلدى ۋە بۇ توغرىلىق باش ۋەزىرى تارقان بىلگە بۇقا بىلەن مەسلىھەتلەشتى. تارقان بىلگە بۇقامۇ ئاللىبۇرۇن مۇشۇ ئويدا بولغىنى ئۈچۈن، قىلچە ئىككىلەنمەي، غەربىي خىتان نازارەتچىسىنى

① تەيزۇ — 916 - يىلى خىتان خانلىقىنى قۇرغان يەللىغ ئاباۋجىنى كۆرسىتىدۇ.

ئۆلتۈرۈپ، ئۇلارغا يېقىنلىشتىن قۇتۇلۇشنى كەسكىن ئوتتۇرىغا قويىدۇ. بارچۇق ئارت تېكىن سەل ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن، بۇ تەكلىپكە ماقۇل بولدى. تارقان بىلگە بۇقا خىتان نازارەتچىسىنى ئۆلتۈرۈشكە ئۆزى يېتەكچىلىك قىلدى. بۇ چاغدا قالى قوچو دۆلىتىنىڭ قابىلىيەتلىك سانغۇنلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ لەشكەر باشلاپ كېلىپ بىۋاسىتە قول سالدى. تارىخىي مەلۇماتلاردا ئېيتىلىشىچە، خىتان نازارەتچىسى ئۆزى تۇرىدىغان ئۆيگە باستۇرۇپ ئۆلتۈرۈلگەن. قالى ئىدىقۇت خانلىقىنىڭ غەربىي خىتانلارنىڭ بويۇنتۇرۇقىدىن قۇتۇلۇپ چىقىشىدا مۇھىم رول ئوينىغان شەخس.

قوچو ئىدىقۇتى غەربىي خىتان نازارەتچىسىنى ئۆلتۈرۈپ ئۇلارنىڭ بېقىندىلىقىدىن قۇتۇلغان پەيتتە، موڭغۇل دالاسىدا موڭغۇللار باش كۆتۈرۈپ چىقماقتا ئىدى. چىڭگىزخان باشچىلىقىدىكى موڭغۇللار قارا خىتانلارنىڭ غەربتىكى كۈچلىرىنى يوقىتىشقا تەقەززا ئىدى. قوچو ئۇيغۇر خانلىقى قارا خىتانلارغا تەۋە مۇھىم دۆلەت بولۇپ، قوچو خانى خىتان نازارەتچىسىنى ئۆلتۈرگەن خەۋەر موڭغۇل دالاسىغا يېتىپ كەلگەندە، چىڭگىزخان بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئۆزىگە بەيئەت قىلىشىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، 1210 - يىلى ئەلى بۇيرۇق، دارباي دېگەن ئىككى كىشىنى ئەلچى قىلىپ قوچوغا ئەۋەتتى. بارچۇق ئارت تېكىن بۇ ئەلچىلەرنى ئالاھىدە ھۆرمەت بىلەن كۈتۈۋالدى ۋە قۇت ئالمىش قايا، ئۆمەر ئوغۇل، قارباي قاتارلىق ئۈچ كىشىنى موڭغۇل ئەلچىلىرىگە قوشۇپ چىڭگىزخاننىڭ ھوزۇرىغا ئەۋەتىپ، ئۆزىنىڭ چىڭگىزخانغا بويسۇندىغانلىقىنى بىلدۈرۈدى. بارچۇق ئارت تېكىن ئەلچىلەردىن چىڭگىزخانغا ئەۋەتكەن خېتىدە: «كەمىنىلىرى خان ئالىيلىرىنىڭ قۇدرىتى ۋە ئەخلاقىدىن خەۋەر تاپقان ھامان، خىتان بىلەن بولغان دوستلۇقتىن ۋاز كېچىپ، ئالىيلىرىغا ئارزۇيىنى ئىزھار قىلىشقا تەمشىلىۋاتقىنىمدا، خان ئالىيلىرىنىڭ ئەلچىلىرى زېمىنىمىزگە قەدەم تەشرىپ قىلىپ كېلىپ قالدى. ئۇنىڭدىن كېيىن پۈتۈن پۇقرالىرىمنى باشلاپ خىزمەتلىرىنى قىلىشقا تەييارمەن» دەپ يازدى.

چىچەن چىڭگىزخان قوچو ئەلچىلىرىنى تولىمۇ يۇقىرى ئىززەت ھۆرمەت بىلەن كۈتۈۋالدى ۋە بارچۇق ئارت تېكىننىڭ ئۆزى ئۆلتۈرگەن خىتان نازارەتچىسىنىڭ بېشىنى ئېلىپ ئۆز ھوزۇرىغا كېلىشىنى تەلەپ قىلدى. بارچۇق ئارت تېكىن قالى بىلەن 1211 - يىلى كېرۇلۇن دەرياسى بويىغا بېرىپ چىڭگىزخان بىلەن مۇلاقات بولدى. چىڭگىزخان ئۇنىڭغا چەكتىن ئاشۇرۇپ ھۆرمەت بىلدۈردى. ئۇنى «بەشىنچى ئوغلۇم» دېدى. بارچۇق ئارت تېكىن باشقا شاھزادىلەر بىلەن ئاكا - ئۇكا بولۇشتى. چىڭگىزخان يەنە بارچۇق ئارت تېكىننىڭ تەلىپىگە ئاساسەن قىزى ئەلىكە ئالتۇن بېكەنى ئۇنىڭغا خوتۇنلۇققا بېرىشكە ماقۇل بولدى، بىراق، ئالتۇن بېكە شاھانە توي مۇراسىمىغىچە ياشىيالماي ئالەمدىن ئۆتتى. قالى سانغۇن ئەنە شۇ چاغدا بارچۇق ئارت تېكىنگە ھەمراھ بولۇپ كىرۇلۇن دەرياسى بويىغا بېرىپ چىڭگىزخان بىلەن كۆرۈشكەن، چىڭگىزخان ئەينى چاغدا ئۇنىڭغا تۇتۇقبەگ مەنسىۋىنى بەرگەن ئىدى. قوچو خانى چىڭگىزخاننىڭ غەربكە يۈرۈش قىلىشى، تاڭغۇت (غەربىي شىيا) خانلىقى، ئالتۇن خانلىقى (جىن سۇلالىسى)، سۇڭ سۇلالىسىنى، يوقىتىشى قاتارلىق يۈرۈشلىرىنىڭ ھەممىسىدە ئەسكەر چىقىرىپ ياردەم بەردى. چىڭگىزخان قالى سانغۇننىڭ بۇ جەڭلەردىكى باتۇرلۇقى ۋە ئەقىل - پاراسىتىنى، جەڭگە كىرسە نۇسرەت قازانماي قالمايدىغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنى ئىنتايىن يۇقىرى باھالىرى بىلەن ئۇنىڭغا «ھۇجۇمچى سانغۇن» دېگەن مەرتىۋىنى بەردى ھەم ئۇنى ئۆز قوماندانلىقى ئاستىدىكى بىر مۇسۇلمانلار قىسمىنىڭ سەردارلىقىغا تەيىنلىدى. قالى سانغۇننىڭ ئەۋلادلىرى كېيىنكى كۈنلەردە يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئىزچىل مەنسەپ تۇتۇپ كەلدى. قالى سانغۇننىڭ ئەۋلادى بولمىش قالى زامانىسىغا كەلگەندە، يەنى 1346 - يىلى قالى باش يەنجىڭ شەھىرىنىڭ باش[2] بۇغى بولۇپ تەيىنلەندى.

## 2. خونەن ئۇيغۇرلىرىنىڭ تاۋيۈەندە ئولتۇراقلىشىشى

خونەندىكى ئۇيغۇرلار تەڭرىتاغ ئېتەكلىرىدىن خونەنگە قانداق كېلىپ قالغان؟ 14 -

---

① ليۇزىشياۋنىڭ «ئۇيغۇر تارىخى» دا ئالىپ ئۇتۇق ۋە دارباي لار ئەلچى قىلىپ ئەۋەتىلگەنلىكى ئېيتىلغان.

② يەنجىڭ شەھىرى — ھازىرقى بېيجىڭ شەھىرى

ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە، يۈەن سۇلالىسى بارا ـ بارا ئاجىزلىشىپ، ئۇنىڭ ئورنىنى مىڭ سۇلالىسى ئىگىلەشكە باشلىدى. مىڭ سۇلالىسىنىڭ قورغۇچىسى جۇيۈەنجاڭ ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى بىر بۆلەك قەلەمدار ـ ئەلەمدارلاردىن پايدىلاندى. ئۇ «ياتلارنى ياتلارنىڭ قولى بىلەن بابلاش» سىياسىتىنى قوللىنىپ، يۈەن سۇلالىسىنىڭ قالدۇق كۈچلىرىنى يوقىتىش ۋە ئۆز زېمىنىنى كېڭەيتىش مەقسىتىدە قالى باشنى يېنىغا تارتىپ، ئۇنى داۋاملىق يەنجىڭ شەھىرىنىڭ باش بۇغى قىلىپ تەيىنلىدى. قالى باش مىڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا چاڭ يۈچۈن، لەن يۈي، لى ۋېنجۇڭ، شۈ دا، خۇدا خەي، فۇيۇدې، لەن يۇ قاتارلىق داڭلىق سەركەردىلەر بىلەن بىللە داتۇڭ، يەنجاڭ شەھەرلىرىنى[1] ھۇجۇم بىلەن ئېلىپ، يۈەن سۇلالىسى سەركەردىلىرىدىن تولىبەگ، گۇڭ شىڭ قاتارلىقلارنىڭ كاللىسىنى ئېلىپ، جۇيۈەنجاڭنىڭ يۈەن سۇلالىسىنىڭ قالدۇق كۈچلىرىنى يوقىتىپ، مىڭ سۇلالىسىنى ئوتتۇرلۇق قۇرۇپ چىقىشىدا زور خىزمەت كۆرسەتتى. جۇيۈەنجاڭ قالى باشنىڭ بۇ خىزمەتلىرىدىن سۆيۈنۈپ، 1371 ـ يىلى، يەنى جۇيۈەنجاڭ خانلىق تەختكە ئولتۇرۇپ 4 ـ يىلى (خۇڭۋۇنىڭ 4 ـ يىلى) ئۇنىڭغا تۆۋەن ئىقلىمنى تىنجىتىپ ئەلنى تېچلاندۇرغۇچى سانغۇن ئۇنۋانىنى بەردى. دۈشمەننى قايچا بىلەن قىرقىغاندەك يوقاتقانلىقى (بۇ مەنە خەنزۇچىدا 翦除 دېگەن ئىككى خەت بىلەن ئىپادىلىنىدۇ) ئۈچۈن، ئۇنىڭغا 翦 (جيەن) فامىلىسىنى ئىنئام قىلدى. خۇنەن ئۇيغۇرلىرىنىڭ «جيەن» فامىلىسى ئەنە شۇنىڭدىن كەلگەن. يەنە ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ بېقىۋالغان قىزى مەلىكە تۇ يېنى (吐妍) خوتۇنلۇققا بەردى، بۇ جۇگان شۇندىن تارتىپ «جۇ خانىم» نامى بىلەن ئاتالدى.

قالى باشنىڭ مەلىكە تۇ يېنى (ئەسلى دېگيۇنىڭ قىزى) خوتۇنلۇققا ئېلىشى توغرىسىدا مۇنداق رىۋايەت بار:

خۇنەندىكى ۋۇشى قەۋملىرى ۋە باشقا قەۋملەر ئىسيان كۆتۈرۈپ تىنجىمىغاندىن كېيىن جۇيۈەنجاڭنىڭ نەچچە قېتىملىق جازا يۈرۈشلىرى مەغلۇپ بولۇپ ھەرىمىدە غەم بېسىپ ئولتۇرغىنىدا، ماخاندىش كىرىپ:[2]

— ئالىيلىرىنىڭ كۆڭلى نېمىدىن غەمناك بولۇۋاتىدىكىن؟ ـ دەپ سوراپتۇ.

— ۋۇشى قەۋملىرىگە قارىتىلغان جازا يۈرۈشلىرىدە سەركەردە ـ لەشكەرلەر كۆپ تالاپەت يېدى. ئەمدى «ياتلارنى ياتلارنىڭ قولى بىلەن باپلاپ»، تۆۋەن ئىقلىمنى تىنجىتقۇچى سانغۇننى ئەۋەتەيمىكىن دەيمەن، نەتىجىسى قانداق بولاركىن! ـ دەپتۇ جۇيۈەنجاڭ.

خاندىش شۇئان دەپتۇ:

— ئالىيلىرى، «ياتلارنى ياتلارنىڭ قولى بىلەن باپلاش» دېگەننى قالى باش سانغۇنغا قوللانساق دۇرۇس بولماسمىكىن، ئۇ بۈيۈك مىڭ سۇلالىمىز ئۈچۈن كۆپ ھەرەج چەكتى. ئالىيلىرى ئىنئام بېرىپ ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئوتقىنى تۈزۈك.

— خاندىشنىڭ قانداق ئەپلىك چارىسى باركىن؟ ـ سوراپتۇ جۇيۈەنجاڭ.

— قالى باش يات قەۋمدىن بولسىمۇ، بىز جۇ فامىلىلىكلەرگە كۆپ ئەجرە ـ تۆھپە كۆرسەتتى، ـ دەپتۇ خاندىش جاۋابەن، ـ كەمىنە ئاجىزەلىرىنىڭ قارىشىچە، ئاسراندى قىزىمىز تۇيې مەلىكىنى ئۇنىڭغا ئىنئام قىلساق، بىرىنچىدىن، ئۇلارنىڭ كۆڭلى تىنىۋر ئىدى. ئىككىنچىدىن، ئۇنىڭ سۇلالىمىز ئۈچۈن ۋۇشى قەۋملىرىنى تىنجىتىشىغا ئىلھام بولۇر ئىدى. ھەقىقەتەن بىر چالمىدا ئىككى پاختەك سوققان بولۇر ئىدۇق.

جۇيۈەنجاڭغا بۇ گەپ ماقۇل كېلىپ، ئەتىسى قالى باشنى چاقىرتىپ، ئۇنىڭغا بۇ ئىشنى ئۇقتۇرۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ماخاندىشنىڭ باشچىلىقىدا تۇيې مەلىكىنى باش بۇغ مەھكىمىسىگە ئاپىرىپ قويۇپتۇ، ئېتىنى جۇخانىم دەپ ئۆزگەرتىپتۇ.

يەنە قالى باشقا «جيەن» فامىلىسىنىڭ ئىنئام قىلىنىشى توغرىسىدا مۇنداق رىۋايەت بار:

بىر كۈنى جۇيۈەنجاڭ ماخاندىش بىلەن بىللە قالى باش ۋە ئۇنىڭ خوتۇنلىرى ۋاڭ

---

[1] داتۇڭ، يەنجاڭ — مەنشىننىڭ شىمالىي قىسمىدىكى شەھەرلەر.

[2] خاندىش ـ خان + ئەش، ئەش ـ ھەمراھ دېمەكتۇر، خاندىش ـ خاننىڭ ھەمراھى دېمەكتۇر. ھازىر بۇ سۆز «خانىش» دېيىلىۋاتىدۇ. مېنىڭچە، ئۇنى «خاندىش» دەپ ئۆزگەرتىش كېرەك.

خانىم، تۆپە مەلىكىلەرنى ھەرىمىگە چاقىرتىپتۇ، شاھزادىلەرنىڭ ئۇستازى سۇڭ ليەنمۇ پادىشاھقا ھەمراھ ئىكەن.

— قالى باش سانغۇن، - دەپتۇ پادىشاھ، - سىز مېنىڭ ئورنۇمدا چاڭجىياڭنىڭ جەنۇبىغا كۆپ قېتىم لەشكەر تارتىپ، ئىسيانلارنى بېسىقتۇرۇپ، سۇلالىمىز ئۈچۈن كۆپ خىزمەتلەرنى كۆرسەتتىڭىز، مەن سىزگە بىر فامىلە ئىنئام قىلسام قانداق؟

خانەش سۆز ئېلىپ دەپتۇ:

— مېنىڭچە، ئۇنىڭ ئېتى ئېيتىماققىمۇ قولايسىز ئىكەن، ئۇ بۈيۈك مىڭ سۇلالىمىز ئۈچۈن چاڭجىياڭنىڭ جەنۇبىغا كۆپ قېتىم جازا يۈرۈشى قىلىپ، «ئاسىي ئىسيانچىلار»نى يوقىتىپ (بۇ سۆز خەنزۇچىدا 薊除叛贩 دېيىلىدۇ) كۆپ ئەجىر سىڭدۈردى. ئالىيلىرى ئۇنىڭغا قانداق فامىلە ئىنئام قىلىشنى ئويلىشىۋاتىدىكىن؟

پادىشاھ سۇڭ ليەنگە قاراپ دەپتۇ:

— سىزنىڭ قەلەمدىمۇ، ئەلەمدىمۇ بىلىمىڭىز چوڭقۇر، مېنىڭ ئورنۇمدا سىز ئويلىنىپ كۆرسىڭىز. سۇڭ ليەن قولىدىكى چوكىسىنى قويۇپ ساقىلىنى سىلىغاچ دەپتۇ:

— قالى باش سانغۇن، سىزنىڭ 18 خىل قورالنى ئىشلىتىش ھۈنىرىڭىز كامالەتكە يېتىپتۇ، ئەقىل - پاراسىتىڭىزنىغۇ گەپ كەتمەيدۇ، سىزنى «غالىپ باشى سەركەردە» دېسە بولغۇدەك.

— نەدىكىنى، - دەپتۇ قالى باش، - قىلىچ، ئۇزۇن نەيزە ۋە يالمانلىق نەيزىلەرنى غەربىي يۇرتلۇقلار بىرلا قوشۇپ ئۇزۇن قوراللار دەيدۇ. شۇڭا، مېنى 15 خىل قورالنى ئىشلىتىشتە گۇمپىسى بار دېسىلا بولىدۇ.

- ھە، مۇنداقكەن - دە! - دەپتۇ سۇڭ ليەن ئۇيان - بۇيان مېڭىپ، - 15 خىل قورال، 15 سىزىق، 15 تال. . . ئالىيلىرى! - دەپتۇ ئۇ تۇساتتىن، - بايا قالى باش سانغۇن 15 خىل قورالدا گۇمپام بار دېدى. خانەشمۇ ئۇنى (薊除叛贩) (ئاسىي ئىسيانچىلارنى يوقاتتى) دەپ ماختىدى، مېنىڭچە، مۇشۇ 薊除 دىكى 薊 (جيەن) خېتىنى فامىلە قىلساق مۇۋاپىق بولغۇدەك.

— بۇ 薊 (جيەن) ھەر بىر سىزىقى بىر دىن 15 سىزىقى 15 خىل گۇمپىنى دەل كۆرسەتكىدەك، خوپ ياخشى بولۇر! - دەپتۇ جۇيۈەنجاڭ.

شۇنىڭ بىلەن قالى باشنىڭ فامىلىسى «جيەن» بولۇپتۇ، ئۇنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرىنىڭ فامىلىسىمۇ «جيەن» بولۇپتۇ.

بۇيەردە قىستۇرۇپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك بىر نۇقتا بار: «جيەن» فامىلىسى گەرچە 1371 - يىلى ئىنئام قىلىنغان بولسىمۇ، بۇ فامىلە خۇنەن ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا چاڭلى، چاڭدې ھەققانىيەتنى قوغدىغۇچى پانساد مەنسىپىگە تەيىنلەنگەندىن كېيىن، يەنى 1400 - يىللىرىنىڭ باشلىرىدا بارا - بارا ئومۇملىشىشقا باشلاپ، نۇرغۇن ئۇيغۇرلار فامىلىسىنى «جيەن»گە ئۆزگەرتكەن.

جۇيۈەنجاڭنىڭ «يۇمشاق ۋاستە بىلەن بېقىندۇرۇش سىياسىتى» قالى باشتا ئىنتايىن گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ. ئۇ بىرىياقتىن قالى باشنىڭ كۆرسەتكەن خىزمەتلىرىنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەي ماختىسا، يەنە بىرىياقتىن ئۇنىڭ موڭغۇل ھۆكۈمرانلىرى بىلەن ئاستىرتىن گېپىنى بىر قىلىپ ئۆزىگە قارشى چىقىشىدىن ئەنسىرەيتتى. شۇڭا، جۇيۈەنجاڭ قالى باشنى بېيجىڭدىن يىراقلاشتۇرۇپ ئۇنىڭ موڭغۇللار بىلەن بولغان تارىخىي ئالاقىسىنى ئۈزۈپ تاشلاپ ئۆزىنىڭ «ياتلارنى ياتلارنىڭ قولى بىلەن باپلاش» تىن ئىبارەت يۇمشاق ۋاستە بىلەن بېقىندۇرۇش سىياسىتىنى تېخىمۇ ئوڭۇشلۇق ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ئۇنى 1372 - يىلى چاڭ جياڭنىڭ جەنۇبىغا ماڭدۇرۇۋەتتى، يەنى ئۇنى جىڭجۇ - شياڭجۇ تۇتۇق مەھكىمىسىنىڭ تۇتۇق بەگلىكىگە تەيىنلەپ، چېنجۇ - چاڭدې ئەتراپىنىڭ ئامانلىقىنى ساقلاشقا قويدى. ئۇنىڭغا خۇبېي، خۇنەن، گۇاڭدۇڭ، گۇاڭشى، يۈننەن، گۈيجۇلار قارايتتى. قالى باش ئوردا چاڭجىياڭنىڭ جەنۇبىدىكى رايونلارنى باشقۇرۇشقا ئەۋەتكەن ئەڭ يۇقىرى ھەربىي ئەمەلدار ئىدى. شۇ سەۋەبتىن، قالى باش خۇنەن ئۇيغۇرلىرىنىڭ دەسلەپكى ئاتىسى ھېسابلىنىدۇ. قالى باش چېنجۇ - چاڭدې ۋە يۈننەن - گۈيجۇ رايونلىرىدا نۇرغۇن قېتىم خىزمەت كۆرسەتتى، «تاۋيۈەن ناھىيىسىنىڭ تەزكىرىسى» دە مۇنداق خاتىرىلەنگەن:

«چېنجۇدىكى سىششىبادۇڭ ھەم جيۇشۇۋي، جيۇدۇ، شۈيپىڭ، سەنماۋ، لۇشى قاتارلىق جايلاردىكى قەۋملەر ئۇدا ئىسيان كۆتۈرۈپ، ئەتراپتىكى ۋىلايەتلەرگە باستۇرۇپ

كىردى. قالى باش يارلىق بويىچە ئۇلارغا قارشى جازا يۈرۈش قىلدى ۋە سىشىبا دۆڭنى تىنجىتتى، كېيىن يەنە تۇڭگۇ، ئۇ كەي، زاۋدى، تىڭلاڭ، دۇمۇ، خۇڭجۇ، گوجۇ قاتارلىق جايلارنى تىنجىتتى. خۇڭۋۇنىڭ 14 - يىلى 5 - ئايدا (1381 - يىلى) ۋۇشى قەۋملىرى ئىسيان كۆتۈردى. قالى باش يەنە يارلىققا بىنائەن جازا يۈرۈش قىلدى، ئىسيان كۆتۈرگەن قەۋملەر 翦 (جيەن) بەلگىلىك تۇغ - ئەلەملەرنى كۆرگەن ھامان چاشقان تۆشۈكى ساراي بولۇپ تەرەپ - تەرەپكە پىتراپ كەتتى. شۇندىن ئېتىۋارەن ھەرقايسى قەۋملەر تىنجىپ ۋۇشىدا ئەمىنلىك ئورنىدى. خۇڭۋۇنىڭ 16 - يىلى (1383 - يىلى) قالى باشنىڭ خەگلەردە كۆرسەتكەن خىزمەتلىرى ئۈچۈن، جۇيۇەنجاڭ ئۇنىڭغا ۋەلىئەھدىنىڭ ئۇستازى، كېگەش بېگى قاتارلىق مەنسەپلەرنى بەردى. خۇڭۋۇنىڭ 21 - يىلى (1388 - يىلى) قالى باش لەشكىرى ھەرىكەت جەريانىدا چېگرىدا قازا تاپتى، جەسىتى يارلىق بويىچە چاڭدې شەھىرىنىڭ شەرقىي قوۋۇقىنىڭ سىرتىدىكى خۇاڭلۇڭگاڭغا قويۇلدى. غەربىي رايون ئۇيغۇرلىرىنىڭ جۇملىدىن ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىنىڭ خۇنەندە ئولتۇراقلىشىپ قېلىشى 1388 - يىلىدىن باشلىنىدۇ.

قالى باش ئۆلگەندىن كېيىن، جۇيۇەنجاڭ تولىمۇ قايغۇردى ۋە ئۇنىڭ خاتىرىسى ئۈچۈن تاۋيۈەن ناھىيە بازىرىدىن 40 چاقىرىم شەرقىدىكى شىنشىڭ يېزىنىڭ خۇچۇن كەنتىگە «پازىللار راۋىقى»، بېيلۇگاڭغا «سادىق باتۇرلار قەسرى»، فېڭشۇ ئېغىزىنىڭ 550 ماڭدام غەربىگە «تۆۋەن ئىقلىمنى تىنجىتىش تىلاۋەت سارىيى» قاتارلىقلارنى سالدۇردى. جۇيۇەنجاڭ ئۆز قولى بىلەن يازغان «تۆۋەن ئىقلىمنى زىلزىلىگە سالغۇچى» ( 威震南方 ) دېگەن خەتلەر ئويۇلغان ئالتۇن ھەل بېرىلگەن تاختىنى «تۆۋەن ئىقلىمنى تىنجىتقۇچىلار زالى»غا قويدى (بۇ قۇرۇلۇشلارنىڭ ھەممىسى فېڭشۇ ئۇيغۇر - خۇيزۇ مىللىي يېزىقى تەۋەسىدە). بۇ تاختىنىڭ ئوڭ تەرەپ يۇقىرىسىغا «بۈيۈك مىڭ سۇلالىسىنىڭ تۆۋەن ئىقلىمنى تىنجىتىپ ئەلنى تېچلاندۇرغۇچى سانغۇنى قالى باش» دېگەن خەتلەر، سول تەرەپ تۆۋىنىگە «خۇڭۋۇنىڭ 22 - يىلى كۈز» دېگەن سۆزدىن بۇ تاختىنىڭ قالى باش ئۆلۈپ 2 - يىلى، يەنى خەتلەر چۈشۈرۈلگەن «خۇڭۋۇنىڭ 22-يىلى» 1389 - يىلى ئورنىتىلغانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ. خالي باشنىڭ ئوغلى بايقۇ (Bayku) كىچىكىدىنلا قورال-ياراققا ھېرىسمەن ئىدى. چوڭ بولغاندىن كېيىن ئاتىسىغا ئەگىشىپ كۆپ قېتىم لەشكىرى يۈرۈشكە قاتناشقان، 1381- يىلى پايتەختتە ئۆتكۈزۈلگەن قورال ئىشلىتىش ماھارىتى مۇسابىقىسىدە ھەممىنى بېسىپ چۈشكىنى ئۈچۈن، جۇيۇەنجاڭ ئۇنىڭغا قورال ماھارىتىدە ئەلىيۇل ئەلا ئۇنۋانىنى بەرگەن ۋە جىڭجۇ - شياڭجۇ تۇتۇق مەھكىمىسىنىڭ باش بوغىي قىلىپ تەيىنلىگەن. 1385 - يىلى 4 - ئايدا يارلىق بويىچە ئۇكەي، زاۋدىلارغا جازا يۈرۈش قىلىپ ئۇ يەرلەرنى تىنجىتقانىدى. قالى باش ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇ ئاتىسىنىڭ ئورنىغا جىڭجۇ - شياڭجۇ تۇتۇق مەھكىمىسىنىڭ تۇتۇق بەگلىكىگە تەيىنلەندى ۋە 1389 - يىلى يەنە يارلىق بويىچە مۇيىڭ قاتارلىق سانغۇنلار بىلەن بىللە، يۈننەن - گۈيجۇلارغا جازا يۈرۈش قىلىپ، ئارقا - ئارقىدىن نۇسرەت قازاندى. جۇيۇەنجاڭ ئۇنىڭ جەڭ نەتىجىلىرىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا چېگرىنى تىنچلاندۇرغۇچى سانغۇن، ۋەلىئەھد ئۇستازى، كېگەش بېگى قاتارلىق مەنسەپلەرنى بەردى. 1392 - يىلى يۈننەندىكى ئىسيانچىلارنى تىنجىتىپ زەپەر بىلەن قايتىۋاتقىنىدا بۆكتۈرمىگە ئۇچراپ، مۇيىڭ بىلەن بىللە قازا قىلدى، مۇيىڭنىڭ ئوغلى مۇچۇن يۈننەننى ساقلاپ قالدى. بايقۇنىڭ جەسىتى يارلىق بويىچە چاڭدېغا يۆتكەپ كېلىنىپ، خۇاڭلۇڭگاڭدىكى ئاتىسىنىڭ يېنىغا دەپنە قىلىندى.

بايقۇ ئۆلگەندىن كېيىن، مىڭ سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىرى ئاتا - بالا ئىككىسىنى «دۆلەتنى تېچلاندۇرۇپ ئەلدە ئاسايىشلىق ئورنىتىشتا تۆھپىسى بار» دەپ ئەنگە ئالدى. يەنە ئاتا - بالا ئىككىلىسى يىراق چېگرا رايوندا لەشكىرى ھەرىكەت جەريانىدا قازا تاپقىنىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئۇلارنىڭ كېيىنكى بالا ۋاقىلىرى چاڭدې ھەققانىيەتنى قوغدىغۇچى پانساد بولۇشى، «جيەن» بەلگىلىك بارگاھتىكىلەرنىڭ چاڭدې - چېنجۇ - شاپتۇللۇق (تاۋيۈەن) رايونىدا بوز يەر ئېچىپ ئولتۇراقلىشىشى، ۋۇلىڭنى قوغدىشى توغرىسىدا پەرمان چۈشۈردى.

بايقۇنىڭ چاڭپۇ، چاڭلى دەپ ئىككى ئوغلى بار ئىدى. بايقۇ ئۆلگەندىن كېيىن، چوڭ ئوغلى چاڭپۇ ئاتىسىنىڭ چاڭدې ھەققانىيەتنى قوغدىغۇچى پانساد ئۇنۋانىغا ۋارىسلىق قىلىشى كېرەك ئىدى. لېكىن، مەنسەپ تۇتۇشتىن پۇقرا بولۇشنى ئەۋزەل كۆرۈپ، مەنسەپنى تاشلاپ تۇرپانغا قايتتى ۋە لوپنۇرغا بېرىپ ئولتۇراقلىشىپ قالدى. قالى باش بىلەن بىللە شاپتوللۇققا كەلگەن ئورۇنباسار سانغۇنلارنىڭ بەزىلىرىمۇ خوتۇن - بالىلىرىنى ئېلىپ، ئادەملىرىنى باشلاپ تۇرپانغا قايتتى. بايقۇنىڭ كەنجى ئوغلى چاڭلى چاڭدې، تاۋ يۈەنىنىڭ ئاب - ھاۋاسىنى ياقتۇرۇپ قالغاچقا، شۇيەردە ماكانلىشىپ قالدى. چاڭلىنىڭ مەنسۇۋى ئەسلى باش بۇغ ئىدى. ئاكىسى تۇرپانغا قايتىپ كەتكەندىن كېيىن 1404 - يىلى پادىشاھ ئۇنى چاڭدې ھەققانىيەتنى قوغدىغۇچى پانساد ۋە كېڭەش بېگى قىلىپ تەيىنلىدى. 30 گېكتار يەر بەردى. مادىچېڭ. ۋاڭ چىچيەن، شۇ شۇرېن، لى ۋۇ شىلىيۇ، خۇاڭ يۇدې، گۇجىدا، لى گۇڭماۋ، ليۇ شاڭيى قاتارلىق سەككىز سانغۇننى ياردەمچى سانغۇن قىلىپ بەردى. ئۇنىڭدىن باشقا، لەشكىرىي تەمىنات ئۈچۈن يەنە 720 مو يەر ئاجرىتىپ بەردى.

چاڭلىنىڭ ئىككى ئوغلى بولغان، چوڭىنىڭ ئېتى يۈەندى، كەنجىسىنىڭ دىڭدى. يۈەندىنىڭ چوڭ ئوغلى جيەن چېڭ جيەن چېڭنىڭ چوڭ ئوغلى جيەن شياڭ (翦祥) جيەن شياڭنىڭ چوڭ ئوغلى جيەن دىڭ، بۇلارنىڭ ھەممىسى چاڭدې ھەققانىيەتنى قوغدىغۇچى پانساد بولدى. جيەن دىڭنىڭ چوڭ ئوغلى جيەن شياڭ (翦相) دىن ئېتىۋارەن لەشكىرى مەنسەبنى تاشلاپ، مەمۇرىي ۋەزىپە ئۆتەشكە باشلىدى. 1467 - يىلى ۋۇلىن ئايمىقىنىڭ ئامبىرى ئوغرىلاندى. پانساد جيەن شياڭ مىڭبېشى خې لىڭگۇاڭ بىلەن قوغدىغۇچىلارنى باشلاپ كېچىلەپ ئوغرىلارنى قوغلاپ ماڭدى، دېشەن تېغىدىكى قويۇق ئالىلىققا يېتىپ بارغاندا، ئوغرىلارنىڭ بىرىمۇ قالماي قېچىپ كەتتى، مىڭبېشىغا ئوق تېگىپ ئۆلدى. پادىشاھ جيەن شياڭغا چەكلىك مۆھلەت ئىچىدە ئوغرىلارنى تورغا چۈشۈرۈش توغرىسىدا پەرمان بەردى. مۆھلەت توشقاندا ئوغرىلار تۇتۇلمىدى، شۇنىڭ بىلەن 1469 - يىلى جيەن شياڭنىڭ ئەمىلى چاڭدې سول قانات مىڭبېگى قىلىپ چۈشۈرۈۋېتىلدى. كېيىن جيەن شياڭنىڭ چوڭ ئوغلى يىڭچاۋ، يىڭچاۋنىڭ چوڭ ئوغلى جيەن رۇڭ، جيەن رۇڭنىڭ چوڭ ئوغلى چۇڭدې (يەنى شاپتوللۇق ئۇيغۇرلىرىنىڭ 11 - ئەۋلادى) چاڭدې سول قانات مىڭبېگى مەنسۇۋىگە ۋارىسلىق قىلدى. چۇڭدېدىن كېيىنكىلىرى ئۇنۋان - مەنسەپتىن، لەشكەردىن مائاشلىق يېرى ۋە تۇرمۇش تەمىنات يېرىدىن ئايرىلىپ، دېھقانچىلىققا تايىنىپ، ھەقىقىي پۇقرا بولۇپ ياشىدى.

ئۇلارنىڭ جاپالىق كۈنلىرى باشلاندى. ھازىرغىچە 600 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت، 27 ئەۋلاد ئۆتتى، ئۇيغۇرلارنىڭ سانى 8 مىڭدىن ئاشتى.

**3. خۇنەن ئۇيغۇرلىرىنىڭ جاپالىق كۈنلىرى**

قوچۇلۇق باش سەركەردە قالى تۇتۇق بېگى بولۇپ 13 - ئەسىرنىڭ بېشىدا خىتانلار ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى چىقىپ، موڭغۇللار بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ ۋە بىر موسۇلمانلار قوشۇنىغا باش بولۇپ ئۇرۇش قىلىپ ئىچكى ئۆلكىلەرگە كىردى، بۇ خۇنەن ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئەجدادلىرى تۇنجى قېتىم چېگرا رايونىدىن ئىچكى ئۆلكىلەرگە كىرىشى ھېسابلىنىدۇ. مىڭ سۇلالىسىنىڭ باشلىرىدا قالىنىڭ ئەۋلادى قالى باش ۋە ئۇنىڭ ئوغلى بايقۇ خۇبېي، خۇنەن، گۇاڭدۇڭ، گۇاڭشى، يۈننەن، گۇيجۇلاردا ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىسيانلىرىنى باستۇرۇپ جەڭدە ئۆلدى، جەسىتى چاڭدېغا قويۇلدى، ئەۋلادلىرى مەنسەپكە ۋارىسلىق قىلىپ، چاڭدې - تاۋ يۈەنلەردە لەشكەر تۇرغۇزدى. بۇ خۇنەندىكى ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئەجدادلىرى يەنە بىر قېتىم جۇڭگونىڭ شىمالىدىن جاڭجياڭنىڭ جەنۇبىغا كۆچۈشى ھېسابلىنىدۇ.

خۇنەندىكى ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىنىڭ 11 - ئەۋلادى بولغان چۇڭدېدىن كېيىن ئۇنۋان مەنسەپتىن ئايرىلىپ ئاددى پۇقرا بولغاندىن كېيىن، سانى ئاز، تۇرمۇش ئادىتى، دىنىي ئېتىقادى، مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشى، تىلى ئوخشىمىغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە جەنۇبتىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىسيانلىرىنى كۆپ قېتىم باستۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئۆچمەنلىكىنى قوزغاپ قويغانلىقى ئۈچۈن ناھايىتى زور مۈشكۈلاتلارغا يولۇقتى. بىرى، ئۇلار يولۇققان

ئەڭ زور مۇشكۇلات يېمەك - كىيمەك قىينچىلىقى بولدى. ئەسىرلەردىن بېرى جەڭ قىلىپ، لەشكىرىي تەمىنات يەپ كەلگەن ئۇيغۇرلار يەر تېرىشنى ئۇنتۇغان ئىدى. تېرىشقا يېرىمۇ يوق ئىدى. ئۇلار بىكار ياتقان سازلىقلارنى تۈزلەپ، چۆل - قىياقلىقلارنى بىنەم قىلىپ يەر ئاچتى، ئويمانلىقلارنى بېلىق كۆلچىكى قىلدى، يەر تېرىشنى ئەتراپىدىكى دېھقانلاردىن ئۆگەندى، ئۇلار بىرىدىن ئوتىغۇچ ئۆتنە ئالسا، بىرىدىن گۈرجەك ئارىيەت ئېلىپ سايمان مەسىلىسىنى ھەل قىلدى. ساپانغا قوشۇشقا ئۇلىغى بولمىسا، يەرنى چاغلاپ بوشاتتى، ئۇرەن تاپالمىسا جازانىخورلاردىن جازانە ئېلىپ ئۇرەن سېتىۋالدى. بىر نەچچە يىل ئەنە شۇنداق جاپالىق تىرىشىپ، ئاخىرى تۇرمۇشنى قامداپ، پۇت دەسسەپ تۇرغىدەك مادارغا ئىگە بولدى.

بىرى، ئۇيغۇرلارنىڭ تىل - يېزىقى، دىنى، مىجەزى - خۇلقى، ئادىتى ئوخشىمىغاچقا، پۇقرا بولغاندىن كېيىن سىياسىي جەھەتتىن ئىزچىل كەمسىتىلىدىغان ئەڭ تۆۋەن قاتلامدىكى مىللەت بولۇپ قالدى. بۇ مۇنداق ئۈچ جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ: بىرىنچىدىن، دىنىي كەمسىتىشكە ئۇچرىدى. فېئوداللىق جەمئىيەتتىكى ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلار ئىسلام دىنىنى كەمسىتىش، چەكلەش سىياسىتىنى قوللىنىپ كەلگەنلىكتىن، ئۇيغۇرلارنىڭ دىنىي پائالىيەتلىرى توسقۇنلۇققا، مىللىي ھېسسىياتى بېسىمغا ئۇچرىدى. مەسىلەن، 1910 - يىلىنىڭ ئالدى - كەينىدە تاۋ يۈەن ناھىيىسىدىكى نەنيۈي مەسچىتى ئىككى قېتىم پېچەتلەنگەن، چېڭگۇەن بازىرىدىكى مەسچىت ئاشلىق ئامبىرى قىلىۋېلىنغان. 1920 - يىلى جيەنجياگاڭ مەسچىتىدىكى جيەن شياڭ ئاخۇن مەسچىت ئالدىدا چوشقا گۆشى پىشۇرۇشقا قارشى تۇرغىنى ئۈچۈن دۇمبالانغان. 1945 - يىلى گومىنداڭ تاۋ يۈەن ناھىيىلىك داڭبۇ (پىرقىسى) ھەر قېتىملىق نامازدىكى كىشى سانى 3 تىن ئاشماسلىقى كېرەك. نامازدا ئايەت ئوقۇشقىلا بولىدۇ، ۋەز ئېيتىشقا بولمايدۇ دەپ ئۇقتۇرۇش تارقاتقان. تاۋ يۈەن ناھىيىسىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ مەخسۇس ھاقارەت نامى بولۇپ، ئۇلار «مۇسۇلمان تومپايلار» ( 教门佬儿 ) «ياۋايىلار» ( 蛮子 ) دېگەن ئاھانەت نامىلىرى بىلەن ئاتىلاتتى. ئۇلارنىڭ ناماز ئوقۇشىنى «ئەبلەخلەرنىڭ ئەپسۇن ئوقۇشى» ( 王八念咒 ) دەپ كەمسىتەتتى. ئىككىنچىدىن، جىسمانىي ئەركىنلىكى بولمىدى. ئۇلار ھەمىشە ئېغىر ھاشار ئەمگەكلىرى ۋە چېرىكلىكككە تۇتۇلاتتى. داۋگۇاڭ يىللىرىدا (1821 - 1850 - يىللار) يۈەنچۈەن مۇنارىنى ياساش ئۈچۈن ھاشارغا تۇتۇلغانلارنىڭ يېرىمىدىن كۆپى ئۇيغۇر ئىدى. 1935 - يىلى تاۋيۈەندە قىيان ئاپىتى يۈز بەرگەندە، ئەپكەش كۆتۈرۈش ئۈچۈن تۇتۇلغانلارنىڭ مۇتلەق كۆپى ئۇيغۇر ياشلىرى ئىدى. بۇ جەرياندا ئۈچ ئۇيغۇر سۇدا ئېقىپ ئۆلگەن. خاتىرىلەرگە قارىغاندا، 1944 - يىلى تاۋيۈەن ناھىيىسىدە ئەر - ئايال چوڭ - كىچىك 2611 ئۇيغۇر بولۇپ، شۇ يىلى بۇلاردىن 89 ياش ئەسكەرلىككە تۇتۇلغان ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەت ئۇيغۇرلاردىن «بىرنى كۆرسە بىرنى تۇتۇش» تەك تېررورلۇق سىياسەت يۈرگۈزگەنلىكتىن نۇرغۇن ئۇيغۇر ئائىلىرى تۈزۈپ كەتكەن. نۇرغۇن ئۇيغۇرلار ئەسكەرلىككە تۇتۇلۇشتىن قېچىپ، بارماقلىرىنى كېسىپ مېيىپ بولۇۋالغان. ئېسىلىپ، سۇغا سەكرەپ ئۆلۈۋالغان. 1947 - يىلى تاۋيۈەن ناھىيىسىنىڭ خېيخۇ كەنتىدىكى 35 ياشتىن تۆۋەن ياشلاردىن 18 كىشى ئەسكەرلىككە تۇتۇلۇشتىن قېچىپ بارماقلىرىنى كېسىۋالغان. 3 كىشى ئېسىلىپ، 2 كىشى سۇغا سەكرەپ ئۆلۈۋالغان، 5 كىشى سىرتقا قېچىپ كەتكەن. بۇلاردىن بىرى خەنزۇ، بەشى خۇيزۇ، 22 نەپىرى ئۇيغۇر ئىدى. ئۈچىنچىدىن، مىللىي ماجىرالاردا قىرىلدى. 1944 - يىلى ئەتىيازدا ماجيابىڭدىكى مىللىي توقۇنۇشتا (بىر تەرەپ ئۇيغۇر) 13 ئۇيغۇر ئۆلگەن. 1948 - يىلى زۇشىدىكى مىللىي توقۇنۇشتا ئۇيغۇرلار ئاز بولغىنى ئۈچۈن 3 كىشى ئۆلگەن. تارىخىي پاكىتلار كۆرسىتىدۇكى، كونا جەمئىيەتتە تاۋ يۈەن ئۇيغۇرلىرىنىڭ جىسمانىي ۋە دىنىي ئەركىنلىكى يوق ئىدى. ئۈچ چوڭ تاغنىڭ ۋە مىللىي كەمسىتىشنىڭ بېسىمى ئاستىدا ياشايتتى.

يەنە بىرى، تاۋيۈەن ئۇيغۇرلىرى سىرتتىن كەلگەچكە، يېرى ئاز ياكى يوق بولۇپ، يەرلىك پومېشچىكلاردىن يەر ئىجارە ئېلىپ ياكى جازانىخورلاردىن جازانە ئېلىپ جېنىنى ساقلايتتى. ئاپەت يىللىرى يۇرت - ماكانلىرىنى تاشلاپ كېتىشكە ياكى خوتۇن - باللىرىنى

سىتىشقا مەجبۇر بولاتتى. 1935 - يىلى تاۋيۈەندە زور قىيان ئاپىتى بولغاندا، خېيخۇ كەنتىدىن 67، خۇچۇن كەنتىدىن 71، مىڭيۇ كەنتىدىن 35، يۈيسۇن كەنتىدىن 42 ئۇيغۇر تىلەمچىلىك قىلىپ سىرتقا چىقىپ كەتكەن. 13 ئۇيغۇر خوتۇننى، 20 ئۇيغۇر نارەسىدە بالىلىرىنى ساتقان.

كونا جەمئىيەتتە تاۋ يۈەن ئۇيغۇرلىرى غايەت نامرات بولۇپ، يىل بويى كۈچىنى سىتىپ تۇرمۇشىنى قامدايتتى. 1948 - يىلى جيەنجياگاڭدىكى 234 ئائىلىلىك ئۇيغۇردىن 158 كىشى پومېشچىكلارغا يىللىقچى بولغان، 1945 - يىلى قەھەتچىلىك بولغاندا، فېڭشۇ يېزىسى جيەنجياچياۋدىكى 12 ئۆيلۈك ئۇيغۇردىن 16 بالا سېتىلغان، ئازادلىقنىڭ دەسلىپىدە تاۋيۈەندە 907 ئۆيلۈك ئۇيغۇردىن 127 ئۆيلۈكى كامىشلىق ئۆيدە، 386 ئۆيلۈكى پاخال ئۆيلەردە، نەچچە ئەۋلاد قىستىلىشىپ ئۆتەتتى. قالغان 400 گە يېقىن ئۆيلۈكنىڭ ئۆيى يوق بولۇپ، كونا بۇتخانا، مەسچىتلەردە تۈنەيتتى. 1949 - يىلى مىڭيۈ كەنتىدە 50 ياشتىن تۆۋەن 170 نەچچە ئەردىن 66 ئەر 35 ياشقىچە، 19 ئەر 45 ياشقىچە خوتۇن ئالالمىغان، دېمەك، ئەرلەرنىڭ يېرىمى بويتاق ئۆتكەن.

4. خۇنەن ئۇيغۇرلىرىنىڭ تاجاۋۇز-چىلارغا قارشى تۇرۇشى ۋە ئەركىنلىككە تەلپۈنۈشى

1840 - يىلى 6 - ئايدا ئەنگلىيە ئەپيۇن ئۇرۇشى قوزغىغاندا، خۇگۇاڭ تۇتۇق مەھكىمىسى ئوتتۇرا بارگاھ باش بوغى ئۇيغۇر جيەن رۇيەن خۇمىننى قوغداۋاتاتتى، بۇ چاغدا ئۇ خۇمىن ئىستىھكامىنىڭ ئۇرۇنباسار قوماندانى بولۇپ، ئەنگلىيە ئارمىيىسى خۇمىننى قورشىۋالغاندا، ئۇ جەڭچىلەرنى باشلاپ، 17 كېچە - كۈندۈز قان كېچىپ، جەڭ قىلىپ، دۈشمەننىڭ نەچچە ئون قېتىملىق ھۇجۇمىنى چېكىندۈردى. ئۇ ئىستىھكامدا تىك تۇرۇپ جەڭچىلەرگە «مەن جيەن رۇيەن بىر كۈن تىرىك بولىدىكەنمەن ئۇلار بىر قەدەم ئىلگىرلەيمىز دەپ خام خىيال قىلىشمىسۇن!» دەپ ئىلھام بەردى. ئەينى چاغدا 60 ياشتىن ئاشقان بۇ مەرت، جەسۇر سەركەردە ئەنە شۇنداق باتۇرلۇق بىلەن جەڭ قىلىپ تۇرۇپ جەڭگاھتا يېقىلدى. جيەن رۇيەننىڭ قەيسەرانە روھىدىن تەسىرلەنگەن نەنلىڭ ناھىيىسىنىڭ ئاھبىلى

جيەن سىنشۇ ئەنگلىيىنىڭ نۇرغۇن ئەپيۇننى كۆيدۈرۈۋەتتى ھەم خې بياۋ، لوباۋدې، فېي گۇپى قاتارلىق ئەپيۇن ئەتكەسچىلىرىنىڭ كاللىسىنى ئېلىپ، خەلق ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپە قالدۇردى.

1937 - يىلى ياپونلار جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەندە، داڭلىق تارىخشۇناس جيەن بوزەن بېيجىڭگە، چاڭدې 1 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى جيەن ۋەنمىڭ تيەنجىنگە بېرىپ، ياپونغا قارشى بىرلىكسەپكە قاتناشتى. 1939 - يىلى 10 - ئايدا تاۋيۈەندىكى ئۇيغۇر - خۇيزۇلار «جۇڭگو مۇسۇلمانلار ۋەتەن قۇتقۇزۇش ئۇيۇشمىسى چاڭدې شۆبىسى» نى قۇردى، ئۇيغۇر ئىمام - ئاخۇن جيەن ۋەنكۈي ئۇيۇشما رەئىسى بولدى، ئۇلار قىسقا ۋاقىت ئىچىدە خەلقنى ئۇيغىتىشتا نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. 1945 - يىلى 10 چە ياپون ئەسكىرى جيەنجياڭياۋ كەنتىگە كىردى، ئۇلار ئەلپازىدىن خەلقنى ئوقۇقا تۇتىدىغاندەك قىلاتتى. بۇ چاغدا ئۇيغۇر يىگىتلىرى جيەن ۋەنبى، جيەن ۋەنچىڭ قاتارلىقلار ئۆز ماللىتىدىن بولغان چامباشچىلىق ھۈنىرى بار جيەن خېڭيۈەن، جيەن زۇ شۇ قاتارلىقلارنى باشلاپ كەلدى. ئۇلار ئەمدىلا ئوق چىقارماقچى بولۇپ تۇرغان ياپونلارغا تاياق - توقماقلارنى كۆتۈرگىنىچە ئېتىلىپ بېرىپ ھەش - پەش دېگۈچە 7- 8 نى ئۇرۇپ يىقىتىۋەتتى، 2- 3 ياپون قىيا - چىيا قىلىشقىنىچە قېچىپ كەتتى. بۇ ۋەقە چاڭدې تاۋ يۈەنلەردە ھازىرغىچە ھېكايە بولۇپ، ئېغىزدىن ئېغىزغا كۆچۈپ يۈرمەكتە.

1950 - يىلى ئامېرىكا چاۋشيەنگە تاجاۋۇز قىلغاندا، قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا تاۋيۈەندىن 100 گە يېقىن ئۇيغۇر ياش پىدائىي قىسىمغا قاتناشتى، ئۇلاردىن جيەن شىياڭدى، جيەن جىنچېڭ، جيەن ۋەنيۇن، جيەن ۋەنجىن، جيەن نىڭچيەنلەر ئايرىم - ئايرىم شاڭگەنلىڭ، چىلۇڭسەن ئۇرۇشلىرىدا ئالاھىدە خىزمەت ۋە 1 - دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسىتىپ، جۇڭگو چاۋشيەن خەلقلىرى ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپە قالدۇردى.

ئېزىلگەن تاۋيۈەن ئۇيغۇرلىرى ئەۋلادمۇ - ئەۋلاد ئەركىنلىككە تەشنا بولۇپ، ئازادلىقنىڭ يولىنى ئىزدەپ كەلدى. 1921 - يىلى خۇنەندە دېھقانلار ھەرىكىتى ئەۋج ئالغاندا، تاۋيۈەندىكى ئۇيغۇرلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان

جيەنجياگاڭ، خېيخۇ، مۇتاڭ، زۇشى، ۋۇشخې، ئەنيۇي، مۇشيۇي، چېڭگۇەن قاتارلىق جايلاردا دېھقانلار ئۇيۇشمىلىرىنى قۇرۇپ، ئاممىنى ھەرىكەتلەندۇرۇپ، زومىگەر - پومېشچىكلارغا قارشى كۆرەشنى قانات يايدۇردى. داڭلىق تارىخشۇناس جيەن بوزەننىڭ ئاتىسى جيەن كۇيۇۋ، مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپتىكى جيەن خۇەننەن، فېڭشۇگاڭدىكى جيەن نىڭشيۇ، چاڭدې شەھەرلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپتىكى جيەن ۋەنمىڭلار چاڭدې - جيەنجياگاڭدا ئەڭ بۇرۇن كوممۇنىستىك پارتىيە ياچېيكىسىنى قۇرۇپ چىقتى. تاۋيۈەن ئۇيغۇرلىرىنىڭ 19 - ئەۋلادى جيەن دۇنبى ئايىلى ۋاڭ يۈيزى بىلەن ئىنقىلاپ يولىغا مېڭىپ، چاڭسادا ئىنقىلابى گېزىت چىقىرىۋاتقاندا، 1927 - يىلى ئىشپيۇننىڭ چېقىشتۇرۇشى بىلەن تۇتۇلۇپ قەتلى قىلىندى. جيەن دۇنبى ئۆلۈم ئالدىدا: «مەن بۈگۈن ئۆلگىنىم بىلەن 20 يىلدىن كېيىن يەنىلا بىر قەھرىمانمەن» دەپ جاراڭلىق توۋلىدى. قەتلى قىلىنغاندا جيەن دۇنبى ئاران 32 ياش، ئايالى 23 ياش ئىدى.

1929 - يىلى ئۇزۇن سەپەر ئەزىمەتلىرى تاۋيۈەندىن ئۆتكەندە، جيەن جىنچاڭ، جيەن خەيجياڭ قاتارلىق ئون نەچچە ئۇيغۇر ياش ئۇلارغا ئەگىشىپ 25 مىڭ يوللۇق ئۇزۇن سەپەرگە قاتنىشىپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ قورشاپ يوقىتىشىنى تارمار قىلىشتا ئۆچمەس تۆھپە قالدۇردى.

1949 - يىلى ئازادلىق هارپىسىدا چاڭدېدىكى گومىنداڭ 5 - دېۋىزىيىسى شەھەرگە ئوت قويۇۋېتىشنى پىلانلىغاندا، جۇڭگو كومپارتىيىسى چاڭدې ئۇيغۇر - خۇيزۇ ياچېيكىسىدىكى جيەن ۋەنمىڭ، جيەن كۇيۇۋ، جيەن جيېنەنلەر دۈشمەن قەستىنى تېزدىن ئاممىغا ئاشكارىلاپ ۋە پاترول تەشكىللەپ، دۈشمەن بىلەن بىر كېچە - كۈندۈز قانلىق ئېلىشىپ، ئاخىرى ئۇلارنى قوغلاپ چىقىرىپ شەھەرنى قوغداپ قالدى. ئۇزاققا قالماي شەھەر ئازاد قىلىندى. شۇندىن ئېتىبارەن خۇنەن ئۇيغۇرلىرى پۈتۈن مەملىكەت خەلقى بىلەن بىرلىكتە تەشنا بولغان ئەركىنلىككە ئېرىشتى.

**5. خۇنەن ئۇيغۇرلىرىنىڭ بەختىيار كۈنلىرى**

1949-يىلدىن كېيىن پارتىيە خۇنەن ئۇيغۇرلىرىنىڭ تۇرمۇشىغا ئالاھىدە غەمخورلۇق قىلدى. 1951 - يىلى خۇنەن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئۇيغۇر، خۇيزۇلارنى مۇسۇلمان يېمەكلىرى بىلەن تەمىنلەش ۋە ھېيتلاردا ئارامغا قويۇپ بېرىشنى تەستىقلىدى. 1954 - يىلى يەنە چاڭدې مەسچىتىنى رېمونت قىلىشقا پۇل ئاجرىتىپ بەردى. 1981 - يىلى ئۇيغۇر - خۇيزۇلارنىڭ ئۆرپ - ئادىتى ۋە دىنىي ئېتىقادىغا ھۆرمەت قىلىش، قۇربانلىقتىن ئېلىنىدىغان قان بېجىنى ئازايتىش ياكى كەچۈرۈم قىلىش، زاراتلىق يەر ھەل قىلىپ بېرىش توغرىسىدا قارار چىقاردى. بۇ تەدبىرلەر خۇنەن ئۇيغۇرلىرىنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلاپ، ئىززەت - ھۆرمىتىنى ئۆستۈردى.

ھۆكۈمەت ئۇيغۇرلاردىن كادىر تەربىيەلەشكە ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلدى. 1952 - يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا تاۋيۈەن ناھىيىسىدە 10 چە ئىلغار ئۇيغۇر پارتىيىگە قوبۇل قىلىندى ۋە ناھىيە، رايون، يېزا رەھبەرلىكىگە قويۇلدى. شۇ يىلى يەنە 20 چە قىز - ئوغۇل ئۆلكىلىك، ۋىلايەتلىك مەكتەپلەرگە ئەۋەتىپ تەربىيىلەندى. ئۇلاردىن 16 كىشى ناھىيە، يېزىلاردا، 2 كىشى ئۆلكە- ۋىلايەتلەردە ۋەزىپىگە تەيىنلەندى. 1950-يىلدىن 1994 - يىلىغىچە تاۋيۈەن ناھىيىسى ئۇيغۇرلاردىن مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى دەرىجىلىكتىن يۇقىرى 7 كىشى، چاڭدې شەھىرى 4 كىشى، باشقا جايلار 3 كىشى، بۆلۈم باشلىقى دەرىجىلىكتىن 29 كىشى، ئادەتتىكى كادىردىن 89 كىشىنى، شۇنىڭدەك، ئوقۇتقۇچىدىن 44 كىشى، سەھىيە - تەتقىقات خادىمىدىن 51 كىشى، يېزا دەرىجىلىك كادىردىن 18 كىشىنى يېتىشتۈردى. بۇلاردىن ئالىي مەلۇماتلىقلار 42 كىشى، ئوتتۇرا مەلۇماتلىقلار 76 كىشى، ئۆزى ئۆگىنىپ يېتىشكەنلەر 54 كىشى، كەسپىي خادىملاردىن مىنىستىر دەرىجىلىك ۋەزىپە ئۆتەۋاتقانلار 2 كىشى، سۇ ئېلېكتىر، لازېر تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلار 11 كىشى، ئۇنىۋېرسىتېتلاردا دەرس بېرىۋاتقانلار 5 كىشى، ھازىرغىچە تاۋيۈەن ناھىيىسى سىرتىغا چىقارغان ئىختىساسلىق ئۇيغۇرلار 200 دىن، بۇلاردىن ھەردەرىجىلىك رەھبەرلىك ۋە پەن تەتقىقات ئورۇندىكىلەر 50 تىن ئاشىدۇ. ئۇلار بېيجىڭ، تيەنجىن، ۋۇخەن، نەنجىڭ، گۇاڭجۇ، گەنسۇ، شېنجېن، سىچۈەن قاتارلىق

ئون نەچچە ئۆلكە - شەھەرگە تارالغان.

پارتىيە خوتەن ئۇيغۇرلىرىنىڭ ھوقۇقىنى كاپالەتلەندۈرۈش ئۈچۈن ئۇلارغا مىللىي يېزا - كەنتلەرنى قۇرۇپ بەردى. 1986 - يىلى 3 - ئايدا «تاۋيۈەن فېڭشۇ ئۇيغۇر-خۇيزۇ مىللىي يېزىسى» ۋە ماساۋجيې يېزىدا ئەيىنى چاغدا يېزىلىق خەلق ۋەكىلىدىن 88 كىشى بولۇپ، بۇلاردىن 61 نەپىرى ئۇيغۇر بولغان، 11 يېزا باشلىقىدىن 7سى ئۇيغۇر بولغان. پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، سول لۇشيەن تەسىرىدىن ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان مىللىي ھاكىمىيەتلەر ئەسلىگە كەلدى. 1986 - يىلى 8 - ئاينىڭ 27 - كۈنى «فېڭشۇ ئۇيغۇر - خۇيزۇ مىللىي يېزىسى» ۋە «چىڭلىن خۇيزۇ - ئۇيغۇر مىللىي يېزىسى» ، شۇنىڭ بىلەن تەڭ مىڭيۈشەن، ياڭجياگاڭ، سەنلىپو، جۇڭپوگاڭ، خۇاڭخۇاچياۋ، دەيجياكۇ قاتارلىق 8 مىللىي كەنت ياكى مىللىي گۇرۇپپا قۇرۇلدى. بۇ مىللىي يېزا - كەنتلەرنىڭ قۇرۇلۇشى ئۇيغۇرلارغا ئۆز ھوقۇقىنى تېخىمۇ ياخشى يۈرگۈزۈش ئىمكانىيىتىنى بەردى.

ئۇيغۇرلار سىياسىي جەھەتتىن تولۇق قەد كۆتۈرگەندىن كېيىن، دۆلەت باشقۇرۇش ئىشلىرىغىمۇ قاتناشتى. تاۋيۈەن ئۇيغۇرلىرىنىڭ 21 - ئەۋلادى جيەن بوزەن (1898 -- 1968.12.18) 1928 - يىلى ئىنقىلابقا قاتناشقان، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1-، 2-، 3- نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى، دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، قوشۇمچە تارىخ فاكۇلتېتىنىڭ مۇدىرى، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئىجتىمائىي پەنلەر بۆلۈمىنىڭ ئەزاسى، دۆلەت مەمۇرىي كېڭىشى مەدەنىيەت - مائارىپ كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، دۆلەت مىللەتلەر تارىخ تەتقىقاتى يېتەكچىلىك كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىر ئەزاسى ۋەزىپىلىرىدە بولغان. ئۇ تاۋيۈەن ئۇيغۇرلىرى ئىچىدىن چىقىپ دۆلەتنىڭ چوڭ ئىشلىرىنى باشقۇرغان گەۋدىلىك كىشىدۇر.

تاۋيۈەن ئۇيغۇرلىرىنىڭ 22 - ئەۋلادى جيەن تيەنمىن 1943 - يىلى ئامېرىكىنىڭ خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ كۆۋرۈك قۇرۇلۇشى كەسپىنى پۈتتۈرگەن. 1946 - يىلى موسكۋا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ قۇرۇلۇش فاكۇلتېتىغا بىلىم ئاشۇرۇشقا بېرىپ 1949 - يىلى ۋەتەنگە قايتقان. ئۇ بېيجىڭ، تيەنجىن قونا شەھەرلىرىنى ئۆزگەرتىشنى لايىھەلەشتە تەدبىر بەلگىلىگۈچى كىشىلەرنىڭ بىرى. جۇڭگو قۇرۇلۇش ئىلمى جەمئىيىتىنىڭ باش كېڭەش باشلىقى، قوشۇمچە تيەنجىن شۆبىسىنىڭ كېڭەش باشلىقى بولغان. «كۆۋرۈك ئاتىسى» دېگەن نامى بار. دۆلەت قۇرۇلۇش ساھەسىدە زور مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالغان ئەرباب.

ئوتتۇرا جۇڭگو سانائەت ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى جيەن تيەنسۇڭ خۇبېي ئۆلكىلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ مۇدىرى، ئۆلكىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ھەم مەملىكەتلىك 7-، 8- نۆۋەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، مەملىكەتلىك دېھقان - ئىشچىلار دېموكراتىك پارتىيىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىر ئەزاسى بولغان. ئۇ تاۋيۈەن ئۇيغۇرلىرىدىن سىياسىي كېڭەشكە قاتناشقان مۇھىم ۋەكىللەرنىڭ بىرى.

ئۆلكىلىك، ۋىلايەتلىك، ناھىيىلىك، يېزىلىق خەلق قۇرۇلتىي ۋەكىللىرى ۋە سىياسىي كېڭەش ئەزالىرى ئىچىدە ئۇيغۇرلار خېلى بار. تاۋيۈەن ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيىتى ۋە سىياسىي كېڭەش ۋەكىل - ئەزالىرىلا ھازىرغىچە 60 تىن ئاشىدۇ.

## 6. تاۋيۈەن ئۇيغۇرلىرىنىڭ ھازىرقى ئۆرپ - ئادىتى

ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى تاۋيۈەندە ئولتۇراقلاشقان 600 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتتىن بېرى ئۆزلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى ئېسىل ئۆرپ - ئادەتلىرىنى ساقلاپ كەلدى.

خوتەن ئۇيغۇرلىرى ئىسلام دىنىغا ئېتىقات قىلىدۇ. «قۇرئان»نى ھەرىكەت - ئەخلاق مىزانى قىلىدۇ. خوتەن ئۇيغۇرلىرىنىڭ دىنىي ئەقىدىلىرىنى تۆۋەندىكىچە يىغىنچاقلاپ كۆرسىتىپ ئۆتىمىز.

1) خوتەن ئۇيغۇرلىرى ئىسلامدىكى 5 پەرزنى ئادا قىلىدۇ ياكى ئۇنىڭغا ئىشىنىدۇ.

(1) كەلىمە شاھادەت ئېيتماق، ئاللانىڭ بىرلىكىگە پۈتمەك. ئۇلار «لائىلالە ئىللەللاھۇ مۇھەممەدۇن رەسۇلىللا» (مەنىسى: ئاللادىن باشقا ئىلاھ يوق. مۇھەممەد ئاللانىڭ ئەلچىسى)

دەيدۇ. (2) كۈندە 5 ۋاق تاھارەت ئېلىپ قىبلىگە قاراپ ناماز ئوقۇيدۇ، ئۇلار بامداد نامىزىنى « 晨礼 »، پېشىن نامىزىنى « 晌礼 »، دىگەر نامىزىنى « 晡礼 »، شام نامىزىنى « 昏礼 »، خۇپتەن نامىزىنى « 宵礼 » دەيدۇ. يەنە ھەر جۈمە كۈنى جۈمە نامىزى ئوقۇيدۇ. ئۇنى « 主麻日 » دەيدۇ. (3) ھەر يىلى بىر ئاي روزا تۇتماق. (4) پۇل - مېلى ھېسابىغا يەتسە زاكات بەرمەك. (5) ئۆمرىدە بىر مەررە ھەج تاۋاپ قىلماق.

2) خۇنەن ئۇيغۇرلىرى ئىماندىكى 7 پەرزگە ئىشىنىدۇ: (1) ئاللانىڭ بىرلىك بارلىقىغا ئىمان كەلتۈرمەك. (2) پەرىشتىلىرىگە ئىمان كەلتۈرمەك. (3) كىتابلىرىغا ئىمان كەلتۈرمەك. (4) پەيغەمبەرلىرىگە ئىمان كەلتۈرمەك. (5) قىيامەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرمەك. (6) قازا ۋە قەدەرگە، يەنى ياخشى - يامانلىق ئەزەلدىن پېشانىگە پۈتۈلگەنلىگە ئىمان كەلتۈرمەك. (7) ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلمەكلىككە ئىمان كەلتۈرمەك. «ئىمان» - ئىشىنىش دېمەكتۇر.

3) خۇنەن ئۇيغۇرلىرى دىنىنىڭ ئەسلى 8 دەپ بىلىدۇ: (1) تەۋھىد، يەنى ئاللانىڭ بىرلىكىگە پۈتمەك، (2) ئادىللىق، يەنى ئاللانىڭ ئادىللىقىغا ئىشەنمەك. (3) پەيغەمبەرلەرنى بىلمەك. (4) رەھبەرلىككە بويسۇنماق. (5) ئاللا قىلىشلار دېگەننى قىلماق. (6) يامان ئىشتىن ئۆزىنى تارتماق. (7) زىنادىن يىراق تۇرماق. (8) ئەھلى ئىلىملەرگە يېقىن تۇرماق.

4) خۇنەن ئۇيغۇرلىرى ئىمانىنىڭ ۋاجىپلىرى 12 دەپ بىلىدۇ: (1) ئالىملار بىلەن ھەمسۆھبەت بولماق. (2) پاسىقلاردىن يىراق بولماق. (3) تەشناغا سۇ بەرمەك. (4) ئاغرىقلارنى يوقلىماق. (5) مۇساپىرلارغا شەپقەت قىلماق. (6) خالىس مېيىت يۇماق. (7) ئىككى ئۇرۇشقاننى ياخشىلاشتۇرماق. (8) يولدىكى نىجاسەتنى كۆممەك. (9) يولدىكى چالما - كېسەكلەرنى ئېلىپ تاشلىماق. (10) يېتىملەرنىڭ بېشىنى سىلىماق. (11) كەئبىنى تاۋاپ قىلماق. (12) ئۆزىنىڭ ئەھلى ئايالىغا ئىمان ئۆگەتمەك.

يۇقىرىقىلاردىن خۇنەن ئۇيغۇرلىرى ئىسلام دىنىنىڭ قائىدىلىرىگە تولۇق ئەمەل قىلىدىغانلىقىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ.

خۇنەن ئۇيغۇرلىرىنىڭ تويى شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرىغا ئوخشايدۇ. ئوغلى قۇرامىغا يەتكەندە، ئاپىسى ئۇنىڭغا لايىق ئىزدەيدۇ ۋە بويىغا يەتكەن قىز تەرەپكە ئەلچى ئەۋەتىدۇ. قىز ئاتىسى ئادەتتە بۇ ئىشقا ئارىلاشمايدۇ. قىز تەرەپ قوشۇلغاندىن كېيىن، ئوغۇل بىرنەچچە دوستلىرى بىلەن قىز تەرەپكە بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئېغىر - يىنىك ئىشلىرىنى قىلىشىپ، ئوغۇللۇق بىلدۈرىدۇ. ئاندىن قۇتلۇق بىر كۈننى تاللاپ، ئوغۇل موللا ۋە ئەلچىلەرنىڭ ھەمراھلىقىدا بىر نەچچە دوستلىرىنى ئېلىپ سوغا - سالاملىرىنى كۆتۈرۈپ قىز تەرەپكە بارىدۇ. بۇ چاغدا ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئۈستەلگە بىر پىيالە ھاراق قويۇلغان بولىدۇ. ئۆيدە ھېچكىم بولمايدۇ. ئوغۇل كىرگىنىچە بېرىپ ھاراقنى بىراقلا كۆتۈرۈۋېتىدۇ. ھاراق ئىچەلمىسە، ئۆي ئىچىدە بىر دەم ناخشا ئېيتىپ ئۇسسۇل ئوينايدۇ. شۇندىلا قىزنىڭ ئاتا - ئانىسى چىقىپ، بولغۇسى كۈيوغلىغا ۋاكالىتەن ھاراقنى ئىچىدۇ. بۇ رەسمىيەتتىن كېيىن، ئەلچى سوغاتلارنى قىزغا ۋە ئاتا - ئانىسىغا بۆلۈپ بېرىدۇ. ئەتراپتىكىلەر تاماشا كۆرۈپ تۇرىدۇ. سوغاتلار بېرىلىپ بولغاندىن كېيىن، قىز تەرەپ داستىخان تارتىدۇ. بۇ چاغدا ھاراق ئىچىلمەيدۇ. تاماقتىن كېيىن تويلۇق سېلىنىدۇ ۋە سېلىنغان تويلۇقلار تىزىملىنىدۇ. توي 3 كۈن داۋاملىشىدۇ. 1 - كۈنى ئوغۇل تەرەپ موللا ۋە ئەلچىنى ئېلىپ، تويلۇقلارنى كۆتۈرۈشۈپ قىز تەرەپكە بېرىپ نىكاھ مۇراسىمى ئۆتكۈزىدۇ. بۇ چاغدا ئەرلەر سولدا، ئاياللار ئوڭدا سەپ بولۇپ ئۆرە تۇرىدۇ. قىز بىلەن ئوغۇل تۆردە يۈزىنى قىبلىگە (مەككە تەرەپكە) قارىتىپ تۇرىدۇ. موللا ئۇلاردىن «ئالدىڭمۇ - تەگدىڭمۇ» دەپ سوراپ بولغاندىن كېيىن، نىكاھ ئوقۇيدۇ. ئاندىن قىز بىلەن يىگىت بىر پوشكالنى يېرىمىدىن يېيىشىدۇ ۋە جاپادىمۇ - ھالاۋەتتىمۇ بىرگە بولۇپ ئۆمۈرۋايەت بىللە ئۆتىدىغانلىقى توغرىسىدا ۋەدە بېرىشىدۇ. قىز تەختىراۋانغا ياكى ماشىنىغا چىقىشتىن ئىلگىرى ئاتا - ئانىسى ۋە ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنى قوچاغلاپ يىغلايدۇ، قالغانلار بەزلەيدۇ. قىز يېڭى ھاياتقا قەدەم باسقىنىنى ئىپادىلەپ، ھەربىر يېشىغا بىر تالدىن توغرىلاپ ئۇششاق ئۆرىگەن چاچلىرىنى يېشىۋەتكەن بولىدۇ. ئۇ

بېشىنى چۈمكەپ ماشىنىغا چىقىپ يىگىتنىڭ ئۆيىگە يول ئالىدۇ. يىگىتنىڭ ئىشىكىدە گۈلخان يېقىلىدۇ. قىز چۈشۈپ گۈلخاننى ئۈچ ئايلانغاندىن كېيىن، ئاندىن ئۆيگە كىرىپ ئارام ئالىدۇ. قىز بۇ كېچىسى يەڭگىسى بىلەن ياتىدۇ. يىگىت بىلەن قوشۇلمايدۇ.

2 - كۈنى توي يىگىت تەرەپتە بولىدۇ. قىز يىگىت بىلەن بىللە ناخشا ئېيتىپ ئۇسسۇل ئويناپ سورۇننى قىزىتىدۇ. قىقاس - سۈرەن ئەۋجىگە چىقىدۇ. ئاخىرى مېھمانلار غىزاغا ئولتۇرىدۇ. قىز بىلەن يىگىت تۇنجى قېتىم بىللە غىزالىنىدۇ. ئاخىرى ئەلچى - يەڭگىلەر ئۇلارنى ھۇجرىسىغا ئەپكىرىپ قويىدۇ. ئاندىن ئۇلار بىر ياستۇققا باش قويىدۇ.

3 - كۈنى قىز بىلەن يىگىت ئاۋۋال يىگىتنىڭ ئاتا - ئانىسىنى يوقلايدۇ. ئاندىن قىزنىڭ ئاتا - ئانىسىنى يوقلاشقا بارىدۇ. كەچتە قايتىپ كەلگىنىدە مەھەللىدىكى ئەر - ئايال ئۇلاش - چولاش يېڭى ھۇجرىغا يىغىلىدۇ. ئۇلار قىزىقچىلىق قىلىپ قانغىچە تاماشا قىلىپ كۈلۈشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر توي تۈگەيدۇ.

تاۋيۈەن ئۇيغۇرلىرىنىڭ تىلى، شىنجاڭدىن ئايرىلغىنىغا 600 يىلدىن ئاشقانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئىجتىمائىي مۇھىتنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن، ئاساسەن خەنزۇ چىلىشىپ كەتكەن. شۇنداقتىمۇ ئۇيغۇرچە بەزى سۆزلەرنى ئۇقۇپ يازالايدىغانلارمۇ ئاز ئەمەس. مەسىلەن، ئۇلار شەيتاننى «意不力死» (ئىبلىس) ۋەزنى «瓦耳兹» (ۋائىز)، ئۆلۈكنى «默力体» (مېيىت)، باشقا دىندىكىلەرنى «卡菲勒» (كافىر)، يۇيۇنۇشنى «瓦斯礼» (غۇسلى قىلىش) دەيدۇ. ئۇلار مېھمان بىلەن كۆرۈشكەندە «塞斯亚西梦» (سىز ياخشىمۇ)، تەشەككۈر بىلدۈرۈشنى «热亥卖特» (رەخمەت)، (يولداش) دەيدۇ. ئۇلار قۇرئان ساۋادى بار ھەم قۇرئاننىڭ مەنىسىنى يېشىپ بېرەلەيدىغانلارغا مەسچىتتە تون كىيگۈزۈدۇ. ۋە ئۇلارنى «阿洪» (ئاخۇن) دەپ ئاتايدۇ. ئاخۇنلارنىڭ ئىچىدىن «伊玛目» (ئىمام) سايلاپ چىقىدۇ. ئۇلارنىڭ بىلىدىغان ئۇيغۇرچە سۆزلىرى گەرچە كۆپ بولمىسىمۇ، بۇ تاۋيۈەن ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئەجدادى شىنجاڭلىق ئىكەنلىكىنىڭ پاكىتى ھېسابلىنىدۇ.

ھېيت - ئايەملەردە تاۋيۈەن ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئەرلىرى بۆك ياكى شىلەپە (قىشتا) ۋە ئۆتۈك كىيىدۇ. ئاياللار دۇپپا كىيىدۇ ياكى ياغلىق چېگىدۇ. يوپكا كىيىدۇ. قىزلىرى گۈللۈك يوپكىلارنى ياخشى كۆرىدۇ. چېچىنى ئۇششاق ئۆرۈۋالىدۇ. ئاياللارمۇ ئۆتۈك كىيىشكە ئامراق.

تاۋيۈەن ئۇيغۇرلىرى ئۆزلىرى ئىشلەپ چىقارغان گۆرۈچنى ۋە قوي، كالا، ئۆردەك، غاز، بېلىق گۆشلىرىنى يەيدۇ. يىرتقۇچلارنىڭ، مەسىلەن، بۈركۈت، قارغا، ئىلان، يولۋاس، يىلپىز، بۆرە، ئىتلارنىڭ گۆشىنى يېمەيدۇ. ھەر قانداق ھايۋاننىڭ قېنىنى ئىچمەيدۇ. يېمەك - ئىچمەك تۇرمۇشىدا تازىلىققا دىققەت قىلىش، تاۋيۈەن ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئەجدادىدىن ئۇدۇم قالغان ئەنئەنىۋى ئېسىل ئەخلاقىدۇر.

تاۋيۈەن ئۇيغۇرلىرى شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرىدەك مېھماندوست، كەڭ قورساق، قىزغىن ۋە سەممىي، مېھمان كەلسە ئۈچۈق چىراي بىلەن ئالدىغا چىقىپ قارشى ئالىدۇ. ھاردۇق سورايدۇ. ئۆيگە باشلاپ تۆرگە ئولتۇرغۇزۇپ، ئىككى قوللاپ قىززىق چاي تۇتىدۇ. ئالدىغا قەنت - گېزەكلەرنى تىزىدۇ. غىزانىڭ ئوبدىنىنى ئېتىپ كۈتىدۇ. مېھماننى ئۆيدە يالغۇز قويماي، ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ سۆھبەت قۇرىدۇ. مېھمان ئۇزىغاندا، ئىشىكتىن چىقىپ خېلى يەرگىچە ئۇزىتىپ بارىدۇ ۋە قايتا كۆرۈشكىچە ئامانلىق تىلەيدۇ. كىشىلەر ئۇچراشقاندا «色俩目» (سالام) دەپ تىنچلىق سورىشىدۇ. كىچىكلەر ئۆيدىن چىققۇر بولسا، چوڭلارنى خەۋەرلەندۈرۈپ قويىدۇ. كىشىلەر ئولىشىپ ئولتۇرغان يەردە چۈشكۈرمەيدۇ. ئۇسۇرمايدۇ. تۈكۈرمەيدۇ. بۇرنىنى كولىمايدۇ. مىشقىرمايدۇ. باشقىلار غىزالىنىۋاتقان سورۇندا ياكى يېقىن ئەتراپتا تېخىمۇ ئانداق قىلمايدۇ. پۇتىنى باشقىلارغا قارىتىپ سۇنۇپ ئولتۇرمايدۇ، سەت گەپ قىلمايدۇ. ھەر يەردە باشقىلارنىڭ ئىززىتىنى قىلىدۇ. ئۇلار ھەقىقەتەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئالتۇندەك ئەخلاقى پەزىلىتىنى ئەينى بىلەن ساقلاپ قالغان.

تاۋيۈەن ئۇيغۇرلىرى 30 كۈن روزا تۇتىدۇ. روزا كۈنلىرى ھەركىم تاپقىنىنى مەسچىتكە ئەپكىلىپ شۇ يەردە ئىپتار قىلىدۇ. روزا ھېيت كۈنى ھەممە ئۇيغۇر پاكىزە يۇيۇنۇپ، چىرايلىق كىيىملىرىنى كېيىشىپ،

مەسچىتكە بېرىپ روزا ھېيت نامىزى ئوقۇيدۇ. ئاندىن مەسچىتتە ئۇچچە غىزالىنىپ روزا تۇتۇشنى ئاخىرلاشتۇرىدۇ. بۇ چاغدىكى كەيپىيات تولىمۇ قىزىق بولىدۇ. روزىدىن 70 كۈن ئۆتۈپ قۇربان ھېيت كەلگەندە، ئۇيغۇر ئەر - ئاياللار ھەممىسى دېگۇدەك تاھارەت ئېلىپ مەسچىتكە بېرىپ ھېيت نامىزى ئوقۇيدۇ. مەسچىتتە قوي، كالا قۇربانلىق قىلىپ، ئولاش - چولاش غىزالىنىدۇ. يەنە مەسچىتتە مەۋلۇت ئۆتكۈزىدۇ. بۇنى خوتەن ئۇيغۇرلىرى « 莫路得 » (مەۋلۇت) دەيدۇ.

خوتەن ئۇيغۇرلىرى ئۆلگەنلەرنى قەۋرىستانلىققا ئېلىپ بېرىپ دەپنە قىلىدۇ. ئاۋۋال بېشىنى كۈنچىقىشقا، پۇتىنى قىبلىگە قىلىپ، پاكىز تاختاي ياكى بورا ئۈستىگە ئوڭدا ياتقۇزىدۇ. پاكىزە ئىلمان سۇ بىلەن يۇيىدۇ. ئاندىن « 克番 » (كىپەن) گە ئالىدۇ. كىپەنلىك ئەرلەرنىڭ چوڭ - كىچىك ئۈچ پارچە بولىدۇ. ئاياللارنىڭ بەش پارچە بولۇپ، كۆكسىنى تاڭىدىغان ۋە بېشىنى چۈمكەيدىغانغا يەنە ئىككى پارچە كېتىدۇ. شۇندىن كېيىن مېيىتنى « 塔埠 » (تاۋۇت) قا سالىدۇ. بۇنى « 则那则 » (جىناز) دەيدۇ. مېيىتنىڭ نامىزى مەسچىتتە چۈشۈرۈلىدۇ. نامازغا ئۆلگۈچىنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرى، دوستلىرى ۋە تونۇش - بىلىشلىرى كېلىدۇ. نامازغا قاتناشقۇچىلار چوقۇم تاھارەت ئېلىشى كېرەك. مېيىتنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرى ۋە دوستلىرى بېشىغا ئاق لىنتا چىگىپ، بېلىگە ئاق باغلايدۇ. ئاندىن قەۋرىستانلىققا ئاپىرىپ ئالدىن تەييارلانغان يەرلىككە قويىدۇ. بەزى مېيىت ئىگىلىرى شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرىغا ئوخشاش يەرلىك ئۈستىگە سۇپا چىقىرىپ، ئۈستىگە تونۇق باغلايدۇ. تونۇقنىڭ ئىككى يېقىغا ئەرەبچە سۆزلەرنى يازىدۇ.

تاۋيۈەن ئۇيغۇرلىرىنىڭ دەفنە ئىشلىرى مۇنداق ئارتۇقچىلىققا ئىگە:

بىرىنچى، تېز ۋە تېجەشلىك. ئادەم ئۆلۈپ شۇ كۈنى، كېچىككەندىمۇ ئەتىسى يەرلىككە قويىدۇ. باشقا مىللەتلەرگە ئوخشاش مېھمان چاقىرمايدۇ. سوۋغا ئالمايدۇ. داقا - دۇمباق چېلىپ ھەشەمەت قىلمايدۇ.

ئىككىنچى، يەر تاللىمايدۇ. ۋاقىت تاللىمايدۇ، پاكىزە، قۇرۇق يەر بولسىلا بولدى. ئۇرۇق - تۇغقانلىرى جەم بولسىلا ھەر ۋاقىت دەپنە قىلىۋېرىدۇ.

ئۈچىنچى، تەييار تاۋۇت ئىشلەتكەچكە، ياغاچ تاللاپ، ئايرىم گىرۇف - گۈەنسەي ياسىتىش ھاجەتسىز، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ھەم دەفنە بۇيۇملىرى كۆممەيدۇ، تولىمۇ ئىقتىسادچىل.

يۇقىرىقىلاردىن بىز خوتەن ئۇيغۇرلىرىنىڭ مۇسۇلماندارچىلىق ۋە تۇرمۇش ئۆرپ - ئادەتلىرى شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرى بىلەن ئاساسەن ئوخشاش ئىكەنلىكىنى ئېنىق كۆرەلەيمىز.

---

پايدىلانغان ماتېرىياللار:
1. «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1989 - يىل 11 - ئاي نەشرى.
2. ليۇزشياۋ: «ئۇيغۇر تارىخى» 1 - قىسىم 1 - كىتاب مىللەتلەر نەشرىياتى 1987 - يىل 10 - ئاي نەشرى.
3. «خەنزۇچە - ئۇيغۇرچە تارىخى ئاتالغۇلار لۇغىتى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1990 - يىل 11 - ئاي نەشرى.
4. ئابلەت نوردۇن. ۋەلى ئەلى، داۋۇت سايىم: «خەنزۇچە - ئۇيغۇرچە تارىخ ئاتالغۇلىرى سېلىشتۇرمىسى» شىنجاڭ پەن - تېخنىكا، سەھىيە نەشرىياتى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2003 - يىل 2 - ئاي نەشرى.
5. « 辞海 » (ئوكيانوس، كىچىكلىتىلگەن نۇسخا) شاڭخەي لۇغەت نەشرىياتى 1980 - يىل 8 - ئاي نەشرى.
6. چېن زۇنۋاڭ. جيەن ۋېن : «خوتەن ئۇيغۇرلىرى» يۈلۈ نەشرىياتى 1994 - يىل 7 - ئاي نەشرى.
7. ئىمىن تۇرسۇن: «چىڭگىزخان ۋە بارچۇق تېكىن»، «تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى» ژۇرنىلى. 2000 - يىلى 2 - سان.
8. كوللىكتىپ توپلام: «ئىپارخان»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1988 - يىلى 9 - ئاي نەشرى.

(ئاپتور شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتى پەن - تەتقىقات باشقارمىسىدىن پېنسىيىگە چىققان)

تەھرىرلىگۈچى: ئەركىن ئىمىننىياز قۇتلۇق

# شامان دىنىنىڭ تۇرپان ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئادەتلىرىگە كۆرسەتكەن تەسىرى ئۈستىدە ئانترىئوپولوگىيىلىك تەكشۈرۈش

ئادىل غاپپار كارىزى

## I مۇقەددىمە

2003 - يىلى 7 - ئايدا، مەلۇم بىر ئىش مۇناسىۋىتى بىلەن، تۇرپان شەھىرىنىڭ يار يېزىسىغا بېرىپ مۇنداق بىر ئىشقا يولۇقۇپ قالدىم. يار يېزىسى مەلۇم مەھەللە كومىتېتى مەلۇم كەنتتىكى مەلۇم بىر كوچىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، بىر هويلىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا، تۆت دانە ئېشەك هارۋىسى، ئىككى دانە ئۈچ چاقلىق كىرا توشۇيدىغان موتسىكلىت، بىر مىنبۇس، بىر تراكتور ۋە نومۇر تاختىسى 新 OA بىلەن باشلانغان بىر قارا رەڭلىك بېك (Buick) ماركىلىق ئاپتوموبىلنى ۋە بىر قانچە ئەر كىشىنىڭ تاماكا چېكىشكەش ئۆزئارا پاراڭلىشىپ تۇرغانلىقىنى كۆردۈم. بەلكىم بۇ ئۆيدە نەزىر چىراق بولغان بولسا كېرەك دەپ ئويلىدىم ۋە يېنىمدىكى ھەمراھىمدىن: «بۇ كىمنىڭ ئۆيى؟» دەپ سورىدىم. ئۇ ماڭا: «بىلمەمسىز؟ بۇ ئاپتونوم رايونغا داڭقى بار xx موللىنىڭ ئۆيى» دېدى. «نېمە؟ ئاپتونوم رايونغا داڭقى بار موللا!» مەن ھەيران بولۇپ سورىدىم. چۈنكى «مەن تۇرپاننىڭ موللىلىرى داڭلىق» دەپ ئاڭلىغان بولساممۇ تۇرپاندا بۇنداق داڭلىق موللىنىڭ بارلىقىنى ئاڭلاپ باقمىغانىدىم. ئۇ ماڭا بۇ كىشىنىڭ كىشى كۆرىدىغان موللا ئىكەنلىكىنى ۋە ھەرخىل كېسەللەرنى داۋالىيالايدىغانلىقىنى، ھەر كۈنى نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئۆزلىرىنىڭ كېسىلىنى داۋالاپ قويۇشنى ۋە كۆرۈپ قويۇشنى كۈتۈپ ئولتۇرىدىغانلىقىنى، ھەتتا بىر قىسىم يۇقىرى دەرىجىلىك چوڭ - چوڭ باشلىقلارنىڭمۇ ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئەمەلىنىڭ يەنە ئۆسىدىغان ياكى ئۆسمەيدىغانلىقى توغرىسىدا بىشارەت ئالىدىغانلىقى ۋە داۋاملىق ئۆسۈشكە يول ئېچىپ، سەۋەب قىلىپ بېرىشى ئۈچۈن نۇرغۇن پۇل - مال بېرىدىغانلىقىنى، خېلى داڭلىق دوختۇر ۋە دوختۇرخانىلارمۇ داۋالاپ ساقايتالمىغان كېسەللەرنى داۋالاپ ساقايتالايدىغانلىقىنى، ئاچقان پالىنىڭ ئىنتايىن توغرا چىقىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بەردى. بۇنىڭ بىلەن مېنىڭدە ئۇ موللىنىڭ ھۈنەرلىرىنى بىر كۆرۈپ بېقىش ئىستىكى قوزغالدى ۋە ئۇنىڭ هويلىسىغا كىردۇق.

هويلىنىڭ ئىچى ئىنتايىن كەڭرى بولۇپ، بىر باغقا ئوخشايتتى. ئۈزۈن كەتكەن ئۈزۈم بارىڭى ئاستىدا، نۇرغۇن ئەر - ئاياللار تۇرپاننىڭ 7 - ئايدىكى پىژغىرىم ئىسسىقىدا تەرلىرىنى سۈرتىشىپ، ئۆزلىرىنى يەلپۈگىنىچە ئولتۇراتتى. بىز ئىچكىرىلەپ كىرىپ، ھېلىقى «داڭلىق» موللىنىڭ دىدارىنى ۋە ھۈنىرىنى كۆرۈشكە خېلى تەستە مۇيەسسەر بولدۇق. 36 - 37 ياشلار چامىسىدىكى بىر ئەر كىشى (ئۇنىڭ نۆۋىتى كېلىپ) موللىنىڭ ئالدىغا باردى. موللا ئالدى بىلەن بۇ كىشىنىڭ نېمە ئىش بىلەن كەلگەنلىكىنى، ئىسمىنى، قانچە ياشقا كىرگەنلىكىنى، ئاتا - ئانىسىنىڭ ئىسمىنى سورىدى ۋە ئىچىدە بىر نېمىلەرنى ئوقۇغاچ قەيەردىن كەلگەنلىكىنى ۋە نېمە ئىش قىلىدىغانلىقىنى سورىدى. ئاندىن ئۇ بۇ كىشىگە «سىز پالانى ۋاقىتتا، پالانى يەردە يالغۇز مېڭىپ قاپتىكەنسىز، چىلتەن شامىلى دارىپ كېتىپتۇ. بىر قارا توخۇ قان قىلىپ، باشقىلارغا سەدىقە قىلىڭ. مەن ھازىر سىزگە دېمىدە قىلىپ بېرەي، كېسىلىڭىز ياخشىلىنىپ قالىدۇ» دېدى ۋە يېنىدىن يوغان بىر خەنجەرنى چىقىرىپ بىر نېمىلەرنى ئوقۇپ خەنجەرگە ھۈرۈپ - سۈفلەپ، ئۇنى بۇ كىشىنىڭ مەيدىسىدىن پۇتىغىچە يەتتە قېتىم، پۇتىدىن مەيدىسىگىچە يەتتە قېتىم،

مۇرسىدىن بىلىكچە يەتتە قېتىم، بېلىدىن مۇرسىگىچە يەتتە قېتىم سۇركىدى ۋە ھەر قېتىم سۇركەشتىن ئىلگىرى بىر نىمىلەرنى ئوقۇپ «سۇف» دەپ پىچاققا ھۇرۇپ تۇردى. ئۇنىڭ بۇ خىل كېسەل داۋالاش ئۇسۇلى، قانداقتۇر بىر تىبابەت ئۇسۇلى بولماستىن، بەلكى نەق قەدىمكى زامان شامان دىنىدىكى شامان باخشىسىنىڭ كېسەل داۋالاش ئۇسۇلىغا ئوخشايتتى.

ئۇنداقتا شامان بىلەن بۇ موللىنىڭ كېسەل داۋالاش ئۇسۇلىدا قانداق باغلىنىش بار. بۇنىڭ ئۈچۈن ئالدى بىلەن شامان دىنى بىلەن قىسقىچە تونۇشۇپ چىقىشقا توغرا كېلىدۇ. شامان دىنى بىر قەدەر ساددا، يازما دەستۇرلىرى بولمىغان، ھەر قايسى يىراق - يىراق خەلقلەر ئارىسىدا كۆرۈنەرلىك پەرقلىرى بولغان قەدىمكى دىنىي ئېتىقاد شەكلىدۇر. شامانىزىم ئۆزئەقىدىلىرىنى ئىنسان ۋە ئۇنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەيدىغان ئۈچ قەۋەتلىك «دۇنيا» دىن ئىبارەت ئاساسىي سىخېما ئۈستىگە ئورناتقان. ئۇ ئىنسان مەنپەئەتىنى مەركەز، مەقسەت، ئۆلچەم قىلىپ، ئالەمنى ئۈچكە بۆلگەن. يەنى ئاسمان (جەننەت) - پەرىشتىلەر ماكانى، يەر ئۈستى (پانىي دۇنيا) - بەندىلەر (ئادەملەر) ماكانى، يەر ئاستى (جەھەننەم) - جىن - ئالۋاستىلار ماكانى. شامان - شامان دىنىدىكى ھەممىگە قابىل، يامان روھلارنى قوغلاپ بىمارلارنى داۋالايدىغان، پال ئېچىپ، سېھىرگەرلىك قىلىش ئارقىلىق ياخشىلىق ۋە يامانلىقتىن ئالدىن بىشارەت بېرەلەيدىغان كىشىدۇر.

«شامان» دېگەن بۇ سۆز تۇڭغۇس تىلى بولۇپ، ئالتاي تىلى سىستېمىسى مانجۇ - تۇڭغۇس تىل سىستېمىسىدىكى مانجۇ، ئېۋېنكى، ئېلىنچۇن، جېجى، يىبو قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ ھەممىسى ئۆزلىرىنىڭ سېھىرگەرلىرىنى شامان دەپ ئاتايدۇ. بۇ «ھاياجانلانغان، بىسەرەمجان ۋە تەلۋە ئادەم» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. تۈرك تىلىدىكى مىللەتلەر تارىختا شامانىنى «قام» دەپ ئاتىغان. 11 - ئەسىردە ئۆتكەن بۈيۈك ئۇيغۇر ئالىمى مەھمۇد كاشغەرىنىڭ «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» ناملىق بۈيۈك ئەسىرىدە: «قەدىمكى ئۇيغۇرلار ۋە تۈركلەر سېھىرلىق كۈچكە ئىگە سېھىرگەرلەرنى 〈قام〉 دەپ ئاتايتتى.» دەپ خاتىرىلەنگەن. ئۇيغۇرلار يەنە شامانىنى «باخشى» دەپ ئاتىغان بولۇپ، «بەش تىللىق مانجۇ ئىزاھلىق لۇغەت» تە «باخشى» دېگەن بۇ سۆز قەدىمكى خەنزۇ تىلىدىكى 博士 دېگەن سۆزنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى بولۇپ، «كۆرگەن بىلگىنى كۆپ، ئىلىملىك، كېسەل داۋالاشنى بىلىدىغان دوختۇر» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىكەن. ئۇيغۇرلار ئارىسىدا شامانىنى ئىپادىلەيدىغان، كەڭ ئومۇملاشقان يەنە بىر سۆز پىرىخۇن بولۇپ، ئەرەپچە ۋە ئۇيغۇرچە بىرىكمە سۆز. «پىر» دېگەن سۆز ئەرەپچە سۆز بولۇپ، «ئىلاھ، روھ، ئۇستاز» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. «خۇن» ئۇيغۇرچە سۆز بولۇپ، «جان، تەن، قان» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. «پىرىخۇن» سۆزىنىڭ پۈتۈن مەنىسى «ئىلاھى تەن ياكى تەنلەرنىڭ ئىلاھى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ھازىر جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلار شامانىنى «پىرخۇن»، شىمالىي شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلار «باخشى» دەپ ئاتايدۇ. ئەمما تۇرپان رايونىدىكى ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن بولسا، «موللا» دەپ ئاتايدىغان بولغان.

شامان دىنى - قەدىمكى ئانىمىزم، تەبىئەت ئىلاھچىلىقى، ئەجداد ئېتىقادچىلىقى، قەھرىمانلىق قاراشلار ئاساسىدا، ئىپتىدائىي جەمئىيەت تەرەققىي قىلىپ، بەلگىلىك باسقۇچقا يەتكەندە پەيدا بولغان. شامان دىنى بىر خىل ئىپتىدائىي فورمىدىكى دىن بولۇپ، گەرچە ئۇنىڭ دۇنياۋى دىنلارغا ئوخشاش مۇكەممەل تەلىماتى، شەرىئىتى ۋە مۇراسىملىرى بولمىسىمۇ، ئەمما پىر، ئويناش، خەتمە ئوقۇش قاتارلىقلار ئۇنىڭ مۇراسىملىرى؛ قوشاق، مۇناجەت ۋە ئەپسانە رىۋايەتلىرىنى ئۇنىڭ تەلىماتلىرى؛ پەرھىزلىرى ئۇنىڭ شەرىئەتلىرى؛ «شامان» نى ئۇنىڭ دىنىي ئۆلىماسى؛ بارلىق ئۇرۇق - قوۋم ۋە مەھەللە خەلقىنى ئۇنىڭ ئىشەنگۈچىلىرى دەپ قاراشقا بولىدۇ.

مەن تۇرپاندا كۆرگەن موللا ۋە ئۇنىڭ مۇراسىمى - شامان دىنىنىڭ ئەقىدە - ئەھكاملىرىنى تارقىتىدىغان، شەرتىنى ئىجرا قىلىدىغان شامان ۋە ئۇنىڭ دىنىي مۇراسىمى ئىدى. ئاڭلىشىمچە، بۇنداق كىشىلەر تۇرپاننىڭ ھەممىلا يېزىدە دېگۈدەك بار ئىكەن، شامان - شامان دىنىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنىڭ ئاساسى. شامانلارنىڭ مەۋجۇتلۇقى

شامان دىنىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغانلىقىنى ئاساس ۋە ئالدىنقى شەرت بىلەن تەمىنلەيدۇ. دېمەك، تۇرپان رايونىدا «موللا» دەپ ئاتىلىدىغان شامانلارنىڭ مەۋجۇت بولۇشى، شامان دىنىنىڭ تەسىرىنىڭ تۇرپان رايونىدا ناھايىتى چوڭقۇر تىنىدۇرما ھاسىل قىلىنىۋالغانلىقىنى دەلىللەپ بېرىدىغان مۇھىم پاكىتتۇر. يېزا ئىگىلىكى، سانائەت ۋە ئۇچۇر دەۋرلىرى ئۆز ئارا گىرەلەشمە ھالەتتە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىۋاتقان، ئۇيغۇرلار ئومۇميۈزلۈك ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىۋاتقان بۈگۈنكى جەمئىيەتتە، تۇرپان رايونىدا شامان دىنىغا ئوخشاش ئىپتىدائىي دىنىي ئېتىقاد ھادىسىلىرىنىڭ يەنىلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىشى مەندە تولىمۇ قىزىقىش پەيدا قىلدى. شۇنىڭ بىلەن مەندە، شامان دىنىنىڭ تەسىرىنىڭ تۇرپان رايونىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىشىنىڭ سەۋەبىنى ۋە ئۇنىڭ مەۋجۇتلۇق ھالەتلىرىنى بىلىش ئىستىكى قوزغىلىپ، تۇرپان رايونىدىكى تۇرپان شەھرى، يار، چاتقال، ئايدىڭكۆل، سىڭگىم يېزىسى قاتارلىق بىر شەھەر تۆت يېزىدا ئانتروپولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ باردىم. تەكشۈرۈش 2003 - يىل 7 - ئايدىن 2005 - يىل 3 - ئايغىچە داۋاملاشقان بولۇپ، ئاساسەن سۆھبەتلىشىش، قاتنىشىپ كۆزىتىش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلدى.

## Ⅱ . تۇرپان رايونىدا شامان دىنىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

تۇرپان ناھايىتى ئۇزاق مەدەنىيەت تارىخىغا ئىگە رايون بولۇپ، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ئانا بۆشۈكلىرىدىن بىرى. تارىختىن (مىلادىيىدىن) بۇرۇن، تۇرپان خەلقى مانا مۇشۇ مەدەنىيەت ئانا بۆشۈكىدە، ئەڭ قەدىمكى ئىپتىدائىي دىنلارنىڭ بىرى بولغان شامان دىنىغا ئېتىقاد قىلىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ دەسلەپكى سىستېمىلىق دۇنيا قاراش ۋە قىممەت قاراشلارنى بارلىققا كەلتۈرۈشتە ھەل قىلغۇچ رول ئوينىغانىدى. بۇ خىل دۇنيا قاراش ۋە قىممەت قاراشلارنىڭ سۈزۈك ساقىندىلىرى ھېلىھەم تۇرپان ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئاڭ - ئىدولوگىيىسىدە ناھايىتى ئاۋايلىنىپ ساقلىنىپ كەلمەكتە. بۇنداق بولۇشىنىڭ ئەڭ توپ سەۋەبى شۇكى، تۇرپان ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا شامان دىنىي ھادىسىلىرى بەلگىلىك دەرىجىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىۋاتقانلىقىدۇر.

تۇرپان ئۇيغۇرلىرى شامان باخشىلىرىنى «موللا» دەپ ئاتايدىغان بولۇپ، ئۇلار دەۋاتقان «موللا» ئىسلام دىنىنىڭ دىنىي ئۇنۋانى بولغان «موللا» بىلەن ئوخشاش ئەمەس. ئىسلام دىنىنىڭ دىنىي ئۇنۋانىنى كۆرسىتىدىغان «موللا» - سىستېمىلىق ئىسلام دىنى تەربىيىسى ئالغان، «قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىسلەرنى مۇكەممەل ئۆگىنىپ، ئۇنى بىمالال تەفسىر قىلىپ (مەنىسىنى يېشىپ، چۈشەندۈرۈپ) بېرەلەيدىغان، ئەمما «قۇرئان كەرىم» نى تولۇق يادلاپ بېرەلمەيدىغان كىشىلەرنىڭ بەزىلىرى دىنىي ياكى پەن تەربىيىسى ئالغان ئوقۇمۇشلۇق كىشىلەرنى ئەگەر ئۇ ئەر بولسا «موللا»، ئايال بولسا «بۈۋى» دەپ ۋە ياكى ھەر ئىككىلىسىنى ئوخشاشلا «موللا» دەپ ئاتايدۇ. دېمەك، شامان باخشىلىرى تۇرپان ئۇيغۇرلىرىنىڭ تىلىدا «موللا» ۋە «بۈۋى» دېگەن نام بىلەن تۇرپان رايونىنىڭ ھەممە بۇلۇڭ - پۇشقاقلىرىغىچە ئومۇميۈزلۈك مەۋجۇت.

1. تۇرپان رايونىدىكى موللىلارنىڭ جايلىشىش ئەھۋالىنى كۆرسىتىش جەدۋىلى①.

| رايون | سىڭگىم يېزىسى | | چاتقال يېزىسى | | ئايدىڭكۆل يېزىسى | | يار يېزىسى | | تۇرپان شەھرى | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| جىنسى | ئايال | ئەر | ئايال | ئەر | ئايال | ئەر | ئايال | ئەر | ئايال | ئەر |
| سانى | 22 | 18 | 41 | 21 | 28 | 11 | 28 | 14 | 6 | 3 |
| جەمئىيسى | 40 | | 62 | | 39 | | 42 | | 9 | |

① بۇ سانلىق مەلۇماتلار تەكشۈرۈش رايونىدىكى مەخسۇس شۇ خىل ئىش بىلەن شۇغۇللانغان ۋە شۇغۇللىنىۋاتقان كىشىلەر بىلەن بىۋاسىتە كۆرۈشۈپ مۇڭدىيەنلەشتۈرگەن كىشىلەرنىڭ ستاتىستىكا ئانالىز مەلۇماتىغا ئاساسەن بېرىلدى

تۇرپان رايونىنىڭ تۇرپان شەھەر ئىچى، يار ، ئايدىڭكۆل، چاتقال ۋە سىڭگىم يېزىسى قاتارلىق بىر شەھەر، تۆت يېزىنى تەكشۈرۈشتىن مەلۇم بولىشىچە، موللىلارنىڭ جايلىنىش ئەھۋالى تۆۋەندىكى جەدۋەلدىكىدەك بولۇپ، شەھەر - بازارلاردا ئاز، يېزا - كەنتلەردە كۆپ بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە ئىدى. يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن تۆت يېزىنىڭ ھەربىر كەنت مەھەلىللەردە ئاز بولغاندا 3، كۆپ بولغاندا 8 ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق موللا بار ئىكەن. تۇرپان رايونىدىكى موللىلارنى جىنس پەرقى جەھەتتىن سېلىشتۇرغاندا، ئايال موللىلار كۆپ، ئەر موللىلار ئاز بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، تۇرپان رايونىدا ئېلىپ بارغان ستاتىستىكا ئانالىزىغا ئاساسلانغاندا، ئايال موللىلار ئومۇمىي موللىلارنىڭ %65.2نى، ئەر موللىلار بولسا %34.8 نى ئىگىلىگەن.

تۇرپان رايونىدىكى موللىلارنى تەكشۈرۈش ستاتىستىكا ئانالىزىغا ئاساسلانغاندا، تۇرپان رايونىدىكى يېشى ئەڭ كىچىك موللا 13 ياش ، يېشى ئەڭ چوڭ موللا 73 ياش ئىدى. ئەمما ياش پەرقى جەھەتتىكى سېلىشتۇرما: ئانالىزىغا قارىغاندا، تۇرپان رايونىدا ياش ۋە ياشانغان موللىلار ئاز، ئوتتۇرا ياش موللىلار كۆپ بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە ئىكەن. بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا ياش ئاياللار بىر قەدەر كۆپ بولۇپ، تۇرپان رايونىدىكى ئومۇمىي موللىلارنىڭ %40.3 ئىگىلەيدۇ.

2. تۇرپان رايونىدىكى موللىلارنىڭ ياش پەرقى ئەھۋالىنى كۆرستىش جەدۋىلى

| ياش ئايرىمىسى | 17 — 80 | | 61 — 70 | | 51 — 60 | | 41 — 50 | | 31 — 40 | | 21 — 30 | | 10 — 20 | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| جىنسى | ئايال | ئەر | ئايال | ئەر | ئايال | ئەر | ئايال | ئەر | ئايال | ئەر | ئايال | ئەر | ئايال | ئەر |
| سانى | 1 | 3 | 5 | 7 | 28 | 13 | 37 | 24 | 33 | 13 | 17 | 5 | 4 | 2 |
| جەمئىيسى | 4 | | 12 | | 41 | | 61 | | 46 | | 22 | | 6 | |

تۇرپان رايونىدىكى موللىلارنى تەكشۈرۈش ستاتىستىكا ئانالىزىغا ئاساسلانغاندا، تۇرپان رايونىدىكى موللىلار مەدەنىيەت سەۋىيە جەھەتتە، ساۋاتسىز، باشلانغۇچ، مەدەنىيەت سەۋىيىدىكىلەر ۋە دىنىي تەربىيە ئالغانلار بىر قەدەر كۆپ، تولۇقسىز، تولۇق ئوتتۇرا ۋە تېخنىكوم مەدەنىيەت سەۋىيىدىكىلەر بىر قەدەر ئاز، مەخسۇس كورس ۋە تولۇق كورس مەدەنىيەت سەۋىيىسىدىكىلەر يوق بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە. تۆۋەندىكى جەدۋەلگە ئاساسلانغاندا، ئايال موللىلارنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسى ئەر موللىلارنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە قارىغاندا بىر قەدەر يۇقىرى دېيىشكە بولىدۇ.

3. تۇرپان رايونىدىكى موللىلارنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيە ئەھۋالىنى كۆرستىش جەدۋىلى

| مەدەنىيەت سەۋىيىسى | دىني تەربىيە ئالغانلار | | مەخسۇس كورس | | ئوتتۇرا تېخنىكوم | | تولۇق ئوتتۇرا | | تولۇقسىز ئوتتۇرا | | باشلانغۇچ | | ساۋاتسىزلار | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| جىنسى | ئايال | ئەر | ئايال | ئەر | ئايال | ئەر | ئايال | ئەر | ئايال | ئەر | ئايال | ئەر | ئايال | ئەر |
| سانى | 63 | 31 | 0 | 0 | 1 | 0 | 8 | 1 | 14 | 2 | 37 | 4 | 18 | 13 |
| جەمئىيسى | 94 | | 0 | | 1 | | 9 | | 16 | | 41 | | 31 | |

تۇرپان رايونىدا كۆزىتىش، سۆھبەتلىشىش ۋە سوئال قەغىزى تارقىتىش قاتارلىق ئۇسۇللار بىلەن ئېلىپ بېرىلغان خەلقنىڭ «موللىغا» ئىشىنىش سەۋىيىسىنى ئۆلچەش ئانالىزىغا ئاساسلانغاندا، تۇرپان رايونىدىكى ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدا ئومۇمىيۈزلۈك موللا (شامان دىنى) غا ئىشىنىش ھادىسى مەۋجۇت. يەنى ئەۋرىشكە ئېلىپ تەكشۈرگەن 281 ئادەم ئىچىدە، موللىغا ئىشىنىدىغانلار %83.6 نى ئىگىلىگەن. ئىشىنىش سەۋىيىسىنىڭ جىنس پەرقىدىن قارىغاندا،

ئاياللارنىڭ ئىشىنىش نىسبىتى بىر قەدەر يۇقىرى بولۇپ، 93.2% نى ئىگىلەيدۇ. ئىشىنىش سەۋىيىسىنىڭ ياش پەرقىدىن قارىغاندا، ئوتتۇرا ياش ۋە ياشانغانلارنىڭ ئىشىنىش نىسبىتى بىر قەدەر يۇقىرى، ياشلارنىڭ ئىشىنىش نىسبىتى بىر قەدەر تۆۋەن بولغان. ئىشىنىش سەۋىيىسىنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيە پەرقىدىن قارىغاندا، ساۋاتسىز، باشلانغۇچ، تولۇقسىز ئوتتۇرا ۋە تېخنىكوم مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە ئىگە كىشىلەرنىڭ ئىشىنىش نىسبىتى بىر قەدەر يۇقىرى، ساۋاتسىز، باشلانغۇچ، تولۇقسىز ئوتتۇرا، تولۇق ئوتتۇرا، تېخنىكوم، مەخسۇس كورس، تولۇق كورس مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە ئىگە كىشىلەرنىڭ ئىشىنىش نىسبىتى بىر قەدەر تۆۋەن بولغان. ئىشىنىش سەۋىيىسىنىڭ رايونلارغا تارقىلىش ئالاھىدىلىكىدىن قارىغاندا، شەھەر ئاھالىلىرى 78.6% نى ئىگىلىگەن، يېزا ئاھالىلىرى 83.4% نى ئىگىلىگەن. ئىشىنىش سەۋىيىسىنىڭ كەسىپ قۇرۇلما ئالاھىدىلىكىدىن قارىغاندا، دېھقانلارنىڭ ئىشىنىش نىسبىتى 87.8%، سەنئەتچىلەرنىڭ ئىشىنىش نىسبىتى 91.3%، ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئىشىنىش نىسبىتى 68.4%، ئوتتۇرا ۋە باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ئىشىنىش نىسبىتى 67.5%، مەمۇرىي ئورگان خادىملىرىنىڭ ئىشىنىش نىسبىتى 76.4% بولغان. ئەمما سىستېمىلىق ئىسلام دىنىي تەربىيىسى ئالغان دىنىي ئۆلىمالار قەتئىي ئىشەنمەيدىكەن.① چۈنكى، ئۇلار ئاللادىن باشقا مەبۇدقا ئىشىنىش، ئېتىقادسىزلىق ۋە ئىمانسىزلىق دەپ قارايدۇ.

يۇقىرىقى تەكشۈرۈش ئانالىزىدىن شۇنداق خۇلاسە چىقىرىشقا بولىدۇكى، تۇرپان رايونىدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا، ئۆتمۈشتە ئېتىقاد قىلغان شامان دىنىنىڭ قالدۇق تەسىرى خېلى چوڭقۇر ساقلانغان بولۇپ، ھازىرمۇ شامان دىنى ھادىسىلىرى مەۋجۇت بولۇپ تۇرماقتا، شۇنداقلا خەلق ئارىسىدىمۇ مۇئەييەن دەرىجىدە ئىشىنىش ھادىسىلىرى مەۋجۇت ئەلۋەتتە. بۇ يەردە، تارىختىكى ئەڭ ئىپتىدائىي دىنلارنىڭ بىرى بولغان شامان دىنى تۇرپان ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا قانداق قىلىپ تا ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كېلەلىدى؟ دېگەن سوئال تۇغۇلىدۇ. بۇ سوئالغا جاۋاب تېپىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن، شامان دىنى مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنىڭ بىردىنبىر بەلگىسى بولغان شامان (موللا) لارنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش سەۋەبىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشقا توغرا كېلىدۇ.

## Ⅲ تۇرپان رايونىدىكى شامانلارنىڭ پەيدا بولۇش سەۋەبلىرى

شامان دىنىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى شامان باخشىلىرىنىڭ مەۋجۇت بولۇشىغا تايىنىدۇ. چۈنكى شامان دىنىنىڭ ئاساسلىق ئەقىدىسى — ھەممە نەرسىدە روھ بارلىقىغا، ئىلاھ ۋە جىنلارنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا ئىشىنىش بولۇپ، ئادەم ۋە تەبىئەت دۇنياسىدىكى بارلىق ئۆزگىرىشلەرنى ئىلاھ ۋە جىنلار كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ دەپ قارايدۇ. شامان دىنى رېئال دۇنياغا ئىشىنىش بىلەن بىرگە تەبىئەتتىن، ئادەمدىن تاشقىرى بىر سىرلىق دۇنيانىڭ ۋە كۈچنىڭ بارلىقىغا ھەم ئۇنىڭ تەبىئەت ۋە جەمئىيەتنى تىزگىنلەپ تۇرىدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ. شامان دىنى ئالەمنى ئۈچكە بۆلگەن بولۇپ، ئۈستۈنكى دۇنيا جەننەت - پەرىشتىلەر ماكانى؛ ئوتتۇرىسىدىكى دۇنيا ئادەملەر دۇنياسى بولۇپ، ئىنسانلار ھەم ھايۋان، ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ماكانى؛ ئاستىنقى دۇنيا جەھەننەم بولۇپ، جىن - ئالۋاستىلارنىڭ ماكانى ئىدى. شامان باخشىسى خاسىيەتلىك ھەم ئىلاھ ۋە جىنلار بىلەن ئالاقە قىلالايدىغان قابىلىيەتكە ئىگە بولۇپ، كىشىلەرگە ئىلاھ ۋە جىنلارنىڭ ئىرادىسىنى يەتكۈزىدۇ ھەم ئۇلارنىڭ ياردىمىدە كىشىلەرگە ياخشىلىق ۋە يامانلىقتىن ئالدىن بىشارەت بېرىپ، ئادەم بىلەن ئىلاھتىن ئىبارەت ئىككى دۇنيانى باغلاپ تۇرىدۇ. تەتقىقاتچىلارنىڭ قارىشىچە، بۇنداق شامان باخشىلىرىنىڭ پەيدا بولۇشى ئەۋلاتتىن ئەۋلاتقا بولمايدۇ. بەلكى ئىلاھنىڭ تاللىشى بىلەن بولىدۇ. ئىلاھ تەرىپىدىن تاللانغان ئادەملا شامان باخشىسى بولالايدۇ. ئۇنىڭ باشقا تاللاش ئىمكانىيىتى بولمايدۇ. ئۇنداقتا بۇ شامان باخشىلىرى ئىلاھ تەرىپىدىن قانداق تاللىنىدۇ؟ تۆۋەندە ئەمەلىي تەكشۈرۈش ئەھۋالىغا ئاساسەن بۇ ھەقتە مۇلاھىزە ئېلىپ بارىمىز.

تۇرپان رايونىدىكى بىر شەھەر، تۆت يېزىدىكى شامان دىنى ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش

① بۇ ستاتىستىكا ئانالىز مەلۇماتى تەكشۈرۈش جەريانىدىكى ئوخشاش كەسىپتىكى ھەر 50 ئادەمنى بىرلىك قىلىپ ئېلىپ بېرىلغان سۆھبەت ۋە كۆزىتىش نەتىجىسىدىن كەلگەن.

جەريانىدا، شامان باخشىلىرى ئۆزلىرىنىڭ موللا بولۇپ قالغانلىقىنىڭ سەۋەبى توغرىسىدىكى بايانلىرىغا ئاساسەن، شامان باخشىلىرىنىڭ شامان بولۇپ قېلىشىنىڭ سەۋەبىنى تۆۋەندىكى بىر قانچە نۇقتىغا يىغىنچاقلاپ چۈشەندۈرۈش مۇمكىن.

**1) شامان (موللا) بولۇش - ئىرسىيەتلىك بولىدۇ**

تۇرپان رايونىدىكى موللىلار بىلەن ئېلىپ بېرىلغان سۆھبەت ستاتىستىكا ئانالىزىغا ئاساسلانغاندا، 32.3% موللا ئۆزىنىڭ موللا بولۇپ قېلىش سەۋەبى توغرىسىدا سۆزلىگەندە، ئۆز جەمەتى (هازىرقى ۋە ئىلگىرىكى ئۇرۇق - تۇققانلىرى) ئىچىدە، مۇشۇنداق ئىش بىلەن شۇغۇللانغان كىشىلەرنىڭ بارلىقىنى، ئۆزلىرىنىڭ بۇ كىشىلەر بىلەن مۇناسىۋىتى بارلىقىنى ئېيتىپ ئۆتىدۇ.

بىرىنچى ئەندىزە: تۇرپان شەھەر xx يېزا xx كەنتتىكى xx موللا بىلەن سۆھبەت. مەن بۇ يىل 39 ياش، بۇ ئىشنى قىلىۋاتقىلى 7 يىل بولدى. بۇرۇن مېنىڭ ئاپامنىڭ مەھەللىدە داڭقى بار موللا ئىدى. بىز 2 ئوغۇل، 3 قىز، بەش بالا ئىدۇق. ئاپام ئەسلى بۇ ئىشنى كىچىك سىڭلىمغا قالدۇرماقچى بولغانىدى. چۈنكى كىچىك سىڭلىم ئاجىز ئىدى. ئاپام ئۇنىڭغا دۇئا قىلسا، پەرلىرى ئۇنىماپتۇ. ئاكام بىلەن ئىنىم دائىم هاراق ئىچىپ يۈرگەچكە ئۇلارمۇ بولمايدىكەن. شۇڭا، بۇ ئىش ماڭا ئۆدۈم بولۇپ قېپقالدى. بولمىسا ئاپام ماڭا دۇئامۇ قىلماپتىكەن. هەر ئاخشىمى چۈش كۆرىمەن، چۈشلىرىم شۇنداق ئوڭ چىقىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاپامغا دېدىم. ئاپام ئاڭلاپ، بۇ ئىش ساڭا قالىدىغان ئوخشايدۇ، دېدى. ئاپام تۈگەپ كېتىپ بىر يىلدىن كېيىن مەنمۇ «كىشى كۆرىدىغان» بولدۇم.

ئىككىنچى ئەندىزە: تۇرپان شەھەر xx يېزا xx كەنتتىكى xx موللا بىلەن سۆھبەت. مەن بۇ يىل 47 ياش. توي قىلىپ ئىككى يىلدىن كېيىن چوڭ ئوغلۇم تۇغۇلدى. بالام بۆشۈك تويىنى قىلغان ئاخشامدىن باشلاپ، ئاخشىمى قارا بېسىپ ياتالمايدىغان بولۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن xx مەھەللىدىكى xx موللامنىڭ يېنىغا باردۇق. موللام: «بوۋىلىرىنىڭ پەرلىرى ياتقۇزمايۋېتىپتۇ. ئۆزلىرىنى ئىزدەيدىغان ئىشى بار ئىكەن. ئۇلارغا قوپاللىق قىلمىسىلا، xx غوجام بىلەن xx غوجامنى يوقلاپ، بىر قارا قوينى قان قىلىپ، ئۆيدە خەتمە ئۆتكۈزسىلا» دېدى. (قايسى بوۋامدۇ؟ بۇ) دەپ چوڭلاردىن سورىسام، دادامنىڭ ئاتىسى ئەينى زامانلاردا شۇنداق داڭقى بار موللا ئىكەنتۇق. ئۇنىڭدىن كېيىنكىلەردە بۇنداق ئىش قىلغانلار يوقكەن. بوۋىمىزنىڭ روهى يۆلىگەن ئوخشايدۇ. بۇ ئىش ماڭا قالدى. بۇ يىل ساق 18 يىل بولدى.

يۇقىرىقى بايانلاردىن قارىغاندا، موللا بولۇپ قېلىش مەلۇم قانداشلىق مۇناسىۋىتىنى ئاساس قىلىپ داۋاملىشىدىغان ئىش بولۇپ، ئەجداد قېنىدىكى بۇ خىل ئىرسىيەت ئامىلى كېيىنكى ئەۋلادلارنىڭ بەزىلىرىدە يوشۇرۇن، بەزىلىرىدە ئاشكارا ئىپادىلىنىپ چىقىدىغاندەك تۇرىدۇ. ئەگەر بۇ يەكۈنىمىزنى توغرا دەپ قارىساق، موللىلاردىكى پال ئېچىپ، باخشىلىق ۋە يامانلىقتىن ئالدىن بېشارەت بېرەلەيدىغان، كېسەل داۋالىيالايدىغان بۇ خىل سىرلىق قابىلىيەتنى ئالاهىدە بىر خىل تۇغما قابىلىيەت دېگەن خۇلاسىنى چىقىرالايمىز. ئۇنداقتا بۇنداق تۇغما قابىلىيەت قەيەردىن كەلگەن؟ مەن تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ تەكشۈرۈش ئارقىلىق، خەلق ئاغزىدىن بۇ توغرىلىق تۆۋەندىكىدەك بىر مەنبەگە ئېرىشتىم.

ئۈچىنچى ئەندىزە: تۇرپان شەھەر xx يېزا xx كەنتتىكى xx موللا بىلەن سۆھبەت. ئاللا ئادەم بىلەن هاۋا ئانىنى يارىتىپ ئۇلارنى بۇ دۇنياغا چۈشۈرگەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرىنى ئىسلام دىنىغا دەۋەت قىلىشقا نۇرغۇن پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتكەنىكەن. بۇ پەيغەمبەرلەرنىڭ هەممىسى مەلۇم سىرلىق قۇدرەتكە ئىگە بولغانىكەن. مۇهەممەد پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامدىن كېيىن، ئىنسانلار ئارىسىغا پەيغەمبەر ئەۋەتىلمىگەنىكەن. ئەمما ئاللا دۇنيادىكى هەربىر مىللەت ۋە هەربىر قوۋمگە ئۆزلۈكسىز هالدا، شۇ قوۋمنىڭ باخشىلىق ۋە يامانلىقىدىن ئالدىدىن بېشارەت بېرەلەيدىغان سىرلىق كۈچكە ئىگە كىشىلەرنى ئەۋەتىپ تۇرغۇزىدىكەن. بۇ كىشىلەرنىڭ بەزىلىرى بۇ ئىشنىڭ خاسىيىتى بىلەن ئۆزقوۋملىرىگە پايدىلىق ئىشلارنى قىلغان. ئەمما يەنە بەزىلىرى مەنپەئەت كويىدا بۇ خاسىيەتلىك قابىلىيەتنى ئۆز نەپسى ئۈچۈن ئىشلەتكەن. بۇنداق كىشىلەر ئاخىرىدا ئالۋاستىلار بىلەن دوست بولۇپ، ئاللانىڭ ئەمرىنى تۇتماي، جىن - ئالۋاستىلارنىڭ ئەمرىنى تۇتقان. بۇنىڭ بىلەن ئۇلار جىن - ئالۋاستىلارنىڭ ئىنسانلارنى ئازدۇرۇشىدىكى قورالىغا ئايلىنىپ قالغان.

بۇ بايانغا ئاساسلانغاندا، ئەڭ دەسلەپكى سىرلىق قابىلىيەتكە ئىگە كىشىلەر، ئاللا تەرىپىدىن بارلىققا كەلتۈرۈلگەنىدى.

كېيىنكىلىرى بولسا ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى بولۇپ، مەلۇم قانداشلىق مۇناسىۋەت ئارقىلىق ئەجداتتىن ئەۋلاتقا داۋاملىشىپ ماڭغانىدى. دېمەك، بۇ خىل سىرلىق قابىلىيەت كېيىنكىلەر ئۈچۈن بىر خىل ئالاھىدە تۇغما قابىلىيەت بولۇپ قالغانىدى. بىزگە مەلۇمكى، ئىنساندىكى ھەربىر قابىلىيەت مەلۇم خىل گېن تەرىپىدىن كونترول قىلىنىپ، ئىرسىي يول بىلەن كېيىنكى ئەۋلادلارغا ئۆتىدۇ. بۇ خىل گېنلار بەزى ئەۋلادلاردا يوشۇرۇن ساقلانسا، بەزى ئەۋلادلاردا ئاشكارا ئىپادىلىنىپ چىقىدۇ. بۇنىڭغا ئاساسلانغاندا، ھازىرقى شامانلاردىكى ئالاھىدە ئىقتىدارلارمۇ مانا مۇشۇ يول ئارقىلىق ئەجدادلىرىدىن داۋاملىشىپ كەلگەن دەپ قاراشقا بولىدۇ. ئەگەر بۇ قارىشىمىزنى توغرا دەپ قارىساق، ھازىرقى شامانلار ئاللاھ تەرىپىدىن تاللىنىدىغان بولماستىن، بەلكى بىئولوگىيىلىك تاللاشنىڭ كونتروللۇقىدا بولىدۇ. شۇڭا ھازىرقى شامانلارنىڭ شامان بولۇپ قېلىشىنىڭ مۇھىم بىر سەۋەبى ئىرسىي ۋارىسلىق قىلىش دەپ قاراشقا بولىدۇ. ئەمما تەتقىقاتچىلار ئېيتقاندەك، ئۇلارنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئەجداتلىرى يەنىلا ئاللاھ تەرىپىدىن تاللانغان بولىدۇ.

2) شامان (موللا) بولۇش - خىزىرغا يولۇقۇش بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇرمىش

تۇرپان رايونىدىكى موللىلار بىلەن ئېلىپ بېرىلغان سۆھبەت ستاتىستىكا ئانالىزىغا ئاساسلانغاندا، تۇرپان رايونىدىكى 43.7% موللا ئۆزىنىڭ موللا بولۇپ قېلىش سەۋەبىنى خىزىرغا يولۇققانلىقىدەك ئەپسانىۋى ۋەقەلەر بىلەن باغلاپ چۈشەندۈرىدۇ.

تۆتىنچى ئەندىزە: تۇرپان شەھەر xx يېزا xx كەنتتىكى xx موللا بىلەن سۆھبەت.
ئاپامنىڭ دېيىشىچە، ئاتامدىن 3 يېشىمدا قاپتىكەنمەن، بىر ئاكام يەنە بىر سىڭلىم بار. بۇرۇن تۇرمۇشىمىز تولىمۇ غورىگۇل ئىدى. ئاپام بىزنى قاتارغا قوشقىچە تارتمىغان جاپاسى قالمىدى. مەن دائىم ئاپامغا ياردەملىشىپ ئۆي ئىشلىرىنى ۋە ئېتىز - ئېرىق ئىشلىرىنى قىلىشىپ بېرەتتىم. بەزىدە ئاپام بىزنىڭ بەختىمىزنى تىلەپ يىغلىسا، مەنمۇ قوشۇلۇپ يىغلاپ كېتەتتىم. ئاپام دائىم مېنى كۆيۈمچان، دىلى يۇمشاق، ئاقكۆڭۈل بالا دەپ ماختايتتى. شۇنداق قىلىپ، چوڭ بولدۇق. توي قىلىپ بالىلىقمۇ بولدۇق. بىر كۈنى چۈشتە ئېتىزغا سۇ تۇتۇش نۆۋىتى كەپتۇ. تاماقمۇ يېمەي يەر سۇغارغىلى بارغانىدىم. 6 - ئاينىڭ 18 - كۈنى چارشەنبە كۈنى ئىدى. ئىسسىق تازا قايناپ، تەر دېگەن بەدىنىمدىن قۇيۇلۇپ كېتەتتى. مېنىڭ يېرىم ئېتىزلىقنىڭ ئەڭ ئايىغىدا ئىدى. يەرنىڭ يېرىمىغا سۇ كىرىپ بولغاندا، قاراپ باقاي دەپ يەرنىڭ تۆۋەن تەرىپىگە ئۆتسەم، ئالدىمغا ئاق يەكتەك، ئاق سەللە، كالاچ كىيگەن، ئاق ساقاللىق بىر ئادەم ئۇچرىدى ۋە «ئەسسالام ئەلەيكۇم» دەپ ماڭا ئاۋۋال سالام قىلدى. مەن قولۇمنى كۆكسۈمگە قويۇپ «ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام» دەپ جاۋاب سالام قايتۇردۇم. ئۇ ماڭا ئىللىق قاراپ: «جاپانى كۆپ تارتتىڭ، ئاقكۆڭۈل ئادەم بولدۇڭ. بۇ پىچاقنى ساڭا ھەدىيە قىلاي، ئۆزۈڭگە ھەمرا قىل» دېدى ۋە ماڭا پىچاقنى بەردى. مەن پىچاقنى قولۇمغا ئېلىپ قاراپ تۇرۇپ قاپتىمەن. ئۇ كىشى يېنىمدىن ئۆتكەندەك قىلدى. كەينىمگە ئۆرۈلۈپ قارىسام يوق. سۇبھانئاللا! مەن شۇ ھامان خىزىرغا يولۇقۇپتىمەن دەپ يەرنى سۇغارماي ئۆيگە قايتىپ كەلدىم. ھېچكىمگە تىنمىدىم، ئۈچ كۈن بولغاندا، چۈشۈمدە بىر نېمىلەرنى كۆرىدىغان بولۇپ قالدىم. چۈشۈمدە كۆرگەنلىرىم ئوڭۇمدا يۈز بېرەتتى. شۇنىڭ بىلەن كۈندە دۇئا قىلىپ تىلەيدىغان بولدۇم. شۇنىڭدىن كېيىن «كىشى كۆرىدىغان» بولۇپ قالدىم.

ئۇلارنىڭ بۇ خىل ئەپسانىۋى بايانلىرىغا ئاساسلانغاندا، ئۇلار يولۇققان سىرلىق ئادەم، ئاق يەكتەك كىيگەن، ئاق سەللە يۆگىگەن، كالاچ كىيگەن، ئاق ساقاللىق ئەر كىشى بولۇپ، ئايال كىشى ئۇچرىغانلىقى توغرىسىدىكى بايانلار ئۇچرىمايتتى. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، بۇ سىرلىق ئادەم ئىسلام ئەھكاملىرىدا تىلغا ئېلىنىدىغان ھەزرىتى خىزىر ئەلەيھىسسالام ئىكەن. «قىسسەسۇل ئەنبىيا» دىكى ھەزرىتى خىزىر ئەلەيھىسسالام توغرىسىدىكى بايانلارغا ئاساسلانغاندا، «خىزىر يېشىللىق دېگەنلىك بولۇپ، ھەزرىتى خىزىر ئەلەيھىسسالام قەدىمى قەيەرگە يەتسە، ئۇ يەر كۆكىرىپ، يېشىللىق بەرپا بولاتتى. ھەزرىتى خىزىر ئەلەيھىسسالام كۆپ تائەت - ئىبادەت قىلغانلىقتىن ئاللا ئۇنى بارلىق خەزىنىلەرگە مۇئەككەل قىلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن خىزىر ئەلەيھىسسالام قىيامەتكىچە ھاياتتۇر.» شۇڭا ئۇ ئۆمرىدە كۆپ جاپا - مۇشەققەت تارتقان، ئەلەم چەككەن بولسىمۇ، سەۋر قىلىپ، ئاللاغا ئىبادەت قىلغان، ئاقكۆڭۈل توغرا نىيەتلىك كىشىلەرگە ياخشىلىق قىلىش نىيىتىدە، ئۇلارغا خىلمۇ خىل نەرسىلەرنى ھەدىيە قىلىدۇ. گەرچە ئۇ ھەدىيە قىلغان نەرسىلەر كىچىك، ئاددىي بولسىمۇ، ئۇنىڭ خاسىيىتى ۋە بەرىكىتى ئالەمچە بولىدىكەن.

شۇڭا خىزىرغا يولۇققان كىشىلەر مۇشۇنداق سىرلىق ئىقتىدارغا ئىگە بولۇپ، تۇرمۇشى ياخشىلىنىپ كېتەرمىش.

بۇ خىل چۈشەندۈرۈشكە ئاساسلانغاندا، ئۇلار دەۋاتقان ھەزرىتى خىزىر ئەلەيھىسسالام بىر ئىلاھى روھ بولۇپ، ئۇ ھەممىلا ئادەمگە، خالىغان جايدا ئۇچراۋەرمەيدۇ. بەلكى يولىقىدىغان ئادەمنى تاللاپ خالىي جايلاردا يولىقارمىش. بىرىدىغان خاسىيەتلىك خەزىنىنىمۇ يولۇققانلا ئادەمگە ئوخشاش بەرمەيمىش. بەلكى ئۇلارنىڭ پانىي ئالەمدىكى ياخشىلىق ۋە يامانلىق توغرىسىدىكى ئارخىپلىرىغا ئاساسەن بەزىلىرىگە كۆپ، بەزىلىرىگە ئاز، بەزىلىرىگە كۆچلۈك، بەزىلىرىگە ئاجىز بېرەرمىش. مۇشۇ مەنىدىن قارىغاندا مولىلار موللا بولۇپ قېلىشتىن ئىلگىرى مەلۇم روھىي كۈچنىڭ تاللىشىغا ئۇچرايدۇ دەپ قاراش مۇمكىن.

3) شامان (موللا) بولۇش ـ خاسىيەتلىك چۈش كۆرۈش بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇرمىش

تۇرپان رايونىدىكى موللىلار بىلەن ئېلىپ بېرىلغان سۆھبەت ستاتىستىكا ئانالىزىغا ئاساسلانغاندا، تۇرپان رايونىدىكى 23. 4% موللا ئۆزىنىڭ موللا بولۇپ قېلىش سەۋەبىنى خاسىيەتلىك چۈش كۆرگەنلىكىگە باغلاپ چۈشەندۈرىدۇ. ئۇلارنىڭ دېيىشىچە، بۇنداق چۈشنى ھەممىلا ئادەم كۆرەلمەيدۇ، پەقەت ساۋاپلىق ئىشلارنى كۆپ قىلغان، دىلى ئاق، باشقىلارنىڭ ھەققىنى يېمەيدىغان، نەسەبى ساپ كىشىلەرلا مۇشۇنداق خاسىيەتلىك چۈشلەرنى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولالايدۇ. ئەمما بۇنداق خاسىيەتلىك چۈشنى كۆرگەنلەرنىڭ ھەممىسىلا شامان (موللا) بولالىشى ناتايىن ئىدى. چۈنكى بۇنداق خاسىيەتلىك چۈشنى كۆرگەنلەر قىلىش ـ قىلماسلىقى زۆرۈر بولغان مەلۇم مەجبۇرىيەت ۋە پەرھىزلىرى بولىدۇ. بۇلارنى ۋاقتىدا ۋە لايىقىدا ئورۇنلىيالىغانلار شامان (موللا) بولالايمىش، لايىقىدا ئورۇنلىيالمىغانلار بولسا بۇنىڭ ئازابىغا قالىدۇ ياكى شامان (موللا) بولالمايمىش.

بەشىنچى ئەندىزە: تۇرپان شەھەر يېزا xx كەنتتىكى xx موللا بىلەن سۆھبەت. 1994 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى كەچتە بىر چۈش كۆردۈم. چۈشۈمدە كۈننى كۆردۈم. كۈن شۇنداق ئۇچۇق ھەم نۇرلۇق ئىدى، سۇبھانئاللا! تۇيۇقسىز ئارقا تەرىپىمدىن بىر ئاۋاز كېلىپ: «بۇ نۇر ئاللانىڭ نۇرى!» دەپلا توختاپ قالدى. مەن شۇ ھامان ئارقىمغا ئۆرۈلۈپ قارىدىم، ھېچكىم يوق، تۆت ئەتراپىمنىڭ ھەممىسىگە قاراپ چىقتىم، ھېچكىم يوق. شۇنىڭ بىلەن، قورقۇپ كېتىپ ئويغىنىپ كەتتىم. مەن بۇرۇن باشقىلاردىن، «چۈشىدە كۈن كۆرگەن كىشى، دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ، تاھارەت ئېلىپ، ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇپ، تىلىكىنى تىلىسە ھەم ئۈچ كۈنگىچە كۆرگەن چۈشنى ھېچكىمگە دېمىسە، تىلىكى ئىجابەت بولىدۇ» دەپ ئاڭلىغانىدىم. شۇنىڭ بىلەن، مەن شۇ بويىچە ناماز ئوقۇپ، دۇئايىمدا، خۇدادىن ماڭا ئىلىم بېرىشنى تەلەپ قىلدىم. نېمىشقا دەمسىز؟ چۈنكى مەن كىچىكىمدە مەكتەپ يۈزى كۆرمىگەن، ئېلىپنىڭ سۇنىقىنىمۇ بىلمەيمەن. شۇڭا بىزنىڭ ئۆيدىكى دائىم مېنى «قارتورۇك!» دەپ تىللايتى. خۇدايىم تىلىكىمنى ئىجابەت قىلىپ، ھازىر «قۇرئان» نىمۇ ئوقۇيالايدىغان بولدۇم. كىشىلەرنىڭ نېمىلەرنى ئويلاۋاتقانلىقىنى، ھەتتا كەلگۈسىدىكى ئىشلارنىمۇ بىلەلەيدىغان بولدۇم.

ئالتىنچى ئەندىزە: بىر كۈنى ئاخشىمى چۈشۈمدە بىلىنمىنىڭ ئاستى يوق، سەللە يۆگىگەن، ئاق ساقاللىق بىر ئادەم ئۆينىڭ دېرىزىسىدىن ساڭگىلاپ: «مەن خىزىر قولۇڭنى بەر!» دەيدۇ. مەن قورقۇپ كېتىپ: «ياق، مېنىڭ ئېرىم بار» دەپتىمەن. ئۇ «مەن سېنى خىسلەتلىك يولغا ئاپىرىمەن قولۇڭنى بەر!» دېدى. شۇنىڭ بىلەن مەن قولۇمنى سۇندۇم. ئۇ بىر سۈرىنى ئوقۇپ بولۇپ چىقىپ كەتتى. مەن ئەتىسى ئەتىگەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ بامدات نامازنى ئوقۇپ بولۇپ تىلەك تىلىدىم. بىر ئاي مۇشۇنداق خاسىيەتلىك چۈشلەرنى كۆرۈپ تۇردۇم. ھېچكىمگە دېمەي، بىر ئاي بولغاندا مەھەللىدىكى xx موللىنىڭ يېنىغا كىرىپ بولغان ئىشنى دېدىم. xx موللام ماڭا بىر قانچە ئايەتنى ھەر قېتىمدا 101 دىن، ھەر كۈنى ئوقۇپ، غوجاملارنى يوقلاشنى ئېيتتى. مەن شۇ بويىچە قىلىپ، ئۈچ ئايدىن كېيىن «كىشى كۆرىدىغان» بولۇپ قالدىم.

بۇ خىل بايانلارغا ئاساسلانغاندا، تۇرپان رايونىدىكى شامان (موللا) لار، شامان (موللا) بولۇپ قېلىشتىن ئىلگىرى يۇقىرىقىدەك خاسىيەتلىك چۈشلەرنى كۆرگەنىدى. بۇ خىل چۈشلەردە (كۈن، ئاي، يۇلتۇز ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نۇرلۇق يورۇقلۇق ھەم خىزىر ئەلەيھىسسالام قاتارلىقلار ئاساسلىق چۈش ئوبېكتلىرى بولۇپ، شامان، موللىلار ئۆزلىرىدىكى خاسىيەتلىك قابىلىيەتلەرنى چۈشتىكى مۇشۇ ئوبېكتلارغا باغلاپ چۈشەندۈرىدۇ. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، چۈشتە كۆرگەن نۇر ۋە يورۇقلۇق ئاللانىڭ

نۇرى ھېكمىتى ئىكەن. خىزىر ئەلەيھىسسالام بولسا شۇ خىل خىسلەتلەرنىڭ ئىگىسى ۋە پىرى ئىكەن.

بۇنداق خاسىيەتلىك چۈشنى كۆرگۈچىلەر ئۆزىنى پاك، پاكىز تۇتىشى، ئۈچ كۈندىن ئۈچ ئايغىچە ھېچكىمگە دېمەسلىكى، ھەر كۈنى ناماز ئوقۇپ، دۇئا - تىلاۋەت قىلىشى يەنى دىلىنى پاك تۇتۇپ، ئىخلاس بىلەن ئىستىقامەت قىلىشى كېرەككەن، ئاندىن شۇندىلا شامان (موللا) بولالايمىش. ئەگەر ئۇنداق قىلمىسا، شامان (موللا) بولۇش سالاھىيىتىگە ئىگە بولالمايدۇ. بۇنىڭدىن قارىغاندا، تۇرپان رايونىدىكى شامان (موللا) لار شامان (موللا) بولۇپ قېلىشتىن ئىلگىرى مەلۇم خىل خاسىيەتلىك چۈش كۆرىدۇ. بۇ خىل خاسىيەتلىك چۈشنى ھەممىلا ئادەم كۆرۈۋەرمەيدۇ. بەلكى دىلى پاك، ئاق كۆڭۈل، كىشىنىڭ ھەققىنى يېمەيدىغان كىشىلەر كۆرىدۇ. بۇ خىل چۈشنى كۆرگۈچىلەر ئۇنىڭ پەرھىزلىرىنى ۋە مەجبۇرىيەتلىرىنى تولۇق ئادا قىلىشى كېرەك. مۇشۇ تەپسىلاتلارغا ئاساسلانغاندا، شامان (موللا) لارنىڭ شامان (موللا) بولىشى مەلۇم بىر روھى كۈچنىڭ تاللىشىغا ئۇچرايدىغاندەك تۇرىدۇ.

4) موللا بولۇش - تويۇقسىز يوقاپ كېتىش ۋە بىر قانچە كۈن قاتتىق ئۇخلاپ قېلىش بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇرمىش.

تۇرپان رايونىدىكى موللىلارنىڭ سۆھبەت ستاتىستىكا ئانالىزىغا ئاساسلانغاندا، %12.6 موللا ئۆزىنىڭ موللا بولۇپ قېلىش سەۋەبى توغرىسىدا سۆزلىگەندە، كىچىك چېغىدا تويۇقسىز يوقاپ كېتىپ كېيىن قايتىپ كەلگەنلىكىنى ۋە بىر نەچچە كۈن سىرتتا ئۇخلاپ قالغانلىقىدەك غەلىتە ۋەقەلەر بىلەن باغلاپ چۈشەندۈرىدۇ.

يەتتىنچى ئەندىزە: تۇرپان شەھەر xx مەھەللە xx كەنتتىكى xx موللا بىلەن سۆھبەت. سۈننەت قىلىپ تېخى تولۇق ساقىيىپ بولالمىغاندىم. بىر كۈنى مەھەللىدىكى باللار ئوينايلى دەپ كىرىپتىكەن. مەھەللىنىڭ يوقىرىسىدىكى ئۆرۈكلۈك باغقا ئوينىغىلى چىقتۇق. بىز مۆكۈشمەك ئوينىغاندۇق. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا مەن كىچىكرەك ئىدىم. ئارىدىن بىرى تاپىدىغان بولدى. بىز مۆكتۇق مەن چەترەك بىر جايدىكى دۆۋلەپ قويۇلغان ئوتۇن دۆۋىسىنىڭ ئاستىغا كىرىپ مۆكىۋالدىم، خېلى بىر چاغلارغىچە ھېچكىم مېنى تاپالمىدى. مەن خوش بولۇپ كېتىپ يېتىۋېرىپتىمەن. شۇنىڭ بىلەن شۇ يەردە يېتىپ ئۇخلاپ قاپتىمەن. مەن شۇ ئۇخلىغانچە ئۈچ كۈن ئۇخلاپ قاپتىمەن. ئۆيدىكىلەر مېنى ئىزدەپ كېتىپتۇ. ئۈچىنچى كۈنى كەچقۇرۇن مەن ئويغىنىپ ئۆيگە كىردىم. ئاتام مېنى ئىزدەپ بارمىغان يېرى قالماپتۇ. ئاپام يىغلاپ ساراڭ بولايلا دەپ قاپتۇ. پۈتۈن مەھەللىنىڭ ئىچى، پۈتۈن ئۇرۇق - تۇققانلار بىسەرەمجان بولۇپ كېتىپتۇ. مەن ئۆيگە قايتىپ كېلىپ ئەتىسىدىن باشلاپلا ئىشلارنى ئالدىن بىلىۋالىدىغان، باشقىلارنىڭ ئۆتمۈش ۋە كەلگۈسىدىن ئالدىن بېشارەت بېرەلەيدىغان بولدۇم. ئاتام - ئاپاملار مەندىن ھەيران قېلىپ، بىزنىڭ داڭقى بار بىر موللا تۇققىنىمىزغا كۆرسەتتى. ئۇنىڭ دېيىشىچە: «پىرلار مېنىڭ روھىمنى ئېلىپ كېتىپ، ئۈچ كۈن ئالەمدىكى بارلىق ئۆتمۈش ۋە كەلگۈسى توغرىسىدىكى ئىلىملارنى ئۆگىتىپتۇ. ئاندىن قايتۇرۇپ ئەكىلىپ قويۇپتۇ». شۇڭا مەن مۇشۇنداق «كىشى كۆرىدىغان» بولۇپ قاپتىمەن.

ئۇلارنىڭ بايانلىرىغا ئاساسلانغاندا، ئۇخلاپ قالغۇچىلار دائىم يىراق چەت - ياقىلاردىكى ئادەم بارمايدىغان، كۆرمەيدىغان جايلاردا ئۇخلاپ قالغانىكەن. ئۇخلاش ۋاقتى ئۇخلىغۇچىلارغا نىسبەتەن ناھايىتى قىسقا تۇيۇلىدىكەن. ئەمما، ئەمەلىيەتتە بولسا ئاز بولغانلىرى يېرىم كۈن (4 . 5 سائەت)، كۆپ بولغانلىرى ئۈچ كۈن ئۇخلاپ قالغاندىكەن. بۇنداق سىرتتا ئۇزاق ئۇخلىغۇچىلارنىڭ ئۇخلىغان چاغدا چۈش كۆرگەنلىكى ۋە ياكى قورقۇپ كەتكەنلىكى توغرىسىدا ھېچقانداق مەلۇمات يوق. ئۇلارنىڭ بۇ ئىشلىرىغا تەبىر بەرگۈچى موللىلارنىڭ بايانلىرىغا ئاساسلانغاندا، «پىرلار، خىزىر ياكى جىنتەنلەر ئۇلارنىڭ روھىنى ئېلىپ كېتىپ ئىلىم ئۆگىتىدۇ» ئۇلارنىڭ قارىشىچە: «بۇنداق سىرتتا ئۇزۇن ئۇخلاپ قېلىش تاسادىپىيلىق بولماستىن، بەلكى پىر، خىزىر ياكى جىنتەنلەر تەرىپىدىن ئالدىن ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئىش ياكى ئۇنىڭ پېشانىسىگە پۈتۈلگەن ئىش ئىدى». دېمەك، ئۇلارنىڭ موللا بولىشى ئاللىبۇرۇن بەلگىلىنىپ بولغانمىش.

بۇنىڭدىن قارىغاندا، تۇرپان رايونىدىكى بىر قىسىم شامان (موللا) لار شامان (موللا) بولۇپ قېلىشى چەت - ياقا جايلاردا ئۇزاق ۋاقىت ئۇخلاپ قېلىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، بۇنداق سىرتتا ئۇزاق ۋاقىت ئۇخلاپ قېلىپ، كېيىن موللا بولۇپ قالىدىغان ھادىسىنى كىشىلەر «پىر، خىزىر ۋە جىنتەن قاتارلىق روھى كۈچلەرنىڭ ئالدىن

ئورۇنلاشتۇرۇشى» دەپ قارايدۇ. بۇ خىل چۈشەنچىلەرگە ئاساسلانغاندا، شامان (موللا) لارنىڭ شامان بولىشى مەلۇم روھى كۈچلەرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن بولىدىغانلىقى تۇرىدۇ.

**5) موللا بولۇش - ئىخلاس بىلەن ئۆگىنىش ۋە مەشىق قىلىشتىن كېلىۋرمىش**

تۇرپان رايونىدىكى موللىلارنىڭ سۆھبەت ستاتىستىكا ئانالىزىغا ئاساسلانغاندا، 16.7% موللا ئۆزىنىڭ موللا بولۇپ قېلىشىنى ئىخلاس بىلەن ئۆگىنىپ مەشىق قىلغانلىقى بىلەن باغلاپ چۈشەندۈرىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىخلاس بىلەن ئۆگىنىدىغىنى ئىسلام دىنىنىڭ مەلۇم سۈرە - ئايەتلىرى ۋە دۇئا - تىلەكلىرى بولۇپ، ئۆزى قول بەرگەن (ئۇستاز تۇتقان) مولىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە مەلۇم ئۇسۇل ۋە قەدەم باسقۇچلار ئارقىلىق ئۆگىنىدۇ. ئۇلارنىڭ سۆزىگە ئاساسلانغاندا، ھەربىر سۈرە - ئايەت ۋە دۇئا - تىلاۋەتلىرىنىڭمۇ رەت تەرتىپى ۋە ئەدىتى بولىدۇ. ھەربىر باسقۇچنىڭمۇ مەلۇم دەرىجىسى بولىدۇ. پەقەت ئىخلاس بىلەن ئۆگىنىپ، جاپالىق مەشىق قىلىپ، سۈرە - ئايەت، دۇئا - تىلاۋەتلەرنى ئەدىتىگە (ۋايىغا) يەتكۈزۈپ، ھەربىر باسقۇچنى ئاخىرلاشتۇرغاندا بىر دەرىجىگە كۆتۈرۈلىدۇ. ئەڭ يۇقىرى دەرىجىگە كۆتۈرۈلگەندە قول بەرگەن كىشىنىڭ دۇئاسى بىلەن موللا بولغىلى بولۇرمىش.

سەككىزىنچى ئەندىزە: مەن كىچىكىمدىن تارتىپلا ئانامدىن سۈرە - ئايەتلەرنى، ھەپتىيەكلەرنى ئوقۇشنى ئۆگىنىۋالغانىدىم، كېيىن دادام ماڭا قۇرئان كەرىمنى ئوقۇشنى ئۆگەتتى. مەن توي قىلغاندىن كېيىنمۇ ئۆيدە بىكار بولساملا قۇرئان كەرىمنى ئوقۇيتتىم. شۇڭا مەھەللىدىكى خەتمە ئۆتكۈزىدىغان چوڭ ئاياللار مېنىمۇ خەتمە ئوقۇشقا قوشۇۋالدى. مەھەللىمىزدە بىرxxدەيدىغان ئايال بۇۋى بار ئىدى. بىر قېتىم خەتمىدە ئۇ ماڭا: «مەن ئۆزلەنى تەربىيىلەپ قويايي» دېدى. مەنمۇ ماقۇل بولدۇم. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ماڭا ئۈچ كۈن ئىچىدە «بىسمىللا» دىن101نى، «ئاللا» دىن101نى ئوقۇپ بولۇشنى تاپشۇردى. مەن شۇ بويىچە ئۈچ كۈن تەسۋىنى قولۇمدىن چۈشۈرمەي ئوقۇدۇم. ئوقۇپ بولۇپ بارسام، ئۇ موللا ماڭا: «ئەمدى (سۈرە فاتىھە) نى 9461 نى، سۈرە (ئىخلاس) نى 1002 نى ئوقۇپ بىر ئاق كەپتەرنى قان قىلىۋەتسىلە» دېدى. مەن شۇ بويىچە قىلدىم. ئۇنىڭ دېيىشچە، بۇ بىرىنچى باسقۇچكەن. شۇنداق قىلىپ ئۈچ باسقۇچنى تۈگەتكەندە، ئاخشىمى ئۇخلىسام چۈشۈمدە بىر ئىشنى كۆرسەم كۈندۈزى شۇ ئىشنىڭ نەق ئۆزىلا يۈز بېرىدىغان بولۇپ قالدى. 5- باسقۇچ تۈگىگەندە قۇلاق تۈۋىمدە بىرسى گەپ قىلىپ ياتقۇزمايدىغان بولۇپ قالدى. 7 - باسقۇچ تۈگىگەندە كۆڭلۈمگە بىر ئىشلار ئايان بولىدىغان بولدى. 9 - باسقۇچ تۈگىگەندە ئاخشىمى ئۇخلىيالمايدىغان، كۈندۈزى ئىچىم تىتىلداپ ئولتۇرالمايدىغان بولۇپ قالدىم. ھېلىقى بۇۋىم دۇئا قىلىپ قويىۋىدى، شۇنىڭ بىلەن مەنمۇ «كىشى كۆرىدىغان» بولۇپ قالدىم.

بەزىلەرنىڭ دېيىشىچە، بۇ يولغا قول بېرىش بەك خەتەرلىك ئىكەن. چۈنكى ھەربىر سۈرە، ئايەت ۋە دۇئا - تىلاۋەتلەرنى ئۆزىگە خاس مۇئەككىللىرى بار ئىكەن. ئەگەر چۈشكەن ۋەزىپىنى ۋاقتىدا ئورۇنلىمىسا، مۇئەككىللىرى بۇ كىشىلەرنى تاسقاپ قويارمىش. ھەتتا بەزىلىرى شەرتلىرىنى تولۇق ئادا قىلمىسا ئۆلۈپ كېتەرمىش. چۈنكى بۇ يولدا سەدىقە ۋە قان قىلىش ھەممىنى بېسىپ چۈشىدىكەن. ھەربىر باسقۇچ تۈگەپ، مەلۇم دەرىجىگە چىققاندا، شۇنىڭغا يارىشا سەدىقە بېرىش ياكى قان قىلىش كېرەككەن. ئەگەر ئۇنداق بولمىغاندا، مۇئەككىللىرىنىڭ غەزىپىگە ئۇچراپ، كېسەل تارتىپ قالارمىش ياكى مەلۇم بالايى ئاپەتكە دۇچار بولارمىش. شۇڭا بۇ يولغا كىرىش بەك خەتەرلىك ئىكەن. ئۇستىخىنى ئاق، ئىخلاسمەن كىشىلەرنىڭ دۇئا ۋە تىلاۋەتلىرى ئاسانلا ئىجابەت بولارمىش. بۇ يولدا كىشىلەرگە بېرىلىدىغان ۋەزىپىمۇ ئوخشاش ئەمەس ئىكەن. بەزىلەرنىڭ كۆپ، بەزىلەرنىڭ ئاز بولىدىكەن.

يۇقىرىقى بايانلارغا ئاساسلانغاندا، ئۆگەنگۈچىلەرنىڭ ئۆگىنىدىغىنى ئىسلام دىنىنىڭ سۈرە - ئايەتلىرى، جاپاغا چىداپ مەشىق قىلىشنى ھەم سەدىقە بېرىش ۋە قۇربانلىق قىلىشنى تەلەپ قىلىدىكەن. چۈنكى ھەربىر سۈرە - ئايەت ۋە دۇئا - تىلاۋەتلىرىنىڭ ئۆزىگە خاس مۇئەككىلاتلىرى بولۇپ، قۇربانلىق قىلىپ تۇرغاندىلا ئۇلار قىلغان دۇئالارنىڭ ئەجرى ئۈچۈن، مەلۇم باسقۇچ ۋە دەرىجىگە يەتكەندە ئۆزلىرىنىڭ ھىممىتىنى ئىلتىپات قىلىپ، دۇئا قىلغۇچىسىغا ئۆتمۈش ۋە كەلگۈسىنىڭ ئۇچۇرلىرىنى بېرەرمىش. ئەگەر شەرتلەرنى تولۇق ئادا قىلمىسا، مۇئەككىلاتلارنىڭ جازاسىغا ئۇچرايدىكەن. تېگى پاك، ئىخلاسمەن كىشىلەرنىڭ دۇئا - تىلاۋەتلىرى تېز ئىجابەت بولۇپ، ۋەزىپىلىرى ئاسانراق بولارمىش. يامان نىيەت بىلەن بۇ يولغا كىرگەنلەرنىڭ ۋەزىپىسى ئېغىر بولۇپ، دۇئالىرى ئاسان ئىجابەت بولمايمىش، موللىمۇ بولارماسمىش.

بۇنىڭدىن قارىغاندا، تۇرپان رايونىدىكى بىرقىسىم موللىلارنىڭ موللا بولىشى ئىخلاس

بىلەن ئۆگىنىش ۋە مەشىق قىلىش بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، پاك نىيەتلىك ئىخلاسمەن كىشىلەر ئىخلاس بىلەن ئۆگىنىپ، مەشىق قىلىش ئارقىلىق مەلۇم جەريان ۋە باسقۇچلارنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملاپ، شەرتلىرىنى تولۇق ئادا قىلغاندىن كېيىن ئاندىن موللا بولالايدۇ. بۇنداق ئىخلاس بىلەن ئۆگىنىپ مەشىق قىلىش كىشىلەرنىڭ قارىشىچە مەلۇم روھى كۈچ بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، «مۇئەكىلات» تىن ئىبارەت روھى كۈچ ياردەم بەرگەن دائىرە ئىچىدە، كىشىلەر بۇ خىل ئىقتىدارغا ئىگە بولالايدۇ. بۇخىل چۈشەنچىلەرگە ئاساسلانغاندا، موللىلارنىڭ موللا بولىشى مەلۇم روھى كۈچىنىڭ ياردىمى بىلەن بولىدىغاندەك تۇرىدۇ.

6) موللا بولۇش - موللىلارنىڭ دۇئاسىنى ئېلىش بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇرمىش

تۇرپان رايونىدىكى موللىلارنىڭ سۆھبەت ستاتىستىكا ئانالىزىغا ئاساسلانغاندا، 8.6% موللا ئۆزلىرىنىڭ موللا بولۇپ قېلىشىنى باشقا (چوڭ) موللىلارنىڭ دۇئا قىلىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەپ قارايدۇ. بۇ يەردىكى دۇئا - قىلىش بولسا بىر قىسىم ياشانغان، كېسەلچان ۋە ياكى بۇ ئىشنى قىلىشنى خالىمايدىغان موللىلار ئۆزلىرىدىكى سىرلىق قابىلىيەتنى ئۆزى ياقتۇرىدىغان بىر كىشىگە دۇئا قىلىپ يۆتكەپ قويۇشنى كۆرسىتىدۇ. بۇنداق دۇئاغا ئېرىشكەن كىشى شۇ موللىلارغا ئوخشاش ياكى ئۇلاردىنمۇ ئۈستۈن تۇرىدىغان سىرلىق قابىلىيەتكە ئىگە بولالايدۇ.

توققۇزىنچى ئەندىزە: قېيىنئانام بۇرۇن مۇشۇ ئىشنى قىلىدىكەنتۇق. تۈگەپ كېتىشتىن 5 يىل ئىلگىرى قاتتىق كېسەل بولۇپ يېتىپ قالدى. بۇ ئىشنى قىلالمىدى. بۇ يولغا كىرىپ قېلىپ، ۋاقتىدا ئېلىپ ماڭمىسىمۇ ئادەم تاسقىلىپ قالىدىغان گەپكەن. شۇنىڭ بىلەن ئايالىمغا مىنى، ئەركىشى بولغاندىكىن بەرداشلىق ھەم بەش ۋاق ناماز ئۆتەيدىغان بولغاندىكىن مۇشۇ ئىشنى قولىغا ئالسا دەپتۇ. مەن ماقۇل بولدۇم. شۇنىڭ بىلەن بىر كۈنى دۇئاسىنى ئېلىشقا ئايالىم بىلەن باردۇق. قېيىن ئانام يىغلاپ تۇرۇپ، دۇئا قىلدى. شۇ كېچىسىدىن باشلاپ قارا بېسىپ ياتالمايدىغان بولۇپ قالدىم، ئۈچ كۈن بولغاندىن كېيىن قارىمۇ باسمايدىغان بولدى. مەنمۇ «كىشى كۆرىدىغان» بولۇپ قالدىم. قېينئانامۇ ساقىيىپ قالدى. ئۇنىڭ دېيىشىچە پىرلىرىنىڭ ھەممىسى ماڭا ئۆتۈپ كېتىپتۇمۇش.

بۇ خىل بايانلارغا ئاساسلانغاندا، موللىلار ئۆزلىرى رازىلىق بېرىپ، مۇشۇنداق دۇئا قىلسا، دۇئا ئالغۇچىمۇ رازىلىق بىلەن شەرتلەرنى ئادا قىلسا، موللىلارنىڭ پىر - مۇئەكىلاتلىرى دۇئا ئالغۇچىغا ئۆتۈپ، مەلۇم سىرلىق قابىلىيەتلەرگە ئىگە بولىدىكەن. شۇنىڭ بىلەن موللا بولۇپ قالىدىكەن. ئۇلارنىڭ قارىشىچە موللا بولۇپ قېلىشىدا موللىلارنىڭ پىر - مۇئەككىللىرى ئاچقۇچلۇق رول ئوينايدىكەن. بەزى موللىلار دۇئا قىلغان بىلەن كۆڭلىدە ئۇنىمىسا ئۇلارنىڭ پىرلىرى يەنىلا يۆتكەلمەيدىكەن. ئەگەر پىرلار - مۇئەكىلاتلار يۆتكەلمىسە، دۇئا ئالغۇچى موللا بولالمايدىكەن. شۇڭا دۇئا ئالغاندا پىر - مۇئەكىلاتلارنىڭ يۆتكىلىشى ئۈچۈن، دۇئا قىلغۇچى موللىنى رازى قىلىشى ھەم رازىلىقىنى ئېلىشى كېرەككەن.

بۇنىڭدىن قارىغاندا، تۇرپان رايونىدىكى بىر قىسىم موللىلارنىڭ موللا بولۇپ قېلىشى، موللىلارنىڭ ئۆزلىرىگە دۇئا قىلىپ قويىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئۇلار دۇئاغا ئېرىشىپ، موللىلارنىڭ پىرلىرى ئۇلارغا يۆتكەلگەندە ئاندىن موللا بولالايدىكەن. ئەگەر پىرلار يۆتكەلمىسە موللا بولالمايدىكەن. بۇنىڭدىن قارىغاندىمۇ موللىلارنىڭ موللا (شامان) بولىشى مەلۇم، روھى كۈچىنىڭ ياردىمى ئارقىلىق بولىدىغاندەك تۇرىدۇ.

7) موللا بولۇش — مەلۇم مەزگىل روھى كېسەل بولۇش بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇرمىش

تۇرپان رايونىدىكى موللىلارنىڭ سۆھبەت ستاتىستىكا ئانالىزىغا ئاساسلانغاندا، 83.7% موللا ئۆزىنىڭ موللا بولۇپ قېلىش سەۋەبى توغرىسىدا سۆزلىگەندە، مەلۇم مەزگىل روھىي كېسەلگە گىرىپتار بولغانلىقىدەك ئالاھىدە بىر ۋەقەنى تىلغا ئالىدۇ. تەكشۈرۈشكە ئاساسلانغاندا، تۇرپان رايونىدىكى روھىي كېسەلگە گىرىپتار بولغاندىن كېيىن ئاندىن يول تېپىپ موللا بولغانلار بىر قەدەر كۆپ بولۇپ، ئۇلار ئاز دېگەندە بىر ئاي، كۆپ دېگەندە 10 يىل روھىي كېسەل بولغانىدى. روھىي كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ قېلىشىنىڭ سەۋەبىنى سۈرۈشتۈرگەندە، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى خىزىرغا يولۇققاندىن كېيىن، بۇ سىرلىق ئىشنى مۆھلەتتىن بۇرۇن باشقىلارغا ئاشكارىلاپ قويغانلار ئىدى. يەنە بەزىلىرى خاسىيەتلىك چۈش كۆرگەندىن كېيىن، بۇ خاسىيەتلىك چۈشنى باشقىلارغا ئاشكارىلاپ قويغانلار ۋە شەرتلىرىنى ۋاقتىدا تولۇق ئادا قىلالمىغانلار ئىدى. يەنە بەزىلىرى سىرتلاردا ئۇخلاپ قالغان ۋە يوقاپ كېتىپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىنلا روھىي كېسەل بولۇپ

قالغانىدى. بەزىلەر موللا بولۇش ئۈچۈن باشقىلارغا قول بېرىپ، مەلۇم دەرىجىدە ئىخلاس بىلەن ئۆگىنىپ مەشىق قىلىپ، كېيىن توختاپ قالغانلار ۋە شەرتنى تولۇق ئادا قىلالمىغانلار ئىدى.

ئونىنچى ئەندىزە: بىز ئۇيغۇرلاردا « دەرد كەلمىسە بېشىغا، بەندە خۇدا دەپ يىغلىماس » دەيدىغان گەپ بار. 16 يېشىمدا ياتلىق بولۇپ، 17 يېشىمدا چوڭ ئوغلۇمنى تۇغدۇم. ئوغلۇم 6 ئايلىق بولغاندا، ئېرىمدىن ئاجراشتىم. مەن ئاتا - ئانامنىڭ بىرلا قىزى ئىدىم. شۇنىڭ بىلەن ئاتا - بالا ئۈچەيلەن ئاللادىن كېچە - كۈندۈز يىغلاپ بەختىمىزنى تىلەپ، جاينامازنى تۇتۇۋالغان خەقلەر بىز. بۇ ئايەتلەرنى ئوقۇۋەرسىڭىزمۇ بىر يەرگە بېرىپ قالىدىكەنسىز. شۇنىڭ بىلەن كېچىسى ئۆيدە ياتسام ئۆينىڭ تۆرىسىدە بىرسى كۆرۈنىدۇ، ئۇ ماڭا گەپ قىلىدۇ. مەن ئۇنىڭ گېپىنى بىلىمەن، لېكىن مەن ئۇنىڭغا گېپىمنى ئۇقتۇرالمايمەن. شۇنىڭ بىلەن كېچىسى ئاغىل - تاغىل ۋارقىراپ ياتمايدىكەنسىز. كېيىن توي قىلغان ئېرىم «بىزنى ئۇخلىغىلى قويامسەن - يوق؟ » دەپ تازا ئۇرۇپ كەتكەن. يا بۇ تاياق ئۆتمىگەن، شۇنداق قىلىپ 10 يىل ئۆتتى. بۇ ۋاقىتتا ئۇرۇق - تۇققان، خولۇم - قوشنىلار- نىڭ دېمىگىنى قالمىدى. بەزىلەر ساراڭ بولۇپ قاپتۇ دەۋاتقان، يەنە بەزىلەر باشقا بىر نېمە دەۋاتقان، شۇنىڭ بىلەن مەھەللىدىكى ئىلىملىك موللىلارنىڭ يېنىغا بارغاندىن كېيىن، يول كۆرسىتىپ، دۇئا قىلىپ قويدى. بۇ يىل 37 ياشقا كىردىم، كىشى كۆرىۋاتقىلى تۇپتوغرا 11 يىل بولدى.

بۇ خىل بايانلارغا ئاساسلانغاندا، تۇرپان رايونىدىكى بىر قىسىم موللىلار مەلۇم مەزگىل روھى كېسەل بولۇش جەريانىنى بېسىپ ئۆتكەن. بۇنداق كېسەلنىڭ سەۋەبى خىلمۇخىل بولۇپ، ئۇلارنىڭ چۈشەندۈرۈشلى- رىگە ئاساسلانغاندا، ۋەزىپە ۋە شەرتلەرنى تولۇق ئادا قىلالمىغانلىقتىن ياكى كىشى ئاجىز كېلىپ قالغانلىقتىن پىرلار تاسقاپ قويىدىكەن. قاچان يولنى تېپىپ شەرتلەرنى تولۇق ئادا قىلغاندا ئاندىن كېسەلدىن خالاس بولۇپ پىرلارنىڭ ياردىمىگە، يۆلىشىگە نائىل بولغىلى بولىدىكەن.

يۇقىرىقىدەك چۈشەندۈرۈشلەرگە ئاساسلانغاندا، موللىلارنىڭ روھىي كېسەلگە گىرىپتار بولۇش ھادىسىسى بىر خىل يول تېپىش جەريانى بولۇپ، ئادەمنىڭ ئىلاھى كۈچلەر بىلەن ئالاقە باغلاش يولىنى تېپىش ئۈچۈن نوقۇل زۆرۈر بولغان يولدۇر. بۇ خىل چۈشەندۈرۈش نوقۇل ھالدىكى دىنغا ئېتىقاد قىلىش — ئىنسانلارنىڭ بىر خىل روھىي كېسەلى دەيدىغان قارىشى بىلەن مۇئەييەن دەرىجىدە پەرقلىق بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ دىنغا ئېتىقات قىلىش ۋە شامان دىنىغا بولغان ئۆزگىچە چۈشەنچىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. بۇنىڭدىن قارىغاندىمۇ تۇرپان ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدىكى بىر قىسىم موللىلارنىڭ موللا (شامان) بولۇشى، مەلۇم روھىي ئامىللارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدىغاندەك تۇرىدۇ.

يۇقىرىدا تۇرپان ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدىكى موللىلارنىڭ موللا بولۇشىنىڭ 7 خىل ئاساسىي سەۋەبى ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتتۇم. بۇنىڭدىن شۇنداق يەكۈن چىقىرىشقا بولىدۇكى، ھازىرقى تۇرپان ئۇيغۇرلىرىنىڭ موللا بولۇشى مەلۇم خىل ئىلاھى (روھىي) كۈچنىڭ تاللىشىغا ئۇچرايدىغاندەك تۇرىدۇ. تۇرپاندىكى ئۇيغۇر شامانلىرىنىڭ چۈشەندۈرۈشىگە ئاساسلانغاندا، بۇ خىل روھىي كۈچ خۇدا ۋە پىرلار ئىكەن. ئىسلام دىنىي ئۆلىمالىرىنىڭ چۈشەندۈرۈشكە ئاساسلانغاندا، جىن - شاياتۇن ۋە چىنتەنلەر ئىكەن. ئەمما ئىلىم - پەن تا ھازىرغىچە بۇ خىل روھىي كۈچنىڭ زادى قانداق كۈچ ئىكەنلىكىنى كىشىنى قايىل قىلغۇدەك دەرىجىدە چۈشەندۈرۈپ بېرەلمىدى. دۇنيادىكى شامان دىنىي تەتقىقاتچىلىرى مۇشۇنداق بىر ئىلاھىي كۈچنىڭ مەۋجۇتلىقىنى ئېتىراپ قىلىسىمۇ، ئەمما بۇنىڭغا ئەتراپلىق چۈشەنچە بېرىشكە ئاجىزلىق قىلماقتا. مەيلى ئۇ قايسى خىل ئىلاھىي كۈچ بولىشىدىن قەتئىينەزەر ئۇ ئىنسانلارنىڭ شامان دىنىغا ئېتىقاد قىلىپ شامان ئەقىدىلىرىنى يارىتىشىغا ۋە ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئۆزىگە خاس شامان مەدەنىيىتىنى يارىتىشىغا تۈرتكە بولغان

## Ⅳ تۇرپان ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئاساسلىق شامان دىنىي مۇراسىملىرى

شامان دىنىي دۇنياۋىي خاراكتېرگە ئىگە بولغان ئىپتىدائىي دىنلارنىڭ بىرى بولسىمۇ، ئەمما شامان دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان مىللەتلەرنىڭ مىللىي ئەنئەنىسىنىڭ ئوخشىماسلىقى تۈپەيلىدىن، شامان دىنىمۇ ھەرقايسى مىللەتلەردە ئۆزگىچە مىللىي خاسلىققا ئىگە بولغان. جۇغراپىيىلىك شارائىت مىللەتلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى ۋە تۇرمۇش ئۆرپ- ئادەتلىرىگە تەسىر كۆرسىتىدىغان بولغانلىقتىن، ئوخشاش بولمىغان جۇغراپىيىلىك رايونلاردىكى شامان مەدەنىيىتىمۇ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە

بولغان. تۇرپان رايونىدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا شامان دىنى ۋە ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى باشقا رايوندىكى ئۇيغۇر شامانلىرىنىڭكىدىن مەلۇم دەرىجىدە ئوخشىماسلىققا ئىگە. بۇ خىل ئوخشىماسلىق دىنىي مۇراسىملاردا ناھايىتى گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ.

دىنىي مۇراسىمى — مەلۇم بىر دىنىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىشىدىكى ئەڭ مۇھىم ئامىللاردىن بىرى بولۇپ، ئۇ دىنىي مۇخلىسلارنىڭ دىنىي ئەقىدىسىنى كۈچەيتىش ۋە مۇستەھكەملەش رولىنى ئوينايدۇ. شامان دىنى ئىپتىدائىي دىن بولغانلىقتىن ئۇنىڭ قېلىپلاشقان، بىرلىككە كەلگەن دىنىي مۇراسىمى يوق، ئەمما ھەرقايسى مىللەت ۋە ھەرقايسى رايونلاردا شۇ مىللەتنىڭ ئەنئەنىۋىي ئۆرپ - ئادەتلىرىگە ماسلاشقان، ئۆزگىچە دىنىي مۇراسىملار مەۋجۇت. تۇرپان رايونىدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە خىل شامان دىنىي مۇراسىمى ناھايىتى كەڭ ئومۇملاشقان.

1. خەتمە ئۆتكۈزۈش

خەتمە ئۆتكۈزۈش - ئەسلىدە ئىسلام دىنىنىڭ تىلەك تىلەش مۇراسىمى بولۇپ، تاق ساندىكى ئەرلەر ياكى ئاياللار گۇرۇپپىسىنىڭ مەلۇم بىر جايدا خەتمە - قۇرئان قىلىپ، تىلەك تىلەيدىغان دىنىي مۇراسىمدۇر. ئىسلام دىنى بىر خۇدالىق دىن بولغانلىقتىن، كىشىلەرنى بىر ئاللادىن باشقىغا ئىشەنمەسلىكنى تەشەببۇس قىلىدۇ. ئىسلام دىنى ئۇيغۇرلار ئارىسىغا كىرگەندىن كېيىن، ئۇيغۇرلارنىڭ باشقا دىنلارغا ئىشىنىشى قاتتىق چەكلەنگەنىدى. ئۇيغۇرلار تارىختىن بۇيان ئاتا - بوۋىلىرى ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن شامان دىنىنىڭ ئەقىدە - قاراشلىرى ۋە دىنىي مۇراسىملىرىنى مەقسەتلىك ياكى مەقسەتسىز ھالدا، ئىسلام دىنىنىڭ ئەقىدە - قاراشلىرى ۋە دىنىي مۇراسىملىرىغا يۇغۇرۇپ، ئىسلام دىنى بىلەن بىللە شامان دىنىنىمۇ داۋاملاشتۇرۇپ كەلدى. بۇ خىل داۋاملىشىش نەتىجىسىدە، ئىسلام دىنىنىڭ خەتمە ئۆتكۈزۈش مۇراسىمى شامان دىنىنىڭمۇ ئاساسلىق بىر دىنىي مۇراسىمغا ئايلىنىپ قالدى.

تۇرپاندىكى ئۇيغۇر شامانلار خەتمە ئۆتكۈزۈشنى ئۆزلىرىنىڭ ئاساسلىق دىنىي مۇراسىمى قىلغان بولۇپ، ھەر ھەپتىنىڭ سەيشەنبە ۋە پەيشەنبە كۈنلىرى كەچتە چوڭ خەتمە، 11 خەتمە ... قاتارلىقلارنى ئۆتكۈزىدۇ. خەتمە ئۆتكۈزۈش ئايال شامانلار ئارىسىدا بىر قەدەر كۆپ ئومۇملاشقان بولۇپ، ئاز بولغاندا 3 كىشى، كۆپ بولغاندا 7 كىشى، ئايال شامانىنىڭ باشچىلىقىدا خەتمە ئۆتكۈزىدۇ. ئالدى بىلەن خەتمە ئۆتكۈزگۈچى ئائىلىدىكى كىشى خەتمە ئۆتكۈزۈش گۇرۇپپىسىدىكىلەرگە تائام - داستىخان تەييارلايدۇ. تاماقتىن كېيىن ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىغا پاكىزە ياكى يېپ - يېڭى بىر داستىخان سېلىنىپ، ئاياللار چۆرىدەپ ئولتۇرىدۇ. ئايال شامان ئۇزۇندىن بويان يىغىپ توپلاپ قويغان، چوڭلۇقى بارماق قولدەك كېلىدىغان، ھەرخىل رەڭدىكى سۈزۈك تاشلارنى داستىخانغا تۆكىدۇ. تاشلار تاق ساندا بولۇپ، ئادەتتە 111 تال بولىدۇ. ئايال شامان (بۈۋى) نىڭ خەتمە باشلىشى بىلەن ئەتراپتىكى ئاياللار بۇ تاشلارنى ئالدىغا تارتىپ، «قۇرئان كەرىم» دىكى ئايەت ۋە سۈرىلەرنى سانى ۋە تەرتىپى بىلەن ئوقۇشقا باشلايدۇ. ئايال شامان خەتمە باشلىغاندىكى دۇئادا ياكى خەتمە ئەۋجىگە چىققاندا ۋە ياكى خەتمە ئاخىرىدىكى دۇئادا بۇ خەتمىنىڭ قانداق بولغانلىقىنى ۋە خەتمە ئۆتكۈزگۈچىنىڭ نېمىلەرنى قىلىشى كېرەكلىكىنى كۆرىدۇ ۋە دەرھال ئۇلارغا يەتكۈزىدۇ، بۇنى شامانغا پىرلىرى يەتكۈزەرمىش.

خەتمە مەنبەسىدىن قارىغاندا، ئىسلام دىنىنىڭ دىنىي مۇراسىمى. ئۇنىڭ فۇنكسىيىسىدىن قارىغاندا، يەنىلا بىر تىلەك تىلەش مۇراسىمى. ئەمما ئۆتكۈزۈلۈش خاراكتېرىدىن قارىغاندا، خەتمە مەلۇم بىر شامانىنىڭ باشچىلىقىدا ئېلىپ بېرىلىدىغان بولۇپ، ئۇ تىلەكنىڭ نەتىجىسى ۋە سەۋەب قىلىش توغرىسىدا ھۆكۈم چىقىرىدۇ. بۇ خىل خەتمىنىڭ ماھىيىتىدىن قارىغاندا، بۇ بىر خىل پال ئېچىش مۇراسىمىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. شۇڭا ئۇنى تىپىك شامان دىنىنىڭ مۇراسىمى دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ.

كىشىلەر بۇ خىل خەتمە ئۆتكۈزۈش مۇراسىمى ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ كەلگۈسىدىكى ياخشىلىق ۋە يامانلىقلىرىدىن ئالدىن بىشارەت ئېلىپ، يامانلىقلارغا مۇۋاپىق سەۋەب قىلىپ، ئۇنى ياخشىلىققا ئۆزگەرتىشنى ئويلايدۇ. بۇ خىل پال سېلىش مۇراسىمى شەكىل ۋە مەزمۇن (ئوقۇلىدىغان دۇرۇتلىرى) جەھەتتىن، ئىسلام دىنىنىڭ دىنىي مۇراسىمى بىلەن ئوخشاش بولغانلىقتىن ئىسلام دىنىنىڭ چەتكە قېقىشىغا ئۇچرىمايدۇ. ئۇنىڭ قاتناشقۇچىلىرىمۇ بۇنى يات دىنىنىڭ دىنىي مۇراسىمى دەپ قارىمايدۇ. خەتمە مانا مۇشۇنداق ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن شامان دىنىنىڭ مۇھىم دىنىي مۇراسىملىرىنىڭ بىرى بولۇپ قالغانىدى. تۇرپان رايونىدىكى شامانلار

ئۆزلىرىنىڭ ئەقىدە - ئەھكاملىرى ۋە پائالىيىتىنى مانا مۇشۇنداق خەتمە ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق ئىلىپ بارماقتا.

## 2. پال ئېچىش، سېھىر جادۇ قىلىش ۋە كېسەل داۋالاش

شامان دىنىدا شاماننىڭ ئاساسلىق رولى سېھىرگەرلىك قىلىپ پال ئېچىپ، كىشىلەرنىڭ ياخشىلىق ۋە يامانلىقىدىن ئالدىن بىشارەت بېرىپ، كېسەل داۋالاش بولىدۇ. تۇرپان رايونىدىكى موللىلارنىڭ كۆپىنچىسىمۇ مۇشۇ ئۇسۇل ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ ياخشىلىق يامانلىقىدىن ئالدىن بىشارەت بېرىپ، يامانلىقلارغا مۇۋاپىق سەۋەب قىلىپ، ئۇنى ياخشىلىققا جورۇپ، كېسەل داۋالايدۇ. گەرچە ئۇلارنىڭ قىلىدىغان ئىشىنىڭ ماھىيىتى ۋە مەقسىتى ئوخشاش بولسىمۇ، ئەمما ئىلىپ بارىدىغان مۇراسىم - پائالىيەتلىرى بىر - بىرىدىن مۇئەييەن دەرىجىدە پەرقلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ بۇنداق ئۆزگىچە ئۇسۇلدا پال ئېچىپ، سېھىر - جادۇ قىلىشىنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى، ئۇلارنىڭ پىرلىرى ئۇلارغا بەرگەن قوراللار ۋە ئۇلارنىڭ خاسىيىتىنىڭ ئوخشىماسلىقى ئىكەن. تۆۋەندىكى ئوخشاش بولمىغان بىر قانچە خىل قورال ۋە ئۇنىڭغا ماسلاشقان مۇراسىملا ئۈستىدە توختىلىمەن.

(1) تەسۋى تارتىپ پال ئېچىش: بۇ تۇرپان رايونىدىكى موللىلارنىڭ مۇھىم دىنىي مۇراسىملىرىنىڭ بىرى. تەسۋى بۇ مۇراسىمدىكى ئەڭ ئاساسلىق قورال بولۇپ، ئۇنىڭ كېلىش مەنبەسى، ئۇرۇقىنىڭ ئاز - كۆپلىكى، چوڭ - كىچىكلىكى ۋە خاسىيىتىمۇ ئوخشاش ئەمەس. ئۇلارنىڭ چۈشەندۈرۈشىگە ئاساسلانغاندا، بەزىلەرگە بۇ تەسۋىنى خىزىر بەرگەنىكەن. يەنە بەزىلەر پىرلىرىنىڭ كۆرسەتمىسىگە ئاساسەن ئۆزلىرى ياسىۋالغانىكەن. يەنە بەزىلەر بولسا ئۆگىنىش ۋە مەشىق قىلىشقا ئاسان بولسۇن ئۈچۈن، قولايلىق قىلىپ ئۆزى لايىھىلەپ ياسىغانىكەن. شۇڭا، بۇ تەسۋىلەرنىڭ بەزىلىرى ياغاچتىن، بەزىلىرى ئۇرۇقچىدىن، بەزىلىرى ئەينەك بويۇمدىن، يەنە بەزىلىرى مەۋايىتتىن ياسالغان بولۇپ، سانى ئاز بولغاندا 33، كۆپ بولغاندا 101 دانە بولىدۇ.

شامان قولىدىكى تەسۋىدىن پايدىلىنىپ ئالدىغا كەلگەن ھاجەتمەن كىشىگە پال ئېچىش ئارقىلىق ئۇنىڭ كەلگۈسىدىكى ياخشىلىق ۋە يامانلىقىدىن ئالدىن بىشارەت بېرىدۇ. ئۇ ئالدى بىلەن كىشىنىڭ ئىسمىنى، قانچە ياشقا كىرگەنلىكىنى ۋە ئانىسىنىڭ ئىسمىنى سوراپ، ئاندىن تەسۋىنى تارتىپ ئۇنلۇك ياكى ئىچىدە دۇرۇت ئايەتلەرنى ئوقۇيدۇ. ئاندىن ھاجەتمەنگە ئۇنىڭ ياخشىلىقى ۋە يامانلىقى توغرىسىدا بىشارەت بېرىپ، ئامەتنى قاچۇرۇپ قويماسلىق ۋە يامانلىقتىن ساقلىنىشنىڭ سەۋەب تەدبىرلىرىنى ئېيتىپ بېرىدۇ.

تەسۋى تارتىپ پال ئېچىش - قىسقا ھەم ئاددىي بولغان بىر جەريان بولۇپ، تەسۋىدىن ئىبارەت بۇ قورالدىن قارىغاندا، ئۇ بۇددا دىنى ۋە ئىسلام دىنىنىڭ ئورتاق دىنىي مۇراسىم قوراللىرىنىڭ بىرى. مۇراسىمنىڭ ئاساسىي دۇرۇت ئايەتلىرىدىن قارىغاندا، ئۇ ئىسلام دىنىنىڭ دۇرۇت - ئايەتلىرىدۇر. ئەمما مۇراسىمنىڭ شەكلى ۋە ماھىيىتىدىن قارىغاندا، ئۇ بىر سېھىرگەرلىك قىلىپ پال ئېچىش جەريانى بولۇپ، شامان دىنىنىڭ ئاساسىي دىنىي مۇراسىملىرىدىن بىرىدۇر. شۇڭا تەسۋى تارتىپپال ئېچىش — تۇرپان ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدىكى تىپىك بىر شامان دىنىي مۇراسىمى دېيىشكە بولىدۇ.

(2) سېھىر - جادۇ قىلىش: بۇ شامان دىنىنىڭ ئەڭ ئاساسلىق دىنىي مۇراسىملىرىنىڭ بىرى بولۇپ، كىشىلەرنىڭ سېھىر - جادۇ قىلىش ئارقىلىق ئۆز ئارزۇ - مەقسەتلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىكى بىر خىل ۋاسىتە. ئۇنىڭ تۈرلىرى خىلمۇ خىل بولۇپ، دۇئايى - بەنت قىلىش ئەڭ ئومۇملاشقان بىر تۈرى ھېسابلىنىدۇ.

دۇئايى بەنت قىلىش - شامانلار ھاجەتمەننىڭ تەلىپىگە ئاساسەن مەلۇم ئادەمنىڭ كەلگۈسى ياخشىلىقلىرىدىن مەھرۇم قىلىش ئۈچۈن ئوقۇلىدىغان دۇئا - ئىبادەت مۇراسىمى. بۇنىڭدا شامان ھاجەتمەننىڭ تەلىپىگە ئاساسەن مەلۇم بىر ئادەمنىڭ مەلۇم تەرەپتىكى بەخت - ئامەت يولىنى توسۇپ قويۇش ئۈچۈن، شۇنىڭغا خاس بولغان ئىسلام دىنىي ئايەت ۋە دۇرۇتلىرىنى رەت تەرتىپى، سانى بويىچە ئوقۇپ شەرتلىرىنى بەجا كەلتۈرىدۇ. قولۇپقا ئوقۇپ، قولۇپنى ئېتىپ ئاچقۇچىنى ئۆزى ساقلاش، كىمكى بۇ قۇلۇپنى ئاچمىغۇچە يولى ئېچىلماس. قونچاققا ئوقۇپ، پۇت قولىنى بوغۇپ، يىڭنە سانچىپ يوشۇرۇپ قويۇش، كىم بۇ قونچاقنى تېپىپ يىڭنىلەرنى ئېلىۋېتىپ، پۇت قولىنى بوشاتمىغۇچە كېسەل ۋە ئاغرىقتىن بىرى كېلەلمەس. بىر جۈپ ئەر - ئايالنىڭ ماڭغان ئىزىدىن بىر چىمدىم توپا ئېلىپ ئوقۇپ، قەغەز ياكى لاتىغا ئوراپ، ئۇلارنىڭ ئۆيىنىڭ يېنىدىكى دەرەخكە ئېسىپ قويۇش. ئەگەر بۇ توپا ئېلىۋېتىلمىگىچە، شامالدا ھەربىر قېتىم لىڭشىسا، ئۇلار ئوتتۇرىسىدا جېدەل - ماجرا بولۇپ، ئاخىرى

ئاجرىشىپ كەتكۈسى.

يۇقىرىقى سېھىر - جادۇ قىلىش ئۇسۇللىرىنىڭ شەكلىدىن قارىغاندا، ئۇ بىر سېھىرگەرلىك جەريانى. سېھىر ئەپسۇنلىرى بولسا ئىسلام دىنىنىڭ دۇرۇت - ئايەتلىرىدۇر. ئۇنىڭ ماھىيىتى شۇكى، ئۇ تىپىك بولغان بىر خىل شامان دىنىي ھادىسىسى. شۇڭا بىز سېھىر - جادۇ قىلىشنى تۇرپان ئۇيغۇر شامانلىرىنىڭ مۇھىم بىر دىنىي مۇراسىمى دەپ ئېيتالايمىز.

(3) خەنجەر ئوينىتىش: بۇ تۇرپان رايونىدىكى بىر قىسىم موللىلار كىشى كۆرۈپ، كېسەل داۋالىغاندا، چوڭ - كىچىكلىكى، شەكلى، كېلىش مەنبەسى ۋە خاسىيىتى ئوخشاش بولمىغان خەنجەرلەرنى ئىشلىتىدۇ. ئوخشاش بولمىغان كىشىلەرنىڭ ھاجەت ۋە كېسەللىرىگە نىسبەتەن ئىشلىتىش ئۇسۇلىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. ئۇلارنىڭ چۈشەندۈرۈشىگە ئاساسلانغاندا، بەزىلەرگە بۇ خەنجەرنى خىزىرغا يولۇققاندا بەرگەنىكەن. يەنە بەزىلەر بولسا پىرلىرىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ياساتقانىكەن.

خەنجەر ئوينىتىش - ئاساسلىق كېسەل داۋالاش قەستىنى قايتۇرۇشقا ئىشلىتىدىغان بولۇپ، شامانلار خەنجىرىگە پىرلىرى ئۆگەتكەن سۈرە - ئايەتلىرىنى ئوقۇپ ھۈرىگەندىن كېيىن، خەنجەر سىرلىق كۈچ قۇدرەتكە ئىگە بولىدۇ. بۇ خەنجەرنى كېسەل كىشىنىڭ ياكى سېھىر - جادۇ قىلىنغان كىشىنىڭ بەدىنىگە تەرتىپ ۋە ماس ھالدىكى تاق سان بويىچە سۈرگەندە، كېسەل كىشىنىڭ روھىغا دارىغان پىرلارنىڭ شامىلىنى ياندۇرۇپ، كېسەلنى ساقايتىدۇ ياكى قىلغان قەستنى ياندۇرالايدۇ.

خەنجەر ئوينىتىش گەرچە شامان دىنىنىڭ دىنىي مۇراسىمى بولسىمۇ، ئەمما بۇ جەرياندا ئوقۇلىدىغان دۇرۇت ۋە ئايەتلەر ئوخشاشلا ئىسلام دىنىنىڭ دۇرۇت - ئايەتلىرىدۇر. شۇڭا ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان كىشىلەر بۇ مۇراسىمنىمۇ ئوخشاشلا قوبۇل قىلىپ، چەتكە قاقمايدۇ. يەنە كېلىپ كىشىلەرنىڭ كېسەل داۋالاش ئېھتىياجىغا ماس كەلگەنلىكتىن، بۇ خەلق تەرىپىدىن يەنىلا قوبۇل قىلىنىپ كېلىۋاتىدۇ. دېمەك، خەنجەر ئوينىتىش مۇراسىمىمۇ تۇرپان رايونىدىكى شامانلارنىڭ بىر ئاساسىي دىنىي مۇراسىمى ھېسابلىنىدۇ.

(4) ھايۋانلارنىڭ پەي سۆڭىكى بىلەن كېسەل داۋالاش: تۇرپان ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا ئۇيغۇرلارنىڭ توتېمىزم ئەقىدىلىرىنىڭ بەزى قاراشلىرىمۇ ناھايىتى مۇكەممەل ساقلانغان بولۇپ، لاچىن، توز . . . قاتارلىق قۇشلارنى ۋە بۆرە، ئېيىق قاتارلىق ھايۋانلارنى ئۇلۇغلاپ، ئۇلارنىڭ پەي ۋە سۆڭەكلىرىنى ئەتىۋارلاپ ساقلاپ، ياخشىلىق ۋە يامانلىققا باغلاپ چۈشىنىپ كېلىنمەكتە، تۇرپان رايونىدىكى بىر قىسىم شامانلار ئۆزلىرىنىڭ دىنىي مۇراسىملىرىنىمۇ مانا مۇشۇ خىل پەي ۋە سۆڭەكلەردىن پايدىلىنىپ ئېلىپ بارىدۇ. ئېيىق قولى بىلەن كېسەل داۋالاش - بۇنىڭ بىر تىپىك مىسالى بولۇپ، ئەڭ ئىپتىدائىي شامان دىنىي مۇراسىمى ھېسابلىنىدۇ.

ئېيىق قولى بىلەن كېسەل داۋالاش مۇراسىمى: بۇ خىل مۇراسىمدا، شامان ئالدى بىلەن ھاجەتمەنىنىڭ ئىسمى، ئانىسىنىڭ ئىسمى ۋە يېشىنى سورايدۇ. ئاندىن ئېيىق قولىنى ئالدىغا قويۇپ، ئۈنلۈك ھالدا ئىسلام دىنىنىڭ دۇرۇت - ئايەتلىرىنى رەت تەرتىپى ۋە سانى بويىچە ئوقۇپ، ئېيىق قولىغا ھۈرۈپ تۇرىدۇ. (بۇ ئېيىقنىڭ سول قولى بولۇپ، ئۇنى پالگان (پالۋان) بۇۋىسى تاغدا ئاتقان ئېيىقنىڭ قولى ئىكەن) ئاندىن ھاجەتمەنىنىڭ كېسەللىك ئەھۋالىغا خاس بولغان ئىشلىتىش ئۇسۇلى بويىچە ئىشلىتىلىدۇ. بۇ ئېيىق قولىنى ئاياللارنىڭ كۆكسى ئاغرىپ قالغاندا، ئۇنىڭ بىلەن دوملىسا ساقىيىپ قالىدۇ. كىچىك بالىلارنى قوقاق تۇتۇۋالغاندا، ئۇنى بالىنىڭ پۈتۈن بەدىنىنى ئايلاندۇرۇپ دوملىسا قوقاقنى قاچۇرىدۇ. تۇغماس ئاياللارنىمۇ ئۇنىڭ بىلەن داۋالىسا، پەرزەنتلىك بولالايدۇ. چۈنكى، بۇ ئانا ئېيىقنىڭ سول قولى ئىكەن.

ھايۋان ۋە قۇشلارنىڭ پەيلىرى بىلەن كېسەل داۋالاش مۇراسىمى ئەڭ ئىپتىدائىي شامان دىنىي مۇراسىملىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ شەكىل جەھەتتىن قارىغاندا، توتېمىزم ئەقىدىلىرى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەنىدى. ئەمما ئۇنىڭ مۇراسىم سۆزىدىن قارىغاندا، ئۇ ئىسلام دىنىنىڭ دۇرۇت ئايەتلىرىنى ئاساس قىلغانىدى. ماھىيىتىدىن قارىغاندا، ئۇ شامان دىنىنىڭ كېسەل داۋالاش ئۇسۇلى ئىدى. بۇنىڭدىن كۆرۈۋشكە بولىدۇكى، ھايۋان ۋە قۇشلارنىڭ پەي ۋە سۆڭەكلىرىدىن پايدىلىنىپ كېسەل داۋالاش - تۇرپان ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدىكى ناھايىتى تىپىك ھەم ئىپتىدائىي شەكىلدىكى شامان دىنىي مۇراسىملىرىدۇر.

### 3. سەدىقە قىلىش

سەدىقە قىلىش - شامان دىنىنىڭ مۇھىم دىنىي مۇراسىملىرىدىن بىرى بولۇپ، ھاجەتمەنىنىڭ شامانىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە پۇل - ماللارنى سەدىقە قىلىشى ياكى جانىۋارلارنى قۇربانلىق قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. سەدىقە قىلىش، تەڭرى ۋە روھلارغا سەدىقە

قىلىش، تەبىئەتكە سەدىقە قىلىش ۋە ئادەملەرگە سەدىقە قىلىش دەپ ئۈچ چوڭ تۈرگە بۆلۈنىدۇ. تۇرپان ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا ھازىرمۇ تەڭرى ۋە روھلارغا سەدىقە قىلىش بىلەن ئادەملەرگە سەدىقە قىلىشتىن ئىبارەت ئىككى چوڭ سەدىقە قىلىش مۇراسىمى ساقلىنىپ كەلمەكتە.

1) تەڭرى ۋە روھلارغا سەدىقە قىلىش مۇراسىمى: بۇ تۇرپاندىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ناھايىتى ئومۇملاشقان دىنىي مۇراسىم بولۇپ، شامان مەلۇم بىر كىشىگە پال ئېچىپ ياخشىلىق ۋە يامانلىقتىن بىشارەت بەرگەندىن كېيىن، ياخشىلىققا ئېرىشىپ، يامانلىقتىن ساقلىنىش ئۈچۈن مەلۇم خىل رەڭدىكى قوي، كالا، ئۆچكە، توخۇ، كەپتەر قاتارلىق ئۆي ھايۋانلىرىنى خۇدا ياكى مەلۇم بىر پىرغا ئاتاپ، مەلۇم بىر ۋاقىتتا قۇربانلىق قىلىشنى بۇيرۇيدۇ. بۇ خىل سەدىقە قىلىش مۇراسىمى شاماننىڭ باشچىلىقىدا ئېلىپ بېرىلىدىغان بولۇپ، قۇربانلىق قىلىنغان ھايۋاننىڭ رەڭگى ۋە قۇربانلىق قىلىش ۋاقتى ھەم قۇربانلىق قىلىدىغان يۆنىلىش ماس ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. شامان قۇربانلىق قىلىشتىن ئىلگىرى سېھىرلىك قورالى بىلەن قۇربانلىققا قاراپ، ئىسلام دىنىنىڭ دۇرۇت - ئايەتلىرىنى ئوقۇيدۇ. ئاندىن شاماننىڭ ئۆزى ياكى ئۇنىڭ مەلۇم بىر ۋاستىچىسى بوغۇزلاپ بېرىدۇ. بوغۇزلىغاندا چىققان ئىسسىق قاننى ھاجەتمەن كىشىنىڭ بەدىنىگە ياكى كېسەل كىشىنىڭ ئاغرىغان جايىغا ئېقىتىدۇ. بۇ قان شامان رۇخسەت قىلغاندىن كېيىن ئاندىن ئىسسىق سۇدا يۇيۇپ چىقىرىۋېتىلىدۇ. ئاندىن شامانغا مەلۇم ھەق بېرىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن قۇربانلىق قىلىش مۇراسىمى ئاخىرلاشقان بولىدۇ. پال ئېچىپ، كېسەل داۋالىغاندا ھاجەتمەنىنىڭ يامانلىقتىن قۇتۇلۇپ، ياخشىلىققا ئېرىشىش ئۈچۈن مەلۇم مىقداردىكى پۇل - پۈچەك ياكى نان، رەختلەرنى، مەلۇم بىر ۋاقىتتا، مەلۇم ئادەملەرگە قەرەللىك ياكى قەرەلسىز ھالدا ھەقسىز بېرىشنى ئورۇنلاشتۇرىدۇ. شامان ھاجەتمەنىنىڭ سەدىقە قىلىدىغان نەرسىلىرىگە، ئىسلام دىنىنىڭ مەلۇم دۇرۇت - ئايەتلىرىنى ئوقۇپ ھۈرۈپ بېرىدۇ. ئاندىن كېيىن، ھاجەتمەن بۇ نەرسىلەرنى بۇيرۇلغان ئادەمگە سەدىقە قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن سەدىقە مۇراسىمى ئاخىرلىشىدۇ. سەدىقە قىلىدىغان ئوبيېكتلار ھاجەتمەنىنىڭ ھاجىتىنىڭ سەۋىيىسىگە قاراپ بەلگىلىنىدۇ. مەسىلەن، ئاجىز - مىسكىنلەر، مېيىپلار، قارىغۇ - ئەما دېگەندەك كىشىلەر تاللاپ سەدىقە قىلىنىدۇ.

يۇقىرىقىدەك سەدىقە قىلىش مۇراسىملىرى شەكىل ۋە سەدىقە بېرىش ئوبيېكتى جەھەتتىن ئىسلام دىنىي ۋە بۇددا دىنىدىكى سەدىقە قىلىشقا ئوخشاپ كېتىدۇ. ئەمما، مەقسىتىدىن ئېلىپ ئېيتساق، ئۇ مەلۇم مېھىر - شەپقەت يەتكۈزۈشنى مەقسەت قىلغان بولۇپ، ئىسلام دىنى ۋە بۇددا دىنىدىكىدىن مۇئەييەن دەرىجىدە پەرقلىق بولىدۇ. سەدىقە مۇراسىمىنىڭ دۇرۇت - ئايەتلىرى ئىسلام دىنىنىڭ دۇرۇت - ئايەتلىرى بولسىمۇ، ئەمما مەقسىدى ۋە ماھىيىتىدىن قارىغاندا، ئۇ يەنىلا شامان دىنىنىڭ دىنىي مۇراسىمىدۇر. شۇڭا سەدىقە قىلىش - تۇرپان ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدىكى بىر خىل شامان دىنىي مۇراسىمى دېيىشكە بولىدۇ.

4. مازارلارنى تاۋاپ قىلىپ، تىلەك تىلەش

مازارلارغا تاۋاپ قىلىش، روھقا سېغىنىش ھادىسىسى ئىنسانلارنىڭ ئەجدادقا چوقۇنۇشتەك دىنىي ئەقىدىسىدىن كەلگەن بولۇپ، ئۇ شامان دىنىنىڭ مۇھىم دىنىي ئاساسلىرىدىن بىرى. شۇ سەۋەپتىن مازارلارنى تاۋاپ قىلىپ تىلەك تىلەش، شامان دىنىنىڭ يەنە بىر ئاساسلىق دىنىي مۇراسىمى ھېسابلىنىدۇ. تۇرپان ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا بۇ خىل دىنىي مۇراسىممۇ ناھايىتى كەڭ ئومۇملاشقان بولۇپ، خەلقنىڭ تۇرمۇش ئۆرپ - ئادەتلىرىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمىغا ئايلىنىپ كەتكەن. تۇرپان رايونىدا 100 دىن ئارتۇق مازارگاھ بار بولۇپ، ھەر قايسىسىنىڭ ئۆز ئالدىغا خاسىيىتى بار ئىكەن. شۇڭا شامانلار پال ئېچىپ كېسەل داۋالىغاندا، مازارلىقلارنى يوقلاپ تىلەك تىلەشنىمۇ بىر ئاساسلىق دىنىي مۇراسىم سۈپىتىدە ئۆتكۈزىدۇ.

مازارلارنى تاۋاپ قىلىپ، تىلەك تىلەش - شاماننىڭ باشچىلىقىدا ياكى شاماننىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە، ھاجەتمەنلەر كېسەللىكتىن ياكى پىشكەللىكتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، مەلۇم بىر ياكى بىر قانچە خىل خاسىيەتكە ئىگە، بىر ياكى بىر قانچە مازارلىقلارنى تاۋاپ قىلىپ، تىلەكلىرىنى تىلەيدۇ. ھەربىر مازارنىڭ ئۆزىگە خاس خاسىيىتى ۋە خاسىيىتىگە ماس بولغان تاۋاپ قىلىش ئۇسۇلى بار بولۇپ، شەرتلەرنى تولۇق ئادا قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئاندىن تىلەك تىلىنىدۇ. ئالدى بىلەن مازارگاھقا قارانچۇق شەيخنىڭ باشچىلىقىدا مازارلىقنىڭ ئىچىگە كىرىپ ئىسلام دىنىنىڭ دۇرۇت - ئايەتلىرىنى ئوقۇيدۇ. ئوقۇپ

بولغاندىن كېيىن چىراق يېقىپ بولۇپ، ئولتۇرۇپ تىلەكلىرىنى تىلەيدۇ ۋە كېيىن ئۆزلىرى ئالغاچ بارغان ياغ ۋە پاختىلاردىن پىلىك ياساپ چىراق يېقىپ قويىدۇ. شەيخكە سەدىقە بېرىدۇ. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، «چىراق قانچە كۆپلۈك، قانچە ئۇزۇن كۆيسە تىلەكلىرى شۇنچە تېز ئىجابەت بولارمىش. ئەگەر ئۆچۈپ قالسا تىلىكى ئىجابەت بولماسمىش». يەنە بەزىلەر شۇ جايدا نەزىر بېرىپ چوڭ خەتمىلەرنى ئۆتكۈزىدۇ. يەنە بەزىلەر بولسا قوي قاتارلىقلارنى بوغۇزلاپ قۇربانلىق قىلىدۇ. مازارلارنى تاۋاپ قىلىشتىكى ئەڭ مۇھىم مۇراسىم چىراق يېقىپ، تىلەك تىلەشتۇر. بۇ خىل مۇراسىمنىڭ شەكلى ۋە مەزمۇنىدىن قارىغاندا، ئىپتىدائىي ئېتىقاتتىكى ئەجدادقا چوقۇنۇشقا ئوخشاپ كېتىدۇ. ئوقۇلىدىغان دۇرۇت - ئايەتلىرىدىن قارىغاندا، ئىسلام دىنىنىڭ دۇرۇت - ئايەتلىرى ئوقۇلىدۇ. مەقسىتىدىن قارىغاندا، كېسەلگە شىپا تېپىش ۋە سېھىرنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتۇر. دېمەك، بۇ خىل مۇراسىمنىڭ ماھىيىتىدىن قارىغاندا، ئۇ بىر خىل شامان دىنىنىڭ دىنىي مۇراسىمىدۇر. شۇڭا مازارلىقلارنى تاۋاپ قىلىپ تىلەك تىلەش تۇرپان ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدىكى يەنە بىر خىل شامان دىنىي مۇراسىمى دېيىش مۇمكىن.

**٧ تۇرپان شامان دىنىي مۇراسىملىرىنىڭ تۈرگە بۆلۈنىشى**

تۇرپان رايونىدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى شامان دىنىي مۇراسىملىرى ئۆز ئىچىدىن ئىككى چوڭ تۈرگە بۆلۈنىدۇ. ئۇنىڭ بىرى ئاق يول، يەنە بىرى قارا يول دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ تۇرپان رايونىدىكى شامانلارنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى تۈرگە ئايرىش ئۇسۇلى بولۇپ، شامانلار ئۆزلىرىنىڭ قىلىۋاتقان سېھىر - جادۇلىرىنىڭ ماھىيىتىگە قاراپ تۈرگە ئايرىپ چىققان.

شامانلار ئۆزلىرىدىكى خاسىيەتنى يامان ئىشلارغا ئىشلەتمەي، ياخشى ئىشلارغا ئىشلەتكەن بولسا، ئۆزلىرىنى ئاق يولدا دەپ قارايدۇ. ئۆزىدىكى خىسلەتنى يامان ئىشلارغا ئىشلەتكۈچىلەرنى بولسا قارا يولدا دەپ قارايدۇ. بۇنىڭغا ئاساسلانغاندا تۇرپاندىكى شامانلار ئىككى چوڭ گۇرۇھقا بۆلۈنىدىغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىرى ئاقيولدىكىلەر، يەنە بىرى قارا يولدىكىلەردۇر.

1) ئاق يول - ئومۇمەن ئۆزىدىكى ئىقتىدارنى ياخشى ئىشلارغا ئىشلىتىدىغان شامانلارنىڭ تۇتقان يولى، يەنى شەرىئىتى ۋە پەرھىزلىرىنى كۆرسىتىدۇ. ئاق يولدىكىلەر سېھىر - جادۇ قىلغاندا، ئادەمنىڭ هاياتى ۋە سالامەتلىكىنى زىيانغا ئۇچرىتىدىغان، بەختلىك ئائىلىلەرنى بۇزىدىغان، باشقىلارنىڭ ئالدىنى (نىكاھ - بەختىنى) توسۇپ قويىدىغان ئىشلارنى قىلمايدۇ. سەدىقە ئالغاندا پىرلىرى ئۇلارغا بۇيرۇق بەرگەن نىسۋىسىنىلا ئالىدۇ. قۇربانلىق بۇيرۇغاندا، هارام قىلىنغان هايۋانلارنى بۇيرىمايدۇ. ئەكسىچە سالامەتلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، هاياتىنى قۇتقۇزىدىغان، نىكاھ چۈشمىگەنلەرنىڭ ئالدىنى (نىكاھ - بەختىنى) ئېچىپ، كىشىلەرنى ياخشىلىققا بۇيرۇيدىغان ئىشلارنى قىلىدۇ. هەر هەپتىنىڭ چارشەنبە ۋە جۈمە كۈنى كىشى كۆرۈشتىن پەرھىز تۇتىدۇ. ئاساسلىق مۇراسىمى خەتمە ئۆتكۈزۈش، مازارلىقلارنى تاۋاپ قىلىش، پال سېلىش، قان قىلىش بولىدۇ.

2) قارا يول - ئومۇمەن پايدا مەنپەئەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن ئۆزىدىكى ئىقتىدارنى هەر قانداق ئىشنى قىلىشقا ئىشلىتىدىغان شامانلارنىڭ تۇتقان يولى، يەنى شەرىئىتى ۋە پەرھىزلىرىنى كۆرسىتىدۇ. قارا يولدىكىلەرنى كىشىلەر «جىنكەش» لەر دەپمۇ ئاتايدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ سېھىر - جادۇ ئەپسۇنلىرى ۋە سېھىر - جادۇ قىلىش ئۇسۇللىرىمۇ ئىنتايىن غەلىتە بولۇپ، مۇددىئا - مەقسەتلىرىمۇ ئىنتايىن قەبىھ بولىدۇ. ئۇلار بەزى سېھىر - جادۇلارنى قىلغاندا، ئادەمنىڭ سۆيدۈكىدە تاھارەت ئېلىپ، قەبرىلەرنى تەتۈر مىنىپ، ئىسلام دىنىي ئايەتلىرىنى تەتۈر ئوقۇيدۇ. بۇنداق سېھىر - جادۇ قىلىنغان ئادەم ياكى ئۆلۈپ كېتىدىكەن ياكى بىر ئۆمۈر كېسەل بولۇپ يېتىپ قالىدىكەن. ئەگەر ئۇلارغا كۆپرەك نەپ بېرىلسە، بۇنىڭدىنمۇ قەبىھ سېھىر - جادۇلارنى قىلىدۇ. قۇربانلىق قىلىشقا بويرىغاندىمۇ چاشقان، ئېشەك قاتارلىق هارام قىلىنغان هايۋانلارنى كۆپرەك بۇيرۇيدۇ. ئۇلاردا ئاساسلىقى سېھىر - جادۇ قىلىش، قان قىلىش،، خەتمە ئۆتكۈزۈش، مازارلىقلارنى تاۋاپ قىلىش بولىدۇ، پال سېلىش قاتارلىق مۇراسىملارنى ئۆتكۈزىدۇ.

**Ⅵ خەلق ئارىسىدىكى شامان دىنىغا مۇناسىۋەتلىك ئۆرپ - ئادەت ۋە قاراشلار**

تۇرپان ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا شامان دىنىي ناھايىتى ئۇزاق تارىخقا ئىگە. شۇنداقلا هازىرمۇ ئومۇمىيۈزلۈك مەۋجۇت بولغاچقا، شامان دىنىنىڭ بىر قىسىم ئەقىدە - قاراشلىرى، ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇشىدا

ئىجتىمائىي ئۆرپ - ئادەت شەكلىدە ھېلىھەم كەڭ تۈردە ساقلىنىپ كەلمەكتە. بۇنىڭ ئىپادىلىرىنى تۇرپان يېزىلىرىدىكى خەلقنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدا دائىم ئۇچراتقىلى بولىدۇ.

1) موللىغا بېرىش: تۇرپان يېزىلىرىدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا، ئائىلىدە بىرەرسى كېسەل بولۇپ قالغاندا، دوختۇرخانىغا بېرىپ كۆرۈنمەي، ئالدى بىلەن كېسەل داۋالايدىغان موللىلارنىڭ يېنىغا بارىدىغان ئەھۋاللار ھېلىمۇ مەۋجۇت. يەنە بەزى زىيالىي ئائىلىلەردىمۇ، بىرەر كىشى كېسەل بولۇپ، دوختۇرخانىلاردا داۋالىنىپ ساقىيالمىسا، «كونىلىق قىلىپ باقايلى» دەپ موللىلارنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇنىڭ دېگىنى بويىچە كېسەلگە سەۋەب قىلىدىغان ئەھۋاللارمۇ بار.

2) مازارلىقلارنى تاۋاپ قىلىش: تۇرپان رايونىدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا كىشىلەر بىرەر قىيىنچىلىققا يولۇقسا ياكى كېسەلگە گىرىپتار بولسا، مۇشكۈللەرنى ئاسان قىلىش، كېسەللەرگە شىپا تېپىش ئۈچۈن مازارلىقلارنى تاۋاپ قىلىدىغان ئادەتلەر ھازىرمۇ ئومۇمىيۈزلۈك ساقلانغان. تۇرپان رايونىدىكى مازارلار 100 دىن ئاشىدىغان بولۇپ، ھەربىر مازارلىقنىڭ ئۆزىگە خاس خاسىيىتى بار دەپ قارىلىدۇ. شۇنداقلا بۇ خاسىيەتنى كىشىلەرگە بىلدۈرىدىغان، ئەۋلادتىن ئەۋلاتقا يەتكۈزىدىغان رىۋايەتلىرى ھەم بۇ رىۋايەتلەرنى باشقىلارغا ئېيتىپ داۋاملاشتۇرىدىغان ئەۋلادمۇ - ئەۋلاد ۋەزىپە ئۆتەپ كېلىۋاتقان خاس شەيخلىرى بار بولىدۇ. شۇڭا كىشىلەر ئۆتمۈشتىن بۇيان، بۇ مازارلارنى «ھايات (غوجام) مازار» دەپ تاۋاپ قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىگە مەدەت بېرىشىنى ئۈمىد قىلىپ، تىلەكلىرىنى تىلەپ كەلگەنىدى. بۇ خىل ئۆرپ - ئادەت ھازىرمۇ تۇرپان ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا ناھايىتى ئومۇمىيۈزلۈك ساقلانماقتا. بۇ مازارلانى موللىلار بەزى كىشىلەرگە تاۋاپ قىلىشقا بۇيرىسا، يەنە بەزى كىشىلەر ئۆزلىكىدىن بېرىپ تاۋاپ قىلىدۇ.

3) قان قىلىش: تۇرپان ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا، ھازىرمۇ بىر قىسىم شامان دىنىغا ئائىت قان قىلىش ئادەتلىرى ساقلىنىپ كەلمەكتە. ئۇيغۇر ئائىلىلىرىدە بىرەر كىشى كېسەل بولۇپ، كېسىلى سوزۇلۇپ كەتسە، بۇ كىشىنىڭ ساقىيالماي قېلىشىدىن ئەنسىرەپ قالغاندا، قوي، ئۆچكە، توخۇ، كەپتەر قاتارلىقلارنى بوغۇزلاپ، قېنىنى كېسەل كىشىنىڭ بەدىنىگە سۈرتۈپ قويىدۇ ياكى ئېقىتىدۇ. تۇرپان رايونىدىكى ئۇيغۇرلار «قان دېگەن جانغا ئارا تۇرىدۇ» دەپ قارايدۇ. كىشىلەر يەنە بىرەر ئىشى تازا يۈرۈشمىگەندە ياكى كېلىشمەسلىكتىن ئالدىن بېشارەت بولغاندىمۇ، قوي، توخۇ، كەپتەر قاتارلىقلارنى بوغۇزلاپ، جامائەتكە چاي بېرىدۇ ياكى يېتىم - يېسىرلارغا ئاپىرىپ بېرىدۇ. ئۇلار «ھەربىر كەسىپ، ھەربىر ھۈنەرنىڭ پىرى بار بولۇپ، پىرلار رازى بولمىسا ئىشلار ئوڭۇشلۇق بولمايدۇ. ئۇلار رازى بولغاندا، ئاندىن ئىشلار يۈرۈشىدۇ. ئۇلارنى رازى قىلىش ئۈچۈن قان قېلىش كېرەك» دەپ قارايدۇ. شۇڭا بۇ خىل قان قىلىش ئادىتى ناھايىتى كەڭ ئومۇملاشقان. تۇرپان ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا يەنە كىشىلەر يېڭى ئۆي سېلىپ، كۆچۈپ كىرىشتىن ئىلگىرى قوي، توخۇ قاتارلىقلارنى بوغۇزلاپ، ئۆينىڭ بوسۇغىسى ۋە بۇلۇڭلىرىغا قېنىنى ئېقىتىپ قويىدىغان ئادەت ساقلانغان. ئۇلارنىڭ قارىشىچە «ئۆيمۇ پىرلىق بولىدۇ» ئۆينىڭ پىرلىرىنى رازى قىلىپ ئاندىن ئولتۇرۇش كېرەك. بولمىسا، ئۆيدە بالا - قازا ۋە كېلىشمەسلىك تۈگىمەيدۇ» دەپ قارايدۇ. شۇڭا ھازىرمۇ مەيلى قانداق جايغا، قايسى خىل شەكىلدە ئۆي سېلىپ ئولتۇرۇشتىن قەتئىينەزەر، كۆچۈپ كىرىشتىن ئىلگىرى قان قىلىش بىر ئۇدۇم سۈپىتىدە ساقلانماقتا. ھەتتا بىنا ئۆيلەرگە كۆچۈپ كىرگەندىمۇ قان قىلىدىغان ئەھۋاللار مەۋجۇت.

4) ئىسرىق سېلىش: تۇرپان ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا، خىلمۇخىل ئىسرىق سېلىش ئادەتلىرى ساقلانغان. كىشىلەر يېڭى ئۆيگە كۆچۈشتىن ئىلگىرى، گۈلرەيھاننىڭ قۇرىغان غولىنى سۇندۇرۇپ، تاماق ئېتىدىغان مېتال چۈمۈچنىڭ ئىچىگە سېلىپ، ئوت يېقىپ، ئۆينىڭ بوسۇغىسىدىن باشلاپ تۆت بۇلۇڭى ھەم تورۇسلىرىغىچە، ئىسرىق سېلىپ چىقىدۇ. ئۇلارنى قارىشىچە، «بۇنداق قىلغاندا، ئۆيدىكى قوۋاقلار چىقىپ كېتىدىكەن، ئەگەر بۇ قوۋاقلار چىقىپ كەتمىسە، ئاخشىمى قارا بېسىپ ئۇخلىغىلى بولمايدىكەن. ئۆيدە جېدەل - ماجرا، بالا قازا تۈگىمەيدۇ».

ئۇيغۇر ئائىلىلىرىدە يەنە ئۆيدە يېڭى بىر بالا تۇغۇلۇپ ئۇنى بۆشۈككە سېلىشتىن ئىلگىرى ئۆيدىكى ياشقا چوڭ مومايلار، گۈلرەيھاننىڭ قۇرىغان غوللىرىنى سۇندۇرۇپ، تاماق ئېتىدىغان مېتال چۈمۈچنىڭ ئىچىگە سېلىپ، ئوت يېقىپ، بۆشۈكنىڭ ھەممە يېرىگە بىر قۇر ئىسرىق سېلىپ چىقىدۇ. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، «بۇنداق

قىلغاندا، ئۇزۇن مەزگىل ئىشلەتمىگەن بۆشۈكتىكى قوقاقلار قىچىپ كېتىپ، بالا ياتقاندا ياخشى ئۇخلايدۇ، قارا باسمايدۇ».

تۇرپان رايونىدىكى ئۇيغۇر ئائىلىلىرىدە يەنە كىشىلەر ئۆزىنىڭ مال ياكى باشقا نەرسىلىرىنى بازارغا ئېلىپ كىرىپ سېتىشتىن ئىلگىرى، ئۆيدىكى ياشقا چوڭ ئايال كىشى ھەسەل ھەرىسىنىڭ كۇنىكى (تاۋىقى) قاتارلىقلارنى، ئۇۋىتىپ، تاماق ئېتىدىغان چۇمۇشنىڭ ئۇچىغا سىلىپ، ئوت يېقىپ، ساتماقچى بولغان مال ياكى نەرسىلەرنىڭ ئۈستىنى ئايلاندۇرۇپ ئىسرىق سالىدىغان ئادەتلەر ساقلانغان. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، «ھەسەل ھەرىسىنى كۇنىكى بىلەن ماللارغا ئىسرىق سالغاندا، بازاردىكى ساتماقچى بولغان مالغا خۇددى تاۋاقتا ئۇلاشقاندەك ئۇلىشىپ خېرىدارلار كۆپ بولىدۇ، قىممەت ھەم ئاسان ساتقىلى بولىدۇ». ھازىر زامان تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ كىشىلەر ئارىسىدا كىرا ئاپتوموبىللىرىغىمۇ مۇشۇنداق ئىسرىق سالىدىغان ئادەتلەر بارلىققا كەلگەن. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، «بۇنداق ئىسرىق سالغاندا، يولۇچىلار كىرا ئاپتوموبىلىغىمۇ ھەسەل ھەرىسى كۇنىكىگە ئۇلاشقاندەك ئۇلىشىۋالىدۇ. كۆپ پۇل تاپقىلى بولىدۇ».

5) ئاشلاش: تۇرپان رايونىدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا، كىشىلەر بىر قىسىم كېسەللەرگە گىرىپتار بولغاندا، ئاشلايدىغان ئادەتلەر ساقلانغان. تۇرپان ئۇيغۇرلىرى ئائىلىلەردە بىرەرسىنىڭ ئاشقازىنى كۆپۈپ قالسا ياكى يەل تۇتۇپ تولغاق بولۇپ قالغاندا، «ئاچ كىرىپ قاپتۇ» دەپ ئاچلايدىغان ئادەتلەر بار. ئائىلىدىكى ياشقا چوڭ ئايال كىشى يەتتە ئۆينىڭ تونۇرىدىن كۈل ئەكەلدۈرۈپ، ئۇنى بىر قاچىغا ئازراقتىن ئېلىپ لىق توشقۇزۇپ، ئۈستىنى بىر ياغلىق ياكى رەخت بىلەن ئوراپ، چىنىنىڭ ئاستى تەرىپىدىن تۇتۇپ، كېسەل كىشىنى دۈم ياتقۇزۇپ، بېشىدىن پۇتىغىچە «ئاچ چىق!» دېگىنىچە ئۇرۇپ چىقىدۇ. بۇ جەرياندا، بۇ ئايال «ئاش چىق! ئاش چىق! ئەسكى تۈگمەنلەرگە بار، يوغان جوجەملەرگە بار، ئۇزۇن چاچلىقلارغا بار، تەمبەللىكلەرگە بار. ئاش چىق! ئاش چىق!» دېگەن ئەپسۇنىي قوشاقنى ئوقۇيدۇ. بۇ چاغدا ئايال كىشى توختىماي ئەسنەيدۇ. چىنىدىكى كۈلمۇ يېرىم چۈشىدۇ. ئۇلار بۇنى ئاچ چىقىپ كەتتى دەپ قارايدۇ. ئاندىن ئاشلىغان كىشىنى دەرھال ياتقان يېرىدىن تۇرۇپ كېتىشنى بۇيرۇيدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ بەدىنىدىكى ئاچلار ئۇ ياتقان جايدا چىقىپ كېتىدىكەن. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە تۇرپان ئۇيغۇرلىرى كىچىك باللار كۆپ يىغلايدىغان بولۇپ قالسا ياكى ياش چوكانلار ئۆزىنى بىر خىل روھسىز ھېس قىلغان چاغلاردىمۇ «ئاچ كىرىپ قاپتۇ» دەپ ئاشلايدىغان ئادەتلەر بار. تۇرپان ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا ئاشلىغاندا، كۈلنى ئىشلەتكەندىن باشقا، يەنە نان پارچىلىرىنى ياكى يەتتە خىل زىرائەتنىڭ دانلىرى ياكى قۇرۇق مېۋە قاتارلىقلار بىلەن ئاشلايدىغان ئادەتلەرمۇ بار.

6) ئۇچۇقداش: تۇرپان رايونىدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا، ئائىلىلەردە كىچىك باللار بىر نەرسىدىن قاتتىق قورقۇپ كەتكەندە ياكى چوڭلار چۈشىدە قارا بېسىپ، يۈزلىرىگە ياكى ئاغزىنىڭ چۆرىسىگە قورقاق ئۆرلەپ قالغاندا، «ئۇچۇق تېگىپتۇ!» دەپ، ئۇلارنى ئۇچۇقدايدىغان ئادەت ساقلانغان. ئائىلىدىكى ياشقا چوڭ ئايال كىشى ئۇچۇق تېگىپ قالغان بالىنى ياكى كىشىنى سەھەر ۋاقتىدا ياكى زوۋال ۋاقتىدا غەرب تەرەپكە قاراپ ئولتۇرغۇزۇپ، ئېقىپ تۇرغان سۇ ياكى دەرەخ نوتىلىرىنى ئېقىپ تۇرغان سۇغا چىلاپ، شاخلىرى بىلەن «ئۇچۇق ! ئۇچۇق!» دەپ ئۇچۇقدايدۇ. قىش پەسلىدە ئۆسۈملۈك يوپۇرماقلىرىغا ئوت يېقىپ ئۇچۇغدايدۇ. ئۇچۇقداپ بولغاندىن كېيىن، ئۇچۇقدالغان كىشى دەرھال ئولتۇرغان جايدىن تۇرۇپ كېتىشى كېرەك. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، «ئۇچۇق پىرلارنىڭ شامىلى دارىپ قالغاندا تېگىدىكەن، كۈچلۈك كىشىلەر ھېچنىمە بولمايدىكەن، ئاجىز كىشىلەرنىڭ يۈز - كۆزلىرىگە ياكى ئاغزىنىڭ چۆرىسىگە شۇنداق نەرسىلەر ئۆرلەپ قالىدىكەن. ئۇچۇقداش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ شامىلىنى ياندۇرغىلى بولىدىكەن».

7) روھىنى چاقىرىش: تۇرپان ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا، كىچىك باللار يېقىلىپ كېتىپ ياكى بىرەر نەرسىدىن قورقۇپ كېتىپ مىجەزى يوق، جىمغۇر بولۇپ قالسا، بۇ بالىنىڭ «روھى چىقىپ كېتىپتۇ» دەپ روھىنى چاقىرىدىغان ئادەتلەر ساقلانغان. ئائىلىدىكى ياشقا چوڭ ئايال بالىنى كۈن يېڭى ئولتۇرغان زوۋال ۋاقتىدا، قىبلىگە قارىتىپ، ئىسمىنى ئۈچ قېتىم ياكى يەتتە قېتىم چاقىرىدۇ. بالا «ھەئە» دەپ جاۋاب قايتۇرغاندا بالىنىڭ روھى قايتىپ كەلدى دەپ قارايدۇ. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، «ئادەمدە 7 خىل روھ بولىدۇ، ئۇلاردىن بىرى كەم بولسا ئادەم جىمغۇر، كېسەلچان بولۇپ قالىدۇ. شۇڭا، بۇنداق چاغدا روھىنى چاقىرىپ ئەكىلىۋېلىش

كىرەك. ئەگەر ئۇنداق قىلمىغاندا، ئۇنىڭ روھىنى جىنلار ئىلىپ كىتىپ، تاقاپ قويارمىش»

8) تۇغ (چوكەن) باغلاش: تۇرپان ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا بىرەر كىشى ئىغىر كىسەل بولۇپ قالغاندا، ئۇنىڭ كىسىلىگە شىپالىق تىلەپ چوكان باغلايدىغان ئادەت مەۋجۇت. ئائىلىدىكى ياشقا چوڭ ئايال كىشى يەتتە ئۆيدىن يەتتە خىل رەڭلىك رەخت پۇرۇچى ئىلىپ كىلىپ، ئۇنى كىسەل كىشىنىڭ بەدىنىگە دوملاپ، بىر نىمىلەرنى ئوقۇپ، ئۆيدىكى كىچىك باللارغا، مەھەللىنىڭ چىتىدىكى قۇرۇپ قالغان قارىياغاچ دەرىخىنىڭ شاخلىرىغا ياكى مازارلىقلاردىكى يالغۇز دەرەخلەرگە ئاپىرىپ چىگىپ قويۇشنى تاپىلايدۇ. بۇنداق رەخت پۇرۇچلىرى چىگىلگەن دەرەخلەرنى تۇرپان يىزىلىرىنىڭ ھەممىلا يىرىدە ئۇچراتقىلى بولىدۇ. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، «ئادەمنىڭ بەدىنىگە چاپلاشقان كىسەل، مەلۇم بىر خىل روھنىڭ چاپلىشىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئۇلارنىڭ رەڭگى خىلمۇ خىل بولىدۇ. شۇڭا يەتتە خىل رەڭلىك پۇرۇچنى كىسەلنىڭ بەدىنىگە دوملىغاندا، رەڭگى ئوخشاش روھلار پۇرۇچلارغا ئىلىشىپ چىقىپ كىتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن كىسەل ساقىيدۇ».

9) تۇمار پۇكۇش: تۇرپان رايونىدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا، كىچىك باللارغا كۆز تىگىپ قىلىشتىن، قورقاق ئۆتۈپ قىلىشتىن، ئاچ كىرىپ قىلىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، تۇمار پۇتۇپ بوينىغا ئىسىپ قويىدىغان ئادەت ساقلانغان. بۇنداق تۇرمارنى بالىنىڭ ئاپىسى ياكى ئانىسى بالىنى كۆتۈرۈپ مەھەللىدىكى موللىلارنىڭ يىنىغا ئاپىرىپ، ئوقۇتقۇزۇپ يازدۇرىدۇ. ئاندىن بىر قەغەزگە بالىنىڭ ئىسمى بىلەن بىر قاتاردا ئەرەپچە ئايەتلەر ياكى بىر قىسىم شەكىللەرنى يىزىپ، ئۇنى ئۈچ بۇلۇڭ شەكىلدە قاتلاپ، قارا دۇخاۋا رەختكە ئوراپ تىكىپ، ئاندىن يىپقا ئۆتكۈزۈپ بالىنىڭ بوينىغا ئىسىپ قويىدۇ. ئۇلارنىڭ قارىشىچە بۇنداق قىلغاندا، «بالىغا كۆز تىگىشتىن ساقلانغىلى بولىدۇ، قورقاق ئۆتۈپ قالمايدۇ، ئاچ كىرىپ قالمايدۇ، بالا ساغلام چوڭ بولىدۇ».

يۇقىرىقىلاردىن باشقا تۇرپان ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا، ئائىلىلەردە يىڭى تۇغۇلغان بالا بولسا ئۇنى قورقاق تىگىشتىن ساقلاش ئۈچۈن قۇشلارنىڭ پىيىنى بالا بىلەن بىللە ساقلايدىغان ئادەت بار. ئادەتتە، توز ياكى لاچىنىنىڭ پىيىنى تىپىپ كىلىپ، بالا ياتىدىغان بۆشۈكنىڭ بىشىغا قىستۇرۇپ قويىدۇ ياكى بالىنىڭ دوپپىسىغا قاداپ بىرىدۇ. ئۇلار بۇنى «بالىغا قورقاق تىگىپ قىلىشتىن ساقلايدۇ» دەپ قارايدۇ.

تۇرپان ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا يەنە، بۆرە ئوشۇقى ۋە يىلان مۆڭگۈزى قاتارلىقلارنى مۇقەددەس بىلىپ ساقلايدىغان ئادەتلەر ساقلانغان. بۆرە ئوشۇقى ياكى يىلان مۆڭگۈزىنى كىشىلەر ئاۋۋال موللىلارنىڭ يىنىغا ئاپىرىپ ئوقۇشقا سىلىپ، ئاندىن ئۆزىگە ھەمرا قىلىپ، بىللە ئىلىپ يۈرىدۇ. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، «ئەگەر شەرتىنى ئورۇندىمسا ئۇنى ئىلىپ يۈرگۈچىلەرنىڭ بىشىغا بالا قازا كىلىدۇ. ئەگەر ئەرلەر ئۇنى ئۆزى بىلەن بىللە ئىلىپ يۈرسە بەخت - ئامەتلىك بولۇپ، ئىشلىرى ئىلگىرى باسىدۇ. ئەگەر ئاياللار ئىلىپ يۈرسە نىكاھ بەختى چىقىپ، ئىشلىرى ئوڭۇشلۇق بولىدۇ» دەپ قارايدۇ.

## Ⅵ شامان دىنىنىڭ زامانىۋىلىشىشى

دىن بىر خىل ئىجتىمائىي مەدەنىيەت ھادىسىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ ئۆزگىرىپ ماڭىدۇ. يەنى ئۇ ئۆزىنىڭ فۇنكسىيىسىنى جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ ئىھتىياجىغا ماسلاشتۇرۇپ، جەمئىيەتنىڭ تەرەققىيات يۈزلىنىشىگە ماسلىشىدۇ. زامانىۋىلىشىش — ئەنئەنە بىلەن زامانىۋىلىق ئوتتۇرىسىدىكى بىر تارىخى جەريان، شۇنداقلا تەرەققىياتنىڭ ئۆتكۈنچى دەۋرى. دىنمۇ ئۆز فۇنكسىيىسىنى جەمئىيەتنىڭ تەرەققىيات ئىھتىياجىغا ماسلاشتۇرۇش ئۈچۈن، بۇ خىل ئۆتكۈنچى دەۋرنى ھامان بىسىپ ئۆتىدۇ. مانا بۇ دىنىنىڭ زامانىۋىلىشىشىدۇر.

تۇرپان رايونىدىكى شامان دىنىنىڭ ھازىرقى ھالىتىنى تەھلىل قىلىدىغان بولساق، تۇرپان ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدىكى شامان دىنىدا زامانىۋىلىشىش ھادىسىلىرىنىڭ مەۋجۇتلىقىنى بايقىغىلى بولىدۇ. تۇرپان رايونىدىكى شامان دىنىنىڭ زامانىۋىلىشىش ھادىسىسىنى تۆۋەندىكى بىر قانچە نۇقتىلاردىن چۈشىنىش مۇمكىن.

### 1. شامانلارنىڭ زامانىۋىلىشىشى

جەمئىيەتشۇناسلارنىڭ قارىشىچە، ھەقىقىي مەنىدىكى زامانىۋىلىشىش ئادەمنىڭ زامانىۋىلىشى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ. ئادەمنىڭ زامانىۋىلىشى دىگىنىمىز - ئادەمدىكى ئەنئەنىۋىي ئىنسانىي خىسلەتنىڭ زامانىۋىي ئىنسانىي خىسلەتكە ئۆتۈش جەريانىدىن ئىبارەت. زامانىۋىي ئىنسانىي خىسلەت دىگىنىمىز زامانىۋىي جەمئىيەتنىڭ قىممەت

قاراشلىرىغا ۋە ھەرىكەت ئۆلچىمىگە لايىقلاشقان ئىنسانىي خىسلەتنى يەنى ئىندىۋىدۇئال پىسخىك خاراكتېرىنى كۆرسىتىدۇ. زامانىۋى ئىنسانىي خىسلەتكە ئىگە ئادەم زامانىۋىي ئادەم ھېسابلىنىدۇ. تۇرپان رايونىدىكى بىر قىسىم شامانلار بىلەن بولغان سۆھبەت ۋە كۆزىتىش جەريانىدا، ئۇلاردا ھازىرقى زامانغا ماس بولغان قىممەت قاراش ۋە تۇرمۇش ئادەتلىرى-نىڭ بارلىقى بايقالدى.

1) يېمەك ئىچمەكتىكى ئۆزگىرىش: تۇرپان رايونىدىكى بىر قىسىم شامانلارنى ئۇزۇن مۇددەت كۆزىتىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ يېمەك - ئىچمەكلىرىنىڭ ۋە شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بىر قىسىم ئادەت - قاراشلىرىنىڭ پۈتۈنلەي ھازىرقى زامانغا لايىقلىشىپ بولغانلىقى بايقالدى. ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىي سەۋىيىسى ياخشى بولغاچقا، ئۆيىدە گاز ئوچاق، دوخوپكا، توڭلاتقۇ، چۆپ چىقىرىش ماشىنىسى. . . دېگەندەك يېمەك - ئىچمەككە ئائىت زامانىۋىي ئۆي سايمانلىرىنىڭ ھەممىسى بار ئىدى. ئۇلارنىڭ كۈندىلىك تاماقلىرى ئېلېكتر ئۈسكۈنىلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى. شامانلارنىڭ ئەنئەنىۋي قارشى بويىچە، «توك بىلەن قىلغان تاماق سوغۇق بولىدۇ، يىسە ئادەمگە زىيانلىق، ئوتتۇن قالىماي (كۆيدۈرمەي) ئەتكەن تاماقنىڭ بەركىتى بولمايدۇ. قولدا قىلمىغان تاماقنىڭ تەمى بولمايدۇ» دەپ قارىلاتتى. ئەمما ھازىرقى تۇرپان رايونىدىكى شامانلار زامانىۋىي ئېلېكتر ئۈسكۈنىلەردىن پايدىلىنىپ تاماق يەيدىغان بولدى.

شامانلارنىڭ ئەنئەنىۋي قاراشلىرىدا، «ئۆيىنىڭ سىرتىدىن ياكى ئاشخانىلاردىن تاماق يىسە دىلى قارىيىپ قالىدۇ ياكى كىشى كۆرەلمەس بولۇپ قالىدۇ» دەپ قارىلاتتى. ئەمما تۇرپان رايونىدىكى بىر قىسىم شامانلار رىستۇران ۋە بازاردىكى ئاشخانىلاردا غىزالىنىشقىمۇ ئادەتلىنىپ كەتكەندى.

تۇرپان رايونىدىكى شامانلارنىڭ ئەنئەنىۋي قاراشلىرىدا يەنە «زاۋۇتتا چىقىرىلغان نەرسىلەر ھارام ياكى يېگىلى بولمايدۇ» دەپ قارىلاتتى. ئەمما ھازىرقى بىر قىسىم شامانلار ئائىلىدە پەمىدۇر قىيامى، گۈلقەنت، ھەسەل، تەييار چۆپ، مېغىز تالقانلىرى قاتارلىق زاۋۇتلاردا ئىشلىنىپ چىققان بۇيۇملارنى ئىستىمال قىلىدىغان بولدى. يەنە بەزى شامانلار بىر قىسىم چەتئەلنىڭ يېمەكلىرىنىمۇ ئىستىمال قىلىدىكەن.

ئۇن بىرىنچى ئەندىزە: بىر قېتىم مەن

بىر ئايال شامانىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ سۆھبەتلىشىۋاتقاندا، بۇ ئايال شامانىنى ئىزدەپ سىرتتىن 25 ياشلار چامىسىدىكى بىر قىز كىرىپ كەلدى. ئۇ بۇ ئايال شامانغا مەخسۇس ئەنلى Amway ( 安利 ) شىركىتىنىڭ ماللىرىنى يەتكۈزۈپ بېرىشكە كەلگەنىكەن. بۇ ئايال شامان بەك سېمىز بولۇپ، يۈرۈش تۇرۇشتا قىينىلىپ قالغاچقا، بۇ قىزنىڭ تەۋسىيىسى بىلەن ئامېرىكىدا ئىشلەنگەن 350 يۈەنلىك ئورۇقلىتىش كاپسۇلىنى يەۋەتقان ئىكەن. ئايال شامانىنىڭ دېيىشىچە، بۇ ئۈچىنچى قۇتىسى ئىكەن. بۇ دورا ئادەم ئادەتتىكىدەك تاماق يەپ ئۇخلاۋەرسىمۇ، يەنىلا ئورۇقلىتالايدىكەن. ئۇ بۇنى ئىستىمال قىلغاندىن كېيىن بەش كىلوگرام ئورۇقلاپتۇ.

يۇقىرىقىلارغا ئاساسلانغاندا، تۇرپان رايونىدىكى شامانلارنىڭ ئەنئەنىۋي يېمەك - ئىچمەك قورۇلمىسى ۋە ئادەت - قاراشلىرى ھەقىقەتەن زامانىۋىلىققا قاراپ يۈزلەندى دېيىشكە بولىدۇ.

2) كىيىم - كېچەك ۋە تۇرمۇش بۇيۇملىرىدىكى ئۆزگىرىش: تۇرپان رايونىدىكى شامانلارنىڭ زامانىۋىلىشىشنىڭ بەلگىلىرىنى ئۇلارنىڭ كىيىم - كېچەك ۋە تۇرمۇش بۇيۇملىرىدىنمۇ بايقىغىلى بولىدۇ. تۇرپان رايونىدىكى شامانلارنىڭ ئەنئەنىۋى قاراشلىرىدا، «شامان چوقۇم بېشىغا بۆك كىيىشى ياكى ياغلىق ئارتىشى كېرەك، بولمىسا ئوقۇشى ئاجىزلاپ كېتىدۇ» دەيدىغان قارشلار بار ئىدى. ھازىرقى بىر قىسىم ئايال شامانلار ئالدىغا كەلگەن ھاجەتمەنلەرنى كۆرگەندە ياغلىقمۇ چەگمەي، ئادەتتىكى كىيىملىرى بىلەنلا ئوقۇيدىغان بولدى. ھەتتا بىر قىسىم ياش ئايال شامانلار چاچلىرىنى بۇدرە قىلدۇرۇپ، رەڭگىنى بوياپ يۈرىدىغان-لارمۇ بار ئىدى. ئەر شامانلار ئارىسىدا ئۈچىسىغا كاستۇم بۇرۇلكا، پۇتىغا خۇرۇم ئاياق، بېشىغا شلەپە كىيىپ يۈرىدىغانلارمۇ بار. دېمەك، ھازىرقى شامانلارنىڭ ئەنئەنىۋى كىيىم - كېچەكلىرى ۋە ياسىنىش ئادەتلىرىمۇ زامانىۋىلىشىشقا قاراپ يۈزلەنگەن.

ئۇنىڭدىن باشقا، بىر قىسىم تۇرمۇش بۇيۇملىرى ۋە ئۇلارنى ئىشلىتىش ئادىتىدىمۇ ئۆزگىرىشلەر بولدى. تۇرپان رايونىدىكى شامانلار بۇرۇن كۆچانىڭ توقاچ سوپۇنىنى ئىشلەتكەن بولسا، ھازىر ئەڭ ياخشى ئەتىر سوپۇنلارنى، چاچ سوپۇنلارنى ئىشلىتىدىغان بولدى. ئىلگىرى ئەنبەر ئىشلەتكەن بولسا، ھازىر ئەتىر ئىشلىتىدىغان بولدى، ئىلگىرى رادىئو - تېلېۋىزورلارنى شەيتاننىڭ

نەرسىلىرى دەپ كۆرمىگەن بولسا ھازىر تېلېۋىزور، رادىئو، VCD قاتارلىقلارنى ئائىلىلەردە ئىشلىتىدىغان بولدى. ئۇنىڭدىن باشقا ھازىر شامانلارنىڭ كۆپىنچىسىدە يانفون ئومۇملىشىپ كەتتى. بۇ ئۇلارنىڭ ئۇچۇر مەنبەسىنى ۋە ھاجەتمەن - خېرىدارلىرىنىڭ تېخىمۇ كۆپىيىشىگە پايدىلىق بولدى. دېمەك، تۇرپان رايونىدىكى شامانلار ھازىر زامانىۋى تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى ئىشلىتىشنى ئۆزىگە ئادەت قىلىشقا باشلىغان.

3) قاتناش قوراللىرىدىكى ئۆزگىرىش: تۇرپان رايونىدىكى شامانلارنىڭ زامانىۋىلىشىشقا قاراپ يۈزلەنگەنلىكىنىڭ ئەڭ گەۋدىلىك ئىپادىلىرىنىڭ بىرى — ئۇلارنىڭ قاتناش قوراللىرىدىكى ئۆزگىرىش ھېسابلىنىدۇ. ئىلگىرى تۇرپان رايونىدىكى شامانلار ئېشەك ۋە ئېشەك ھارۋىسى ئۆزىنىڭ ئاساسلىق قاتناش قورالى قىلغان بولسا، ھازىرقى شامانلار 1980 - يىللاردا ۋېلىسىپىتنى، 1990 - يىللاردا موتوسىكلىتنى، 2000 - يىللاردا كىچىك ماشىنىنى ئۆزىنىڭ قاتناش قورالى قىلدى. ھازىر شامانلار بىر جايدىن يەنە بىر جايغا بارغىچە تاكسىدا ئولتۇرۇپ بېرىشنى ياخشى كۆرىدۇ. بەزى شامانلار خۇسۇسىي ماشىنا سېتىۋېلىپ، ئۆزى ھەيدەپ ماڭىدىغان بولدى. دېمەك، قاتناش قوراللىرىدىكى بۇ خىل ئۆزگىرىشلەرمۇ، شامانلارنى زامانىۋى ئاڭغا ئىگە قىلىشتا مۇھىم رول ئوينىغان.

شامانلارنىڭ تۇرمۇشىدىكى يۇقىرىدىكى بىر قاتار ئۆزگىرىشلەر، تۇرپان رايونىدىكى شامانلارنىڭ قىممەت قاراش ۋە تۇرمۇش ئادەتلىرىگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىپ، ئۇلارنى ھازىرقى زامانىۋى ئاڭ ۋە تۇرمۇش ئۇسلۇبىغا ماسلاشتۇرۇشتا بەلگىلىك رول ئوينىغان دېيىشكە بولىدۇ. تۇرپان رايونىدىكى ھازىرقى بىر قىسىم شامانلارنى بىر خىل زامانىۋى تۇرمۇش ئۇسلۇبىدىكى شامانلار دېيىشكە بولىدۇ.

**2. شامان دىنىي مۇراسىملىرىنىڭ زامانىۋىلىشىشى**

تۇرپان رايونىدىكى شامانلارنىڭ زامانىۋىلىشىشقا ئەگىشىپ، شامان دىنىي مۇراسىملىرىمۇ زامانىۋىلىشىشقا قاراپ يۈزلىنىشكە باشلىغان. ئىلگىرىكى ئەنئەنىۋى شامان دىنىي مۇراسىم - پائالىيەتلىرى، ھازىرقى زامان كىشىلىرىنىڭ قىممەت قاراشلىرى ۋە تۇرمۇش ئادەتلىرىگە ماسلىشىپ، ئۆزگىچە بىر خىل دىنىي مۇراسىم پائالىيەتلىرىنى بارلىققا كەلتۈرگەن. بۇلارنى تۆۋەندىكى بىر قانچە نۇقتىدىن كۆرۈش مۇمكىن.

1) خەتمە ئۆتكۈزۈش مۇراسىمىدىكى يېڭى يۈزلىنىش: ھازىر تۇرپان رايونىدىكى بىر قىسىم شامانلار ئۆزلىرى باش بولۇپ ئۆتكۈزىدىغان خەتمە مۇراسىمىنىڭ كۆلىمىنى بىر قەدەر كېڭەيتكەن بولۇپ، ئادەم ياللاپ خەتمە ئۆتكۈزىدىغان ھادىسىلەر بارلىققا كەلگەن. يەنى ئايال شامان خەتمە ئۆتكۈزۈشكە ئۆزى باشچىلىق قىلماي، مەھەللىدىكى خەتمە ئۆتكۈزۈشنى بىلىدىغان ئاياللاردىن ئىككى ياكى ئۈچىنى مەخسۇس خەتمە باشلىيالايدىغان قىلىپ تەربىيىلەپ چىققان. ئاندىن مەھەللىدىكى ياكى قوشنا مەھەللىدىكى خەتمە ئۆتكۈزۈشنى بىلىدىغان ئاياللارنى تەشكىللەپ ھەر يەتتە ئايال كىشىنى بىر گۇرۇپپا قىلىپ تەربىيىلەپ چىققان، خەتمە باشلىغۇچىلارنى مۇشۇ گۇرۇپپىغا باش قىلىپ ئورۇنلاشتۇرغان. ھەر بىر قېتىم خەتمە ئۆتكۈزۈلسە ئادەتتىكى خەتمە قاتناشقۇچىلىرىغا 30 يۈەندىن، خەتمە باشلىغۇچىلارغا 50 يۈەندىن ھەق بەرگەن. شامان بولسا ئۆز ئۆيىدە ھاجەتمەنلەرنى كۈتۈۋېلىپ، ھەربىر ھاجەتمەننىڭ ھاجىتىنى ئورۇنلاش ئۈچۈن، ئۇلارنى خەتمە ئۆتكۈزۈشكە بۇيرۇيدۇ. ئەگەر ئۇلارنىڭ ئۆتكۈزۈش ئىمكانىيىتى بولمىسا، شامان ئايال ئۈستىگە ئالىدۇ ۋە مۇۋاپىق ھەق بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئاندىن بۇ خەتمىنى ئۆتكۈزۈشنى خەتمە گۇرۇپپىسىدىكىلەرگە تاپشۇرىدۇ.

تۇرپان رايونىدىكى شامانلار بارلىققا كەلتۈرگەن بۇ خىل (خەتمە ئۆتكۈزۈش) شامان دىنىي مۇراسىمى ئىلگىرىكى ئەنئەنىۋى (خەتمە ئۆتكۈزۈش) شامان دىنىي مۇراسىمىغا قارىغاندا مۇئەييەن دەرىجىدە كۆلەملەشكەن بولۇپ، كۈچلۈك مۇلازىمەت خاراكتېرىگە ئىگە ئىدى. بۇ خىل مۇلازىمەت خاراكتېرىدىكى دىنىي مۇراسىم نوقۇل ھالدا، شامانلارنىڭلا ئىقتىسادىي ئېھتىياجىنى قاندۇرۇپ قالماي، بەلكى يەنە مەھەللىدىكى باشقا ئادەتتىكى كىشىلەرنىڭمۇ ئىقتىسادىي سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتە مۇئەييەن تۈرتكە بولۇش رولىغا ئىگە ئىدى. بۇ خىل شامان دىنىي مۇراسىمدا ئايال شامان بىرلا ۋاقىتتا بىر قانچە ھاجەتمەننىڭ ھاجىتىنى ئورۇنلاش مەقسىتىگە يېتىپ، ۋاقىت ۋە كۈچىنى تېجەپ قېلىش مەقسىتىگە يەتكەنىدى. دېمەك، تۇرپان رايونىدا (خەتمە ئۆتكۈزۈش) شامان دىنىي مۇراسىمى يېڭى بىر يۈزلىنىشكە قاراپ ئىلگىرىلىمەكتە.

2) سەييارە كىشى كۆرۈش: 2000 -

يىلدىن بۇيان، تۇرپان رايونىدىكى بىر قىسىم ئىقتىسادىي سەۋىيىسى ياخشى شامانلار ئۈرۈمچىدىن كېلىدىغان ھاجەتمەنلەرنىڭ ئېھتىياجىنى كۆزدە تۇتۇپ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئۈرۈمچى رايونىدىن ئولتۇراق ئۆي سېتىۋېلىپ، ئۈرۈمچى بىلەن تۇرپان ئارىلىقىدا سەييارە كىشى كۆرۈشكە باشلىدى.

شامانلار تۇرپان رايونىدا بىر مەزگىل تۇرۇپ، ھاجەتمەنلەرنىڭ قەدىمى ئارا بولغاندىن كېيىن ئائىلىسىدىكى باشقا ئۇرۇق - تۇققانلىرىغا ياكى قولۇم - قوشنىلىرىغا مەلۇم ۋاقىتتىن كېيىن قايتىپ كېلىدىغانلىقىنى ۋە كەلگەن ھاجەتمەنلەرگە شۇ مەزگىل ئىچىدە كېلىشنى تاپىلاپ قويىدۇ. ئۇلار ئۈرۈمچى رايونىدا بىر مەزگىل تۇرغاندىن كېيىن يەنى چوڭ - چوڭ ھاجەتمەندىن بىر نەچچىنى يولغا سالغاندىن كېيىن يەنە تۇرپانغا قايتىدۇ. دېمەك، ئۇلار بىر خىل سەييارە كىشى كۆرۈش ئۇسلۇبىنى بارلىققا كەلتۈرگەنىدى.

تۇرپان رايونىدىكى شامانلارنىڭ ئەنئەنىۋى قاراشلىرىدا، «شامان بىر ھەپتە ئۆيدە ئولتۇرمىسا پىرلىرى كېتىپ قالىدۇ ياكى ئاجىزلاپ كېتىدۇ» دەپ قارايدۇ. ئەمما ھازىرقى شامانلار ئايلاپ - ئايلاپ ئۆيدە تۇرمايمۇ، ئوخشاشلا كىشى كۆرۈۋېرىدۇ. سەييارە كىشى كۆرۈش ھادىسى بارلىققا كەلگەندىن كېيىن، شامانلارنىڭ ئىقتىسادىي كىرىمىنىڭ كۆپىيىشىدە تۈرتكىلىك رول ئوينىغان. بۇخىل سەييارەت كىشى كۆرۈش ھادىسى، ھازىر تۇرپان رايونىدىكى شامانلارنىڭ مۇھىم بىر ئىقتىسادىي كىرىم مەنبەسىگە ئايلىنىپ قالدى.

3) پال ئېچىشنىڭ يېڭى ئۇسۇلى: ئالاقە ئۇچۇر ئەسۋابلىرىنىڭ كۈنسىرى تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، تۇرپان رايونىدىكى شامانلارنىڭ ھەممىسىنىڭ دېگۈدەك قولىدا ياكى ئۆيىدە تېلېفون بار بولغان ۋەزىيەت شەكىللەندى. تۇرپان رايونىدىكى بىرقىسىم شامانلار ھازىر تېلېفون ئارقىلىقمۇ، ھاجەتمەنلەرنىڭ كەلگۈسىدىكى ياخشىلىق ۋە يامانلىقىدىن ئالدىن بېشارەت بېرىپ، يامانلىقلارنى ياخشىلىققا جۇرۇيدىغان پال ئېچىشنىڭ يېڭى بىر خىل ئۇسلۇبىنى بارلىققا كەلتۈردى.

شامانلار ئادەتتە، ھاجەتمەن بىلەن يۈز تۇرانە تۇرۇپ ئۇنىڭ ئىسمى، يېشى، ئانىسىنىڭ ئىسمىنى سوراپ ئاندىن ئۇنىڭ كەلگۈسىدىكى ياخشىلىق ۋە يامانلىقىدىن ئالدىن بېشارەت بېرەتتى. ھازىر بولسا بىر قىسىم ئارىلىقى يىراق ياكى كۆرۈشۈش بىئەپ بولغان ھاجەتمەنلەر بىلەن تېلېفون ئارقىلىق كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭ ئىسمى، يېشى، ئانىسىنىڭ ئىسمىنى ۋە نېمە ھاجىتىنىڭ بارلىقىنى سوراپلا، تېلېفوندىلا ئۇنىڭ كەلگۈسى ياخشىلىق ۋە يامانلىقىدىن ئالدىن بېشارەت بېرىپ، قىلىدىغان سەۋەبلىرىنى دەپ بېرىدىغان بولدى. بۇ خىل شامان دىنىي مۇراسىمى بىر تەرەپتىن، ھاجەتمەنلەرگە ھەر تەرەپتىن قولايلىق تۇغدۇرۇپ، ئۇلارنىڭ پسىخىك ئېھتىياجلىرىنى قاندۇرۇشتا مۇھىم رول ئوينىسا، يەنە بىر تەرەپتىن شامانلارنىڭ تېخىمۇ زور ئىجتىمائىي ئورنۇم يارىتىشىدا تۈرتكىلىك رول ئويناپ كەلمەكتە. بەلكىم ئاز ۋاقىتتىن كېيىن كومپيۇتېر ئارقىلىق توردا پال ئېچىش تەرەققىياتى بارلىققا كېلىپ، «پال ئېچىپ، كىشى كۆرۈش» دائىرىسى ئاپتونوم رايونىمىزدىن ھالقىيدىغان ھەتتا ئۇيغۇرلاردىن باشقا قېرىنداش مىللەت، چەتئەللەرگىچە كېڭىيىشىنى پەرەز قىلىپ بولغىلى بولمايدۇ.

## 3. خەلق ئارىسىدىكى شامان دىنىي مۇراسىملىرىنىڭ يېڭى يۈزلىنىشى

تۇرپان رايونىدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا قان قىلىش، بىر خىل شامان دىنىي مۇراسىمى بولۇپ، بۇ خىل مۇراسىملارنى كىشىلەر «يېڭى سالغان ئۆيلەرگە كۆچۈپ كىرگەندە، ئۆيدىكى قورقاقلارنى قاچۇرۇش ئۈچۈن ياكى ئۆي پىرىنىڭ رازىلىقىنى ئېلىش» ئۈچۈن ئېلىپ باراتتى. ھازىر تۇرپان ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئارىسىدا، بىنا ئۆيلىرىگە كۆچۈپ كىرگەندىمۇ بۇ خىل قان قىلىش مۇراسىمى ئۆتكۈزىدىغان ئادەتلەرنىڭ بارلىقى بايقالدى. تۇرمۇش ئۇسلۇبىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، شامان دىنىي مۇراسىملىرىغىمۇ يېڭى - يېڭى مەزمۇنلار قوشۇلدى.

ئۇنىڭدىن باشقا، تۇرپان ئۇيغۇرلىرى بازارغا مال سېتىش ئۈچۈن كىرگىچە، ساتماقچى بولغان مالغا ھەسەل ھەرىسىنىڭ كۇنىكى بىلەن ئىسرىق سالىدىغان ئادەتلەرمۇ بار بولۇپ، ئەگەر «ساتماقچى بولغان مالغا ھەسەل ھەرىسىنىڭ تاۋىقى بىلەن ئىسرىق سالسا، خېرىدارلار مالغا خۇددى ھەسەل ھەرىسىدەك ئولىشىۋالىدۇ» دەپ قارىلىدۇ. ھازىر كىشىلەر ئۆزى سېتىۋالغان كىرا ئاپتوموبىللىرىغىمۇ ھەر كۈنى ئەتىگەندە كىرا توشۇشقا مېڭىشتىن ئىلگىرى ھەسەل ھەرىسىنىڭ كۇنىكى بىلەن ئىسرىق سالىدىغان ئادەتلەر پەيدا بولغان. ئۇلارنىڭ قارىشىچە ئەگەر «ماشىنىغا ھەسەل ھەرىسىنىڭ تاۋىقى بىلەن ئىسرىق سالسا، يولۇچىلار ماشىنىغا

خۇددى ھەسەل ھەرىسىدەك ئۇلىشىۋالاتتى» شۇنىڭ بىلەن كۆپ پۇل تاپقىلى بولاتتى.

بۇ خىل يېڭى ئۆرپ - ئادەتلەرنىڭ شەكىللىنىشى شامان دىنىنىڭ خەلق ئارىسىدىكى يىلتىزىنىڭ تېخىمۇ چوڭقۇرلاشقانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. لېكىن بۇ خىل ئادەتلەر كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشىغا توسقۇنلۇق قىلماستىن، بەلكى ئۇلارنى مۇئەييەن ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ئۇنۇمگە ئېرىش ئىستىكىنى قوزغاشتا مۇھىم رول ئويناپ كەلمەكتە.

يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكەن، شامانلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئادەت - قاراشلىرىدىكى ئۆزگىرىشلەر ۋە شامان دىنىي مۇراسىملىرىدىكى ئۆزگىرىشلەردىن، تۇرپان رايونىدىكى شامان دىنىنىڭ ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ ئۆزگىرىپ، خەلقنىڭ زامانىۋى تۇرمۇش ئېھتىياجىغا ماسلىشىۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. شامان دىنىنىڭ بۇ خىل ئۆزگىرىشى نوقۇل ھالدىكى تاشقى شارائىتنىڭ تەسىرى بولماستىن، بەلكى شامان دىنىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئىلاستىكىلىق ئالاھىدىلىكىنى ۋە خەلقنىڭ ئىجادچانلىقىنىمۇ نەزەرگە ئالماي بولمايدۇ.

## VIII خۇلاسە

ھەر قانداق بىر ئىجتىمائىي مەدەنىيەت ھادىسىنىڭ مەلۇم جەمئىيەتتە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى، شۇ جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ مەلۇم خىل ئېھتىياجلىرىنى قاندۇرۇش فۇنكسىيىسىنىڭ بولغانلىقىدا دەپ چۈشىنىش مۇمكىن. شامان دىنىنىڭ تۇرپان ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا سۇزۇك ئېتىقاد ساقىندىلىرى سۈپىتىدە ئومۇمىيۈزلۈك مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى، دەل ئۇنىڭ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەلۇم خىل ئېھتىياجلىرىنى قاندۇرۇش فۇنكسىيىسىنىڭ بار بولغانلىقىدىندۇر. شامان دىنىنىڭ بۇ خىل فۇنكسىيىلىرىنى تۆۋەندىكى بىر قانچە تەرەپتىن چۈشىنىش مۇمكىن.

**1. شامان دىنى كىشىلەرنىڭ جىسمانىي ۋە پسىخىك ساغلاملىق ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش فۇنكسىيىسىگە ئىگە**

شامان دىنىي پال ئېچىپ، سېھىر جادۇ قىلىپ كېسەل داۋالاشنى ئاساسىي مەقسەت قىلغان بولغاچقا، تارىختىن بۇيان كىشىلەرنىڭ خىلمۇخىل جىسمانىي ۋە پسىخىك كېسەللىكلىرىنىڭ شىپا تېپىشىدا ھالقىلىق رول ئويناپ كەلگەندى. تۇرپان رايونىدىكى بىر قىسىم شامانلار كېسەل داۋالاش بىلەن نام چىقارغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئۆيى ۋە ھويلىسى كېسەللەر بىلەن تولۇپ كېتىدۇ. ساقىيىپ چىققان كېسەللەر بۇ شامانلارغا تەشەككۈر بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن رەھمەت لەۋھەلىرىنى تەقدىم قىلغان بولۇپ، ئۇلاردا بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ چوڭ دوختۇرخانىلاردا ئۇزۇن داۋالىنىپ ساقايمىغان كېسەللىرىنىڭ مۇشۇ شاماننىڭ داۋالىشى بىلەن ساقايغانلىقى يېزىلغان. يەنە بىر قىسىم ياش قىز - جۇۋانلار شامانلارنىڭ يېنىغا ئۆزىنىڭ نىكاھ بەختىنى تېپىش ئۈچۈن سەۋەب قىلىپ بېرىشىنى، كۆڭلىدىكى ئەندىشە ۋە خەۋپلىرىنى تۈگىتىشنى ئىلتىماس قىلىپ كېلىدۇ. شامانلار ئۇلارغا پال ئېچىپ بېرىپ، كەلگۈسىدىكى ياخشىلىق ۋە يامانلىقتىن ئالدىن بىشارەت بېرىدۇ ۋە مەلۇم خىل ۋاستە ۋە مۇراسىملار ئارقىلىق يامانلىقلارنى ياخشىلىققا جورۇپ بېرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ كۆڭلى يورۇپ، ئۈمىدلىنىپ قايتىشىدۇ.

دېمەك، بۇ شامانلار ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى كەسپىي دوختۇرلار بولۇپلا قالماي، بەلكى ئەڭ مۇھىمى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ پسىخىك مەسلىھەتچىسى. شۇڭا ئۇيغۇرلار بۇ ئالاھىدە ئىقتىدارغا ئىگە كىشىلەرنى ھۆرمەتلەپ، ئۇلارنى قوغداپ، جەمئىيەتنىڭ مۇھىم تۆرىدىن ئورۇن بېرىپ كەلگەن. شامان دىنىي ۋە ئۇنىڭ دىنىي ئەقىدە مۇراسىملىرىمۇ شامانلار بىلەن بىللە كىشىلەر تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنىپ، ئۇيغۇرلار ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنىڭ مۇھىم بىر قىسمىغا ئايلىنىپ قالغان.

**2. شامان دىنى ئىجتىمائىي كەيپىياتنى تەڭشەش فۇنكسىيىسىگە ئىگە**

شامان دىنى بىرخىل دىنىي ئېتىقاد سىستېمىسى بولۇشى سۈپىتى بىلەن، نۇرغۇنلىغان ئەخلاقىي قاراشلار ۋە پەرھىزلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. بۇ خىل ئەخلاقىي قاراشلار ۋە پەرھىزلەر كىشىلەرنىڭ جەمئىيەتتىكى قىلمىشلىرىغا نىسبەتەن باھالاش ۋە كۈچلۈك چەكلەش رولىغا ئىگە بولۇپ، جەمئىيەت كەيپىياتىنى تەڭشەشتە بەلگىلىك رول ئويناپ كەلگەندى. شامان دىنىنىڭ بۇ خىل فۇنكسىيىسى ئەنئەنىۋى جەمئىيەتتىكى ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملەش، جەمئىيەت مۇقىملىقىنى ساقلاشنىڭ مۇھىم قورالىغا ئايلىنىپ قالغان.

ھازىرقى جەمئىيەتتىمۇ، شامان دىنىنىڭ بۇ خىل فۇنكسىيىسى كىشىلەر ئارىسىدىكى ئىجتىمائىي كەيپىياتنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇش رولىنى ئويناپ كەلگۈسى. تۇرپان ئۇيغۇرلىرى

ئارىسىدا، شامان دىنىي ئەقىدىلىرىدىكى ئەخلاقىي قاراشلار ۋە پەرھىزلەر ھازىرمۇ كىشىلەرنىڭ ھەرىكەت ئۆلچىمى سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇپ، زامانىۋى جەمئىيەتتىكى كىشىلەرنىڭ چەكتىن ئاشقان قىلمىشلىرىغا نىسبەتەن ئەخلاقىي ھۆكۈم چىقىرىپ، جەمئىيەتنىڭ تۇراقلىق كەيپىياتىنى ساقلاشتا بەلگىلىك رول ئويناپ كەلمەكتە. مەھەللىلەردىكى خاتىرجەم، تۇراقلىق تۇرمۇش كەيپىياتىنىڭ رەڭدار ۋە خىلمۇ خىللىقىمۇ ئەنە شۇ شامان دىنىنىڭ بىر مۇھىم فۇنكسىيىسىدىن ئىبارەت.

**3. شامان دىنى كۈچلۈك ئىلاستىكىلىققا ئىگە.**

شامان دىنى پەيدا بولۇشى بىلەنلا ئۇنىڭ دىنىي مۇراسىم شەكىللىرى رەڭدار، ئەقىدە - قاراشلىرى كۈچلۈك ئىلاستىكىلىققا ئىگە ئىدى. ئۇزاق تارىخى تەرەققىيات جەريانىدا، ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەرنىڭ ئىدىيىۋى كۆز قاراشلىرىنى قوبۇل قىلىپ، ئۆزگىچە ئەقىدە - قاراشلارنى ۋە دىنىي مۇراسىم شەكىللىرىنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، جەمئىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ ئىز بېسىپ كەلدى. شامان دىنىنىڭ بۇ خىل ئۆزگىچە ئەقىدە - قاراشلىرى ۋە دىنىي مۇراسىم شەكىللىرى، ئۇنى نىپىز بىر قەۋەت رەڭدار پەردە ئارقىلىق خەلقنىڭ ئەنئەنىۋى ئۆرپ - ئادەتلىرىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى سۈپىتىدە ساقلىنىپ قېلىشىغا شارائىت يارىتىپ بەرگەن. شۇڭا شامان دىنى تا ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كېلەلىگەن.

ھازىرقى تۇرپان ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا، شامان دىنى ئۆزىنىڭ ئەقىدە - قاراشلىرى ۋە دىنىي مۇراسىم شەكىللىرىنى، بىر تەرەپتىن ئۇيغۇرلار ئېتىقاد قىلىۋاتقان ئىسلام دىنىنىڭ ئەقىدە - قاراشلىرى ۋە دىنىي مۇراسىم شەكىللىرىگە ماسلاشتۇرۇۋاتقان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ھازىرقى جەمئىيەتنىڭ ئۆزىگە خاس تۇرمۇش ئۇسلۇبى ۋە قىممەت قاراشلىرىغا ماسلىشىپ، يېڭى شەكىل ۋە يېڭى مەزمۇنلار بىلەن ئوتتۇرىغا چىققاندى. شامان دىنىنىڭ بۇ خىل ئالاھىدىلىكى خەلقنىڭ زامانىۋى جەمئىيەتتىكى تۇرمۇش ئادەت - قاراشلىرىغا ماسلىشىپ، بىر خىل زامانىۋى سۈپەت بىلەن ئۇيغۇرلار تۇرمۇشىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرماقتا. شامان دىنى نەچچە مىڭ يىللار مابەينىدە ئۈزلۈكسىز ئۆزگىرىپ، خەلقنىڭ تۇرمۇشىغا ئەڭ يېقىن ھالەتكە كەلدى. ئۇيغۇرلار يەنە مەيلى قەنچىلىك تەرەققىي قىلسۇن، شامان دىنىي ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىغا شۇنچە يېقىنلىشىپ بارىدىغاندەك تۇرىدۇ. شامان دىنىي ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ قەدىمكى، ھازىرقى ۋە كەلگۈسىدىكى ئەنئەنىۋى ئېتىقادلىرىنىڭ مۇھىم بىر قىسمى بولۇپ قالىدىغاندەك تۇرىدۇ.

خۇلاسە شۇكى، ئىلىم - پەننىڭ تۈرلۈك ساھەلىرى يۇقىرى دەرىجىدە تەرەققىي قىلىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە شامانىزمدىن ئىبارەت ئىپتىدائىي جەمئىيەت ۋە فېئوداليزم جەمئىيىتىدىن قېپقالغان شامان، باخشى، پىرىخون، موللا، بۈۋىلەرگە ئىشىنىشتىن ئىبارەت سوتسىيالىستىك ئۇچ مەدەنىيەت قارشىغا، ھەتتا ئىسلام دىنىنىڭ بىر ئاللادىن باشقىغا ئىشىنىش ئېتىقادسىزلىق ۋە ئىمانسىزلىق دېگەن قارشىغا مۇخالىپ بولغان كونا - خۇراپىي ئادەتلەرنى چۆرۈپ تاشلاپ، ئۆزىمىزنىڭ بەخت سائادىتىنى سوتسىيالىستىك جەمئىيىتىمىزگە، ئىسلام دىنىغا مۇخالىپ بولغان موللا، باخشى، بۈۋى، شامانلاردىن ئىزدىمەي، تەقدىرىمىزنى ئىلىم - پەن ئۆگىنىپ، ئىختىساسلىق كىشىلەردىن بولۇش ئارقىلىق بەلگىلىشىمىز كېرەك. مەزكۇر ماقالىدىكى قىسمەن مەزمۇنلارغا چوقۇم تەنقىدىي پوزىتسىيىدە بولۇشىمىز، ھەرگىزمۇ پاكىتلىق مەنبە ۋە ئىلمىي نۇقتىنەزەر دەپ قارىماسلىقىمىز كېرەك.

پايدىلانغان ماتېرىياللار
① مەھمۇد كاشغەرى «لۇغەتىت تۈرك»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1980 - يىل 3 - ئاي نەشرى
② ئابدۇكېرىم راخمان: «ئۇيغۇر فولكلورى ھەققىدە بايان» (ئۇيغۇرچە)، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 1989 - يىل
③ زارىپ دولان: «شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ پەلسەپە - ئىدىيە تارىخىدىن ئوچېرىكلار» (ئۇيغۇرچە)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى. 2000 - يىل
④ دىلمۇرات ئۆمەر: «ئالتاي تىللىق مىللەتلەرنىڭ شاماندىنى تەتقىقاتى» (خەنزۇچە)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1995 - يىل

تەھرىرلىگۈچى: ئەركىن ئىمىنىياز قۇتلۇق

# «ئۇيغۇر» نامى ھەققىدە

ج. كلاۋسون

ئىلاۋە: ئۆزىنىڭ تۈركىي تىللار ھەققىدىكى كەڭ مىقياسلىق تەتقىقاتى بىلەن، بولۇپمۇ «13 - ئەسىردىن ئاۋالقى تۈركىي تىللارنىڭ ئېتىمولوگىيە لۇغىتى» ناملىق زور ھەجىملىك ئەسىرى بىلەن دۇنيا تۈركولوگلىرىنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا مۇيەسسەر بولغان تىلشۇناس ج. كلاۋسون مەزكۇر ماقالىسىدا تۈركولوگىيە ساھەسىدە ئۇزاقتىن بۇيان تالاش - تارتىشتا بولۇپ كېلىۋاتقان «ئۇيغۇر» نامىنىڭ مەنبەسى ۋە مەنىسى ھەققىدە ھېچكىمنىڭكىگە ئوخشىمايدىغان ئۆزگىچە قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغان بولۇپ، ئۇنىڭ بۇ خىلدىكى پىكرىنى ئوقۇرمەنلەرگە يەتكۈزۈپ قويۇش زۆرۈرىيىتىدىن مەزكۇر ماقالە كىتابخانلار ھوزۇرىغا سۇنۇلدى.

900 يىلدىن بۇيان تۈرك دېئالېكتلىرىنىڭ ئۇيغۇر تىلىدا سۆزلىشىدىغان موڭغۇلىيە ۋە جۇڭگو شىنجاڭنىڭ 8 - 13 - ئەسىرلەرگىچە بولغان تارىخىدا مۇھىم رول ئوينىغان تۈرك قەبىلىلىرىدىن بىرى بولغان ئۇيغۇرلارنىڭ نامى تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ نامى ۋە ئۇلارنىڭ خاس ئىسىملارنىڭ ئېتىمولوگىيىسىنى يېشىشكە تىرىشىۋاتقان كىشىلەرنى توختاۋسىز ھالدا ئۆزىگە تارتىپ كەلمەكتە.

11 - ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا مەھمۇد كاشغەرى ئۆزىنىڭ «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دېگەن: «ئۇيغۇر - بىر ئەلنىڭ ئىسمى، ئۇنىڭ بەش شەھىرى بار. بۇ شەھەرلەرنى زۇلقەرنەيىن تۈرك خاقانى بىلەن پۈتۈم تۈزگەندىن كېيىن سالدۇرغان ئىكەن. ماڭا مۇھەممەد چاقىر توڭا خان ئوغلى نىزامىدىن ئىسرافىل توغان تېكىن ئۆز ئاتىسىدىن ئاڭلىغانلىرىنى سۆزلەپ بېرىپ مۇنداق دېگەن ئىدى: زۇلقەرنەيىن ئۇيغۇر ئېلىگە يېقىنلاشقاندا تۈرك خاقانى ئۇنىڭغا قارشى تۆت مىڭ ئادەم ئەۋەتكەنىكەن. ئۇلارنىڭ قالپاقلىرىنىڭ قاناتلىرى لاچىن قاناتلىرىغا ئوخشايدىكەن، ئوقنى ئالدىغا قانداق ئاتسا، كەينىگىمۇ شۇنداق ئاتىدىكەن. زۇلقەرنەيىن ئۇلارغا ھەيران قاپتۇ ۋە (پارس تىلىدا) «ئىنان خۇزخۇرەند» - بۇلار باشقىلارغا مۇھتاج بولماي ئۆز ئوزۇقىنى ئۆزى تېپىپ يەيدىغانلار ئىكەن، بۇلارنىڭ قولىدىن ئوۋ قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ، قاچان خالىسا شۇ چاغدا ئېتىپ يېيەلەيدۇ، دەپتۇ. شۇندىن تارتىپ بۇ ئەل 〈خۇزخۇر〉 دەپ ئاتىلىپتۇ. كېيىن باشتىكى 〈خ〉 ھەرپى 〈ا〉 قا ئالماشقان. مۇنداق بوغۇز ھەرپلىرىنىڭ بىر بىرىگە ئالمىشىشى، بولۇپمۇ 〈ئېلىق〉 نىڭ 〈غ〉 غا ۋە 〈خ〉 نىڭ 〈ئېلىق〉 قا ئالمىشىشى كۆپ ئۇچرايدىغان ھادىسە».

يۇقىرىقى بايانلارنىڭ ئاپتورى بولغان مەھمۇد كاشغەرى مۇنداق دەيدۇ: «بىزنىڭ بۇۋىلىرىمىز بولغان ئەمىرلەرنىڭ 〈خەمىر〉 دېيىلىشى ئەنە شۇنىڭدىن كەلگەن. چۈنكى ئوغۇزلار 〈امر〉 دېيەلمەي، 〈ا〉 نى 〈خ〉 غا ئالماشتۇرۇپ 〈خەمىر〉 دەيدۇ. شۇڭا تۈرك ئەللىرىنى سامانىيلار ئوغۇللىرىدىن ئالغان بۇۋىمىزنى 〈خەمىر تېكىن〉 دەپ ئاتايدۇ. خۇددى «ئۇيغۇر» سۆزىدە كۆرسەتكىنىمىزدەك بۇ يەردە 〈ئېلىق〉 ھەرپى 〈خ〉 غا ئالماشقان. 〈خ〉 ھەرپى 〈ا〉 غا ئالمىشىش بىلەن بىرگە 〈خۇز〉 سۆزىدىكى 〈ز〉 ھەرپىمۇ 〈ى - يا〉 غا ئالماشقان. بۇ 〈ز〉 ھەرپىنىڭ 〈ى - يا〉 غا ئۆزگىرىشى تۈپ قائىدە. شۇنىڭدىن كېيىن 〈خۇر〉 سۆزىدىكى 〈خ〉 ھەرپى 〈غ〉 غا ئالماشقان. 〈غ〉 نىڭ 〈خ〉 نىڭ 〈غ〉 غا ئالمىشىشى كۆپ ئۇچرايدىغان ھادىسە. خۇددى ئەرەپچىدە 〈خاتار〉 نى 〈غادار[2]〉 دېگەندەك.

بۇ ئەلدە بەش شەھەر بار. ئۇنىڭ خەلقى ئەڭ ئەشەددىي كاپىرلار، ئەڭ ئۇستا مەرگەنلەردۇر. بۇ شەھەرلەر: سۇلمى، بۇنى ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن سالدۇرغان؛ قوچو، جانبالىق، بېشبالىق، ياڭى بالىق» (MS, 68 — بەت، 1 - توم، باسما نۇسخا 101 - بەت، ب. ئاتالاينىڭ تەرجىمىسى، 1 - توم، 111 - بەت).

بۇ بايانلار ۋە سۆزلەرنىڭ ئېتىمولوگىيىسى ھازىر ئىلىم ساھەسىدە يېڭى گەپ بولۇشتىن قالغىلى ئۇزاق بولدى. مەھمۇد كاشغەرىنىڭ ئۇلۇغ ئەسىرى موڭغۇللارنىڭ بىر قېتىملىق

تاجاۋۇزچىلىقىدا يوقىلىپ كەتكەن بولۇپ، ئاناتولىيىدە ساقلىنىپ قالغان يېگانە قولىيازمىغا بىز مەڭگۈ تەشەككۇر ئېيتىشىمىز كېرەك. بۇ قولىيازما ھازىرقى زامان تۈركىلوگلىرىنىڭ ئېتمولوگىيە تەتقىقاتىنى مۇستەھكەم ئاساسلار بىلەن تەمىنلىدى. ھالبۇكى، بۇ قولىيازمىنىڭ مەۋجۇتلۇقى ئوتتۇرا ئەسىر ئالىملىرىغا تېخى نامەلۇم ئىدى. «ئۇيغۇر» سۆزىنىڭ مەنىسى ھەققىدە يېڭىۋاشتىن مۇھاكىمە يۈرگۈزۈشنى 15 - ئەسىرنىڭ 20 - يىللىرى يېزىلغان «جامىئۇل تەۋارىخ» ناملىق ئەسىرىدە راشىددىن فەزلۇللا ئەل خامادانى باشلاپ بەردى. بۇنىڭغا ئالاقىدار ئابزاسلار ۋ. رادلوۋنىڭ نېمىسچە ئەسىرى «بالاساغۇنلۇق يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ‹قۇتادغۇبىلىك› ناملىق ئەسىرى» (سانكىت پېتربۇرگ، 1891 - يىلى) گە بىرىلگەن كىرىش سۆزىنىڭ پارسچە ئەسلى ئورگىنالىدا ۋە ل. ئا. خېتاگوروۋنىڭ «جامىئۇل تەۋەرىخ» (رۇسچە تەرجىمە) نىڭ 1 - تومى (موسكۋا - لېنىنگراد، 1952 - يىلى) دا ئۇچرايدۇ. 1 - ئابزاس (18 - باپ، 83 - بەت) مۇنداق مەلۇماتلارنى بېرىدۇ:

«بۇ دۆلەتتە ئالىي ھوقۇق ئوغۇزنىڭ قولىغا ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇ ئالتۇندىن بىر چېدىر تىكىپتۇ ۋە ھەشەمەتلىك زىياپەت ئۆتكۈزۈپتۇ. زىياپەتكە پۈتۈن ئۇرۇق - تۇغقان، قان - قېرىنداش ۋە سانغۇنلىرىنى چاقىرىپ، نەۋكەرلىرىنى تارتۇقلاپتۇ. ئۆزىگە بويسۇنغان مويسىپىتلار ۋە قوللىغۇچىلارنى ‹ئۇيغۇر› دەپ ئاتاپتۇ. بۇ تۈركچە ‹بىرلەشمەك› ۋە ‹ياردەملەشمەك› دېگەنلىك بولىدۇ». مۇشۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان ھېكايە مەزكۇر ئەسەرنىڭ كېيىنكى قىسىملىرىدا ۋە ئاخىرقى باپلىرىدا تەكرارلىنىدۇ.

تەخمىنەن 1663- يىلى ئوبۇلغازى باھادىرخان ئۆزىنىڭ «شەجەرەئىي تۈرك» ناملىق ئەسىرىدە تۈرك تىللىرىنىڭ بىرى بىلەن، توغرىراقى چاغاتايچە ئۇيغۇر تىلى بىلەن قىسمەن پەرقلىق نۇقتىئىنەزەرنى ئوتتۇرىغا قويغان. بۇ نەقىللەرنى رادلوۋ ئېلان قىلغان ئەسلى تېكىست ۋە تەرجىمە نۇسخىسىنىڭ 38- بېتىدىن ھەمدە رىزا نۇرنىڭ ئوسمانلىي تۈركچىسىگە ئاغدۇرغان «ئوبۇلغازى باھادىرخان. تۈرك شەجەرىسى» (ئىستانبۇل، 1925 - يىلى نەشرى) نىڭ 42 - بېتىدىن كۆرۈشكە بولىدۇ. بۇ بايانلارنى تۆۋەندىكىچە نەقىل كەلتۈرمەكچىمىز: «ئۇيغۇر» سۆزىنىڭ ‹ياپىشغۇر› (يېپىشقاق - ت) دېگەن مەنىسى بار؛ ‹سۈت ئۇيىدى› دېيىلىدۇ. سۈت يېڭى ھالەتتە تۇرغاندا ئۇنىڭ تەركىپلىرى چېچىلىپ تۇرىدۇ. ئۇيۇغاندىن كېيىن بولسا چېچىلماستىن بىرىكىپ تۇرىدۇ (يېپىشىدۇ). ئۇلار يەنە ‹ئىمامغا ئۇيدۇم› دەيدۇ، يەنى ئىمام ئولتۇرغاندا ئولتۇرىدۇ، تۇرغاندا تۇرىدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ ئىمامغا يېپىشقىنى».

بۇ يەردە كېيىنكى دەۋرلەرگە تەۋە بولغان نوپۇزلۇق فارسىي ئالىمى ئوتتۇرىغا قويغان پىكىرنى نەقىل كەلتۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. چۈنكى ئۇ بۇ مەسىلە ھەققىدە شەرق ئالىملىرىنىڭ ئەنئەنىۋى كۆزقاراشلىرىنى يىغىنچاقلىيالىغان. ئەمدى مۇھەممەد مەھدى خاننىڭ 1759 - يىلى يېزىلغان «ساڭلاخ» ناملىق ئەسىرىدىكى بايانلارنى نەقىل كەلتۈرۈپ ئۆتمەكچىمىز:

«ئېيتىلىشىچە، ئەينى ۋاقىتتا ئوغۇزخان بىلەن ئاتىسى دىنىي مەسىلە ھەققىدە ئىختىلاپ قىلىشقاندا ئۇنىڭ بىر قىسىم قەبىلداشلىرى ئوغۇز تەرەپكە ئۆتۈپ، ئۇنىڭغا ياردەملەشكەن ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بۇلارنى مەن بىلەن بىرلەشتى دېگەن مەنىدە ‹ئۇيغۇر› دەپ ئاتاپتۇ». «زەپەرنامە» نىڭ ئاپتورى «ئۇيغۇر» سۆزىنى «بىرلەشمەك، ھەمكارلاشماق» دېگەن مەنانى بىلدۈرىدۇ، دەپ ئېيتسا «تەۋارىخى ھەبىبۇل سىيار» نىڭ ئاپتورى چىڭگىزخانغا بويسۇنغان قەبىلىنىڭ ئاقساقىلى ئىدىقۇت (بارچۇق ئارت تېگىننى كۆرسىتىدۇ - ت) نىڭ شەنىگە تىكلەنگەن تۆھپە مەڭگۈ تېشىدا aygur سۆزىنىڭ «ئېلىم» ئۈستىدە فەتھى بىلەن يېزىلغانلىقىنى مىسال كەلتۈرۈپ، بۇنىڭ ئۆزبېك تۈركلىرىنىڭ قەبىلە نامى ئىكەنلىكى، بۇ تۈركلەرنىڭ ئاشۇ قەبىلە (فىرقە) گە مەنسۇپ ئىكەنلىكى، ئۇلارنىڭ (يەنى aygur لارنىڭ -ت) ئۆزبېك قەبىلىلىرى ئىچىدىكى ئەڭ داڭلىق قەبىلە ئىكەنلىكى ھەققىدە تەسۋىرلەرنى بېرىدۇ (قاراڭ: ئې. ج. ۋ: «سۇكۇتتىكى ئابىدە. يېڭى توپلام» 20 - توم، فاكسىمىل 92 - بەت)

شۇنداق قىلىپ، شەرق ئەللىرىدە كەڭ تارقالغان ئوتتۇرا ئەسىر تېئورىيەلىرىدە «ئۇيغۇر» سۆزىنىڭ ھازىرقى زامان ئاتالغۇلىرى بىلەن ئېيتقاندا پېئىل «uy+» غا

«ghur —» قوشۇمچىسى ئۇلىنىش ئارقىلىق پەيلدىن شەكىللەنگەن ئىسىم ئىكەنلىكى، بۇنىڭ «بىرلەشمەك» ، «ئىتتىپاقلاشماق» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدىغانلىقى مۇھىم مەزمۇن بولۇپ قالدى. ئەمما، ئوبۇلغازى باھادىرخان «ئۇيغۇر» سۆزى «ئۇيۇماق، يېپىشماق» دېگەن مەنىلەردىكى « uyu+ » سۆزىدىن كەلگەن دەپ قارايدۇ. شۈبھىسىزكى، ئۇ « uyu+ » نىڭ « uy+ » دىن پەرقلىنىدىغانلىقىنى دىققەتتىن ساقىت قىلىۋەتكەن.

ناۋادا ئوبۇلغازى باھادىرخاننىڭ ئېيتقىنىدەك ئىككىنچى بوغۇم تۈركچە پېئىل ئارقا قوشۇمچىسى بولغان «ghur —» دىن كەلگەن بولسا، شۇنداقلا 15 - ئەسىردىن كېيىن ۋە 8 - ئەسىردىن ئاۋالقى دەۋرلەردە ئۇيغۇرلار تۈرك تىلىدا سۆزلەشكەن ھەمدە ئۆز نامى مەۋجۇت بولغان بولسا ئۇ ھالدا ئاشۇ ئىككى خىل پىكىرنىڭ ئىككىلىسىنى توغرا دېيىشكە بولىدۇ. ياكى بولمىسا قانداق بولۇشتىن قەتئىينەزەر ئالدىنقى پىكىر توغرا بولغان بولىدۇ. 15 - ئەسىردە «ئەگەشمەك» مەنىسىدىكى «uy—» پېئىلى چاغاتاي تۈركىي تىلى قىپچاق شۆبىلىرى ۋە ئوغۇز شۆبىلىرى (تۈركمەن تىلى ۋە كونا ئوسمانلى تىلى) نى ئۆز ئىچىگە ئالغان پۈتكۈل تۈركىي تىللاردا ئومۇمىيۈزلۈك مەۋجۇت ئىدى. مەيلى قانداق بولسۇن ئوبۇلغازى دەۋرىدە «يېپىشماق» مەنىسىدىكى «uyu—» پېئىلىنىڭ مەۋجۇتلۇقى ئېنىق بولسىمۇ، بۇ سۆزنىڭ سۆز مەناسىنىڭ كېڭىيىشى يېقىنقى زاماندا روياپقا چىققان ئىش ئىكەنلىكى ئېنىق. بۇ پېئىلنىڭ ئەسلى شەكلى ئىزچىل ھالدا « udi:— » بولۇپ، خەت مەنىسى « بېرىپ ئۇخلىماق » ئىدى؛ كېيىنچە سىلىقلاشتۇرۇلۇپ « گاچا بولۇپ قالماق » دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان بولغان (ئېنگىلىز تىلىدا بىز ئىشلىتىۋاتقان «ئۇخلىماق» ئىبارىسى مانا شۇ مەنىدىكى سىلىقلاشتۇرۇلغان ئىبارە) ، ئەڭ ئاخىرى ئاندىن قان «قاتماق» ، سۈت «ئۇيۇماق» دېگەن مەنىلەرنى ئىپادىلەيدىغان بولغان ئىدى.

ئوبولغازى باھادىرخاننىڭ پىكرىنى ئېتىۋارغا ئالماسلىقتا تامامەن بولىدۇ، ئەمما ئىككىنچى خىل پىكىر ھەققىدە ھازىرغا قەدەر ئۆتكەن بىر قىسىم ئالىملار تېخىمۇ ئەستايىدىل مۇھاكىمە قىلىپ كۆرۈشى زۆرۈر.

پ. پېلليئوت تۇنجى بولۇپ بۇ خىل نۇقتىئىنەزەردىكى زىددىيەتلەرنى كۆرسىتىپ ئۆتتى. ئۇنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن نەشر قىلىنغان «ئالتۇن ئوردا خانىدانلىقى تارىخىغا ئائىت ئىزاھلار» ( پارىژ، 1950 - يىلى نەشرى، 229 - ئىزاھ) دا « ئوتتۇرا ئەسىردە ( ئەگەشمەك) مەنىسىدىكى پېئىل ›uy‹ پەقەت ›ud—‹ نىڭ نىسبەتەن كېيىنكى ۋاقىتلاردىكى شەكلىدىن ئىبارەت، بۇ پېئىل ئۇيغۇر تىلى ۋە خاقانىيە تىلىدا ئاشۇ شەكلىنى ئالغان (تەخمىنەن 13 - ئەسىرنىڭ ھارپىسىغىچە (ئەتەبەتۇل ھەقايىق) تا ساقلانغان) دەپ كۆرسىتىلدى. ئەپسۇسكى، تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ ناملىرى ھەمىشە مەلۇم مەنىنى بىلدۈرىدۇ، دەپ قارايدىغان مەزكۇر ئالىم دەرھال بۇ خىل زىددىيەتلىك ئەھۋالدىن قۇتۇلىدىغان يول ئىزدەشكە باشلىدى. ئەمما بروككېلماننىڭ مەھمۇد كاشغەرىنىڭ «دىۋان» نىغا ئىشلىگەن ئىندېكسىدا: «مەھمۇد كاشغەرى ( . . . غا \ قا ئەگەشمەك ) مەنىسىدىكى ) Uy— ( سۆزىنى خاتىرىگە ئالغان، يەنە كېلىپ بۇ شەكىل ud— پېئىلى uy — غا ئۆزگىرىپ كەتكەن تۇرپان رايونىدىكى كېيىنكى ۋاقىتلارغا خاس دىئالېكتقا ئوخشمايتتى، شۇڭا ( ئۇيغۇر ) نامى غەربىي شىمال دىئالېكتلىرىنىڭ بىرىدە پەيدا بولغان، دېيىشكە بولىدۇ» دەيدىغان خاتا يەكۈننى چىقىرىپ قويىدى. ئىككى خىل ئامىل ئۇنىڭ مۇشۇنداق خاتا يەكۈن چىقىرىپ قويۇشىغا سەۋەب بولۇپ قالغان: بىرى، بروككېلماننىڭ خاتىرىسى پۈتۈنلەي خاتا ئىدى. ئۇ ‹ka:b› سۆزىنى نەقىل كەلتۈرگەندە بۇ سۆزنى ol mening birle: uya: ka: b ol نىڭ (يەنى «ئۇ مەن بىلەن بىر قورساقتىن چۈشكەندەك يېقىن تۇققان» ) دېگەن جۈملىنىڭ تەرجىمىسىدىن ئالغان ئىدى (بېسىم ئاتالاي، 3 - توم، 146 - بەت). ئاتالاينىڭ ئەسىرىدە (1 - توم 85 - بەت) «قېرىنداش، تۇققان» دەپ تەرجىمە قىلىنغان «uya» سۆزى ئىسىم بولۇپ، «ئەگەشمەك» دېگەن مەنىدىكى «ud—» سۆزى بىلەن ھېچقانداق ئېتىمولوگىيىلىك باغلىنىشچانلىقى ئىگە ئەمەس. ئىككىنچىسى، «Ud—» سۆزى تۇرپان دىئالېكتلىرىدىلا ئەمەس، قەدىمكى تۈركىي تىللارنىڭ ھېچقايسىسىدا ھەم 8 - ئەسىردىن كېيىنكى تۈركىي تىللاردىمۇ ئىشلىتىلگەن ئەمەس.

تىخىمۇ مۇھىمى شۇكى، بۇ پىكىردىكى بايانلار زادىلا چەك بىسىپ تۇرالمايدۇ. شۇبھىسىز-كى، 11 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا سىرىلاڭغۇ ئۇزۇك تاۋۇش «d» يوقىلىشقا باشلاپ، كېيىنچە تۈركىي تىللاردا ئىستىمالدىن پۈتۈنلەي قالدى؛ بۇنىڭ ئورنىغا كۆپىنچە ئەھۋالدا يېرىم سوزۇق تاۋۇش بولغان «y» كېلىپ، بەزىدە جاراڭلىق سىرىلاڭغۇ ئۇزۇك تاۋۇش بولغان «z» ئىشلىتىلدى، ئايرىم ئەھۋاللاردا بولسا پارتلىغۇچى ئۇزۇك تاۋۇش « d» ئىشلىتىلدى. دەرۋەقە، 11 - ئەسىرگە كەلگەندە بىر قىسىم تىللاردا، بولۇپمۇ ئوغۇز تىللىرى گۇرۇپپىسىدا «-d-» نىڭ ئورنىغا « y» ئىشلىتىلىدىغان بولدى. ئەمما ئۇيغۇر تىلى بۇ تىل گۇرۇپپىسىغا تەۋە ئەمەس. روشەنكى، «ئۇيغۇر» نامى ئۆز - ئۆزىنى «ئۇيغۇر» دەپ ئاتايدىغان، ئۆزلىرى ۋە باشقىلار «ئۇيغۇر تىلى» دەپ ئاتايدىغان تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلقنىڭ ئىچىدە بارلىققا كەلگەن ئىدى. بۇ خىل تىلنىڭ ئۇلارنىڭ پۈتكۈل تارىخىدىكى ئىستىمالىدا پارتلىغۇچى ئۇزۇك تاۋۇش بولغان «d» ئىزچىل ھالدا ئۆز خاراكتېرىنى ساقلاپ قالغان. ئەمما، ئۇيغۇرلار بىلەن ئوخشاش ئېتنىك مەنبەدىن، دەپ قارىلىۋاتقان گەنسۇدىكى ئۇيغۇرلار (سېرىق ئۇيغۇرلار) نىڭ تىلىدا «—d—» تاۋۇشى «Y» تاۋۇشىغا ئۆزگەرمەستىن، «—Z» غا ئۆزگىرىپ كەتكەن. ئۇلارنىڭ تىلىدا «ئەگەشمەك» دېگەن مەنىدىكى «Ud» سۆزى ئىستىمالدىن قېلىپ، «—:Ud» (بېرىپ ئۇخلىماق) سۆزى «uzu» بولۇپ قالغان (س. ي. مالوۋ: «سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ تىلى» ئالماتا، 1957 -يىلى نەشرى، 129 - بەت).

راشىدىنىڭ ئېتىمولوگىيىسى مانا مۇشۇ نۇقتىدىن پۇت تىرەپ تۇرالمايدۇ. چۈنكى، ئۇيغۇرلار ئۆز نامىنى قوللانغان ۋاقىتتا «ئەگەشمەك» سۆزى «—uy» دەپ ئوقۇلمايتتى. ③ شۇنداقلا قەدىمكى تۈركچىدىكى پېئىللاردا بۇ سۆزنى ياساپ چىققۇدەك باشقا ھەر قانداق شەكىلدىكى سۆزمۇ يوق ئىدى. شۈبھىسىزكى، ئۇ سۆز «—y :o» (ئويماق، مەسلەن، قوغۇننىڭ ئۇرۇقىنى ئويۇپ ئېلىۋەتمەك) دىنمۇ كېلىپ چىقمىغان؛ ھەممىگە مەلۇم بولغان باشقا شەكىلدىكى بىردىن - بىر پېئىل سۆپىتىدە «—Uy» (سىلىماق) نى كۆرسىتىش مۇمكىن، «سىقماق» بولسا كاشغەرىنىڭ تىلىدا (ئاتالاي، 1 - توم، 176 - بەت) كىشىنى گۇمانغا سالىدىغان ياسالما شەكىلدە «—uv» دىن ئۆزگىرىپ كەلگەن بولسا ئۇ ھالدا بۇ پېئىل 8 - ئەسىرگە كەلگەندە ئىستىمالدىن قالغان بولىدۇ. بىزنىڭ ئۇنىڭ مەنىسىنى بىلىشىمىزگىمۇ ئىمكانىيەت قالمايدۇ.

دەرۋەقە، بۇنداق بولغاندا 8 - ئەسىردىن كېيىنكى مەزگىللەردە تۈرك تىلىدىكى مۇقىم بولغان پېئىل ئارقا قوشۇمچىسى «/ghur— gur—» مەۋجۇت ئىدى، دېگەن قاراشمۇ گۇمانلىق بولۇپ قالىدۇ. تۈركىي تىللاردا بۇ خىل ئارقا قوشۇمچىلارنىڭ ئىزلىرى مەۋجۇت ئەمەس. ئۇيغۇر تىلى، خاقانىيە تىلى، قىپچاق تىلى، ئوغۇز تىلى ۋە موڭغۇل ئىستىلاسىدىن ئاۋالقى تۈركىي تىللارنىڭ ھېچقايسىسىدىمۇ بۇ خىل ئارقا قوشۇمچە بولغان ئەمەس. ئۇ پەقەت چاغاتاي تىلىدىلا كۆزگە چېلىقىدۇ. شۇڭلاشقا بىز راشىدىنىڭ «ئۇيغۇر» سۆزىنىڭ ئېتىمولوگىيىسى ھەققىدىكى پىكرىگە قاراپ، ئۇنىڭ بۇ سۆزنى 14 - ئەسىردە بىلگەنلىكىنى قىياس قىلالايمىز. مۇھەممەد مەھدىخان ئۆزىنىڭ «مەبانىل لۇغەت» دېگەن ماۋزۇدا «ساڭلاخ» قا يازغان گىرامماتىكىلىق شەرھىسىنىڭ 1 - كىتەب (مابنه) 4 - بابىدا «ئىسمى فائىل» (ھەرىكەتنى بىلدۈرىدىغان ئىسىم) ھەققىدە توختىلىپ ئۆتىدۇ. مەزكۇر ئەسەر ئىككى قىسىمدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، بىرىنچى قىسمى تۆۋەندىكىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

A. قائىدىلىك ئارقا قوشۇلغۇچىلار:

1) -غۇچى \ گۈچى

2) - چى \ چى. بۇلار كۆپىنچە پېئىل ياكى ئىسىمدىن كەلگەن بولۇپ، مۇناسىپ ھالدا تۈرك تىلىدىكى ئومۇمىي ئىسىملارنىڭ ھەرىكىتىنى بىلدۈرىدىغان ئارقا قوشۇمچىلاردۇر.

B. قائىدىسىز ئارقا قوشۇلغۇچىلار:

1) - ئۇل \ ئۇل. دائىملىق موڭغۇلچە پېئىل ئارقا قوشۇلغۇچىلىرى (ئىسمى فائىل) بولۇپ، كېيىنچە موڭغۇل تىلى ئارقىلىق چاغاتاي تىلىغا سىڭىپ كىرگەن④.

2) - ئاغان \ ئېگىن. دائىملىق پېئىل ئارقا قوشۇلغۇچىلىرى بولۇپ، دائىملىق ۋە تەكرار ھەرىكەتلەرنى بىلدۈرىدۇ.

3) - چاق \ چېك. پېئىل ئارقا

قوشۇلغۇچىلىرى بولۇپ، چاغاتاي تىلىدا ئېنىقسىز مەنانى بىلدۈرىدۇ.

4) - چى \ چى. پېئىل ئارقا قوشۇلغۇچىلىرى

ئىككىنچى قىسىم تۈۋەندىكىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

A: قائىدىلىك ئارقا قوشۇمچىلار:

1) - ت. مۇنتىزىم تەسۋىرنىڭ ئېنىقسىز ئۆتكەن زامان سۈپەتداش ئارقا قوشۇلغۇچىسى.

2) - غان \ گەن. سۈپەتداش ئارقا قوشۇلغۇچىلىرى بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە سۈپەتداش مەنىسىنى ئىپادىلىمەيدۇ.

B. قائىدىسىز ئارقا قوشۇلغۇچىلار:

1) -غۇر \ گۈر. تۈۋەندە يەنە ئايرىم بايان قىلىمىز.

2) -غۇن \گۈن. كۆپ كۆرۈلىدىغان پېئىل ئارقا قوشۇمچىلىرى بولۇپ، ھەر دائىم دېگۈدەك ئۆتۈمسىز ياكى مەجھۇل خاراكتېرىگە ئىگە. مەسىلەن، «ئۇلغۇن» (پىشقان، يېتىلگەن) «ئول» (پىشماق) دىن كەلگەن: «تۇتقۇن» (ئەسىر، تۇتقۇن) بولسا «تۇت» (تۇتقاق) دىن كەلگەن.

يۇقىرىدىكى قائىدىسىز ئارقا قوشۇمچىلاردىن 1) ھەققىدە تۈۋەندىكىچە بايان كەلتۈرۈلىدۇ: «ئالدى بىلەن «ئۇيغۇر» (ئۇچىدىغان)، «تىنغۇر» (ئۆتىدىغان)، «ئۇيغانماغۇر» (ئويغانمايدىغان) قاتارلىق سۆزلەر [ئەڭ ئاخىرقى مىسال «ئويغانماغۇر» نەۋائىنىڭ ئەسىرىدىن ئېلىنغان] دىكى «غۇر \ گۈر» قاتارلىقلار خۇددى بىرىنچى باپ «ئىسمى مەستەر» دە كۆرسىتىلگەندەك (فاكسىمىل 7 - ياپراق، 9 - قۇر) بەزى سۆزلەردە ئۇلارنىڭ سۆز مەنىسى ئۇنىڭ ھەرىكەت ئىسمى بىلەن بولغاندىكى مەنىسى بىلەن ئۆزئارا ماس كېلىدۇ».

بۇ باپتا يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئارقا قوشۇمچىلارنى نەقىل كەلتۈرۈپ «چىققۇر» ۋە «تىنماغۇر» نى مىسال قىلغان ھالدا چۈشەنچە بېرىلگەن؛ ئىككى جايدىكى نەقىل بىردەك نەۋائىنىڭ ئەسىرىدىن ئېلىنغان (فاكسىمىل، 5 - ياپراق، 9 - قۇر).

«ساڭلاخ» تا نەقىل كەلتۈرۈلگەن سۆزلەردىن بەزىلىرى ئادەتتىكىگە ئوخشاش مەلۇم دەرىجىدە شەكلى ئۆزگەرگەن بولسىمۇ، يەنىلا ساقلىنىپ قالغان. مەسىلەن، «ئۇيغۇر» سۆزى جەنۇبىي سىبىرىيىدىكى ئالتاي دىيالېكتى، تېلېئۇت دىيالېكتى ۋە بارابىن دىيالېكتىدا (رادلوۋ: «لۇغەت» 1 - توم، 1730 - ، 1740 - بەتلەر)، قازاق تىلى (1 - توم، 1905 - بەت) ۋە قازان تاتارچىسىدا (1 -توم، 1329 - بەت) يەنىلا «ئۇچقۇر» سۆزى جەنۇبىي شەكلىدە ساقلانغان. بۇ دىيالېكىتلاردا يەنە «ئۆتكۈر» سۆزى مەۋجۇت. شۇڭا يۇقىرىقى تىللاردا «غۇر \ گۈر» ئارقا قوشۇمچىلىرىنىڭ مەۋجۇت بولۇشى ھېچقانچە شۈبھىلىك ئەمەس، گەرچە ئۇ ھەر قاچان ئاكتىپ ھالدا يېڭى سۆزلەرنى ياساپ چىقالمىسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ مەنبەسىنى بەك يىراقتىن ئىزدەشكە بولمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇلارنى خۇددى «ئۇل \ ئۇل \ گۈل \ غۇل» گە ئوخشاش موڭغۇلچە ئارقا قوشۇمچە شەكىللىرى بولۇشى مۇمكىن، دەپ گۇمان قىلىشنىڭ ھېچقانداق ئاساسى يوق. بۇ ئارقا قوشۇمچە شەكىللىرى چاغاتاي تىلى ۋە باشقا تىللارغا سىڭىپ كىرىپ، بۇ تىللاردا موڭغۇل ئىستىلاسى دەۋرىدىكى كۆپلىگەن موڭغۇلچە سۆزلەرنى ۋە ئارقا قوشۇمچە شەكىللىرىنى پەيدا قىلىپ قويغان. شۇڭا بۇلار ساپ تۈركچە ئارقا قوشۇلغۇچىلار سىستېمىسىنىڭ تەركىبىي قىسمى بولالمايدۇ.

«ئۇيغۇر» سۆزىنىڭ ھېچقاچان ئىلگىرى ئۇنىڭغا بېرىلگەندەك ئېتىمولوگىيىلىك مەنىلەرگە ئىگە بولۇپ باقمىغانلىقىنى شەرھىيلەش - بۇ سۆزنىڭ بىرەر ئېتىمولوگىيىلىك مەنىگە ئىگە ئەمەسلىكىدىن دېرەك بەرمەيدۇ، ئەكسىچە بىزنىڭ تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ ناملىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئىگە بولۇشى مۇمكىن بولغان مەنىلەرنى ئويلىنىپ كۆرۈشىمىزگە پايدىلىق.

بۇ مەسىلە ھەققىدە مۇھاكىمە يۈرگۈزۈشتىن ئاۋۋال، تۈركچە ئىسىملار توغرىسىدىكى يۈتكۈل مەسىلىلەرگە قىسقىچە نەزەر سېلىپ ئۆتۈش پايدىلىقراق بولۇشى مۇمكىن. بۇ يەردە جۇغراپىيىلىك تېرمىنلارنى (توپونومىيىلەرنى) تىلغا ئېلىپ ئۆتكۈم يوق، چۈنكى ئۇ ئۆزئارا زىددىيەتلىك چۈشەندۈرۈشلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ: yangi baliq (يېڭى شەھەر) گە ئوخشاش بىر قىسىم شەھەر - قەلئەلەرنىڭ نامى تۈركچە مەنىلەرگە ئىگە، ئەمما «بالاساغۇن» دېگەندەك شەھەر ناملىرى، «تۇغلا» ۋە «سېلېنگا» دېگەندەك دەريا ناملىرىنىڭ ھېچقانداق تۈركچە مەنىسى يوق،

شۇنداقلا ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى تۈركچە سۆز ئەمەس. دەرۋەقە، بۇلارنىڭ ھەممىسى تۇۋا مەڭگۇ تاشلىرى (ئادەتتە «يېنسەي مەڭگۇ تاشلىرى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ) دىن كەلگەن بولۇپ، قىرغىز لەشكىري ئاقساقاللىرى تەرىپىدىن يېزىلغان بولۇشى مۇمكىن، دەپ قىياس قىلىنىۋاتقان بۇ ئابىدىلەر 9 - ئەسىرگە ياكى ئۇنىڭدىن كېيىنكى ۋاقىتلارغا تەۋە. مەيلى قانداق بولسۇن، بۇ قەبىلىلەرنىڭ ئادىتى بويىچە يېڭى تۇغۇلغان ئوغۇل بوۋاقلارغا ئىسىم قويۇلىدۇ، ئۆسمۈرلەر بالاغەتكە يەتكەندە بولسا «ئەر ئاتى» نىڭ «سۈت ئاتى» غا قارىغاندا تېخىمۇ بەكرەك ھۆرمەتكە سازاۋەر ئىكەنلىكى دۇر. بەزى تۈركىي جامائەتلەردە بوۋاق تۇغۇلغاندىن كېيىن ئانىسى ياكى ئاتىسى سۆزلىگەن بىرىنچى جۈملىنىڭ بىرىنچى سۆزىنى بوۋاققا ئىسىم قىلىپ قويۇشتەك كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان شەكىلدىكى ئىسىم قويۇش ئادەتلىرى مەۋجۇت بولغان. شۇنىمۇ ئەسكەرتىپ ئۆتۈش زۆرۈركى، ئەرلەر قاغان بولغاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ ئەسلى ئىسمىنى (ياكى ئەر ئاتىنى) ئىشلەتمەيتتى، بەلكى قاغانلىق نامىنى قوللىناتتى. تۈرك قەبىلىلەر جەمئىيىتىدىكى يۇقىرى قاتلام ئەزالار مۇھىم ۋەزىپىلەرنى تاپشۇرىۋالغان ۋاقىتتىمۇ شۇنداق قىلاتتى. بۇنداق كىشىلەرنىڭ ئىسمى دائىم دېگۈدەك ئۈچ قىسىمدىن تۈزۈلەتتى: 1) قەبىلە ياكى ئۇرۇق (جەمەت) نامى؛ 2) ئۆز نامى ۋە ئاتاق نامى؛ 3) يەرلىك ئاتاق نامى (مەسىلەن، «تارقان» ياكى «چۇر») ياكى يات ئەلچە (خەنزۇچە) ئاتاق نامى (مەسىلەن، «چىگشى»)

نۆۋەتتە بىز ئىگىلىگەن مەنبەسى ئوخشاش بولمىغان كۆپلىگەن تۈركچە خاس ئىسىملارنىڭ ئىچىدە بىر قىسىم كىشى ئىسىملىرى بار، بۇ كىشى ئىسىملىرىنى ئىستىمال قىلىدىغان خەلقنىڭ تىلىدىن بۇ ئىسىملارنىڭ مەنىسىنى تېپىشقا بولىدۇ. مەسىلەن، «Aq bars» (ئاق يولۋاس)، «ay demir» (ئاي تېمىر)، «Ay doɣ di» (ئاي چىقتى) قاتارلىقلار. بۇ ئىسىملارنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسى ئېھتىمال ئاي چىقىۋاتقان مەزگىلدە تۇغۇلغان بوۋاققا قويۇلغان بولۇشى مۇمكىن. ئەمما، مەنىسى ئېنىق ۋە چۈشىنىشلىك بولغان بۇ ئىسىملاردىن باشقا يەنە بىر قىسىم خاس ئىسىملارنى، تۈرك قاغانلىرىدىن بولغان «Bumin» ۋە «Estemi» قاتارلىقلارنىڭ ئىسىملىرى ئەمەلىيەتتە ئېتىمولوگىيە نۇقتىسىدىن ئالغاندا بىردەك قەبىلە ناملىرى بىلەن بىردەكلىكتە ئىگە.

ھەر قانداق بىر تىلدا قەبىلە نامى خاس ئىسىملار ۋە فامىلە بىلەن بىرلىكتە ئەڭ قەدىمىي ئامىللاردىن ھېسابلىنىدۇ ھەمدە ئۇلارنىڭ ھەممىسى شەكىل جەھەتتە «مۇقىم» لىققا ئىگە بولىدۇ. شۇنداق بولغان ئىكەن، بۇ ئىسىملار ئومۇميۈزلۈك ئىشلىتىلىدىغان بولغان ۋاقىتتا ئۇنىڭ ئەسلى شەكلىنىڭ مۇقىملىقى شۇ ۋاقىتتىكى تىلدا ئىشلىتىلىۋاتقان ئادەتتىكى سۆزلەملەردىنمۇ بەكرەك مۇقىم بولىدۇ. چۈنكى، بۇلار ھەر دائىم ئىشلىتىلگەنلىكتىن فونېتىكا ۋە سېمانتىكا (سۆز مەنىسى - ت) جەھەتتىكى ناھايىتى ئاستا، ئەمما ئۈزۈلنۈغا سوزۇلغان ئۆزگىرىشلەرنى باشتىن كەچۈرۈش ئاساسىدا ساقلىنىپ قالغان بولىدۇ. تۈركىي تىللارغا خاس ئەڭ دەسلەپكى بىر قەدەر چوڭ ھەجىملىك قالدۇقلار مىلادىيە 8 - ئەسىرگە تەۋە بولۇپ، يەنە ئاھاڭ تەرجىمىسى بويىچە ئىشلەنگەن تۈرك قەبىلە ناملىرىنىڭ خەنزۇچە تەرجىمىسى ھەققىدىكى دەسلەپكى تېكىستلەردىن پايدىلىنىشقا بولىدۇ. بۇلار بولمىغان ھالەتتىمۇ بىز ئۇلارنىڭ مۇشۇ خىل شەكىلدە مۇشۇ ۋاقىتتىن ئىلگىرى مەۋجۇت بولغانلىقىنى جەزملەشتۈرەلمەيمىز. شۇڭا ماڭا 8 - ئەسىردىكى تۈركچە ئاددىي سۆزلۈكتىن مۇشۇ نامىلارنىڭ «مەنىسى» نى يېشىشكە ئۇرۇنۇشىمىز ئازراق يەڭگىلتەكلىك بولۇپ كەتكەندەك بىلىنىۋاتىدۇ. سەل كېيىنكى تەرەققىيات باسقۇچىغا تەۋە تىللاردا تېخىمۇ شۇنداق بولىدۇ. ئاز - تولا ئويلىنىپ كۆرسەكلا ھازىرقى زامان ئىنگلىز تىلى ۋە ھازىرقى زامان فرانسۇز تىلىدىكى مۇقىم نامىلار ۋە فامىلىلەرنىڭ مۇتلەق كۆپىنچىسىنىڭ مەنىسى يوقلۇقىنى كۆرسىتىپ بېرىشكە بولىدۇ. «Smith» ئىسىملىك بىرەيلەن بار، دەپ تەسەۋۋۇر قىلايلى، ئۇنىڭ جەمەتى بىلەن باغلىنىشلىق بولغان پاكىتلارنىڭ بىرى سۈپىتىدە ناھايىتى قەدىمكى ۋاقىتلاردا ئۇنىڭ ئەجدادلىرىدىن بىرەيلەن تۆمۈرچى بولغان بولسۇن، بىزنىڭ ئۇنى پائۇل دەپ ئاتىشىمىز ياكى پېللوت دەپ ئاتىشىمىزدىن قەتئىينەزەر فرانسۇز تىلىدا بۇنىڭ ھېچقانداق مەنىسى

يوق. ئەمما، ھازىرقى ياۋرۇپا كىشى ئىسىملىرىنى تەتقىق قىلغاندا ئەگەر بىز بۇ ئىسىملارنىڭ ئۆتمۈشىنى يىلتىزىغا قەدەر سۈرۈشتۈرەلىسەك، ئۇ چاغدا ئۇلار سۆز قوبۇل قىلغان چەتئەل تىللىرىدىن ( لاتىن تىلى، گرېك تىلى ياكى قەدىمكى ئىبراي تىلى بولۇش مۇمكىن) شۇ سۆزلەرنىڭ مەلۇم مەنىسىنى تېپىپ چىقىشقا بولىدۇ. مەسىلەن، «پائۇل» نىڭ يىلتىزىنى لاتىن مەنبەلىرىدىن تېپىش مۇمكىن؛ شۇنداقلا ئىنگلىزلاردىكى فامىلە بولغان «فابېر» سۆزىنىڭ لاتىن تىلىدىكى « Faber» (تۆمۈرچى) دېگەن سۆزدىن كېلىپ چىققان بولۇشى ئېھتىمالغا تولىمۇ يېقىن. ئەمما تۈرك تىلىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا مۇنداق قىلغىلى بولمايدۇ، چۈنكى بۇ ھەقتە 8 - ئەسىردىن ئاۋالقى، 6 - ئەسىردىن ئاۋالقى ياكى ئۇنىڭدىنمۇ بالدۇرقى ۋاقىتلاردىكى ئەھۋاللارنى ئىگىلەش ئىمكانىيىتى يوق (ئۇ ۋاقىتلاردىكى ئەھۋاللارنى پەقەت يات رايونلار مەنبەلىرىگە ئاساسلىنىپلا تەتقىق قىلىشقا بولىدۇ).

بۇنىڭدىن قارىغاندا مەنىسى ناھايىتى ئېنىق بولغان قەبىلە ناملىرىغا دائىر رېئال ئەھۋال ئۇلارنىڭ ئويلىغىنىدەك ئۇنچىۋالا ئاسان ئەمەستەك قىلىدۇ. خۇددى ئىلگىرىكى ۋاقىتلاردىن تارتىپلا ھەممىگە مەلۇم بولغان تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ ناملىرىدىن «قاڭلى» نىڭ مەنىسى ناھايىتى ئېنىق بولۇپ، بۇ سۆزنىڭ ئارقا قوشۇمچىسى «-لىغ» ئىدى. ئەمما، بۇ سۆزدىكى ئەڭ ئاخىرقى ئۈزۈك تاۋۇش يوقالمىغانلىقتىن، بۇ سۆزدىكى ئىككىنچى بوغۇمنىڭ ئىگىلىك سۈپەت ئارقا قوشۇمچىسى بولۇش ئېھتىماللىقىنى چىقىرىپ تاشلاش كېرەك. SPAW نىڭ 1932 - يىللىق سانىدا ۋ. باڭ ۋە رەشىد رەھمەتى ئارات تەرىپىدىن ئېلان قىلىنغان ھەمدە دۆلەتلىك كۇتۇپخانىنىڭ تۈركچە قوليازمىلار بۆلۈمىدە ساقلىنىۋاتقان (277 بەتلىك) ئوتتۇرا ئەسىردىكى (13 - 14 - ئەسىرلەر) سىرلىق تېكىست بولغان «ئوغۇزخان رىۋايىتى» دە قەبىلە نامىنىڭ ئېتىمولوگىيەسىگە ئوخشىشىپ كېتىدىغان باشقا بىر ئەھۋال تىلغا ئېلىنىدۇ. مەزكۇر ھېكايىدە (277 - قۇر) بىر ئادەمنىڭ ئات ھارۋىسى («قانقا») ياساپ ئىشلەتكەنلىكى، بۇنىڭ بىلەن ئوغۇزقاغاننىڭ «قانقالۇغ» دەپ ئاتىغانلىقى، يەنى «قاڭلى» دەپ ئاتىشى بارلىققا كەلگەنلىكى، شۇنداقلا بۇنىڭ شۇ كىشىنىڭ ۋە شۇ كىشى تەۋە قەبىلىنىڭ نامى بولۇپ قالغانلىقى سۆزلىنىدۇ. بۇ ھېكايە پروفېسسور Marquart تا ناھايىتى كۈچلۈك تەسىر قالدۇرغان (فامىلە ئېتىمولوگىيەسىگە شۇنچىۋالا كىرىشىپ كەتكەن ئالىم ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا فامىلىلەرنىڭ مەنىسىنى يېيىشكە پايدىلىق بولسۇن ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى فامىلىسىنى Markwart قا ئۆزگەرتكەن). ئۇ بۇ ھەقتە توختىلىپ ئۆتۈپ: «بۇ ئېھتىمال ئىشەنچلىك ھېكايە بولسا كېرەك» دېگەن ئىدى ( «كومان تىلى ھەققىدە» ) ۋ. باڭ ۋە ماركۋارت، (شەرقىي تۈرك دىئالېكتلىرى ھەققىدە تەتقىقات» 163 - بەت. ئا. ك. گ. ۋ. گۆتتىنگىن، بېرلىن، 1914 - يىلى). ئەجەبلىنەرلىك يېرى شۇكى، ئەڭ دەسلەپكى بۇ تېكىستتە «ئات ھارۋىسى» دېگەن مەنا «قانقا» دەپ ئىپادىلەنگەن. بىر قەدەر قەدىمىي تىللاردىن ئۇيغۇر تىلى، خاقانىيە تىلى، چاغاتايچە ئۇيغۇر تىلى ۋە قىپچاق تىلى قاتارلىق تىللاردا «قاڭلى» سۆزى قەبىلە نامىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇلار ھەرقاچان ئات ھارۋىسى ئارقىلىق ئائىلىسىدىكىلەرنى ۋە مال - مۈلكىنى توشۇيدىغانلىقى ئۈچۈن خەنزۇلار ئەڭ دەسلەپكى قەبىلىلەر ئىتتىپاقىنى «گاۋچې» (高车) قانقىللار (ئېگىز ھارۋىلىقلار) دەپ ئاتىغىنىغا ئوخشاش بۇ قەبىلىنىڭ نامىمۇ ئەنە شۇنداق پەيدا بولغان، دەپ قارىلىۋاتىدۇ. ئېھتىمال ئات ھارۋىسىنىڭ «قاڭلى» دەپ ئاتىلىشى «قاڭلى» نامىدىكى قەبىلىنىڭ مۇشۇ خىلدىكى ھارۋىنى تۈرك جەمئىيىتىگە ئېلىپ كىرگەنلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشىمۇ مۇمكىن. ئوتتۇرا ئاسىيادا بۇ خىل ھارۋىنىڭ بايقىلىشى تۈركلەر ياشىغان دەۋردىنمۇ بالدۇر ئىدى. مەسىلەن، مىلادىيە 4 - ئەسىردە ئىرانلىقلار ئالتاي رايونىدا ئىشلەتكەن مۇشۇ خىل ھارۋا پازىرىق قەبرىستانلىقىدىن تېپىلغان بولۇپ، ھازىر لېنىنگرادتىكى ئېرمىتاژ مۇزېيىدا ساقلانماقتا. شۇڭا يۇقىرىقى پرىنسىپ بويىچە ئات ھارۋىسىغا ئىسىم قويۇش پۈتۈنلەي قائىدىكە ئۇيغۇن. بالىلىق ۋە ئۆسمۈرلۈك ۋاقىتلىرىمدا ئاپتوموبىل تېخى پەيتونىنىڭ ئورنىنى ئىگىلىمىگەن بولۇپ، مەن ئولتۇرۇپ باققان پەيتونلار پەيتوندا ئولتۇرغۇچىلارنىڭ دەرىجىسىگە قاراپ قوش كىشىلىك تۆت چاقلىق ھارۋا (brougham)، قوش

چاقلىق يېنىك ھارۋا (hansom)، پەيتون (phacton) ۋە قوش كىشلىك يېنىك ھارۋا (victoria) قاتارلىق تۆت دەرىجىگە، جۇغراپىيىلىك رايونلار بويىچە ھەشەمەتلىك ئات ھارۋىسى (Cooch)، لاندۇ ھارۋىسى (landau) ۋە لاندالېت (lan daulette) قاتارلىق ئۈچ خىلغا بۆلۈنەتتى. تۆت چاقلىق ھارۋىلاردىن ئۈچ خىلنىڭ تەسۋىرىي خاراكتېرلىك نامى بار ئىدى: پۈرژىنىلىق تۆت چاقلىق ھارۋا (four — wheeler)، ئارقا ئورۇندۇقىدا ئىت بىلەن بىللە ئولتۇرغىلى بولىدىغان ئىگىز چاقلىق يېنىك ھارۋا (cartdog) ۋە قوش چاقلىق يېنىك ئات ھارۋىسى (governesscart). بۇلاردىن ئاخىرقى ئىككىسىنىڭ باھاسى تولىمۇ تۆۋەن بولۇپ، جەمئىيەتتىكى ھەر قايسى قاتلام كىشىلىرى ئوخشاشلا ئولتۇرالايتتى، يەنە ئىككى خىلنىڭ چەتئەلچە نامى بار ئىدى. تۆت كىشىلىك پۈرژىنىلىق تۆت چاقلىق ئات ھارۋىسى (barouche) ۋە ئىجارىگە بېرىلىدىغان يېنىك ئات ھارۋىسى (cab cabriolet)؛ پەقەت ئىككى خىل ھارۋىنىڭ ئىسمىلا ساپ قەدىمىي ئېنگىلىزچە بولغان ئىدى. يۈك ھارۋىسى (قوش چاقلىق ياكى تۆت چاقلىق، cart) ۋە يېرىم پۈرژىنىلىق تۆت چاقلىق ھارۋا (wagon).

پېللىئوت ئۆزىنىڭ «ئالتۇن ئوردا خانلىقىنىڭ تارىخىغا ئىزاھلار» ناملىق ئەسىرىدە ئالدىنقى كۆز قاراشنى نەقىل كەلتۈرۈپ، تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ نامىنىڭ مەنىسىنى يېشىشكە ئۇرۇنۇپ كۆرگەن بولسىمۇ، ئومۇمىي جەھەتتىن قارىغاندا ئۇنىڭ قىياسى يەنىلا كىشىنى قايىل قىلالمايدۇ. يۇقىرىدا بايان قىلىنغان قائىدە بويىچە مەن بۇ خىل كۆچەشنى بىھۇدە ئۇرۇنۇش، دەپ قارايمەن. ئەمما بۇنداق دېگەنلىكىم بۇ خىل ناملارنىڭ ئېتىمولوگىيىسىنى تەتقىق قىلغانلىق بىھۇدە ۋاقىت سەرپ قىلغانلىق دېمەكچى ئەمەسمەن. خۇددى باشقا تىللارغا ئوخشاش تۈركىي تىللارمۇ توختاۋسىز رەۋىشتە راۋاجلىنىپ ئۆزگىرىپ تۇرۇۋاتقان جانلىق ئورگانىزىمدۇر. بىز ئىگىلىگەن ماتېرىياللاردىكى ئەڭ قەدىمكى تىل شەكىللىرىدىن ئادەتتىكى سۆزلۈكلەر ۋە سىرتتىن قوبۇل قىلىنغان ئارقا قوشۇلغۇچىلارنىڭ ياردىمى بىلەن ھاسىل بولغان سۆزلەرنى چىقىرىۋەتكەندە قېلىپ قالغان بىر قاتار ئاساسلىق سۆزلۈكلەردىن قۇراشتۇرۇلغان سۆزلەر (ئىسىم ياكى پېئىللار) ۋە ئۇلارنىڭ ئارقا قوشۇلغۇچىلىرى ئۇ ۋاقىتلاردا ئاللىقاچان ۋاقتى ئۆتكەن نەرسىلەرگە ئايلىنىپ قالغان ئىدى. بەزى سۆزلەر سىرتتىن كىرگەن ئارقا قوشۇلغۇچىلاردىن تۈزۈلگەن بولغاچقا ئارقا قوشۇلغۇچىسى يوق ئەھۋالدا ئىستىمالدىن قالغان. يەنە بەزى ئايرىم سۆزلەر ئاساسلىق سۆزلۈككە ۋە ئارقا قوشۇلغۇچىلارغا تايىنىش ئارقىلىق ياسالغان بولسىمۇ تىلدىكى باشقا شەكىللەرنىڭ ماسلىشىشى ئارقىلىق مەيلى ئاساسلىق سۆزلۈك قىسمى بولسۇن ياكى ئۇنىڭ ئارقا قوشۇلغۇچىسى بولسۇن ھېچقايسىسى ئىشلىتىلمەيدىغان بولغان. ناۋادا مەنىسىنى يوقاتقان قەبىلە ناملىرى ۋە خاس ئىسىملارمۇ ئاشۇ خىل مورفولوگىيىلىك خاراكتېرگە ئىگە دەپ قارالسا، ئۇ ھالدا ئاساسلىق سۆزلۈكلەرگە ئوخشاش كۆپلىگەن كۆپ بوغۇملۇق ۋە نۇرغۇنلىغان جۈپ بوغۇملۇق سۆزلەرنىڭ ھەممىسى ئەڭ دەسلەپ ئادەتتىكى ئومۇمىي ئىسىملار بولغان ۋە ئىلگىرىكى مەلۇم دەۋرلەردە ئۇلارنىڭ مۇئەييەن مەنىلىرى بولغان بولىدۇ. ئەپسۇسكى، 8 - ئەسىردىن ئىلگىرىگە تەۋە بولغان ئومۇمىي ئىسىملار ئاللىقاچان كونىراپ، مەنىسى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ كېتىلدى. ساقلىنىپ قالغان ئىككى ياكى ئۈنىڭدىن ئارتۇق قوشما سۆزلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئەڭ دەسلەپ ئارقا قوشۇلغۇچىسى بار بولغان ئاساسلىق سۆزلۈكلەر (ئىسىم ياكى پېئىل) بولدى. يەنە شۇنداقمۇ مۇمكىنچىلىك بولىدىكى، بەزى خاس ئىسىملار ئومۇمەن خاس ئىسىم بولۇپلا ئىشلىتىلدى، ھېچقاچان ئومۇمىي ئىسىم (تۈرداش ئىسىم) مەنىسىنى ئىپادىلىمىدى، ئەمما ئارقا قوشۇلغۇچىنىڭ قايسى ۋاقىتتا پەقەت خاس ئىسىملارغىلا ئىشلىتىلگەنلىكىنى قىياس قىلىش تولىمۇ مۇشكۈل. مورفولوگىيىلىك ئانالىز قىلغىنىمىزدا مۇنداق بىر ھادىسە يۈز بېرىدۇ. ئەگەر بىر قىسىم ئىسىملارنى ئاساسىي سۆزلۈك (ئىسىم ياكى پېئىل) ۋە ئارقا قوشۇلغۇچى قىلىپ ئايرىشقا بولسا، ئۇ ھالدا دەسلەپكى تۈركىي تىللارنىڭ ئومۇمىي ئىسىملىرى ئارىسىدىن ھازىرغا قەدەر مورفولوگىيىلىك ئانالىزغا بويسۇنمايۋاتقان

مۇشۇ خىلدىكى ئېلېمېنتلارنى تېپىشقا بولىدۇ، ئەمما بۇ مەسىلە پەقەت شەكىل جەھەتتىنلا كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغىيالىدى.

ئۇنداقتا، تۈركولوگىيە ساھەسىدە بىز زادى قايسى نەرسىلەرنى تەتقىق قىلىشىمىز لازىم؟ ئۇ بولسىمۇ ئەڭ ئۇنۇملۇك ھالدا چەكلىك بولغان مەنبەلەردىن پايدىلىنىپ، تۈركىي تىللار مەسىلىلىرىگە قارىتا فىلولوگىيىلىك تەھقىقلەش ئېلىپ بېرىشىمىز كېرەك. كۆپ ئەسىرلەردىن بۇيان فىلولوگلار⑤ كلاسسىك تىللاردىن لاتىنچە، گرېكچە، سانسكرىتچە، ئىبرايچە، ئەرەبچە ۋە باشقا تىللار ئۈستىدە تەتقىقات يۈرگۈزگەن بولسىمۇ، ھازىرغا قەدەر يۈرۈتۈپ بېرىشكە تېگىشلىك كۆپلىگەن مەسىلىلەر يەنىلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرماقتا. بۇ تىللارغا سېلىشتۇرغاندا تۈركىي تىللار ھەققىدىكى تەتقىقاتنى تېخى ھېچقانچە قول تەگمىگەن بىر ساھە دېيىشكە تامامەن مۇمكىن. ئەمما تۈركىي تىللار تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنالايدىغان كەسپىي فىلولوگلارنىڭ سانى ئادەمنىڭ ئېچىنگۇسى كەلمىگۈدەك دەرىجىدە ئاز بولماقتا. تىلدىكى ئاساسلىق سۆزلۈكلەر ئۆزى يېتەلەيدىغان ئەڭ دەسلەپكى تەرەققىيات باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقان، كىشىلەر مۇشۇنىڭغا قارىتا تېخى تەپسىلىي مۇھاكىمە ئېلىپ بارمىغان ۋاقىتتا بۇ مەسىلىلەر دىققەتتىن ساقىت بولۇپ كېتىشى مۇمكىن. ئەمما كېيىنكى بىر - ئىككى ئەۋلاد تۈركولوگلار ئاشۇ گادىرماش قەبىلە ناملىرى ۋە خاس ئىسىملارنىڭ مەنىسىنى كۆرسىتىپ بېرىش بىلەن مەشغۇل بولماستىن، تىرىك تىلنى تەتقىق قىلىشقا، ئەسلى تېكىستكە بولۇپمۇ دەسلەپكى ۋاقىتلاردىكى تېكىستلەرگە بولغان ئىزاھلارنى ئېلان قىلىشقا، شۇنداقلا ھەر قايسى تىللاردىكى ئاساسلىق سۆزلۈكلەر ۋە گراماتىكىنىڭ تارىخىغا پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن كىرىشىشكە قادىر بولالىغان بولسا بىر قەدەر ئاقىلانىلىق قىلغان بولاتتى.

**ئىزاھلار:**

① ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلەرگە چەتئەل ئالىملىرى ئۇيغۇر تىلى تارىخى ھەققىدىكى تەتقىقات ئەھۋالىنى تونۇشتۇرۇش مەقسىتىدە تەھرىر ھەيئىتىمىز مەزكۇر توپلامدا ج. كلاۋسونىنىڭ ئېنگلىز تىلىدا يېزىلغان «ئۇيغۇر» نامىنىڭ مەنىسى ھەققىدىكى ماقالىسىنىڭ تەرجىمىسىنى ئېلان قىلىشنى زۆرۈر تاپتى. ئەسلىدىكى ماقالە ج. كلاۋسون نامىدا «ئۇيغۇر نامى» دېگەن ماۋزۇدا «ئۇلۇغ بىرىتانىيە ۋە ئىرلاندىيە خان جەمەتىگە قاراشلىق ئاسىيا تەتقىقات جەمئىيىتى ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ 1963 - يىللىق 3 - 4 - قوشما سانىنىڭ 140 - 149 - بەتلىرىگە بېسىلغان. ماقالىنىڭ ئېنگلىز تىلىدىن ئىشلەنگەن رۇسچە تەرجىمىسىنى م. ن. ۋېلىجانىنا تاماملىدى، ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىنى قۇربان تۇران تاماملىدى.

② بۇ ئىككى پېئىل ئەمەلىيەتتە مەنداش بولۇپ، «ئاسىيلىق قىلماق» ۋە «ئاسىي بولماق» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ.

③ بۇ يەردە ھەيران قالغۇدەك ھېچنەرسە يوق، ئۇنىڭ ئەسىرى ئېزىتتۇسمان ئېتىمولوگىيىلەر بىلەن تولۇپ كەتكەن. مەسىلەن، ئۇ موڭغۇل كىشى ئىسمى ياكى مەرتىۋە نامى بولغان «ot cigin» نى تۈركچە «دۆلەت (ot) نىڭ كىنەزى ياكى پادىشاھى (tegin) دېگەن مەنىدە دەپ قارايدۇ. ئەمەلىيەتتە موڭغۇلچىدىكى ›ot‹ سۆزى ›otqan‹ (كىچىكلەرنى كۆرسىتىدۇ) يەنى «ئەڭ كىچىكى» دېگەن ئاساسلىق مورفولوگىيىلىك شەكلىدىن كەلگەن (كوۋالىسكى: 390 - بەت). cigin بولسا تۈركچە tegin دىن كەلگەن.

④ ئەمەلىيەتتە موڭغۇل تىلىدىكى ئۇخشىمىغان دىئالېكتلاردىن قوبۇل قىلىنغان بۇ خىل ئارقا قوشۇلغۇچىلارنىڭ ئىككى خىل شەكلى بار: - ئۇل \ ئۇل \ ۋە \ گۇل \ گۈل. بۇلاربىر قىسىم تۈركىي تىللاردا - كۇل \ كۈل شەكلىگە ئۆزگىرىپ كەتكەن ۋە ئۇخشىمىغان تۈركىي تىللاردا مەنداش سۆزلەرنىڭ ئۇخشىمىغان شەكلى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىققان. مەسىلەن، «ساڭلاخ» تا مىسال كەلتۈرۈلگەن ›karavul‹ (قاراۋۇل) سۆزى ۋە ئوسمان تۈركچىسىدە ساقلىنىپ قالغان karakol سۆزىدىكى 3 - سوزۇق تاۋۇشتا يۈز بەرگەن ئۆزگىرىش ئېھتىمال kara (قارا) غا kol (قول) نىڭ قوشۇلۇشىدىن كەلگەن دەيدىغان ئاشۇ خىلدىكى ئېزىتتۇسمان ئېتىمولوگىيىلىك چۈشەندۈرۈشكە ئاساسلانغان بولسا كېرەك.

⑤ بۇ يەردە ئاپتور ئېھتىمال تىرىك تىللاردا ئەمەس، بەلكى ئاللىقاچان ئۆلگەن «كلاسسىك تىل» نى تەتقىق قىلىدىغان كۆپلىگەن چەتئەل فىلولوگلىرىنى كۆزدە تۇتسا كېرەك (تەھرىردىن).

(«چەتئەل تۈركولوگىيىسى» (رۇسچە) نىڭ 1995 - يىللىق 3 - توپلامىدىن تەرجىمە قىلىندى)

تەھرىرلىگۈچى: ئەركىن ئىمىنىياز قۇتلۇق

# ئۇيغۇر نامىنىڭ قوللىنىلىشىنىڭ باش ۋە ئاخىرى

غالىپ بارات ئەرك

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ قەدىمىي، يەرلىك ئاھالىسى بولغان ئۇيغۇرلارنىڭ ئاھالىسى ھازىر 8 مىليوندىن ئاشىدۇ. ئۇيغۇرشۇناسلىقنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ تارىخى ئۇزۇن، قەدىمىي مەدەنىيەتلىك بولغان بۇ خەلقنىڭ نامىنىڭ كېلىپ چىقىشى، قوللىنىلغان پۈتكۈل جەريانلىرى تېخى مۇھىم تۇرماقتا.

«ئۇيغۇر» نامىنىڭ ئېتىمولوگىيىسى ھەققىدە كۆپ خىل قاراشلار ئوتتۇرىغا قويۇلدى، ئەمما قوللىنىلغان دەۋرلەردىكى ئۆزگىرىشلەر تېخى شەرھىلەنمىگەنلىكتىن ئۇيغۇرشۇناسلىقتا بەزى قىيىنچىلىقلارنى تۇغدۇرۇپ كەلمەكتە. «ئۇيغۇر» نامىنىڭ قوللىنىشقا باشلىغان ۋاقتىنى ئېلىپ ئېيتساق، كۆپ ھاللاردا 4 ـ ئەسىرگە مەنسۇپ «ۋېينامە. قاڭقىللار تەزكىرىسى»دە تىلغا ئېلىنغان 袁纥 (ئۇيغۇرنىڭ تەلەپپۇز تەرجىمىسى) نى مىسال قىلىدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ نام ئۇنىڭدىن خېلى بۇرۇنقى زاماندىلا مەۋجۇت بولۇپ، ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇد كاشغەرى «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»تە بۇ ھەقتە ئېنىق مەلۇمات قالدۇرىدۇ.

«ماڭا مۇھەممەد چاقىر تونقا خان ئوغلى نىزامىدىن ئىسرافىل توغان تېگىن ئۆز ئاتىسىدىن ئاڭلىغانلىرىنى سۆزلەپ بېرىپ، مۇنداق دېگەنىدى. زۇلقەرنەيىن ئۇيغۇر ئېلىگە يېقىنلاشقاندا، تۈرك خاقانى ئۇنىڭغا قارشى تۆت مىڭ ئادەم ئەۋەتكەن. ئۇلارنىڭ قالپاقلىرىنىڭ قاناتلىرى لاچىن قاناتلىرىغا ئوخشايدىكەن. ئوقنى ئالدىغا قانداق ئاتسا، كەينىگىمۇ شۇنداق ئۇستىلىق بىلەن ئاتىدىكەن. زۇلقەرنەيىن بۇلارغا ھەيران قاپتۇ ۋە inan huzhur and بۇلار باشقىلارغا مۇھتاج بولماي، ئۆز ئوزۇقىنى ئۆزى تېپىپ يەيدىغانلار ئىكەن؛ بۇلارنىڭ قولىدىن ئوۋ قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ، قاچان خالىسا شۇ چاغدا ئېتىپ يېيەلەيدۇ» دەپتۇ. شۇندىن تارتىپ بۇ ئەل حزحر huzhur دەپ ئاتىلىپتۇ. كېيىن h ھەرپى ‹ ا ـ ئېلىپ›قا ئالماشقان. مۇنداق بوغۇز ھەرپلىرىنىڭ بىر ـ بىرىگە ئالمىشىشى، بولۇپمۇ ‹ا ـ ئېلىپ›نىڭ خ ـ h غا ۋە ‹خ ـ h› نىڭ ‹ا ـ ئېلىپ›قا ئالمىشىشى كۆپ ئۇچرايدىغان ھادىسە.

مۇشۇ كىتابنى يازغان مەھمۇد ئېيتىدۇكى، بىزنىڭ بوۋىلىرىمىز بولغان ئەمىرلەرنىڭ خمير həmir دېيىلىشى ئەنە شۇنىڭدىن كەلگەن. چۈنكى ئوغۇزلار امير- əmir › دېيەلمەي ‹ا ـ ئېلىپ›نى ‹خى ـ h › غا ئالماشتۇرۇپ ‹خمير ـ həmir › دەيدۇ. .. ‹خ ـ h› ھەرپى ‹ا ـ ئېلىپ›قا ئالمىشىشى بىلەن بىللە، ‹ خز huz › سۆزىدىكى ‹ز ـ Z› ھەرپىمۇ «ى ـ يا»غا ئالماشقان. بۇ «ز- Z» ھەرپىنىڭ «ى ـ يا»غا ئالمىشىشى تۇپ قائىدە. شۇنىڭدىن كېيىن «خر hor» سۆزىدىكى «خ ـ h» ھەرپى «غ ـ q» نىڭ «خ ـ h»غا، «خ ـ h»نىڭ «غ ـ q»غا ئالمىشىشى كۆپ ئۇچرايدىغان ھادىسە» [1].

ئالىم بۇ رىۋايەتنى خاتىرىلەش ئارقىلىق «ئۇيغۇر» نامىنىڭ مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 4 ـ ئەسىردە مەۋجۇت ئىكەنلىكىدىن ۋاستىلىك بىشارەت بەرگەن، چۈنكى ئۇيغۇر خەلقى قەدىمدىن تارتىپلا بىرەر ئىشنى خاتىرىلىمەكچى بولسا بىرەر چوڭ ۋاقىئە بىلەن باغلاپ ئەستە ساقلىغىنىغا ئوخشاش، دۇنياۋى ئىستىلاچى ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن يەنى گرېتسىيىلىك ئالېكساندىر ماكېدونسكى (مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 324.356ـ يىللاردا ياشىغان) باغلانغان بۇ رىۋايەت ئارقىلىق بۇ نامنىڭ كېلىپ چىقىش دەۋرىنى كۆرسىتىپ بەرگەن. دېمەك، «ئۇيغۇر» نامىنىڭ ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن ياشىغان مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 4 ـ ئەسىردە بارلىققا كەلگەنلىكىنى ياكى كېيىن دېگەندىمۇ شۇ دەۋردە مەۋجۇتلۇقىنى كۆرسىتىپ بەردى.

بۇ رىۋايەتنىڭ يەنە بىر قىممەتلىك يېرى شۇكى، ئۇيغۇرلارنىڭ بىۋاستە ئەجدادلىرى-نىڭ شۇ زامانلاردىلا شىنجاڭ رايونىدا ياشىغانلىقىنى ھەمدە شەھەر مەدەنىيىتىگە كۆچكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەرگەن بولۇپ، مۇنۇ بايانلىرى بۇ قاراشنى تېخىمۇ دەلىللەيدۇ: «ئۇيغۇر — بىر ئەلنىڭ ئىسمى. ئۇنىڭ بەش شەھىرى بار. بۇ شەھەرلەرنى زۇلقەرنەيىن تۈرك خاقانى بىلەن يۇتۇم تۈزگەندىن كېيىن سالدۇرغان. . . ئۇنىڭ خەلقى ئەڭ ئەشەددى كاپىرلار، ئەڭ ئۇستا مەرگەنلەردۇر. بۇ شەھەرلەر سۇلمى، بۇنى زۇلقەرنەيىن سالدۇرغان. قوچو، چانبالىق، بېشبالىق، ياڭى بالىق»②. ئالىم خاتىرىلىگەن رىۋايەت ئەكس ئەتتۈرگەن رېئاللىقنى تۈرك ۋە غەرپ ئالىملىرىنىڭ خاتىرىلىرىگە ئاساسلانغاندا، تاڭ سۇلالىسىدىن بۇرۇن، قەدىمدىن يىغىلىق دەۋرلىرىنىڭ ئاخىرلىرىغىچە ئۇيغۇرلار شىنجاڭ رايونىنى مەركەز قىلىپ، بۈيۈك خانلىق ③قۇرغان»، «ئەنەتكەك تارىخلىرىغا يېزىلىشىچە، مىلادىيىدىن بۇرۇنلا تۈركلەر تەڭرىتاغنى مەركەز قىلىپ خانلىق قۇرغان، خانلىق ئاھالىسىنىڭ كۆپى ھازىرقى شىنجاڭنىڭ شىمالىي رايونىدا شەھەرلەردە ياشايدۇ، ئەمما تۈرك سۆزى ئۇيغۇر بىلەن تۈركنىڭ ئارىلاشتۇرۇلۇپ ④ئاتىلىشى» دېگەن يەكۈنلىرى بىلەن، گرېك ئالىمى پېتولمىنىڭ (مىلادىيە II ئەسىردە ياشىغان) «جۇغراپىيە» ناملىق كىتابىنىڭ «سېرىس» دېگەن قىسمىدا Oechordas دەرياسىنى ھەمدە شۇ دەريا بويىدا oikhardai لار ياشايدىغانلىقىنى يازىدۇ. ئەنگلىيە ئالىمى ھېنرى يۇلى يۇقىرىقى «ئۇيغارد دەرياسى تارىم دەرياسىدۇر»، «ئۇيغاردلار ئۇيغۇرلاردۇر» دەپ⑤ قارايدۇ. بەزى ئالىملار يەنە «تارىخىي خاتىرىلەر» ۋە «خەننامە» دە كۆرۈلىدىغان 乌揭 ، 呼揭 ۋە 伊 吾呼 لارنى ئۇيغۇر نامىنىڭ تەلەپپۇز تەرجىمىسى دەپ قارايدۇ. بىز يۇقىرىقىلارغا ئاساسلىنىپ تۇرۇپ، «ئۇيغۇر» نامىنىڭ مىلادىيىدىن ئىلگىرىلا مەۋجۇتلۇقىنى ھەمدە «ئۇيغۇر» دەپ ئاتالغان ئاھالىنىڭ مىلادىيىدىن بۇرۇنلا تەڭرىتاغ ئەتراپىدا ياشىغانلىقى ھەم ھاكىمىيەت قۇرغانلىقىغا ئىشەنچ ھاسىل قىلالايمىز. ئەلۋەتتە بىز شىنجاڭنىڭ مىلادىيىدىن بۇرۇنقى دەۋرگە ئائىت ماتېرىياللارنىڭ كەملىكى، خەنزۇچە كىلاسسىك خاتىرىلەردە شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر ئاھالىلىرىنىڭ مىلادىيىدىن بۇرۇنقى پائالىيىتى ھەققىدە ماتېرىياللارنىڭ بولماسلىقىغا ئاساسلىنىپ تۇرۇپلا يۇقىرىقى رىۋايەت تەمىن ئەتكەن ئۇچۇرلارنى يېنىكلىك بىلەن ئىنكار قىلماسلىقىمىز كېرەك.

مەھمۇد كاشغەرى يۇقىرىقى رىۋايىتىدە ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك كېلىپ چىقىشى ھەققىدە ناھايىتى ئېنىق مەلۇمات قالدۇرۇپ، «تۈرك» ۋە «ئۇيغۇر» نامىنىڭ ئارىسىغا تەئەللۇق بەلگىسى قويىدۇ. ئەسەردە بېرىلگەن بايانلارغا ئاساسلانغاندا، دىنىي ئېتىقادنىڭ ئوخشىماسلىقى تۈپەيلى، خاقانىيىدىكى مۇسۇلمان ئۇيغۇرلارنى «تۈرك» دەپ، ئۇيغۇر (قوچو) ئېلىدىكى بۇددا ۋە باشقا دىندىكى ئۇيغۇرلارنى «ئۇيغۇر» دەپ ئاتىغان، ئەمما مىللەتپەرۋەرلىك نۇقتىسىدىن كۆپ جايلاردا ئۇيغۇرلارغا مەدھىيە ئوقۇغان. مەھمۇد كاشغەرى «ئۇيغۇرلارنىڭ تىلى ساپ تۈركىيچە» دېسە، سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭ «ئالتۇن يارۇغ» تەرجىمىسىدە تىلىنى «تۈرك - ئۇيغۇر» تىلى، «شۈەنجۇاڭنىڭ تەرجىمھالى» دا «تۈرك» تىلى دەپ ئاتايدۇ. يەنە بىر تەرجىمىسىدە «ئون ئۇيغۇر» ئېلىدىكى بەشبالىقلىق سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭ تاۋغاچ تىلىدىن «تۈرك» تىلىغا تەرجىمە قىلغان دېسە، بۇددا دراما ئەسىرى «مايتىرى سىمىت» تەرجىمىسىدىمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ تىلىنى «تۈرك» تىلى دەپ ئاتىغان. مەيلى خاقانىيىدىكى مۇسۇلمان ئۇيغۇرلار بولسۇن (ئۇلار ئۆزلىرى-نى [تۈرك] دەپ ئاتىغان)، ئۇيغۇر (قوچو) ئېلىدىكى بۇددا، مانى، نېستورىيان دىنىدىكى ئۇيغۇرلار بولسۇن دىنى ئېتىقادى ئوخشاش بولمىسىمۇ بىر مىللەت ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلغان. مەھمۇد كاشغەرى خاتىرىلىگەن رىۋايەتتە بولسا ناھايىتى چەبدەس مەرگەن 4000 تۈرك ئەسكىرىنىڭ «ئۇيغۇر» ئاتالغانلىقى ئارقىلىق بۇ ئېتنىك مۇناسىۋەتنى كۆرسىتىپ بەرگەن. ئاتاقلىق خەنزۇ تارىخشۇناس لىن گەن ئەپەندىمۇ «تۈرك تارىخى» ناملىق كىتابىدا «كۆلتېگىن مەڭگۈ تېشى» ھەم «بىلگە خاقان مەڭگۈ تېشى» دىكى

«توقۇز ئوغۇز مەنىڭ بودۇنۇم ئەرتى» دېگەن بايانلىرىغا ئاساسلىنىپ (خەنزۇچىغا 九姓回紇者,吾之同族也 دەپ تەرجىمە قىلىنغان) ۋە باشقا پاكىتلارغا ئاساسەن تارىختىكى تۈركلەر بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ بىر مىللەت ئىكەنلىكىنى يازىدۇ. كىتابىنىڭ 9 - بابىدا «تۈركلەرگە ۋارىسلىق قىلىپ باش كۆتۈرۈپ چىققان تۈركلەر بىلەن بىر مىللەت — ئۇيغۇرلار» دەپ يازىدۇ. جياڭ يىڭلياڭنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرلىكىدىكى «جۇڭگودىكى مىللەتلەر تارىخى» ناملىق 3 توملۇق ئەسەردىمۇ «تۈركلەر بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ بىر مەنبەدىن كېلىپ چىققانلىقى، تۇرالارنىڭ بىر بۆلۈكىنى تەشكىل قىلغانلىقى جەھەتلەردىن مەڭگۈتاشلارنىڭ بايقىلىشى بىلەن مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدىغان شۈبھىسىز جاۋابنى [7]بەردى» دەپ يەنە گۇمان قىلىشقا ئورۇن قالدۇرمايدۇ. ئەمەلىيەتتىمۇ بۇلار بىر مىللەت بولغىنى ئۈچۈن تۈرك خانلىقى يىمىرىلىپ ئۇيغۇر ھاكىمىيىتى تىكلەنسىمۇ خانلىق ئاھالىسى يەنىلا ئۆز تىرىكچىلىكىنى قىلىۋەرگەن، ئەمما ئۇيغۇر ھاكىمىيىتى قىرغىزلار تەرىپىدىن ئاغدۇرۇلغاندا ئوردۇبالىق ئەتراپىدىكى 15 قەبىلە تەخمىنەن 20 تۈمەندىن ئارتۇق ئاھالە ئۇگە تېگىن باشچىلىقىدا تاڭ سۇلالىسى تېرىتورىيىسىگە، مەڭلىك تېگىن باشچىلىقىدا 20 تۈمەن ئەتراپىدىكى ئاھالىگە ئىگە 13 قەبىلە غەربكە كۆچتى، ئۇلار گەنسۇ ئۆلكىسىدىن تۇرپان، قۇمۇل، قاراشەھەر ئەتراپلىرىغىچە چېچىلدى ھەمدە شۇ يەرلىك قېرىنداشلىرى بىلەن ھەمكارلىشىپ گەنجۇ ئۇيغۇر ئېلى (860 - 1028) ۋە ئۇيغۇر (قوچو) ئېلى (848 - 1360) نى بەرپا قىلدى. خېلى كۆپ تارىخچىلارغا «غەربكە كۆچۈش» پەۋقۇلئاددە تەسىر كۆرسەتكىنى ئۈچۈن ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچۈپ شىنجاڭغا كەلگەن دېگەن قاراشنىڭ ئىسكەنجىسىدىن تېخىچە قۇتۇلالمايۋاتىدۇ.

مەھمۇد كاشغەرى خاتىرىلىگەن يۇقىرىقى رىۋايەتتە يەنە «ئۇيغۇر» نامىنىڭ ئېتىمولوگىيىسى ھەققىدىكى يىپ ئۇچىنىمۇ قالدۇرۇپ قويغان بولۇپ، بۇ نام huzhur دىن ئۆزگىرىپ كەلگەن. ناۋادا h تاۋۇشى قوشۇلۇپ قېلىش ھادىسىسىگە ئاساسلىنىپ ئۇنى ئېلىپ تاشلىساق ئۇ چاغدا uzhur بولىدۇ، «z» تاۋۇشى خېلى كۆپ كىشىلەر ئۇنىڭ ئۈستىدىكى چېكىتىگە قارىماستىن «ز» دەپ ئالغىنىدەك بولماستىن d ۋە t تاۋۇشلىرىنىڭ y ۋە z غا ئايلىنىشى داۋامىدىكى ئۆتكۈنچى، «تىل ئۇچى ئالدى جاراڭلىق، پارتىلىغۇچى سىيرىلاڭغۇ تاۋۇش dz[8]» دۇر.

ئاتاقلىق تىلشۇناس مىرسۇلتان ئوسمانوۋ ئەپەندى بۇ تاۋۇش ئۈستىدە ئىزلەنگەن بولۇپ، d تاۋۇشى بىلەن z تاۋۇشىنىڭ تەلەپپۇزىنىڭ پەرقلىقلىقى، d نىڭ بىۋاسىتە y بىلەن نۆۋەتلىشىشى مۇمكىن ئەمەسلىكى، y بىلەن نۆۋەتلىشىشتە ئالدىن z بىلەن نۆۋەتلىشىش لازىملىقىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن:

ئويغات ozqur→ozqar →oyqur

يوق، ئەمەس daq → zaq →

كالا ud ~ uz

ياي، يايماق yaz ~ yat ~ yay

كۈت، كۈتمەك küz ~ küt

z تاۋۇشىنى چىگىل ۋە باشقا تۈركى قەبىلىلەر z تەلەپپۇز قىلسا، ياغما، توخسى، بىرقىسىم قىپچاق، ياباقۇ، تاتار، قاي، چومۇل، ئوغۇز، ئارغۇ ۋە ئۇيغۇرلار «y-s» تەلەپپۇز قىلغان. قىپچاق، بۇلغار ۋە سۇۋار قاتارلىق بىرقىسىم تۈركى خەلقلەر «z - ز» تەلەپپۇز قىلغان. ياڭ فۇشۈ ئەپەندى بولسا قوچو ئۇيغۇرلىرى بىلەن خاقانىيە ئۇيغۇرلىرى تىلىنىڭ پەرقىنى بايان قىلغاندا، z تاۋۇشىنى تاۋۇش پەرقى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا قويۇپ مۇنداق دەيدۇ:

«ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىكى بەزى سۆزلەرنىڭ ئوتتۇرىسى ياكى ئايىقىدا كېلىدىغان ئۇزۇك تاۋۇش d خاقانىيە تىلىدا ( z تاۋۇشىنى ئاشۇ ھەرپ بىلەن ئىپادىلىگەن - غ. ب) ياكى ō بىلەن y بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ. . خاقانىيە تىلىدا ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىنىڭ تىلىدىكى بىرقىسىم سۆز ئارىسى ۋە ياكى ئايىقىدا كۆرۈلىدىغان d تاۋۇشى يەنىلا ساقلاپ قېلىنغان، ئەمما يەنە z ، y مۇ مەۋجۇت. بۇ خاقانىيە تىلىدا بىر قىسىم سۆزلەردىكى d نىڭ تېخى z دىن y غا ئۆزگىرىش جەريانىنى تاماملاپ بولمىغانلىقىنى، شۇنداقلا d تاۋۇشىنىڭ تېخى مۇقىملاشماستىن ئۆزگىرىش جەريانىدا

ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ»[10].

دېمەك، يۇقىرىقىلارغا ئاساسلانغاندا، «ئۇيغۇر» نامىنىڭ ئېتىمولوگىيىسى uyɤur ‹uzɤ&ur‹huzhur جەريانىنى بېسىپ ئۆتكەن بولسا كېرەك، بىز h تاۋۇشىنىڭ قوشۇلۇپ قېلىش ھادىسىسىنى ئويلىشىپ بۇ تاۋۇشنى ئېلىۋەتسەك uzhur بولىدۇ. بىز مەھمۇد كاشغەرى ئېيتقان خ، غ تاۋۇشلىرىنىڭ نۆۋەتلىشىشىنى ھېسابقا ئالساق uzur بولىدۇ. ئۇنداقتا بۇ ئىسىم يەنىلا uz + &ɤur دىن ياسالغان بولىدۇ. « غۇر » بولسا پېئىللارغا قوشۇلۇپ ئىسىم ياسايدىغان قوشۇمچە بولۇپ، « uz » پېئىلىغا قوشۇلۇپ ئىسىم ياسايدۇ. uz نىڭ تېخىمۇ ئىپتىدائىي شەكلىنى ئىزدىسەك z بولسا d نىڭ y غا ئايلىنىشىدىكى ئۆتكۈنچى تاۋۇش ئىكەنلىكىنى ھېسابقا ئالساق uz نىڭ ئىپتىدائىي شەكلى ud بولىدۇ. ud نىڭ «كالا» دېگەن مەنىسى بولغاندىن سىرت يەنە «ئۇتۇش» ، «يېڭىش» دېگەن مەنىلەرگىمۇ ئىگە بولۇپ، «ئۇت» پېئىلىغا «غۇر» قوشۇمچىسى ئۇلىنىش ئارقىلىق «ئۇدغۇر ~ ئۇتغۇر» بولۇپ ئۇنىڭدىن كېيىن «ئۇزغۇر ( uzrur )» ئاندىن «ئۇيغۇر» بولۇپ ئۆزگەرگەن. دېمەك ئۇيغۇر نامى تۇرلۇك مەنىلىرىدىن باشقا يەنە «يېڭىش، يەڭگۈچى» مەنىسىگە ئىگە بولۇپ، يۇقىرىقى رىۋايەتتە بۇ مەنا ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىندىن ئىبارەت دۇنياۋى ئىستىلاچى تىلىدىن جاكارلىنىدۇ. توغرا، بەزىلەر بۇ ئىسىم ئىسكەندەر تىلىدىن بېرىلسە ئۇيغۇر تىلى بويىچە ئانالىز قىلىش توغرىمۇ دېيىشى مۇمكىن، ئەمەلىيەتتە بۇ تارىخىي دەۋرنى كۆرسىتىش ئۈچۈن دۇنيانى زىلزىلىگە سالغان دۇنياۋى ئىستىلاچىغا باغلانغان خالاس.

ئۇيغۇرلارنىڭ يەنە بىر تارىخىي داستانى «ئوغۇزنامە» يەنە بەزى تارىخىي ئۇچۇرلارنى يەتكۈزۈپ بېرىدۇ. داستانىنىڭ ھازىر بايقالغان ئەڭ قەدىمىي نۇسخىسى 13 ـ ئەسىردە قەدىمكى ئۇيغۇر تىل ـ يېزىقىدا قەلەمگە ئېلىنغان بولۇپ، 106 ـ قۇرىدا مۇنداق مەلۇمات بار: «مەن ئۇيغۇرلارنىڭ قاغانىمەن»[13]. «ئوغۇزنامە» ئەپسانە ئارىلاشقان بەدىئىيلىكى يۇقىرى تارىخىي داستان بولۇپ، يۇقىرىقى سۆز ئوغۇزخان تىلىدىن بېرىلگەن. ئوغۇزخانىنىڭ ياشىغان دەۋرى توغرىسىدا ھەرخىل قاراشلار مەۋجۇت بولۇپ، خىۋە خانى ئەبۇلغازى باھادىرخان (1603 ـ 1663) «شەجەرەئى تەراكىمە» ناملىق ئەسىرىدە «ئوغۇزخان پەيغەمبىرىمىزدىن تۆت مىڭ يىل بۇرۇن ئۆتكەن»[11] دېگەن مەلۇماتىغا ئاساسلانساق مۇندىن بەش مىڭ يىل مۇقەددەم بولىدۇ، بۇ يىل دەۋرى خوتەنلىك ئالىم مۆجىزىنىڭ «تەۋارىخى مۇسقىيۇن»[12] دىكى ئەجدادلىرىمىز بۇ زېمىندا ياشاۋاتقىنىغا ئالتە مىڭ يىلدىن ئاشتى دېگەن بايانىغا ياندىشىدۇ. ئىسلام ئەنئەنىسى بويىچە ئەسەر يازغان ئىككى ئالىمنىڭ قانداق تارىخىي پاكىتلارغا ئاساسلىنىپ مۇنداق ھۆكۈم چىقارغانلىقى ھازىرچە بىزگە نامەلۇم.

يەنە بەزى ئالىملارنىڭ پىكرىچە باتۇر تەڭرىقۇت «ئوغۇزخان» نىڭ پروتىپى ياكى ئۆزى ئىكەن. بۇنداق بولغاندا داستان ۋەقەلىكى مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 3 ـ ئەسىرگە تەئەللۇق بولىدۇ. ئومۇمەن داستان ۋەقەلىكىدىن ئالغاندا گەرچە داستان 13 ـ ئەسىردە قەلەمگە ئېلىنغان بولسىمۇ لېكىن ئىنتايىن ئىپتىدائىي. ناۋادا بىز مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 3 ـ ئەسىرگە تەئەللۇق دېگەن قاراشنى ياقلىساق «ئۇيغۇر» نامى يىل دەۋرى جەھەتتىن مەھمۇد كاشغەرى خاتىرىلىگەن ئۇيغۇر رىۋايىتىنىڭ دەۋرى بىلەن يېقىنلايدۇ. ئوغۇزخان گەرچە قارلۇق، قالئاچ، قىپچاق، ساقلاپ دېگەنگە ئوخشاش ئىسىملارنى قويغان بولسىمۇ «ئۇيغۇر» نامىنى قويغىنى ھەققىدە مەلۇمات يوق. ئەكسىچە «ئۇيغۇر» كۈچلۈك بىر سىياسىي ھاكىمىيەتنىڭ نامى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ، ئۇ ھەرگىزمۇ بىرەر قەبىلە ياكى ئۇرۇق نامى سۈپىتىدە زاھىر بولمايدۇ.

يۇقىرىقى رىۋايەت ۋە تارىخىي داستان ئۇيغۇر ئەجداتلارنىڭ قەدىمدە ئۆز ئەۋلاتلىرى ئۈچۈن قالدۇرغان ئۇچۇر بولۇپ، بۇ نامنىڭ كېيىن دېگەندىمۇ مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 4 ـ ئەسىردە مەۋجۇتلۇقىنى، يەنە كېلىپ ئۇلارنىڭ تەڭرىتاغ دائىرىسىدە ھاكىمىيەت قۇرۇپ ئاساسىي ئاھالە بولۇپ ياشاۋاتقانلىقىنى، دۈشمەنلىرىنى يوقاتقان ياكى باش ئەگدۈرگەنلىكى ناھايىتى كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى دېرەكلەيدۇ.

«ئۇيغۇر» نامى مىلادىيىنىڭ بېشىدىن

تاكى 6 - ئەسىرگىچە يەنى تۈرك خانلىقى ئوتتۇرىغا چىققۇچە ناھايىتى ئاز كۆرۈلدى. جۇڭگو مەنبەلىرىدە 韦纥, 袁纥, 呼揭, 乌揭, 乌护 ناملىرىدا ئاندا - ساندا زاھىر بولدى. تۈرك خانلىقى قۇرۇلغاندىن كېيىنلا بۇ نام بىر تۈركۇم ئۆكتىچىلەر سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقتى ھەمدە سىياسىي، تارىخىي جەھەتلەردىن ئۆزىنى نامايەن قىلىشقا باشلىدى. ئۇلار دەسلەپ تۈرك ھاكىمىيىتىدىن مۇستەقىل تۇرۇش ئۈچۈن قارلۇق، باسمىل ۋە سىرتار - دۇشلار بىلەن ئۇرۇشۇپ تۈركلەرگە قارشى كۈرەشلەر قىلدى. گەرچە ئۆز ھاكىمىيىتىنى تىكلەشكە مۇۋەپپەق بولغان بولسىمۇ، كۆپ ھاللاردا تۈركلەرنىڭ كونتروللۇقىدا بولدى. مىلادىيە 740 - يىلىغا كەلگەندە تۈرك ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ مۇستەقىل ئۆز - ئۆزىگە خوجا خاندانلىقىنى قۇرۇپ تۈرك خەلقىنى ئۆز ھاكىمىيىتىگە ئالدى. خاندانلىق كۈچىيىپ شەرقتىكى كۈچلۈك ھاكىمىيەتلەر - نىڭ بىرىگە ئايلاندى. ھەتتا قوشنىسى تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلىشىدىغان دەرىجىگە يەتتى.

مىلادىيە 809 - يىلى ئۇيغۇرلار تاڭ سۇلالىسىگە ئەلچى ئەۋەتىپ «ئۇيغۇر» نامىنىڭ خەنزۇچە تەلەپپۇز تەرجىمىسى 回纥 نى 回鹘 دەپ يېزىشقا ئۆزگەرتىشنى تەلەپ قىلغان ھەمدە شۇنداق يېزىلىدىغان بولغان. ئەمەلىيەتتە 纥 بىلەن 鹘 خېتىنىڭ تەلەپپۇزى ئاساسەن ئوخشاش بولۇپ، مەنە ئېتىبارى بىلەن شۇنداق بولغان، ئۆزگەرگەن شەكلى بويىچە «شۇڭقارغا ئوخشاش جەسۇر ۋە چەۋەر» دېگەن مەنانى ئىپادىلىگەن. بىز بۇنىڭدىن ئەجداتلىرىمىزنىڭ ئۆز نام شۆھرىتىگە ناھايىتى ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالايمىز.

مىلادىيە 840 - يىلى ئۇيغۇر خاندانلىقى تەبىئىي ئاپەت ھەم ئىچكى نىزالار تۈپەيلى ئاجىزلاشقاندا تاڭ سۇلالىسىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشكەن قىرغىزلار تەرىپىدىن ئاغدۇرۇلدى. ئۆگە تېگىن باشچىلىقىدىكى خان ئوردىسى ئەتراپىغا جايلاشقان 13 قەبىلە 2 - 3 يۈزمىڭ ئاھالە سەددىچىن ئىچىگە تاڭ سۇلالىسى تېررىتورىيىسىگە كۆچتى. مەڭلىك تېگىن باشچىلىقىدىكى 13 قەبىلە 20 تۈمەن ئاھالە غەربتىكى قېرىنداشلارنىڭ قېشىغا كۆچتى ھەمدە گەنجۇ ۋە تۇرپاننى مەركەز قىلغان ئىككى ھاكىمىيەتنى قۇرۇپ چىقتى. تۇرپاننى مەركەز قىلغان خاندانلىق «ئۇيغۇر ئېلى» ياكى «ئون ئۇيغۇر ئېلى» دېگەن نام بىلەن تاكى 1360 - يىللارغىچە ھۆكۈم سۈردى. بۇ ھاكىمىيەت كۆپ ھاللاردا «ئۇيغۇر ئېلى» نامى بىلەن يىراق - يېقىنغا تونۇلدى. بۇ تارىخىي دەۋردە غەربىي ئۇيغۇرلار ئۆزلىرى قۇرغان يەنە بىر ھاكىمىيەت «خاقانىيە» مۇ ئوتتۇرا ئاسىيانى زىلزىلىگە سېلىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ كۈچ قۇدرىتىنى نامايەن قىلدى. ئەمما ئۇلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن ئۆزلىرىنى كاپىر ئۇيغۇرلاردىن پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن «تۈرك» دەپ ئاتىۋالدى. خاقانىيە، ئۇيغۇر (قوچو)، گەنجۇ ئۇيغۇر دەۋرلىرىدە ئۇيغۇر مەدەنىيىتىدە زور يۈكسىلىشلەر بولدى.

موڭغۇللارنىڭ قەد كۆتۈرۈش، ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئىشلىرىدا ئۇيغۇرلارنىڭ رولى ئىنتايىن چوڭ بولدى. ئۇيغۇر زىيالىيلىرى موڭغۇل ھۆكۈمدارلىرىغا ئۇستاز بولدى. ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا ئىشتىراك قىلىپ، موڭغۇللارنىڭ قەدىمى يەتكەنلا يەرگە ئۇيغۇرلارنىڭ نامىمۇ تەڭ تارالدى.

خاقانىيىدىكى ئۆزلىرىنى تۈرك دەپ ئاتىۋالغان ئۇيغۇرلار بىلەن ئۇيغۇر (قوچو) ئېلى ئۇيغۇرلىرى بىلەن بولغان ئېدىئولوگىيە - لىك پەرق چىڭگىزخاننىڭ ئەۋلادى توغلۇق تۆمۈرخاننىڭ 1348 - يىلى خانلىق تەختىتە ئولتۇرۇشى ھەمدە ئىسلام دىنىي قوبۇل قىلىپ ئۇيغۇر ۋە موڭغۇل ئاھالىلىرى ئىچىدە زورلۇق كۈچ بىلەن ئىسلام دىنىغا كىرگۈزگىنىدىن كېيىن تەدرىجىي ھالدا «ئۇيغۇر» نامى ئۇنتۇلدى. «ئۇيغۇر» نامىدىن كۆرە ئۆزلىرىنى مۇسۇلمان، «تۇرپانلىق»، «خوتەنلىك»، «قەشقەرلىق»، «لوپلۇق»، «دولانلىق»، «تارانچى»، «قۇمۇللۇق»، «ئاقسۇلۇق»، ئالتە شەھەرلىك دېگەن ناملاردا ئاتاشتى. ئالىم - ئەدىپلەر بولسا تىلىنى بىلدۈرمەكچى بولغىنىدا تۈرك تىلى ياكى تۈركچە دەپ ئاتىدى. نىزامىدىن ئەلشىر نەۋائى ئاندا - ساندا ئۇيغۇر نامىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتتى. مەسىلەن:

«ئۇيغۇر سۆپەتلىك باخشىلار، ئۇيغۇر

مەرتىۋىلىك ياخشىلار» («ۋەقفىنامە»). ئىسلامىيەت ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئومۇملاشقاندىن كېيىنمۇ ئۇيغۇر نامى تارىخىي ئاتالغۇ سۈپىتىدە بىرمەزگىل ئىستېمال قىلىنىدى. بۇنىڭغا مىرزا ھەيدەرنىڭ «تارىخى رەشىدى» دە ئاقسۇنىڭ شەرقىدىكى رايونلارنى «ئۇيغۇرىستان» دەپ ئاتىغانلىقىنى مىسال قىلىش مۇمكىن. ئۇيغۇر نامىنىڭ ئورنىنى «تۈرك» نامىنىڭ ئىگىلىشى ئىسلامىيەتنىڭ ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تامامەن ئومۇملىشىشى بىلەن تاكى مۇشۇ ئەسىرنىڭ (20 - ئەسىرنىڭ) 30 - يىللىرىغىچە داۋام قىلىدۇ. خەنزۇچە ئەسەرلەردىمۇ يۇرتىمىز مۇسۇلمانلار يۇرتى 回部 ، 回疆 دەپ ئاتىلىپ شۇ بويىچە يېزىلغان. ئۇيغۇرلارمۇ دىنىي ئېتىقادىغا ئاساسەن [سەللىلىكلەر] (缠回) (缠头) دەپ ئاتالغان. دېمەك، «ئۇيغۇر» نامى موللا مۇسا سايرامىنىڭ مىلادىيە 1908- يىلى يېزىپ تاماملىغان «تارىخى ھەمىدى» ناملىق كىتابىدا ئاندا - ساندا تىلغا ئېلىنغانلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا 1400 - يىللاردىن 1920 - يىلىغىچە خەلقىمىزنى كۆرسىتىشتىن قالغان، ئۇنداقتا بۇ نام 1920 - يىلى يەنە قانداق پەيدا بولۇپ قالدى؟

20 - ئەسىردە ئىنسانلاردا ئاجايىپ زور ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلدى جۈملىدىن ئۇيغۇرلارغا زور تەسىر كۆرسەتكەن دۇنياۋى جاھانگىر چاررۇسىيە ئاغدۇرۇلۇپ تۇنجى سوتسىيالىستىك دۆلەت سوۋېت سوتسىيالىستىك جۇمھۇرىيەتلەر ئىتتىپاقى بارلىققا كەلدى. فېئودال، يېرىم مۇستەملىكە چىڭ ئىمپېرىيىسى ئاغدۇرۇلۇپ، بۇرژۇئا ئىنقىلابى غەلىبە قىلىپ، جۇڭخۇا مىنگو قۇرۇلدى. بۇ ئىككى يېڭى دۆلەت ئۇيغۇرلارنىڭ ھاياتىغا زور تەسىرلەرنى كۆرسەتتى، بولۇپمۇ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قۇرۇلۇشى ھەمدە ئۇنىڭ تۈركىي خەلقلەرنى ئاساس قىلغان غەربىي تۈركىستان ھاكىمىيىتى ئاستىغا ئېلىپ كەلتۈرگەن بارلىق ئۆزگىرىشلىرى ئۇيغۇرلارغا ئۆز تەسىرىنى كۆرسەتتى. ئۇيغۇر نامىنىڭ قايتا قوللىنىشىمۇ ئەلۋەتتە سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقى قۇرۇلغان دەسلەپكى چاغلاردا ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشايدىغان مۇسۇلمانلارنى جۈملىدىن تۈركىي خەلقلەرنى مىللەتلەر تۈپىگە ئايرىپ ئىدارە قىلىش ئېھتىياجى تۇغۇلدى ۋە مىللەت ئايرىشلار بولدى، شۇ قاتاردا خۇددى گلادنىي «ئۇيغۇرلار يېقىندىن بارلىققا كەلگەن مىللەت گەۋدىسى بولۇپ، ئۇ تەسەۋۋۇر ئىچىدىكى تارىخىي ئەنئەنە ۋە يېقىنقى سىياسىي ئېھتىياج تۈپەيلىدىن يۇرتداشلىقنى بىرىكتۈرۈپ باشقىلار تەرىپىدىن كەشىپ قىلىپ چىقىلغان» [13] دېگىنىدەك مەلۇم پەرقلەرنى ئاساس قىلىپ يېڭى مىللەتلەر دۇنياغا كەلدى، ئۆزبېك ۋە ئۇيغۇردىن ئىبارەت ئىككى نام ئاستىغا جەملەنگەن بىر مىللەتنىڭ ئىككى گەۋدىسى ئەنە شۇ تارىخنىڭ مەھسۇلىدۇر.

«ئۇيغۇر» نامى قانداق قىلىپ قايتىدىن قوللىنىلغان؟ بۇ ھەقتە قازاق ئالىمى ئاكادېمىك ئا. ت. قايداروۋ «1921 - يىلى س. ئې. مالوۋنىڭ تەشەببۇسى بىلەن تاشكەنتتە ئۇيغۇر زىيالىيلىرى قۇرۇلتىيى ئېچىلدى، يىغىن قاتناشقۇچىلىرى ئەزەلدىن مەۋجۇت بولۇپ كېلىۋاتقان «ئۇيغۇر» دېگەن مىللەت نامىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى ھەمدە شىنجاڭدىكى بارلىق ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئورتاق نامى قىلىشنى بىردەك قوللىدى» [11] دەيدۇ. بۇ يىغىن 1921 - يىلى 6 - مايدا ئېچىلغان بولۇپ، شۇ نۇقتىنى ئىلمىي پەرەز قىلىش مۇمكىنكى يىغىندا رۇس شەرقشۇناس ۋە ئۇيغۇرشۇناسلىرىدىن مالوۋ قاتارلىقلار ئۆزلىرىنىڭ 1909 — 1915 - يىللىرى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئېلىپ بارغان تەكشۈرۈشلىرى ئاساسىدا ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى، مەدەنىيىتى، تىلى، يېزىقى، فولوكلورى ھەققىدە بىلىدىغانلىرى ھەم نام - شۆھرىتىدىن پايدىلىنىپ پەقەت ئۆتمۈش يازما يادىكارلىقلىرىدىلا كۆرۈلىدىغان «ئۇيغۇر» نامىنى قايتىدىن ئوتتۇرىغا چىقىرىپ، شەرھىيلەپ يىغىن ئىشتىراكچىلىرىنى قايىل قىلغان. چۈنكى مالوۋ ئاكادېمىك رادلوۋنىڭ شاگىرتى بولۇپ، ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇۋاتقان چېغىدىلا تۈرك تىلى تەتقىقات گۇرۇپپىسىغا قاتناشقان. 1909 - يىلىدىن 1915 - يىلىغىچە بىرقانچە قېتىم ئۇيغۇرلار رايونىغا كېلىپ (گەنسۇدىكى سېرىق ئۇيغۇرلارمۇ بار) تىل ۋە فولېكلورىنى تەكشۈرگەن. 1916 - يىلى

تۈرك فىلولوگىيىسى بويىچە ماگىستىرلىق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. 1917 - يىلىدىن باشلاپ قازان، پېتربورگ، تاشكەنت قاتارلىق جايلاردىكى ئالىي مەكتەپلەردە تۈرك تىل - ئەدەبىياتىدىن دەرس ئۆتكەن ۋە ئۇيغۇرلارغا ئائىت كىتاب، ماقالىلىرىنى ئېلان قىلغان. 1939 - يىلى رۇسىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ مۇخبىر ئاكادېمىكى بولغان.

ئۇيغۇر نامى ئەنە شۇنداق ئوتتۇرىغا قويۇلغان ھەم قانۇنلاشتۇرۇلغان. 1924 - يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئېلىپ بېرىلغان نوپۇس تەكشۈرۈشتىن باشلاپ بۇ نام كۆتۈرۈلۈشكە باشلىغان. ئۇنداقتا بۇ نام قانداقلارچە شىنجاڭدىمۇ ئومۇملاشتى؟ بۇ نام سوۋېت ئىتتىپاقىدا ھاكىمىيەت ئىشلىرىدا قوللىنىش بىلەن بىرگە مەتبۇئات، رادىئولاردا كەڭ كۆلەمدە قوللىنىلغان. مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئۇيغۇرلاردىن سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىققانلارمۇ بۇ قاراشلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان، ئۇ يەرگە ئوقۇشقا چىققان زىيالىيلارمۇ قوبۇل قىلغان ھەم يۇرتلىرىغا قايتقاندىن كېيىن بۇ نام ئۇلار ئارقىلىق تەشۋىق قىلىنغان. مىللەتپەرۋەر زىيالىيلىرىمىزدىن مەمتىلى توختىھاجى ئوغلى تەۋپىقى ۋە ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، نەزەر خوجا ئابدۇسەمەت ئوغلى (ئۇيغۇر بالىسى تەخەللۇسىدا) . . . قاتارلىقلار شۇلارنىڭ جۈملىسىگە كىرىدۇ. بۇ مەسىلىگە قارىتا شۋېتسىيىلىك داڭلىق دىپلومات، ئۇيغۇرشۇناس دوكتور گۇننار ياررىڭ ئەپەندى مۇنداق دەيدۇ: «20 - ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرىنىڭ ئاخىرلىرى شىنجاڭنىڭ جەنۇبىدا «تۈرك» نامىنىڭ ئورنىغا «ئۇيغۇر» نامى دەسسىدى. . . بۇ ئاتالغۇنىڭ تەشەببۇسچىسى س. ئې. مالوۋ» دەيدۇ ھەمدە ئەسەرلىرىدە («قەشقەرگە قايتا سەپەر» گە قاراڭ) «ئۇيغۇر» ئاتالمىسىغا مۇشۇ ئەسىردىكى يېڭى ئاتالغۇ سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلىدۇ.

«ئۇيغۇر» ئاتالغۇسى شىنجاڭدا قاچاندىن باشلاپ قانۇنلىشىپ قوللىنىلدى؟ بۇ ھەقتە تۇرپان ئېكسپېدىتسىيىسىگە قاتناشقان جاسيان لودىرىس «1933 - يىلى شىنجاڭغا كەلگەن سوۋېت دىپلوماتى ئافراسىيۇ شىنجاڭ مىللەتلىرىنى شىڭ شىسەيگە بەرگەن تەكلىپلەر ئىچىدە تارىم ۋادىسىدىكى ئاھالىلەرنى 20 - يىللاردىكى لېنىن ئاساس قىلغان سوۋېت ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقىنىڭ مىللەت تەۋەلىكىنى ئايرىشتىكى تىل - تارىخ فورمۇلىسىغا ئاساسەن «ئۇيغۇر» دەپ ئاتاش تەكلىپىنى بەرگەن بولۇشى مۇمكىن»[15] دەيدۇ. شۇ چاغلاردا قەشقەرنى مەركەز قىلغان ھالدا ئوتتۇرىغا چىققان ئاتالمىش «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» بەلكىم سوۋېت ئىتتىپاقىنى چۆچۈتۈپ قويغان بولۇشى مۇمكىن. ئەينى تارىخىي دەۋردە شېڭ شىسەي ئۆز ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن ستالىندىن ئىبارەت بۇ دۇنياۋى شەخسكە ئۆزىنى سادىق مۇرىت قىلىپ كۆرسەتكەنىدى. سوۋېت ئىتتىپاقىمۇ نۇرغۇن خادىم ئەۋەتىپ ئۇنىڭ ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملىشىگە ياردەم بەردى. شۇ ياردەملەردە «ئۇيغۇر» نامىنى ئىشلىتىش يوليورۇقىنىڭ بولۇشى ئېھتىمالغا يېقىن.

1934 - يىلى جاھانگىرلىككە قارشى ئۇيۇشما قۇرۇلۇپ بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن «چەنتۇ» 缠头 دېگەن نامنى «ئۇيغۇر» دەپ ئۆزگەرتىش 2 - نۆۋەتلىك ئاۋام خەلق قۇرۇلتىيىدا قانۇنلاشتۇرۇلغان. قۇرۇلتايدا 威武儿 (ئالىيجاناپ، جاسارەتلىك ۋە تەڭرىنىڭ ئامراق پەرزەنتى دېگەن مەنىدە) دەپ يېزىشمۇ لاھىيە سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چۈشكەن. بورھان شەھىدى «شىنجاڭنىڭ 50 يىلى» ناملىق ئەسىرىدە «مەن يۇۋېنبىن بىلەن مەسلىھەت قىلىشىپ 维吾尔 دەپ يازايلى دېيىشكەنىدۇق. ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ يىغىنىدا سۇنۇپ ماقۇللاتقاندىن كېيىن ئۇيغۇرلارنىڭ نامىنىڭ رەسمىي يازما شەكلى قىلىنغانىدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۇ بارا - بارا كەڭ قوللىنىلدى»[16] دەپ يازىدۇ. 维吾尔 تەرجىمىسىدە «维 ھىمايە قىلىش، 吾 بىز، 尔 باشقىلار دېگەن مەنىنى ئۇقتۇرىدۇ»[17]. دېمەك، سوۋېت ئىتتىپاقىدا قايتىدىن دۇنياغا كەلگەن بۇ نام 1934- يىلى ئېچىلغان قۇرۇلتايدا قانۇنىيلىشىپ قايتىدىن قوللىنىلىدۇ. شۇ قېتىمقى قۇرۇلتايدا يەنە «بۇلۇت» نامى ئورنىغا «قىرغىز»، «نوغاي» ئورنىغا «تاتار»، «خىتاي» ئورنىغا «جۇڭگو» دەپ ئاتاش بېكىتىلگەن.

مىللىتىمىزنىڭ نامى ئەنە شۇنداق تارىخىي كەچمىشلەرنى باشتىن كەچۈرۈپ، 1921 - يىلى 6 - مايدا تاشكەنتتە رۇس شەرقشۇناسلىرىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن ماقۇللىنىپ ھەم قانۇنلىشىپ ئومۇملاشتى، 1924 - يىلى نوپۇس تەكشۈرۈشتە شۇ نام قوللىنىلدى، «ئۆزبېك» نامىمۇ 1926 - يىلىدىن ئىلگىرى ئاندا - ساندا قوللىنىلاتتى، شۇندىن باشلاپ مىللەت نامى سۈپىتىدە زاھىر بولدى. شىنجاڭدا بولسا شېڭ شىسەينىڭ مۇستەبىت ھاكىمىيىتى باشلانغاندىن كېيىن سوۋېت مەسلىھەتچىلىرى تەرىپىدىن «ئۇيغۇر» نامىنى قوللىنىش تەكلىپى ئارقىسىدا 2 - قېتىملىق ئاۋام خەلق قۇرۇلتىيىدا ماقۇللىنىپ كەڭ كۆلەمدە ئومۇملاشتۇرۇلغان. سوۋېت خادىملىرىنىڭ شىنجاڭدا خىزمەت قىلىشى، نەشر بۇيۇملىرىنىڭ شىنجاڭدا تارقىلىشى، ياشلارنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئوقۇشقا چىقىشى ھەممە بۇ نامنىڭ يازما يادىكارلىقلاردا كۆرۈلۈشى «ئۇيغۇر» نامىنىڭ ئومۇملىشىشىدا تۈرتكىلىك رول ئوينىغان.

ئىزاھلار:


①② مەھمۇت كاشغەرى «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ئۇيغۇرچە 1980 - يىلى نەشرى 1 - توم 151 -، 152 -، 153 - بەتلەر

③④ لىيۇيىتاڭ «ئۇيغۇرلار ھەققىدە تەتقىقات» تەيۋەن جېڭجوڭ كىتاپچىلىق مەھكىمىسى 1977 - يىلى خەنزۇچە نەشرى 27 -، 11 - بەتلەر

⑤ «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1990 - يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى 50 - بەت

⑥ لىن گەن «تۈرك تارىخى» ئىچكى موڭغۇل خەلق نەشرىياتى 1988 - يىلى خەنزۇچە نەشرى 8 -، 180 - بەتلەر

⑦ جياڭ يىڭلياڭنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرلىكىدىكى «جوڭگودىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى» مىللەتلەر نەشرىياتى 1993 - يىلى خەنزۇچە نەشرى 2 - توم 63 - بەت

⑧ مىرسۇلتان ئوسمانوۋ «9 - ئەسىر ئوتتۇرا تۈركى تىل يادىكارلىقلىرىدىكى z ھەرپى ۋە ئۇ ئىپادە قىلغان تاۋۇش توغرىسىدا مۇلاھىزە» «ئۇيغۇر تىلى مەسىلىلىرى» شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق تىل - يېزىق خىزمىتى كومىتېتى 1984 - يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى

⑨ دېڭ خاۋ، ياڭ فۇشۆ «غەربىي دىيار ۋە دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان ئۇيغۇر يېزىقىدىكى يادىكارلىقلارنىڭ تىلى ئۈستىدە تەتقىقات» گەنسۇ مەدەنىيەت نەشرىياتى 2000 - يىلى خەنزۇچە نەشرى 173 - بەت

⑩ «ئوغۇزنامە» مىللەتلەر نەشرىياتى 1980 - يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى 30 - بەت

⑪ «بۇلاق» 1999 - يىل 3 - سان ژۇرنال 116 - بەت

⑫ موللا ئىسمەتۇللا موللا نېمەتۇللا مۆجىزى «تەۋارىخى مۇسىقىيۇن» مىللەتلەر نەشرىياتى 1982 - يىل ئۇيغۇرچە نەشرى 51 - بەت

⑬ گلاندنىي «ئۇيغۇرلارنىڭ كېلىپ چىقىشى» «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاخباراتى» 1992 - يىل خەنزۇچە 5 - سان 11 - بەت

⑭ «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنىستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1993 - يىل ئۇيغۇرچە 4 - سان 75 - بەت

⑮ گۇننار ياررىڭ «شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرى ۋە شىۋىتسىيە» ، «تۈركى تىللار تەتقىقات خەۋىرى» ژۇرنىلى 1994 - يىل 3 - 4 - سان 14 - بەت

⑯ بورھان شەھىدى «شىنجاڭنىڭ 50 يىلى» مىللەتلەر نەشرىياتى 1986. يىل 5. ئاي ئۇيغۇرچە نەشرى 528 - 529. بەت

⑰ «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى 28» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1990 - يىل ئۇيغۇرچە نەشرى 374 - بەت


(ئاپتور شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق تېلېگراف شىركىتى چاقىلىق ناھىيىلىك شۆبە شىركىتىدە)

تەھرىرلىگۈچى: ئەركىن ئىمىنىياز قۇتلۇق

# ئالدى قوش ( 前姑师 ) شەھىرى — يارغول قەدىمكى شەھىرىمۇ؟

ئابابەكرى ئىبراھىم

خەنزۇچە تارىخىي مەنبەلەردە , 前姑师 姑师 , 姑思 (غۇز، قوش) دېگەن قەدىمكى ئەل نامى بار.

بۇ نام ئۇيغۇرچە ئىلمىي ماقالىلاردا، ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنغان كىتاپ ۋە ئەسەرلەردە غۇز، قوش، قوس، گوس، گوشى. . . دەپ ئاتالماقتا، يەنە ئالدى قوش، ئالدى قاڭقىل دېگەن ناملارمۇ بار. قەدىمكى قوش ئېلىنىڭ تارىخى ھەققىدە ئەڭ بۇرۇن چۇنچيۇ، جەنگو سۇلالىسى (مىلادىيىدىن ئىلگىرى 476 - يىللار) تارىخ نامىلىرىدا پۈتۈلگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا «كۇسو، كوسا، كۇشا، . . .» دەپ ئېلىنغان. (چىيەن بوچۈەن — شىنجاڭدىكى مىللەتلەر تارىخى 9-بەت) . خەن سۇلالىسى يىلنامىلىرىدا: گوشى، گوس، ئالدى قوس، ئارقا قوش دەپ يېزىلغان. بۇ قەدىمكى ئەل نامى ۋېي سۇلالىسى دەۋرىگىچە (265 — 220) ئۇچرايدۇ.

قەدىمكى قوش ئېلىنىڭ بىر قانچە ئاتىلىشى دۆلىتىمىزنىڭ قەدىمكى تارىخچىلىرىنىڭ ھەر قايسى دەۋرلەردە ئاھاڭ تەرجىمىسىنى ئوخشاشمىغان خەتلەر بىلەن ئىپادىلىشى بولۇپ، شۇ مەنبەلەردىكى ئاھاڭ تەرجىمىسىنى ئۇيغۇرچىغا قايتا ئاھاڭ تەرجىمە قىلىش بىلەن بارلىققا كەلگەن. قوش ئېلىنىڭ مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى مەركىزىي قەلئەسى توغرىسىدا مەن ئېنىقلىما خاراكتېرىدىكى ماقالىنى تېخىچە ئوقۇشقا مۇيەسسەر بولالمىدىم. قەدىمكى قوش ئېلىنىڭ مەركىزىي ۋە ئالدى قوش ئېلى توغرىسىدا يازما تارىخىي مەنبە، ئارخېئولوگىيىلىك پاكىت، جۇغراپىيىلىك دەلىللەرنى سېلىشتۇرۇش ئاساسىدىكى ئىزدىنىشىم بىلەن «قوش نامى» نىڭ ئېتىمولوگىيىسى ھەققىدىكى قىسقىچە مۇلاھىزەمنى كەسپداشلار، ئوقۇرمەنلەرگە سۇنماقچىمەن.

خەنزۇچىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنغان تارىخقا ئائىت كىتابلاردا، ئىلمىي ماقالىلاردا، بىۋاستە ئۇيغۇر تىلدا يېزىلغان كىتاپ ۋە ئىلمىي ماقالىلاردا قەدىمكى قوش ئېلى تىلغا ئېلىنىسىمۇ، لېكىن ماڭا قوش ئېلى كېيىن نىمىشقا ( 前姑师 ) ئالدى قوش دەپ ئاتالدى؟ دېگەندەك مۇھىم ئىلمىي مەسىلىلەردىن يانداپ ئۆتۈپ كېتىلگەندەك بىلىنىپ تۇرىۋاتىدۇ. تولۇق پاكىتلىق ئېنىقلىما يوق ئەھۋال ئاستىدا ئالدى قوش ئېلىنىڭ ئورنى بەزى كىشىلەر تەرىپىدىن قىسمەن مۇئەييەنلەشتۇرۇلدى.

«شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى» دا «قوش دۆلىتى» توغرىسىدا توختالمايلا — ئارقا قوش (ئارقا قاڭقىل) تىلغا ئېلىنىپ، ئورنى جىمساردا دېيىلگەن. يولداش ئەنۋەر بايتور بىلەن خەيرىنىسا يازغان «شىنجاڭدىكى مىللەتلەر تارىخى» دا ئون يەردە (194- بەتتىن 199- بەتكىچە) قوش دۆلىتى توغرىلىق 4 قېتىملىق مۇھىم تارىخىي پاكىتلار سۆزلەنگەن. شۇنداقتىمۇ قوشنىڭ ئورنى توغرىسىدا ئېنىق خۇلاسە يوق. يولداش ليو زىشاۋ «ئۇيغۇر تارىخى» دا (183- بەتتىن 204- بەتكىچە) 7 ئورۇندا جۇشى، ئالدى جۇشى توغرىسىدا ۋە جۇشى خەلقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بىر مۇنچە تارىخىي پاكىتلار سۆزلەنگەن. ئاخىرىدا «تاڭ سۇلالىسى كونا تارىخى» دىن نەقىل ئېلىپ، «جىياۋخې (يارغول) دېگەن جاي جەنۇبىي جۇشىنىڭ تەختىگاھى ئىدى» دەپ يازىدۇ. (بۇ نەقىلنىڭ ئەسلى مەنبىئى «ۋېينامە» ) دە. دوەنلىيەنچىن ئەپەندىمۇ «دېڭلىڭلار، قاڭقىلار، تۇرالار» دا «ۋېينامە» دىن نەقىل ئېلىپ، «ئالدى قوش — يارغول شەھىرى» دە دەپ قارايدۇ، لېكىن قوش دۆلىتى توغرىسىدا تەپسىلىي توختالمايدۇ. تارىخچى چيەن بوچۈەن ئەپەندى «شىنجاڭدىكى مىللەتلەر تارىخى» دا قوش، ئالدى قوش، ئارقا قوش توغرىسىدا (29- بەتتىن 89- بەتكىچە) 20 نەچچە يەردە مۇھىم بايانلارنى بەرگەن بولسىمۇ، «قوش» نىڭ ئورنى توغرىسىدا ئېنىق مەلۇمات بەرمەي ئۆتۈپ كېتىدۇ. ئەمما 54- بەتتە ئەڭ مۇھىم تارىخىي پاكىتنى «قوس ھېسيارلىقى» بىلەن «قوش» نىڭ مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 98- يىلى (ئىلگىرىكى) ، ئارقا (كېيىنكى) بۆلەكلەرگە ئايرىلغانلىقىنى، ئايرىلىش سەۋەبلىرىنى ئارقا قوشقا تەۋە شەھەرلەرنى بايان قىلىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا ئۇيغۇر تارىخىغا

ئائىت كىتاپ (تەرجىمە)، تەتقىقات ماماللاردا، مۇناۋەتلىك ئىلمىي ماقالىلاردا «ئالدى (ئىلگىرىكى) قوش» يارغول دېگەن كۆز قاراشقا يانداش هالدا ئىپادە قىلىنىپ كېلىۋاتىدۇ. ئارقا قوش تۇغرىسىدىكى كۆز قاراش تارىخىي يازما مەنبەنى ئۆزىگە يېتەكچى، ئارخېئولوگىيىلىك پاكىتنى ئاساس قىلىپ، ئېنىقلىق دەرىجىسى خېلى مۇكەممەل هالەتكە يەتكەن. بۇنىڭ بىلەن ئارقا قوش بۆلۈنۈشتىن ئىلگىرى ئەسلىدە ئالدى قوشقا تەۋە ئىكەنلىكى تېخىمۇ روشەنلەشتى. «كېيىنكى خەننامە» دە «قوش دۆلىتىنىڭ تەۋەلىكىدە ئالتە بەگ بالىق بار» لىقى (شۇ كىتاب 307- بەت)، ئۇ بەگ - بالىقلار «بىلو، بارسكۆل، شەرقىي جۈمى، يىجى، ئىلگىرىكى قوش، كېيىنكى قوش» لاردىن ئىبارەتلىكى، (شۇ كىتاپ 323- بەت) زىكرى قىلىنغان. بۇنىڭدىن مەلۇم بولىدۇكى، «كېيىنكى قوش — ئىلگىرىكى قوش» نىڭ بىر بەگ بالىقى. ئورنى تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدا. قوش زادى قەيەردە؟ يارغول شەهىرى ئالدى قوشنىڭ مەركىزىمۇ؟ تارىخىي تەتقىقاتتا بەزى كونكرېت تارىخىي ئورۇن، تارىخىي هادىسىلەر، ۋەقەلەردە نوپۇسلۇقلارنىڭ قارىشىغا مايىل بولۇش كۆز قارىشى بەزى ئىلمىي ئەمگەكلەردە ئاندا - مۇندا ئەكس ئېتىپ قالىدۇ، شۇ سەۋەبلىك مۇئەييەن خاتالىقلار كېلىپ چىقىدۇ. مېنىڭچە، بۇ خاتالىقلارنى يازما مەنبە بىلەن قەدىمكى مەدەنىيەت يادىكارلىق ئىزىنى بىرلەشتۈرۈش-تەك ئىلمىي خۇلاسە بىلەن تۈزۈتۈپ، تارىخنىڭ چىن - ئەينەنلىكىنى ئەكس ئەتتۈرۈش لازىم.

«مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 108- يىلى غەربىي خەن سۇلالىسى جاۋ فونۇننى ۋە ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى ۋاڭ خۈي سانغۇننى ئەۋەتىپ، روران (كىروران) نى ئىگىلەپ، ئاندى شىمالغا يۈرۈش قىلىپ، هۇنلارغا ياردەملەشكەن قوش دۆلىتىگە هۇجۇم قىلدى» (ئە. بايتۇر — «شىنجاڭدىكى مىللەتلەر تارىخى» 194- بەت). غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدە كىرورانىنىڭ شىمالىدا—تۇرپان رايونىدا «قوش دۆلىتى» بار دەپ تۇرايلى.

«كېيىنكى خەننامە» دە ئالدى (ئىلگىرىكى) قوشنىڭ ئاهالىسى «4000، نوپۇسى 15 مىڭ، پەيتەخت (لوياڭ) بىلەن ئارىلىقى 9120 چاقىرىم»، «دورغا مەهكىمىسى (ئورنى هازىرقى لۈكچۈن) بىلەن ئارىلىقى 80 چاقىرىم» (شۇ كىتاپ ئۇيغۇرچە 526 — 552 بەتلەر) دېيىلگەن. قوش دۆلىتىنىڭ غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدە تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ئېتەكلىرىگىچە كېڭەيگەنلىكىنى «خەننامە» دىكى «ئالدى قوش ئاهالىسى 700، نوپۇسى 6050» دېگەن مەلۇماتتىن ئېنىق كۆرۈۋېلىش-قا بولىدۇ. ئالدى قوش شەهىرىنىڭ ئورنى يارغول بولىدىغان بولسا، لۈكچۈن بىلەن يارغول قەدىمكى شەهىرىنىڭ ئارىلىقى تەخمىنەن 230 چاقىرىم كېلىدۇ. خەن سۇلالىسى بىلەن هۇنلارنىڭ «قوش» نى تالىشىش ئۇرۇشى مىلادىيىدىن 150 يىل ئىلگىرى باشلىنىپ، هۇنلار غەربكە كۆچكەن (مىلادىيە 90- يىلى) گە قەدەر بىر قانچە قېتىم يۈز بەرگەن. تۇرپاندىكى يارغول قەدىمكى شەهىرى بىلەن لۈكچۈننىڭ ئارىلىقىنى خاتا هېسابلاپ، 80 چاقىرىم يازغان دەپ هۆددىسىدىن چىقالمايمىز. مانا بۇ مۇساپە يارغولنىڭ قەدىمكى قوش شەهىرىنىڭ ئۆزى ئەمەسلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغان ئەڭ مۇهىم دەلىل.

چيەن بوچۈەن ئەپەندى ئېيتقان «قوش هىسيارلىقى» نىڭ دورغا مەهكىمىسى تۇرغان لۈكچۈن بىلەن ئارىلىقى دەل 80 چاقىرىم كېلىدۇ. «كېيىنكى خەننامە»، «گىڭ يەنىنىڭ تەرجىمىهالى» دا مىلادىيە 76- يىلى 1- ئايدا ئۇلار (خەن قوشۇنلىرى) لۈكچۈنگە توپلىشىپ، قوشقا زەربە بەردى ۋە يارغول شەهىرىگە هۇجۇم قىلىپ، 3800 ئادەمنىڭ كاللىسىنى ئالدى. (شۇ كىتاپ 18- جلد 195- بەت) دېيىلگەن. هالبۇكى مېنىڭچە، بۇ يەردە، قوش ئايرىم دۆلەت نامىنى، يارغول بولسا قوشقا قاراشلىق بىر شەهەرنىڭ نامىنى كۆرسىتىشى مۇمكىن. بىز يۇقىرىقى يازما مەنبە بايانلىرىدىن باشقا، تارىخىي كىتاپلاردىن خەن جاۋدى دەۋرىدە قوش ئېلى تەۋەلىكىدە، هۇنلارنىڭ 4000 دىن ئارتۇق ئەسكىرى تۇرغانلىقىنى، كېيىنچە شەرقىي خەن سۇلالىسى 150 مىڭ ئەسكەر بىلەن هۇنلارغا زەربە بېرىپ، قوشنى هۇنلاردىن تارتىۋالغانلى-قىنى ئۇچرىتىمىز. يارغولنىڭ ئەينى چاغدا هەربى گازارما بولغانلىقىنى يەر شەكلىدىن ئىسپاتلاشقا بولىدۇ. بىز يۇقىرىدا مەۋھۇم ئۇقۇملار ئاساسىدىكى دەلىللەرنى شىپى كەلتۈردۇق. تارىختىكى شەهەر دۆلەتلىرىنىڭ ئورنى توغرىسىدا جۇغراپىيىلىك ئىسپات بېرىش تېخىمۇ مۇهىم پاكىت. «تارىخنامە. پەرغانە تەزكىرىسى» دە «كىروران»، گوس (古思 شەهەرلىرىنىڭ) قەلئە سېپىللىرى بار. ئورنى تۇزلۇق كۆل ئەتراپىدا، شور سازلىقتا يېقىن» (شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى «ئۇيغۇرچە 1990- يىلى 1- سان. مىياۋ پۇشېڭ). بۇ نەقىل جاڭ چيەننىڭ دوكلاتىنى مەنبە قىلغان تارىخنامەدىن ئېلىنغان. خوش،

ئۇنداقتا قەدىمكى قوش دۆلىتىنىڭ تەختىگاھى يارغول دېسەك جۇغراپىيىلىك ئورنى قىلچە ماس كەلمەيدۇ. يارغول قەدىمكى شەھىرىنىڭ ئەتراپىدا تۇزلۇق كۆل يوق، ئازغىنە سازلىق بار، شورلۇق يوق. ئىككى يارنىڭ ئوتتۇرىسىدا خۇددى ئارالدەك جايلاشقان. بۇنى تۆۋەندە دەلىللەيمىز. ئالدى قوش ئىلگىرى ئېلىمىزدىكى ئالىم، تەتقىقاتچى، ئارخېئولوگلارنىڭ دىققىتىنى ئانچە تارتمىغان ئىدى. بۇ تۇرپاندىكى قەدىمىي ئىزلارنىڭ كۆپ بولغانلىقىدىنمۇ؟ مېنىڭچە قەدىمكى قوش شەھەر دۆلىتىنىڭ خارابە ئىزى — ھازىرقى خەرىتىدىكى شىمالىي مېرىدىئان 89 37m شىمالىي پاراللېل 37،5m 42 تا (يەنى ھازىرقى پىچان ناھىيە دالانكارىز يېزىسىنىڭ جەنۇبىدا) بولۇپ، يەرلىك خەلق بۇ خارابە ئىزنى «ھاسا شەھىرى» دەپ ئاتايدۇ. «ھاسا شەھەر» خارابىسى — «چوڭ ھاسا» — «كىچىك ھاسا» دەپ ئاتىلىدۇ. ھاسا سۆزى — ھىسيار سۆزىدىن فونېتىكىلىق ئۆزگىرىش ياساش ئارقىلىق بارلىققا كەلگەن. بۇ ئىككى شەھەر خارابە ئىزىنىڭ ئارىلىقى 2 كىلومېتىر ئەتراپىدا. چوڭ ھاسارنىڭ خارابە كۆلىمى تەخمىنەن 6000 كۋادرات مېتىر. كىچىك ھاسارنىڭ خارابە ئىزى تەخمىنەن 1000 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ. چوڭ ھاسار شەھەر خارابىسىنىڭ شەرقىي جەنۇب تەرىپىدە ساپال خۇمدىنىنىڭ ئىزناسى بار. قۇم ئارىلاشتۇرۇپ ياسالغان قىزىل ساپال پارچىلىرىنى ھەر قاچان ئۇچراتقىلى بولىدۇ. بۇ ساپال بۇيۇملارنىڭ ئالاھىدە يۇقىرى ھارارەتتە پىشۇرۇلىدىغانلىقىنى كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەس. قەدىمكى قوش شەھەر خارابىسىنىڭ جەنۇبىدا غەربتىن شەرققە، توقسۇندىن دىغار يېزا دىغار كەنتكە قەدەر تەبىئىي تۇزلۇق بار. بۇ 2 مىڭ يىللاردىن ئىلگىرىكى تۇزلۇق كۆلنىڭ ئەمەلىي شاھىدى. تۇرپان رايونىنىڭ يازدىكى ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرىسى 49℃ بولۇپ، سۇنىڭ يىللىق پارغا ئايلىنىش مىقدارى 3040 مىللىمېتىر. ھۆل يېغىن بەكمۇ ئاز. قوش ئېلىنىڭ يېنىدىكى تۇزلۇق كۆل — توقسۇن تەۋەسىدىكى 9 دەرياني، تۇرپان تەۋەسىدىكى 6 دەريا، پىچان تەۋەسىدىكى 3 دەريا (ئۆستەڭ) نى ئاساس قىلاتتى. بۇ دەريالارنىڭ يۇقىرى ئېقىنلىرىدىلا ئاھالە ئولتۇراقلىشىپ سۇنى توسۇۋېلىپ، كۆلگە قويۇلىدىغان سۇ بولمىغانلىقتىن، تۇزلۇق كۆلنىڭ سۈيى پارغا ئايلىنىۋېرىپ، تەبىئىي تۇزلۇققا ئايلانغان. كۆل ساھىلىدىكى سازلىقلار قۇرۇپ، كۆز يەتكۈسىز دەشت جاڭگالغا ئايلانغان. بۇ جايلاردىكى قومۇش يىلتىزلىرى بۇنىڭ ئەمەلىي ئارخېئولوگىيىسىدۇر. ئارخېئولوگىيىلىك قېزىشتا ئايدىڭكۆل (يېزا) قەدىمكى قەبرىستانلىقلىرىدىن «بىر تاش ئورچۇق، بىر دانە ساپال ئورچۇق» قېزىۋېلىنغان. يېڭى سۇلالىسى دەۋرى «مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 11- ئەسىردىن 1- ئەسىرگە تەۋە» لىكى («مەدەنىيەت يادىكارلىقى ژۇرنىلى» 1997- يىلى 3-، 4- سان) ئېنىقلاندى. يەنە بىر پاكىت: بۇ خارابىدىكى كېسەكلەر مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 3- ئەسىرگە تەۋە خوتەن ۋىلايىتىنىڭ لوپ ناھىيىسىدىكى قەدىمكى ئاق سىپىل شەھىرىنىڭ كېسەكلىرىگە ئوخشاش (0.11 × 0.22 × 0.48 مېتىر ۋە 0.12 × 0.24 × 0.5 مېتىر كېلىدۇ). بۇنى ئارخېئولوگ ئا. خوجا ئىسپاتلاپ چىققان. بىز بۇ تېپىلمىلاردىن شۇنى مۆئەييەنلەشتۈرەلەيمىزكى، قەدىمكى شەھەر خارابىسى غەربىي خەن سۇلالىسىدىن ئىلگىرىلا مەۋجۇت بولغان. چىيەن بوچۈەن ئەپەندى «شىنجاڭدىكى مىللەتلەر تارىخى» دا تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى «بەگ بالىقلار» دا ئۇدۇندىن باشقا تۇرپان ئويمانلىقىدا قوسلار بولۇپ، بەگلىرىنىڭ فامىلىلىرىمۇ قوس ئىدى» دەيدۇ (شۇ كىتاپ 29- بەت). ئۇ قوسلار ۋە باشقا جايلاردىكى قوۋملارنىڭ «چىن سۇلالىسىدىن ئىلگىرىلا» (مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 206 — 221- يىللار) شۇ جايلاردا ياشىغانلىقىنى مۆئەييەنلەشتۈرىدۇ.

شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈش زۆرۈركى، «خەننامە»، «كېيىنكى خەننامە» لەردە قوش ۋە ئارقا قوش، ئالدىنقى قوش توغرىسىدا ئالاھىدە توختالغان. جياۋ خې — 交河 يارغول توغرىسىدا مەلۇمات يوق، لېكىن «ۋېينامە» دە «قوش تەختىگاھ» دېيىلگەن. خەن يىلنامىلىرىدا «ئالدى قوس، ئارقا قوس، قوس كاھبەگلىگى (قوچو) ئارقا قوس بەگ بالىقلىرى ئايرىم - ئايرىم تىلغا ئېلىنغان. «شۇ ۋاقىتتىكى ئادەم سانىدىن قارىغاندىمۇ (خەننامە 931 — 926- بەتلەر) ئالدى قوستا 700 تۈتۈن 6050 نوپۇس بولغان»، «كېيىنكى خەننامىدە ئالدى قوستا 1500 تۈتۈن 4000 ئاھالە» بولۇشى ئارقا قوستىن (شەرقىي خەن دەۋرىدىن) ئاھالىنىڭ زور كۆلەمدە كۆچۈپ، ئارقا قوسقا كەتكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

قەدىمكى قوش — ئالدى قوش شەھىرىنىڭ ئورنى — تۇرپان ئويمانلىقىنىڭ مەركىزى — دېڭىز يۈزىدىن 154 مېتىر تۆۋەن ئورۇندىكى ئايدىڭكۆلنىڭ شەرقىي شىمال تەرىپىگە جايلاشقان. تەڭرىتاغدىن

كىلىدىغان 18 دەريا (ئۆستەڭ) سۈيى مۇشۇ كۆلگە قۇيۇلاتتى. بۇ دەريا دېلتىلىرىدا قەدىمكى مەدەنىيەت خارابە ئىزلىرى نۇرغۇن بولۇپ، ھازىرغىچە خەلق ئېغىزىدا خارابە ئىزلىرىدىن پاقىلىق، قۇتانتۇر، قوش شەھىرى، ھاسا قوش شەھىرى قاتارلىقلار بار. قوشلار مىلادىيىدىن خېلى ئىلگىرىلا، بۇ كۆل ۋادىسىدا بىر قانچە شەھەرنى بەرپا قىلىپ، ئۇۋچىلىق، بېلىق تۇتۇش، چارۋا بېقىش، دېھقانچىلىق قىلىش بىلەن تىرىكچىلىك قىلغان. نوپۇسىنىڭ كۆپىيىشى بىلەن سۇ مەنبەلىرىنى ياقىلاپ كۆچكەن ھەم ئولتۇراقلاشقان. چارۋىچىلىقنى ئاساسىي تىرىكچىلىك ۋاسىتىسى قىلغانلىرى تۇرپاننىڭ يازدىكى ئىسسىق ھاۋاسىدىن چارۋىلارنى قاچۇرۇپ، تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ئېتەكلىرىگىچە چىقىپ، ماللارنى يايلاتقان. چارۋىچىلىق ۋە تېرىمچىلىقنى بىرلەشتۈرگەنلەر تاغنىڭ شىمالىدىن كەلمەي، ئارقا قوش دۆلىتىنىڭ قورۇلۇشلىرىغا ئاساس سالغان. «قوش» سۆزىنىڭ ئېتىمولوگىيىسى جەھەتتە پاكىت كۆرسىتىش ئارقىلىق يارغولنى ئالدى قوشنىڭ ئۆزى شۇ دېيەلمەيمىز. «قوش» سۆزىنىڭ لۇغەت مەنىسى ئېنىق. كۆپ سۆزلەش بىھاجەت! تىلىمىزدا قانداق نەرسە قوش بولىدۇ؟ بۇ ئەجدادلار قورغان شەھەرلىرىگە قارىتا قويۇلغان نامدۇر. ئالدى قوش دۆلىتى تەۋەلىكىدىكى قەدىمكى شەھەر خارابىلىرىنىڭ جايلىشىشىدىنلا چىقىپ تۇرىدۇ.

| شەھەر نامى | ھازىرقى خەرىتىدىكى ئورنى | |
|---|---|---|
| پاقىلىق: | 42˚C51. 47s | 89˚C5. 31s |
| قوتانتۇر① | 42˚C5. 22s | 88˚C54. 38s |
| قوڭتانتۇر② | 42˚C53. 25s | 88˚C55m |
| كىچىك ھاسار | 42˚C36m21s | 89˚C38m44s |
| چوڭ ھاسار | 42˚C46m36s | 88˚C55m |

تارىختىكى بۇ شەھەر ئۆزىگە نىسبەتەن يەككە بولغانلىقى بىلەن ئارىلىق جەھەتتىن قوش كىبىزەككە، قوش كالىغا ئوخشايدۇ، شۇڭا كىشىلەر قوش دەپ ئاتىغان. بەزى تەتقىقاتچىلار قوشلىقلارنى «قوش قۇيار» دەپمۇ ئاتايدۇ. قەدىمكى يەرناملىرى كۆپ ھاللاردا جۇغراپىيىلىك ئورنى ۋە ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكلەرگە قارىتا ۋە ياكى شۇ جايدا ياشىغان قوۋملارنىڭ ئىسىملىرى بىلەن قويۇلغان، ياكوب گرىم «بىر مىللەتنىڭ تىلى ئۆز نۆۋىتىدە شۇ مىللەتنىڭ تارىخىدۇر» (تەكلىماكانغا دۇملەنگەن روھ 215- بەت) دەيدۇ. بىراق تارىخىي مەنبەلەردىكى «故师 قوش خانى، ھۇنلارنىڭ شەرقىي خانلىرىدىن بىرى» (خەننامە 2 توم 3790- بەت خەننامە 770- بەت 140 ئىزاھ) يەنى مىلادىيە 1- ئەسىرلەردە «غەربىي ھۇن خانى — 胡 خو شى شى سوقۇت» — نىڭ نامىمۇ قوش بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكى ئېنىق.

مەن 1997- يىلى 7- ئايدا قوچو - دۇنخۇاڭ كارۋان يولى تەتقىقاتى بويىچە ئەمەلىي تەكشۈرۈش ئۈچۈن كەلگەن جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى چېگرا رايونلار ئارخېئولوگىيە تەتقىقات مەركىزىنىڭ دوكتورى يۇ شىنخۇا( 王新华 ) ئەپەندىگە قوش ھەققىدە بىر قانچە يىللىق ئىزدىنىش ۋە كۆز قاراشلىرىمنى ئېيتقان. ھەتتا مۇشۇ ماقالىدىكى تېمىنى يارغول — ئالدى قوش ئەمەس، ئالدى قوش ھازىرقى چوڭ - كىچىك ھاسا شەھەرلىرىدۇر، دېگەن پىكرىمنى ئاشكارىلىغان ئىدىم. ھاسا شەھەرلىرى خارابىسى «بايلىق ئىزلىگۈچىلەر» تەرىپىدىن ئېغىر دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپ كەتكەن بولسىمۇ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى 1999 - يىلى 7 - ئاينىڭ 24 - كۈنى «4 - تۈركۈمدىكى نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» قىلىپ بېكىتتى. دوكتور يۇ شىنخۇا باشلاپ كەلگەن ئەترەت 2000 - يىلى 2 - ئاينىڭ 3 - كۈنىدىن، 6 - كۈنىگىچە «ئالدى قوش» نىڭ ئورنىنى تەپسىلىي تەكشۈردى ھەمدە بوشلۇقتىن ئۆلچەپ سۈرەتكە ئالدى.

يۇقىرىقى يادىكارلىق ئورنى تارىخىي يازما مەنبە، جۇغراپىيىلىك ئورۇن، ھازىرقى خەلق ئېغىز تىلى، تارىخى مەدەنىيەت ئاساسى، ئارخېئولوگىيىلىك تېپىندا، تىل ئېتىمولوگىيىسى جەھەتلەردىكى دەلىللەرنى بىرلەشتۈرۈپ ئانالىز قىلغاندا، قەدىمكى قوش — يەنى ئالدى قوش شەھەر دۆلىتىنىڭ ئورنى يارغول ئەمەس — شۇنداقلا يارغول قەدىمكى شەھىرى ئالدى قوشنىڭ تەختگاھىمۇ ئەمەس.

يىغىپ ئېيتقاندا يارغول ( 交河 ) قوش ( 故师 ) نىڭ تەۋەلىكىدىكى بىر قەلئە بولۇپ، قوشنىڭ تەختگاھى ئەمەس. قوشنىڭ مەركىزى ئايدىڭكۆلنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى ھاسا قوش شەھىرىدۇر.

تەھرىرلىگۈچى: ئابلىم قېيۇم

# خوتەن شەھىرىنىڭ قەدىمكى نامى «ئىلچى» ھەققىدە

ۋارىس تېكىن

خوتەن «يىپەك يولى» نىڭ جەنۇبىي يول بويىغا جايلاشقان «قاشتېشى»، «يىپەك»، «گىلەم» دىن ئىبارەت «ئۈچ گۆھەر» بىلەن داڭق چىقارغان قەدىمىي شەھەر بولۇش بىلەن بىرگە، ئۇزاق زامانلاردىن بۇيان ئوخشاش بولمىغان تىللاردا ھەر خىل ناملاردا ئاتىلىپ كەلگەن. تارىخىي كىتابلاردا ھەم خوتەن دىيارىدىكى پېشقەدەم ئوقۇمۇشلۇق زاتلارنىڭ تىلى ۋە بايانلىرىدا ھازىرمۇ «ئىلچى» نامى بىلەن ئاتىلىدىغان «ئىلچى شەھىرى»، «ئىلچى ناھىيىسى»، «ئىلچى يېزىسى» دېگەندەك ناملار ئۇچرايدۇ.

خوتەن شەھىرىنىڭ قەدىمكى نامى «ئىلچى» ھەققىدە بەزىلەر «ئىلچى» سۆزى «ئارالچە» دېگەن سۆزدىن ئۆزگەرگەن دەپ قارايدۇ. ئۇلار «خوتەن ناھىيىسى ئىككى دەريانىڭ (يورۇڭقاش، قاراقاش دەريالىرى) ئوتتۇرىسىدىكى بىر ئارالچە (كىچىك ئارال) بولغاچقا، ئەجدادلىرىمىز بۇ يەرنى ئارالچە دەپ ئاتىغان. بۇ ئارالچە دېگەن سۆز «ئىلچى» دېگەن سۆزگە ئايلىنىپ قالغان» ① دەپ چۈشەندۈرىدۇ. ئەگەر «ئىلچى» سۆزى «ئارالچە» سۆزىدىن ئۆزگەرگەن دەپ قارىساق، بۇ خىل ئاتاش (ئارال) يېقىنقى دەۋر تىلى بويىچە ئاتاش بولىدۇ. قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «ئارال» دېگەن سۆزنى «ئوتروغ (otruɤ) — ئارال» ② دەپ ئاتايتتى. ئەجدادلىرىمىزنىڭ يورۇڭقاش، قارىقاش دەريالىرى ئوتتۇرىسىدىكى بوشلۇقنى «ئارالچە» دەپ ئاتىشىغا توغرا كەلسە «ئوتروغ» (otruɤ) دەپ ئاتىغان بولاتتى.

«ئىلچى» نامىنىڭ سۆز مەنىسى ھەم ئېتىمولوگىيىسىنى تېپىش ئۈچۈن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىن دەلىل ئىزدەشكە توغرا كېلىدۇ. «ئىلچى» سۆزىنىڭ سۆز تومۇرى «ئىل» بولسا «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» : دە «ئىل (al) ئاتنىڭ يەنە بىر ئىسمى. ئات تۈركلەرنىڭ قانىتى بولغانلىقتىن، ئاتنى 〈ئىل〉 (al) دەپمۇ ئاتايدۇ» ③ دەپ خاتىرىلەنگەن. «ئىلچى» سۆزىنىڭ كېيىنكى قىسمىدىكى «چى» بولسا قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچە بولۇپ «چى» قوشۇلۇپ سۆز ياسالغاندا ئۇنىڭ ئۇقتۇرىدىغان سۆز مەنىسى «بىرەر ئىش بىلەن شۇغۇللانغۇچى» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. دېمەك «ئىلچى» دېگەن نام «ئىل» سۆزى بىلەن سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچە «چى» قوشۇلۇپ ياسالغان ياسالما سۆز بولۇپ، «ئىلچى» سۆزىنىڭ ئۆز ئىچىگە ئالغان مەنىسى «يىلقىچى»، «ئات بىلەن شۇغۇللانغۇچى» دېگەنلىك بولىدۇ.

ھازىرقى خوتەن ناھىيە توساللا يېزا تەۋەسىدە «خال خال ماچىن» دەپ ئاتىلىدىغان بىر شەھەر خارابىسى ساقلانماقتا. بۇ شەھەر نامىنىڭ ئالدىنقى قىسمىدىكى «خال خال» سۆزى بولسا ئەرەب تىلىدىكى «خيل» (خايل) سۆزى بىلەن ئوقۇلۇشى (ئاھاڭى) جەھەتتىن ئوخشاش. ئەرەبچە بۇ سۆزنىڭ ئۇيغۇرچە مەنىسى «يىلقا، ئاتلار توپى» دېگەنلىك بولىدۇ. ④ يەنە شەھەر نامى «خال» پارس تىلىدىكى «خيل [kheyl] » سۆزى بىلەنمۇ ئوقۇلۇشى (ئاھاڭى) جەھەتتىن ئوخشاش. شۇنداقلا پارس تىلىدىكى بۇ سۆزنىڭ ئۇيغۇرچە مەنىسى «يىلقا، ئاتلار توپى» دېگەنلىك بولىدۇ. ⑤ پارس تىلىدا يېزىلغان مەشھۇر داستان «شاھنامە» دىمۇ خوتەن شەھىرىنىڭ نامى — ئۇيغۇرچە «ئات، يىلقا، ئاتلار توپى» دېگەن مەنىنى ئۇقتۇرىدىغان پارسچە سۆز «خيل» [kheyl] كە ئوخشاش «خەلچ» دەپ قەيت قىلىنغان.

قەدىمكى شەھەر ئىسمىنىڭ كېيىنكى قىسمىدىكى «ماچىن» سۆزى ئۇيغۇرچە «يىلقا، ئات توپى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان «马群 » [mǎqun] دېگەن خەنزۇچە خەتنىڭ ئوقۇلۇشى (ئاھاڭ تەلەپپۇزى) بىلەن ئوخشاش.

«ئىلچى» نامىنىڭ ئېتىمولوگىيىسىگە

كەلسەك، ئالدى بىلەن ئاتنىڭ كۆندۈرۈلگەن ۋاقتىدىن باشلاپ سۆز ئېچىشقا توغرا كېلىدۇ. ئات — ئوتتۇرا ئاسىيادا ئەڭ بۇرۇن كۆندۈرۈلگەن. «ئاتنىڭ ئۆي ھايۋىنى قىلىپ كۆندۈرۈلگەنلىكى پەقەت 5000 يىللىق تارىخقا ئىگە بولۇشى مۇمكىن» ⑥. ئىنسانلار ئات - ئۇلاغلارنى كۆندۈرۈلگەندىن كېيىن، ئادەم كۈچىنى ئات - ئۇلاغ كۈچى بىلەن تولۇقلىغان. كۆچمە چارۋىچىلار گۇرۇھىنىڭ كۆچمەن جايغا قاراپ كېڭىيىش ئىمكانىيىتى يارىتىشتا، قۇملۇق ۋە يايلاقلاردىكى تارقاق كۆچمەن چارۋىچى خەلقلەرنىڭ ئۆز ئارا ئالاقىنى كۈچەيتىشىدە «ئات» مۇھىم رول ئوينىغان.

«دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» دە قەيت قىلىنغاندەك: «ئات تۈركلەرنىڭ قانىتى» بولغانلىقتىن قەدىمكى ئۇيغۇرلار جۈملىدىن ئوۋچىلىق، چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان «چارۋىچىلىق مەدەنىيىتى» نى ياراتقان ھۇن، ساك، تۈرك قاتارلىق ئەجدادلىرىمىز تۇرمۇشىدا ئىقتىسادىي ياكى ھەربىي جەھەتتىن بولسۇن ئات مۇھىم قورال ئىدى. ئۇلارنىڭ ئوۋچىلىق، چارۋىچىلىقى ئاتقا تايىنىپ ئېلىپ بېرىلغان. ھەربىي يۈرۈشلەردە ئات غەلىبە قىلىشنىڭ ئاساسىي ئامىلى بولۇپ قالغان. ئاتنىڭ بۇنداق پايدىلىق تەرەپلىرى ئەجدادلىرىمىز ئېڭىدا ئاتقا بولغان چوقۇنۇشنى قوزغىغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئاتنى ئىلاھلاشتۇرۇپ، ئۇنىڭغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئىپتىدائىي ئات ئېتىقادچىلىقىنى شەكىللەندۈرگەن. بىزنىڭ قەدىمكى ئەپسانىلىرىمىزدا ئات ئېتىقادى ئالاھىدە ئورۇن تۇتقان بولۇپ، ئات تەڭرىگە خاس سۈپەت بىلەن تەسۋىرلىنىدۇ. خاقانلارنىڭ ۋە خەلق قەھرىمانلىرىنىڭ مىنگەن ئاتلىرى شۇلارغا ئوخشاشلا ھۆرمەتكە ئىگە قىلىنىپ مەدھىيىلىنىدۇ. بۇنداق ئاتلار «قىياتاش رەسىملىرى»، «مەڭگۈ تاش يادىكارلىقلىرى» دا، «ئوغۇزنامە»، «گۆر ئوغلى» داستانلىرىدا ناھايىتى ھەيۋەتلىك قىلىپ تەسۋىرلىنىدۇ ھەم مەدھىيىلىنىدۇ. قىسقىسى، ئەجدادلىرىمىز تۇرمۇشىدا «ئات» ماددىي كۈچ، مەنىۋىي ئېتىقاد سۈپىتىدە مۇھىم رول ئوينىغان. بولۇپمۇ خوتەن رايونىدا ياشىغان ساك ئەجدادلىرىمىزدا ئاتقا بولغان قىزىقىش، ھۆرمەت ئېتىقادى ناھايىتى ئۈستۈن بولغان. خوتەن ئاقسىپىل قەدىمكى شەھەر خارابىسىدىن تېپىلغان ساپالدىن ياسالغان ئىككى دانە ئات بېشى پارچىسى ۋە شۇ يەردىن قېزىۋېلىنغان ئوك يۈزىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئات سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن ھەم ئات سۈرىتىنىڭ ئەتراپىغا ئايلاندۇرۇپ كارۇشتىچە «ماھارا جاسارا تىراجاسا ماھاتاسا گۇگرامايىاسا» (ئۇلۇغ خاقان، خانلارنىڭ خانى. ئۇلۇغ گۇگرامايىاسا) دېگەن خەتلەر چۈشۈرۈلگەن ئات سۈرەتلىك خوتەن مىس پۇلى قەدىمكى خوتەندە ئات ئېتىقادچىلىقىنىڭ ناھايىتى قويۇق ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ.» ⑦

دېمەك، يۇقىرىقىدەك سەۋەبلەر تۈپەيلى ئاتنىڭ ئەجدادلىرىمىزدا ماددىي كۈچ، مەنىۋىي ئېتىقاد شەكىللەندۈرگەنلىكتىن، ئەجدادلىرىمىز ئاتقا بولغان ھۆرمەت تۇيغۇسى بىلەن «يىلقا، ئات بىلەن شۇغۇللانغۇچى» دېگەن مەنىنى ئۇقتۇرىدىغان قەدىمكى ئۇيغۇرچە «ئىلچى» دېگەن سۆزنى ئۆزلىرى بەرپا قىلغان شەھەرنىڭ نامى قىلىپ ئىشلەتكەن. «يىپەك يولى» نىڭ ئېچىلىشى بىلەن خوتەن شەھىرىنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇرچە بولغان «ئىلچى» دېگەن نامى ئەرەبچە «خايل»، پارسچە «خەيل»، «خەيچ»، خەنزۇچە «ماچۇن»، «ماچىن» دەپ مەنە تەرجىمىسى بويىچە تەرجىمە قىلىنىپ غەرب، شەرققە تونۇلغان.

ئىزاھات:

① «شىنجاڭ تارىخى ماتېرىياللىرى» (30) 3. بەت
② «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» ئۇيغۇرچە 1.توم 132 - بەت
③ «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» ئۇيغۇرچە 1. توم 67. بەت
④ «ئەرەبچە - ئۇيغۇرچە قىسقىچە لۇغەت» 308. بەت
⑤ «پارس تىلى» 431. بەت
⑥ «غەربىي يۇرت ۋە قەدىمكى مەدەنىيەت» 117. بېتىدە كەلتۈرۈلگەن نەقىللەردىن
⑦ «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنىستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 4.، 95.، 88. بەت.

تەھرىرلىگۈچى: ئەركىن ئىمىننىياز قۇتلۇق

تىيەنۇيېجيالڭ

# ماركوپولو غەربىي يۇرتتا

تەرجىمان: ئەخمەت مۆمىن تارىمى

ماركوپولو (مىلادىيە 1324 - 1254 - يىللار)، خىبدىل (مىلادىيە 1331 - 1265 مىللار). ئىبىن باتتۇتا (مىلادىيە 1377 - 1304 يىللار) ھىنبكلوكانە (مىلادىيە 1469 - 1395 يىللار) قاتارلىقلار غەربنىڭ ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئەڭ مەشھۇر تۆت ساياھەتچىسى ھېسابلىنىدۇ.

بۇنىڭ ئىچىدە ماركوپولو ئۆزىنىڭ شەرقتىكى ئالاھىدە سەرگۈزەشتىلىرى ۋە مەزمۇنى مول ھەم چۇڭقۇر بولغان ساياھەت خاتىرىسى بىلەن ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدۇ. «ماركوپولو ساياھەت خاتىرىسى» دە ئوتتۇرا ئەسىردىكى جۇڭگونىڭ تەپسىلىي تونۇشتۇرۇلىشى ياۋروپالىقلارنىڭ بۇ ھەقتىكى نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتكەن. 15 - ئەسىردە كولۇمبو دەل «ماركوپولو ساياھەت خاتىرىسى» نى پىششىق ئوقۇغاندىن كېيىن ئۇنىڭدا شەرققە سەپەر قىلىپ، ھىندىستاننى تېپىش ئىستىكى تۇغۇلغان. كىم بىلسۇن، ئويلىمىغان يەردىن ئۇ ئامېرىكا چوڭ قۇرۇقلۇقىنى بايقاپ قالغان. شۇ سەۋەبتىن «ماركوپولو ساياھەت خاتىرىسى» جوڭگو ۋە چەتئەللەر مۇناسىۋىتى تارىخىدا مۇھىم دەۋر بۆلگۈچ ئەھمىيەتكە ئىگە. ھازىر دۇنيادىكى نۇرغۇنلىغان دۆلەتلەردە ماركوپولونىڭ شەرققە سەپەر قىلىش خاتىرىسىنىڭ ھەرخىل نۇسخىلىرىغا دائىر تەتقىقاتلار ۋە تونۇشتۇرۇش خاراكتېرىدىكى ماقالىلار، ئەسەرلەر كۆپلەپ بارلىققا كەلمەكتە. خۇڭگو، ئىتالىيە بىرلىشىپ ئىشلىگەن زور تارىخىي فىلىم «ماركوپولو» قويۇلغاندىن كېيىن، ئېلىمىز خەلقىنىڭ ماركوپولونىڭ نامى ۋە ئۇنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىگە بولغان قىزىقىشى ۋە تونۇشى تېخىمۇ ئاشتى.

## ئاتىسىغا ئەگىشىپ سىرلىق ئەلگە بېرىش

ماركوپولو ئىتالىيىنىڭ مەنزىرىسى سۈرەتتەك گۈزەل ۋېنتسىيە شەھىرىدە تۇغۇلغان. ئاتىسى نىكوپولو ۋە تاغىسى مافېئو دائىم كونستانتىنوپول ۋە قارا دېڭىز قىرغاقلىرىدا قاتناپ، سودا - سېتىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان سودىگەرلەر ئىدى. مىلادىيە 1265 - يىلى، نىكوپولو ئاكا - ئۇكىلار ئوتتۇرا ئاسىيادىكى جايلاردا سودا ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقاندا تاسادىپىي پۇرسەت بىلەن موڭغۇل ئىلخانىيالار خانلىقى (بۈگۈنكى ئىران تېررىتورىيىسى ئىچىدە) نىڭ خانى ھىلاكۇ (چىڭگىزخاننىڭ نەۋرىسى) يۈەن سۇلالىسىنىڭ چوڭ ئاستانىسىگە ئەۋەتكەن ئەلچىلەر بىلەن تونۇشۇپ قالىدۇ ۋە ئەلچىلەر بىلەن بىرلىكتە ئۆزلىرى ئۆزۈندىن بېرى ئىنتىلىپ كەلگەن موڭغۇل چوڭ ئاستانىسى - خانبالىق (بۈگۈنكى بېيجىڭ شەھىرى) قا بارىدۇ. ئۇ يەردە ئۇلار يۈەن سۇلالىسىنىڭ خانى قۇبلاي بىلەن كۆرۈشىدۇ. يۈەن شىزۇ-قۇبلاي بۇ ئاكا - ئۇكا ئىككەيلەننىڭ كەلگەنلىكىدىن ناھايىتى خوشال بولىدۇ. ئۇلاردىن ياۋرۇپادىكى ھەر قايسى جايلارنىڭ سىياسى، ئىقتىسادى ئەھۋالىنى، شۇنداقلا يەر - زېمىن، خەلق ئەھۋالىنى سوراپ بىلىدۇ ھەم ئەڭ ئاخىرىدا ياۋروپانى تەكشۈرۈپ مۇناسىۋەت باغلاشقا ئەلچى ئەۋەتىشنى قارار قىلىدۇ. تەيىنلەنگەن موڭغۇل ئەلچى غەرپكە قىلىنغان ئەلچىلىك سەپىرىدە كېسەل بولۇپ قېلىپ، مەنزىلگە يېتىپ بارالمايدۇ. نىكوپولو ئاكا - ئۇكىلار قۇبلاينىڭ رىم پاپىسىغا ئەۋەتكەن خېتىنى ئېلىپ يۇرتىغا قايتىپ، خەتنى پاپاغا تاپشۇرۇپ بېرىدۇ. ئارقىدىن ۋېنتسىيىگە

يېتىپ كېلىدۇ. مىلادىيە 1271 - يىلى، نىكوپولو ئاكا - ئۇكىلار بۇيرۇقىغا بىنائەن رىم پاپاسى گىرىگورى X نىڭ جاۋاب خېتىنى ئېلىپ ئىككىنچى قېتىم جۇڭگوغا ئەلچىلىككە كېلىدۇ. 17 ياشلاردىكى ماركوپولو ھەم ئاتىسىغا ئەگىشىپ كېلىدۇ.

نىكوپولو ۋېنىتسىيەدىن يولغا چىقىپ، قۇرۇقلۇق يولى ئارقىلىق ئۈچ يېرىم يىل سەپەر قىلىپ، يۈەن سۇلالىسىنىڭ چوڭ ئاستانىسى بېيجىڭغا يېتىپ كېلىدۇ. ماركوپولونىڭ ئاغزاكى ئېيتىپ بەرگەن سەپەر خاتىرىسىدە، بۇ بىر قېتىملىق مۇشەققەتلىك شەرققە سەپەر قىلىش جەريانى تەپسىلىي بايان قىلىنغان. بىز بۇ يەردە پەقەت ئۇنىڭ ئىچىدىكى بىر قىسىم ئابزاس - بۆلەكلىرىنىلا ئېلىپ، ماركوپولونىڭ پامىر ئېگىزلىكىدىن ئېشىپ، بۈگۈنكى شىنجاڭ تېرىتورىيىسى ئىچىدە كۆرگەن - بىلگەنلىرىنى ۋە سەپەر جەريانىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇشنى مۇۋاپىق كۆردۇق. بۇنىڭ كىشىلەرنىڭ مۇشۇ بىر مەزگىلدىكى قۇرۇقلۇقتىكى «يىپەك يولى» نىڭ ئۆزگىرىش ۋە تەرەققىيات ئەھۋالىنى چۈشىنىشكە ياردىمى بولار، ئەلۋەتتە.

## تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى ھەرقايسى جايلاردا كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىم

چەكسىز كەتكەن پامىر ئېگىزلىكى ھەيۋەتلىك ھەم گۈزەل بولۇپ بىر سىرلىق - ئاجايىپ - غارايىپ، تاغ تىزمىسىدۇر. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە شەرق - غەرب ئوتتۇرىسىدىكى ئەلچىلەرنىڭ، راھىبلارنىڭ، سودىگەر - يولۇچىلارنىڭ بېرىپ كېلىشتە مۇقەررەر بېسىپ ئۆتىدىغان جايىدۇر. قەدىمكى زاماندىكى قالاق، ئىپتىدائىي قاتناش قوراللىرى بىلەن بۇ تاغنى كېسىپ ئۆتۈش، شۈبھىسىزكى ئىنتايىن جاپالىق ئىدى. تاڭ دەۋرىدىكى بۇددا راھىبى شۈەن زاڭ مەشھۇر ئەسىرى «بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى» دە بۇنىڭغا نىسبەتەن ھەقىقىي، توغرا خاتىرە قالدۇرغان: «سوغۇق ئىنتايىن قاتتىق بولىدۇ. باھار ۋە يازدىمۇ قار ياغىدۇ، كېچە - كۈندۈز شامال چىقىدۇ، يېرى شورلۇق بولۇپ، شېغىل - تاش كۆپ چىقىدۇ. زىرائەت تېرىسا ئۈنمەيدۇ. ئوت - چۆپ، دەل - دەرەخلەر ئاز بولۇپ، قاقاس بولغانلىقتىن ئادەمزات ئىزى كۆرۈنمەيدۇ» . نەچچە يۈزيىل ئۆتكەندىن كېيىنمۇ، پامىر ئېگىزلىكىنى كېسىپ ئۆتكەن ماركوپولو ئۆز سەپەر خاتىرىسىدە ئوخشاش خاتىرە قالدۇرغان. ئوخشىمايدىغىنى شۇكى، ئىنچىكە تەكشۈرۈپ كۆزىتىدىغان ماركوپولو پامىر رايونىنىڭ «زىمىستان سوغۇق بولىدىغان، ئوت ياقسىمۇ نۇرى كۆرۈنمەيدىغان، ياققان ئوتنىڭ ئىسسىقلىقى ئۆزىدىن باشقا جايىنى ئىسسىتالمايدىغان، يېمەكلىكلەرنى پىشۇرسىمۇ تەستە پىشىدىغان» جاي ئىكەنلىكىگە دىققەت قىلغان. بۇ ئەمەلىيەتتە پامىر ئېگىزلىكىنىڭ ھاۋاسى شالاڭ، ئوكسىگېن كەمچىل بولغان ئاجايىپ ھادىسىنى ئوبرازلىق ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن.

پامىر ئېگىزلىكىدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ماركوپولو تېز يۈرۈپ، كاشغەر (بۈگۈنكى قەشقەر) گە يېتىپ كەلگەن، ماركوپولو ئەينى ۋاقىتتىكى بۇ جايدىكى ئاھالىلەرنىڭ ئېتىقاد قىلىدىغىنى ئىسلام دىنى ئىكەنلىكىنى، بۇ نۇقتىنىڭ باشقا قەدىمكى ۋەسىقە - ھۆججەت ماتېرىياللاردىكى خاتىرىلەر بىلەن بىردەك ئىكەنلىكىگە دىققەت قىلغان. مىلادىيە 10 - ئەسىردە، بۇ جاي مۇسۇلمان خانلىقى - قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ مەركەزلىرىدىن بىرى بولغان. ئىسلام دىنى بۇ جايدا ئاللىقاچان ئومۇملىشىپ بولغانلا بولماستىن، ھەتتا بۇ جاي ئارقىلىق شەرق، جەنۇبتىكى كەڭ رايونلارغا تارقالغان. بۇنىڭدىن باشقا ماركوپولو بۇ جايدا يەنە نېستورى مەزھىپىگە ئېتىقاد قىلىدىغان خىرىستىيان مۇخلىسلىرىنى كۆرىدۇ. نېستورى مەزھىپى خىرىستىيان دىنىدىكى بىر مەزھەپ بولۇپ، تاڭ سۇلالىسىنىڭ جېنگۈەن يىللىرىدا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى رايونلارغا تارقالغان. خەنزۇچە ماتېرىياللاردا ئۇ نېستورى دىنى دەپ ئاتالغان، بۇنىڭدىن ئىلگىرى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى

سوغدىلارمۇ بۇ دىننى ئېلىمىزنىڭ غەربىي شىمالىدىكى ھەر قايسى جايلارغا ئېلىپ كىرگەن. موڭغۇللار ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىللەردە خىرىستىيان دىنى غەربىي يۇرتتا كەڭ تارقالغان. تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدىكى ئالمىلىق، ئۈرۈمچى (بۈگۈنكى ئۈرۈمچى شەھەر ئەتراپى رايونى) ۋە جەنۇبىدىكى يەركەن (بۈگۈنكى يەكەن) لەردە نېستورى مەزھىپىدىكى خىرىستىيان مۇخلىسلىرىنىڭ پائالىيەت ئىزنالىرى بايقالغان. يۈەن دەۋرىدە كاشغەر رايونىنىڭ سودىسى بىر قەدەر گۈللەنگەن بولۇپ، بۇ ماركوپولونىڭ سەپەر خاتىرىسىدا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن: «ئاھالىلەر ھۈنەرۋەن سودا - سېتىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ... كۆپلىگەن سودىگەرلەر بۇ جايدىن يولغا چىقىپ دۇنياۋى تاۋار سودىسى قىلىدۇ».

كاشغەردىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇ شەرقى جەنۇبقا قاراپ سەپەر قىلىپ، يەركەنگە يېتىپ كەلگەن. بۇ يەردە ماركوپولو شۇ يەرلىك ئاھالىلەرنىڭ دىنى ئېتىقادىدىكى ئوخشىماسلىققا دىققەت قىلغان. بىرقىسىم كىشىلەر ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغان. بىرقىسىم كىشىلەر خىرىستىيان دىنىغا ئېتىقاد قىلغان. بۇنىڭدىن باشقا ماركوپولو ئۆتكۈر كۆزلىرى بىلەن بۇ رايوندا ئەينى ۋاقىتتا بىرخىل پۇت ئىششىغى كېسىلى ۋە پوقاق كېسىلىنىڭ ئەۋج ئالغانلىقىنى بايقىغان. ئۇ كېسەل سەۋەبىنىڭ شۇ جايدىكى كىشىلەر ئىشلەتكەن ئىچىملىك سۇنىڭ پاكىز بولماسلىقى ئىكەنلىكىنى ئىلمىي ھالدا كۆرسىتىپ بەرگەن. بۇ ئېھتىمال خۇڭگو ۋە چەتئەل تارىخ كىتاپلىرىدىكى ئەڭ بالدۇر تىلغا ئېلىنغان بۇ جايدا ئەۋج ئالغان مەلۇم خىل يەرلىك كېسەللىك توغرىسىدىكى خاتىرە بولسا كېرەك. يەركەن شەھىرىدىن جەنۇپقا قاراپ يولغا چىقىپ ماركوپولو قارا قۇرۇم تېغىنىڭ شىمالىدىكى خوتەن شەھىرىگە يېتىپ كەلگەن. خوتەن شەھىرى ئۆزىنىڭ ئۇزاق تارىخى ۋە قاش تېشىنىڭ كۆپ چىقىدىغانلىقى بىلەن جۇڭگو ۋە چەتئەللەرگە مەشھۇر. ماركوپولو خوتەن شەھىرىنىڭ نۇرغۇن كىچىك بازارلادىن تەركىب تاپقانلىقىنى، ماددى مەھسۇلاتلارنىڭ مولluqىنى، پاختا، كەندىر، دانلىق زىرائەت ۋە هاراق ئىشلەپچىقىرىلىدىغانلىقىنى، يەرلىك ئاھالىلەرنىڭ يېزا ئىگىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلىقىنى، ئۈزۈم ئۆستۈرۈشنىڭ ئاساس قىلىنىدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ يەنە قول ھۈنەرۋەنچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلىقىنى، «يىپەك يولى» نىڭ قولايلىقىدىن پايدىلىنىپ، ھەر تۈرلۈك سودا پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ بارىدىغانلىقىغا دىققەت قىلغان. ماركوپولو خوتەن شەھىرىدىن ئايرىلىپ، شەرققە يۈرۈپ قېيىن (培因) غا يېتىپ كەلگەن. ماركوپولو سەپەر خاتىرىسىدە: «بازار ۋە قەلئەلەرنىڭ سانىنى بىلگىلى بولمايدۇ. مەركىزىمۇ قېيىن دەپ ئاتىلىدۇ. بىر دەريا پۈتۈن دىيارنى كېسىپ ئۆتىدۇ. دەريا قىنىدا مول قاشتېشى زاپىسى ساقلانغان. بۇ يەردىن ھەر تۈرلۈك ئۇزۇقلۇقلارنى تاپقىلى بولىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا يەنە پاختا چىقىدۇ.» دەپ خاتىرىلىگەن. قېيىن خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى مۈرەن شەھىرى، شۇنداقلا تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى بىم بالىق شەھىرىدۇر. قەدىمكى زاماندا بۇ جاي خېلىلا تەرەققىي قىلغان. «لوياڭدىكى ساڭراملار ھەققىدە زىيارەت خاتىرىسى» نىڭ 5 - جىلدىدا خاتىرىلىنىشىچە، ۋېي، جىن سۇلالىلىرى مەزگىلىدە شەھەرنىڭ جەنۇبىغا 15 چاقىرىم كېلىدىغان جايدا بىر بۇتخانا بار بولۇپ، ئۇنىڭدىكى راھىبلار 300 دىن ئارتۇق كىشى ئىكەن. شەھەر بۈگۈنكى كۈندە ئاللىقاچان قۇم تەرىپىدىن يۇتىۋېتىلگەن بولۇپ، بەزى ئالىملار بۇجاينى ھازىرقى چىرا ناھىيىسىنىڭ شىمالى قىسمىدىكى قۇملۇقتىكى ئۇزۇنتات خارابىسى دەپ قارايدۇ. شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، ماركوپولو ئەڭ ئاخىرقى قېتىم بۇ شەھەرنىڭ قىياپىتىنى كۆرگەن ۋە بۇ جاينىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادى ئەھۋالىنى خاتىرىلىگەن ساياھەتچىدۇر. قېيىن شەھىرىدىن يولغا چىقىپ داۋاملىق شەرققە قاراپ مېڭىپ، ماركوپولو چەرچەن شەھىرىگە يېتىپ كەلگەن. بۇ شەھەر ئېلىمىزنىڭ

«24 تارىخ» دىكى «يۈەن تارىخى» دا «阔鄽» دەپ ئاتالغان بولۇپ، بۇ جاي بۈگۈنكى چەرچەن رايونىدۇر. ماركوپولو ئۆز ساياھەت خاتىرىسىدە بۇ شەھەر ھەققىدە توختىلىپ: «قەدىمكى دەۋرلەردە بۇ يەر ئەسلىدە بىر گۈللەنگەن، باياشات جاي بولغان. لېكىن تاتار (مۇڭغۇل) لارنىڭ بۇزغۇنچىلىقى تۈپەيلىدىن ھازىر قاقاس چۆللۈككە ئۆزگىرىپ قالغان» دەپ خاتىرىلىگەن. شۇ دەۋردىكى باشقا ھۆججەت - ۋەسىقىلەردىكى خاتىرىلەرگە قارىغاندا، بىز ماركوپولونىڭ غەربىي يۇرتتىن ئۆتۈپ شەرققە يۈرۈپ، يۈەن سۇلالىسىنىڭ بۈيۈك ئاستانىسىگە سەپەر قىلغان ۋاقتىنىڭ دەل قۇبلايخاننىڭ قايدۇ باشچىلىقىدىكى غەربىي شىمالدىكى قارام خانلارنىڭ توپىلىڭىنى تىنجىتقان ۋاقىتقا توغرا كېلىدىغانلىقىنى، شۇنداقلا خوتەن، چەرچەن قاتارلىق جايلارنىڭ ئىككى تەرەپ قوشۇنلىرىنىڭ قىرغىنچىلىق ئۇرۇشى قىلغان رايونلار ئىكەنلىكىنى بىلۋالايمىز. ماركوپولو بۇ جايلارنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ، ئۆز سەپەر خاتىرىسىدە ئۇرۇشنىڭ بۇ رايونلارغا كەلتۈرگەن ۋەيرانچىلىق مەنزىرىسىنى ھەقىقىي ھالدا ئەكس ئەتتۈرۈپلا قالماستىن، بەلكى بۇنىڭغا ئالاقىدار بولغان مەزمۇنلارنىمۇ بايان قىلىپ، باشقا ماتېرىياللاردىكى خاتىرىلەردىكى يېتەرسىز جايلارنى تولۇقلىغان.

چەرچەندىن شەرققە يۈرۈپ، بەش كۈن ماڭغاندىن كېيىن، ماركوپولو لوپنور بازىرىغا يېتىپ كەلگەن. لوپنۇر قەدىمدە كىروران ياكى پىشامشان، تاڭ دەۋرىدە نوپ دەپ ئاتالغان بولۇپ، ئورنى بۈگۈنكى چارقىلىق ناھىيىسىگە توغرا كېلىدۇ. بۇ جاينىڭ ئورنى «يىپەك يولى» نىڭ ئوتتۇرا قىسمىدا بولۇپ، شەرق - غەرب قاتنىشىنىڭ مۇھىم تۈگۈنىدۇر. «ماركوپولو ساياھەت خاتىرىسى» دە: «بۇ جاي چوڭ خان (قۇبلاي) نىڭ زېمىنىغا تەۋە بولۇپ، ئاھالىلىرى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ. قۇملۇقتىن ئۆتىدىغان بارلىق سەيياھ، سودىگەرلەر، ئادەتتە ھەممىسى لوپنور بازىرىدا بىر مەزگىل تۇرۇپ، بىر تەرەپتىن ئارام ئېلىپ ھاردۇقىنى چىقارسا، يەنە بىر تەرەپتىن كېيىنكى سەپەرگە لازىملىق بۇيۇملارنى تەييارلىۋالىدۇ» دەپ خاتىرىلەنگەن. بۇ خاتىرىدىن يۈەن دەۋرىدە لوپنۇر رايونىنىڭ شەرق - غەرب قاتنىشىدىكى بىر مۇھىم ئوتتۇرا بېكەت ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ يول دېڭىز قاتنىشى گۈللەنگەنلىكى ۋە شىمالدىكى يايلاق يولىنىڭ راۋانلىشىشى سەۋەبىدىن بارا - بارا خاراپلاشقان.

لوپنۇر بازىرىدىن شەرققە يۈرۈپ بىر ئاي ماڭغاندىن كېيىن، ماركوپولو دۇنخۇاڭغا يېتىپ كەلگەن. ئارىلىقتىكى يول قۇملۇقلار بىلەن ئورالغان بولۇپ، سەپەر قىلىش ئىنتايىن قىيىن بولغان. دۇنخۇاڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى رايونلارغا كىرىشتىكى ئىشىك بولۇپ، بۇ يەردىن شەرققە قاراپ مېڭىپ، يۈەن سۇلالىسىنىڭ چوڭ ئاستانىسىگە بارغىچە بولغان ئارىلىقتا يول بىر قەدەر ياخشى ئىدى.

يۇقىرىدىكى باياندىن ماركوپولونىڭ شۈبھىسىزكى، ئەنئەنىۋى «يىپەك يولى» نىڭ جەنۇبىي يولىنى بويلاپ، كۇئېنلۇن تېغىنىڭ شىمالى قىرى بىلەن شەرققە سەپەر قىلغانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ. بۇ موڭغۇللار ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەسلەپكى مەزگىللەردىكى بىر قىسىم ساياھەتچىلەر، راھىبلار مەسىلەن، ياللۇغ چۇسەي، چيۇچۇجى قاتارلىقلارنىڭ ماڭغان يولى بىلەن تامامەن ئوخشىمايدۇ. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن بۇ كېيىنكى موڭغۇل ھۆكۈمرانلىرىنىڭ غەربىي يۇرتتىكى ھەر قايسى جايلارنى باشقۇرۇش ۋە ئىدارە قىلىشىنىڭ مۇكەممەللىشىشى بىلەن ناھايىتى زور مۇناسىۋەتلىك بولغان. ئەسلىدە ماركوپولو شەرققە سەپەر قىلىپ جۇڭگوغا كېلىشىنىڭ ئالدى - كەينىدە، غەربىي شىمالدىكى قارام خانلارنىڭ توپىلىڭىنى تىنجىتىش، موڭغۇل قوشۇنىنى ئۈزلۈك - تۈلۈكلەر بىلەن تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، موڭغۇل چوڭ خانى ئىللىقاچان خوتەننىڭ ھەرقايسى رايونلىرىدا بوز يەر ئېچىشنى يولغا قويۇپلا قالماستىن، ھەتتا

يەنە تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدا لوپنور، چارقىلىق (بۈگۈنكى چەرچەننىڭ جەنۇبىدىكى چارقىلىق) چەرچەن، ئۇدۇن (خوتەن) قاتارلىق تۆت ئۆتەڭ تەسىس قىلغان. ئۆتەڭلەرنىڭ قۇرۇلۇشى قاتناشنى راۋانلاشتۇرۇپ يىپەك يولىنىڭ جەنۇبىي يولىغا قايتىدىن ھاياتى كۈچ بېغىشلاپ، يۇەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئاجايىپ كۆرۈنەرلىك مۇھىم رولىنى جارى قىلدۇرغان.

ماركوپولو ئاتىسى ۋە تاغىسىغا ئەگىشىپ، سەپەردە كۆپ رىيازەتلەرنى چېكىپ، يۇەن سۇلالىسىنىڭ چوڭ ئاستانىسىغا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن موڭغۇل خان جەمەتىنىڭ قىزغىن كۈتۈۋېلىشىغا مۇيەسسەر بولغان. بولۇپمۇ ياش ۋە ئەقىللىق ماركوپولونى يۇەن شىزۇ-قۇبلايخان ئىنتايىن ئارزۇلىغان. ئۇ ئوردىدا ۋەزىپە ئۆتەپلا قالماستىن، ھەتتا كۆپ قېتىم بۇيرۇققا بىنائەن دۆلەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا بېرىپ ئايلىنىپ يۈرۈپ تەكشۈرۈپ، كۆزىتىپ جەنۇبىتىكى نۇرغۇن شەھەرلەرگە بارغان. مىلادىيە 1292 - يىلى، ماركوپولو ئاتىسى، تاغىسى بىلەن يۇرتىنى سېغىنىش ئىستىكىدە، 17 يىل ياشاپ ئۆتكەن جوڭگو بىلەن خوشلىشىپ، خوڭگو، ئىتالىيە خەلقلىرىنىڭ دوستلۇق ھېسسىياتىنى موڭغۇل مەلىكىسى كۆكجىننى ئىران ئىلخانىيلار خانلىقىغا مۇھاپىزەت قىلىپ ئاپىرىپ قويۇش يۈرۈشىدىن پايدىلىنىپ، كېمە بىلەن غەرپكە قايتقان. نەچچە يىل سەپەر قىلىپ، نۇرغۇن مۇشكۈللەرنى يېڭىپ، مىلادىيە 1295 - يىلى ئارىلىقلىرىدا 26 يىل ئىلگىرى خوشلاشقان ۋېنتسىيە شەھىرىگە قايتىپ كەلگەن. يۇرتىغا قايتىپ ئۈچ يىلدىن كېيىن، يەنى 1298 - يىلى دېڭىزغا يانداش ئىككى سودا شەھىرى ۋېنتسىيە بىلەن گېنويا ئوتتۇرىسىدا ئىقتىسادى مەنپەئەت مۇناسىۋىتى تۈپەيلىدىن توقۇنۇش يۈز بەرگەن. ۋېنتسىيە شەھىرىنىڭ ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قوغداش ئۈچۈن ماركوپولو ئۆزى پۇل چىقىرىپ بىر جەڭ كېمىسى تەييارلاپ گېنويالىقلار بىلەن بولغان ئۇرۇشقا قاتنىشىدۇ. بىراق دېڭىز ئۇرۇشىدا ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچراپ ماركوپولو ئەسكەرلىرى بىلەن مەغلۇپ بولۇپ، گېنويانىڭ قاراڭغۇ، زەي تۈرمىسىگە قامىلىدۇ. بۇ مەزگىلدە تەپەككۇرى روشەن ماركوپولو پۈتكۈل زېھنى ۋە ۋاقتىنى سەرپ قىلىپ، ئۆزىنىڭ شەرققە سەپەر قىلغان ئاشۇ بىر مەزگىللىك ئۇنتۇلماس كۈنلىرىنى ئەسكە ئېلىپ، ئۆزىنىڭ تۈرمىدىشى، فرانسۇز تىلىنى پىششىق بىلىدىغان دوستى - پىسالىق يازغۇچى لوستچانغا ھەممىنى ئاغزاكى بايان قىلىپ بېرىدۇ. لوستچاننىڭ خاتىرىلىشى ئارقىلىق كېيىن دۇنيانى زىل - زىلىگە كەلتۈرگەن ماركوپولونىڭ «شەرقتە كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىمدىن خاتىرە» ياكى «ماركوپولو ساياھەت خاتىرىسى» شەكىللەنگەن. نەچچە يۈز يىل جەريانىدا قولدىن قولغا كۆچۈرۈش ۋە تارقىتىش نەتىجىسىدە، ھازىر بۇ كىتاپنىڭ جەمئىي 120 خىلدىن ئارتۇقراق نۇسخىسى بار. ماركوپولونىڭ نامى ۋە ئۇنىڭ ئالاھىدە سەرگۈزەشتىسىمۇ شۇ سەۋەبتىن دۇنيانىڭ ھەرقايسى بولۇڭ - پۇشقاقلىرىغىچە تارقالدى.

ماركوپولونىڭ شەرققە قىلغان سەپىرىدە پامىرنىڭ شەرقى، يەنى ھازىرقى شىنجاڭ چېگرىسى ئىچىدە بېسىپ ئۆتكەن يولىدىكى سەرگۈزەشتىسى ۋە خاتىرىسى يۇەن دەۋرىدىكى «يىپەك يولى» نىڭ تارىخىنى تەتقىق قىلىشتىكى مۇھىم ماتېرىيال. ئۇ بىر غەرپلىك ساياھەتچىنىڭ تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى ھەر قايسى جايلارغا بولغان تونۇشى ۋە چۈشەنچىسىنى ئىپادىلەپلا قالماستىن، بەلكى يەنە يۇەن دەۋرىدىكى «يىپەك يولى» نىڭ جەنۇبىي يولى ياقىسىدىكى ھەر قايسى جايلارنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادى ۋە مەدەنىيىتىنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە تەرەققىياتىنى ھەقىقىي ھالدا قايتا يورۇتۇپ ۋە ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

تەھرىرلىگۈچى: ئەركىن ئىمىننىياز قۇتلۇق

# مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئارقىلىق تۇرپان ۋىلايىتىنىڭ ساياھەتچىلىك ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش يولى ئۈستىدە ئىزدىنىش

ئايگۈل مۇھەممەت

دۇنيا ساياھەتچىلىك كەسپىنىڭ تەرەققىياتى دۇنيادىكى كەسپلەر ئىچىدە كۆلىمى چوڭ ۋە تەرەققىيات ئىستىقبالى زور بولغان كەسپلەرنىڭ بىرىگە ئايلاندى. ساياھەتچىلىك كەسپىنىڭ تەرەققىياتى تېز، كەسپلەشكەن ئەمگەك كۈچى كۆپلۈك بولۇپ، نۇرغۇن دۆلەتلەر ۋە رايونلار بەس - بەستە ساياھەتچىلىك كەسپىنى ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ مۇھىم ۋە باشلامچى كەسپىگە ئايلاندۇرماقتا. زور كۆلەمدىكى ساياھەتچىلىك دەۋرنىڭ يېتىپ كېلىشىگە ئەگىشىپ ساياھەتچىلىك كۈنسېرى ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ ئاساسىي تۇرمۇش شەكلى ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ مۇھىم بىر تۈرىگە ئايلىنىپ، ساياھەتچىلىك كەسپىمۇ «مەبلەغ ئاز، ئۈنۈم تېز، پايدىسى يۇقىرى، تاشقى پېرېۋوت كۆپ» بولۇشتەك ئەۋزەللىكلەرگە ئىگە، ئەڭ جانلىق، ھاياتىي كۈچكە ئىگە «گۈللەنگەن كەسىپ» كە ئايلانماقتا. دۇنيا ساياھەتچىلىك كەسپىنىڭ جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىشى دۆلەتلەر ئارا ساياھەتچىلىك كەسپى جەھەتتە كەسكىن رىقابەتنى بارلىققا كەلتۈرمەكتە. بۇ خىل ئەھۋال ئاستىدا ساياھەتچىلىكنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسىنى يولغا قويۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، جايلارنىڭ ئىقتىسادىنى تېزلىتىش پۇرسەت ھەم ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسى.

تۇرپان ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە تارىخىي مەدەنىيەت ئىزلىرى بار رايون. ھەر قايسى ساياھەت نۇقتىلىرى، باشقۇرۇشنى ئىلمىيلاشتۇرۇش ئارقىلىق، ساياھەتچىلىك ئىشلىرىنى ئۈزلۈكسىز تۈردە تەرەققىي قىلدۇرۇش ھەم گۈللەنگەن كەسىپكە ئايلاندۇرۇشمۇ نۆۋەتتىكى ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسىدۇر.

## 1. تۇرپان ۋىلايىتىنىڭ ساياھەتچىلىك ئىشلىرىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالى

تۇرپان ۋىلايىتىنىڭ ئۆزگىچە، مول ساياھەت مەنبەلىرى بار بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يوشۇرۇن تەرەققىيات كۈچىمۇ ناھايىتى زور، قاتناش قولايلىق. تۇرپاننىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ۋە قەدىمكى شەھەر خارابە ئىزلىرى ناھايىتى كۆپ ھەم ياخشى ساقلانغان. شۇنداقلا يەنە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك مەدەنىيىتى بىلەن غەربىي يۇرت مەدەنىيىتى مۇشۇ جايدا ئۆزئارا قوشۇلغان. نۇرغۇنلىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق خارابىلىرى غەربىي يۇرت، ھەتتا پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى مۇھىم، تارىخىي ۋەقەلەر بىلەن داڭلىق شەخسلەرگە مۇناسىۋەتلىك. مەسىلەن، مىلادىيىدىن بۇرۇن خانلىق قۇرغان ئالدىنقى غۇز پادىشاھلىقىنىڭ پايتەختى بولغان — يارغول قەدىمكى شەھىرى؛ قوچو ئىلى پادىشاھلىقىنىڭ پايتەختى بولغان — قوچو قەدىمكى شەھىرى، بېزەكلىك مىڭ ئۆي؛ كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان ھارارەتتىكى — يالقۇنتاغ؛ داڭلىق ئۈزۈم ماكانى — بۈيلۇق؛ تۇرپاندىكى ئەقىل - پاراسەتلىك خەلق ئىختىرا قىلغان — كارىز؛ يېقىنقى زامان تۇرپان تارىخىغا مەنسۇپ بولغان — سۇلايمان خوجا مۇنارى؛ دۇنياغا مەشھۇر بولغان يېشىل مەرۋايىت — كىشمىش ئۈزۈم بىلەن ھەر خىل مىۋىلەر بار.

تۇرپاننىڭ ساياھەت مەنبەسى ئىنتايىن مول بولۇپ، پۈتۈن ۋىلايەتتىكى ساياھەت مەنزىرە نۇقتىسى جەمئىي 79 (ئەمەلىيەتتە 41 ئورۇن ئېچىۋېتىلگەن)؛ بۇنىڭ ئىچىدە تەبىئىي مەنزىرە رايونى 12 ئورۇن (8 ئېچىۋېتىلگەن). ئانتىروپولوگىيىلىك مەنزىرە رايون 67 (33 ئېچىۋېتىلگەن). مەنزىرە نۇقتىلىرى 4 دەرىجىگە بۆلۈنگەن بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە 1-

دەرىجىلىك مەنزىرە نۇقتىسىدىن 8 ئورۇن؛ 2-دەرىجىلىك مەنزىرە نۇقتىسىدىن 11 ئورۇن؛ 3 - دەرىجىلىك مەنزىرە نۇقتىسىدىن 24 ئورۇن؛ 4 - دەرىجىلىك مەنزىرە نۇقتىسىدىن 36 ئورۇن بار. دۆلەت دەرىجىلىك نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورۇندىن 6؛ ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان ئورۇندىن 26 بار. بۇنىڭدىن تۇرپان شىنجاڭدىكى ساياھەت نۇقتىلىرى ئەڭ كۆپ رايون ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

تۇرپان ۋىلايىتى رەھبەرلىك كوللېكتىۋىنىڭ توغرا رەھبەرلىكى ۋە ھەر قايسى ئورۇنلارنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقى ئاستىدا، غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشتىن ئىبارەت تەرەققىيات پۇرسىتىنى چىڭ تۇتۇپ، بىر قولدا ئۈزۈمچىلىكنى، يەنە بىر قولدا ساياھەتچىلىكنى چىڭ تۇتۇشتىن ئىبارەت ئىستراتېگىيىلىك تەرەققىيات پىلانىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ساياھەتچىلىكنى باشلامچى كەسىپ قاتارىدا تەرەققىي قىلدۇردى. دۆلەت سىياسەت، تۈزۈلمە، ئىقتىساد قاتارلىق جەھەتلەردىن تۇرپاننىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداشنى زور كۈچ بىلەن قوللىدى. بۇنىڭ بىلەن تۇرپاننىڭ ساياھەتچىلىك ئىقتىسادىي كىرىمى ئۆستى. بۇنى تۆۋەندىكى جەدۋەلدىن ئېنىق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ:

(تۇرپان ۋىلايىتىنىڭ ساياھەت كىرىمى ۋە قۇرۇلمىسى) بىرلىكى تۈمەن يۈەن %

| كۆرسەتكۈچلەر | 2001 - يىلى | | 2000 - يىلى | |
|---|---|---|---|---|
| | مىقدارى | نىسبىتى | مىقدارى | نىسبىتى |
| ئومۇمىي كىرىم | 32500 | 100 | 25000 | 100 |
| ئىشىك بېلەت كىرىم | 7150 | 22 | 5500 | 22 |
| تاق كىرىمى | 13000 | 40 | 10,000 | 40 |
| يېمەك - ئىچمەك كىرىمى | 5200 | 16 | 4000 | 16 |
| تاۋار كىرىمى | 5200 | 16 | 4000 | 16 |
| باشقا كىرىم | 1950 | 6 | 1500 | 6 |

ئۇنىڭدىن باشقا يەنە تۇرپان ۋىلايىتى ساياھەتچىلىككە دائىر ھەر خىل كۆرگەزمە، يىغىن، يەرمەنكە، بايرام پۇرسەتلىرىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، تۇرپاننى مەملىكەت ئىچى - سىرتىغا كەڭ كۆلەمدە تەشۋىق قىلدى. بۇنىڭ بىلەن تۇرپاننىڭ ساياھەتچىلىك كەسپىنىڭ تەرەققىياتى يېڭى بىر مەنزىلگە قاراپ ئىلگىرىلەشكە باشلىدى.

## 2. تۇرپان ۋىلايىتىنىڭ ساياھەتچىلىك ئىشلىرىدا ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر

پۇرسەت ۋە خىرىس ئالدىدا تۇرپان رايونىنى ئومۇميۈزلۈك تەرەققىي قىلدۇرۇش، تۇرپاننى تەشۋىق قىلىش، تۇرپاننى تونۇشتۇرۇش، تۇرپاننىڭ ساياھەتچىلىك ئورنىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، داڭلىق ماركىلارنى يارىتىپ ساياھەتچىلىكنى كەڭ كۆلەمدە تەرەققىي قىلدۇرۇش، تۇرپان ۋىلايىتىدىكى ھەر ساھە، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق ئارزۇسى ۋە جىددىي تەقەززاسى. تۇرپان ۋىلايىتى بىر قانچە يىللاردىن بۇيان، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئورۇنلىرىغا زور مىقداردا مەبلەغ سېلىش بىلەن، مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورۇنلىرىنىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇشىنى ياخشىلىدى، مالىيە كۈچى مەركەزلەشتۈرۈلۈپ، نۇقتىلىق ساياھەت ئورۇنلىرىنىڭ قاتنىشىنى قولايلاشتۇردى ۋە ساياھەتچىلىك زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇلدى. گەرچە تۇرپان ۋىلايىتىنىڭ ساياھەتچىلىك تەرەققىياتى تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلغان بولسىمۇ، لېكىن كىچىكرەك ئۆلكىلەر بىلەن سېلىشتۇرغاندا، يەنىلا دەۋرنىڭ ئارقىدا دەپ قاراشقا بولىدۇ. ئۇل مۇئەسسەسەلەر قۇرۇلۇشلىرى بىلەن مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش مەبلىغى يېتەرلىك ئەمەس. تەشۋىقات خىزمىتى تېخى ئەتراپلىق بولغىنى يوق. بەزى تەشۋىقاتلار تېخى تولۇق ئەمەلىيلەشمىدى. بۇ جەھەتتە تېخى كۆلەم ھاسىل قىلىنمىدى. ساياھەتچىلىك كەسپىگە مۇناسىۋەتلىك ئىختىساس ئىگىلىرى يەنىلا كەمچىل. بۇ ئەھۋاللارنى تۆۋەندىكى جەدۋەلدىن ئېنىق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ:

(ساياھەتكە مۇناسىۋەتلىك كارخانىلارنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى)
بىرلىكى: نەپەر (2001 - يىلى) بىرلىكى: ئادەم.

| كۆرسەتكۈچلەر | كەسىپ بىلەن شۇغۇللانغان خادىملار | ساياھەت يېتەكچىلىرى | تىل ئايرىمىسى | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| جەمئىي | | | ئورتاق تىل | ئىنگلىز تىلى | ياپون تىلى | رۇس تىلى |
| تۇرپان خەلقئارا ساياھەت كوپراتىپى | 22.5 | 51 | 40 | 6 | 4 | 1 |
| تۇرپان شەھەرلىك ساياھەت كوپراتىپى | 3 | 28 | 17 | 6 | 4 | 1 |
| تۇرپان شەھەرلىك دۆلەت ئىچى ساياھەت كوپراتىپى | 11 | 9 | 9 | | | |
| تۇرپان شەھەرلىك سەيلى - ساياھەت شىركىتى | 8 | 2 | 2 | | | |
| تۇرپان ۋىلايەتلىك كەسپىي تېخنىكا مائارىپى | 10 | 3 | | | | |
| تەربىيىلەش مەركىزى | 3 | 3 | 3 | | | |
| شىن جۇ ساياھەت شىركىتى | 10 | 2 | 2 | | | |
| پىچان ناھىيىلىك ساياھەت شىركىتى | 9 | 1 | 1 | | | |
| تۇرپان شەھەرلىك ساياھەت ئاپتوموبىل شىركىتى | 24 | | | | | |
| تۇرپان شەھەر ئۈزۈمچىلىك سەيلىگاھى | 26 | | | | | |
| تۇرپان شەھەرلىك كارىز سەيلىگاھى | 17 | | | | | |

(تۇرپان 2002 - يىللىق «ستاتىستىكا مەلۇمات توپلىمى» دىن ئېلىندى)

دېمەك، تۇرپان ۋىلايىتىنىڭ ھازىرقى ساياھەت تەرەققىيات ھالىتىگە قارىتا، ئىچكى ئۆلكىلەرنىڭ ساياھەتچىلىك كەسپىنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى ئىلغار تەجرىبىلەرنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنى ئۆزىمىزنىڭ يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە، ئۆزگىچە شەكىلگە، كۆلەمگە ئىگە بىر ساياھەت شەھىرى قىلىپ قۇرۇپ چىقىش، نۆۋەتتىكى جىددىي مەسىلە بولۇپ قالدى.

3. تۇرپان ۋىلايىتىنىڭ ساياھەتچىلىك كەسپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى يوللار

تۇرپان ۋىلايىتىنىڭ ساياھەتچىلىك ئىشلىرى ئۆزىگە خاس مەنبەگە، تەبىئىي مەنزىرە ۋە سۈنئىي مەنزىرە بايلىقىغا ئىگە بولۇپ، ئۇنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئېچىش ۋە پايدىلىنىش كېرەك. بىراق، ساياھەتچىلىك ئىشلىرىنى تېخى پۈتكۈل ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشدىن ئايرىپ مۇستەقىل ھالدا ئېلىپ بېرىشقا بولمايدۇ. ئالدى بىلەن قاتناش، يېمەك - ئىچمەك شارائىتى مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىش كېرەك. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە، داۋاملىق مەبلەغ سېلىش، زۆرۈر بولغان قۇرۇلۇشلارنى ئېلىپ بېرىش، توپ ئاساسىدىن باشلاپ تۇتۇش قىلىش، ئاۋال ئاساننى، كېيىن قىيىننى تۇتۇش؛ ئاز پۇل خەجلەپ، كۆپ ئىش قىلىش، ھەتتا پۇل خەجلىمەيمۇ ئىش قىلغىلى بولىدىغان قىلىش كېرەك. ھەرگىزمۇ ساياھەتچىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرىمىز دەپ، بىراقلا كۆچەپ «دولقۇن» ھاسىل قىلىشقا تېخى بولمايدۇ. ئاۋال كىرگۈزۈپ، ئاندىن چىقىرىشقا ئەھمىيەت بېرىش، ئىقتىسادىي ئۈنۈمگە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن، تۆۋەندىكى بىر قانچە تۈرلۈك خىزمەتلەرنى چىڭ تۇتۇپ ئىشلەش كېرەك:

1) ساياھەتچىلەرنى تۇرپاننىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكلىرىدىن بەھرىمان قىلىش كېرەك.

تۇرپاندەك بۇنداق ياز پەسلى ئۇزۇن بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە ساياھەت شەھىرىدە، ساياھەتچىلىك كەسپىنى ئېچىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشتا، ئاممىنى سەپەرۋەر قىلىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. ساياھەت قىلغۇچىلار ھەرگىزمۇ ئالىي دەرىجىلىك ياتاقلاردا يېتىش ئۈچۈنلا كەلمەيدۇ. ئەكسىچە، شۇ يەرنىڭ قويۇق مىللىي ئالاھىدىلىكىنى كۆرۈش ۋە دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ بىر قىسمى بولغان بۇ خىل مەدەنىيەتتىن بەھرىمان بولۇش ئۈچۈن كېلىدۇ. تۇرپاننىڭ مىللىي ئۆرپ - ئادەت ۋە تۇرمۇش شەكلىنى چۈشىنىشى بولسا، ساياھەتچىلەرنىڭ ساياھىتىنىڭ بىر قىسمىدۇر. شۇڭا، مۇشۇ نۇقتىدىن چىقىش قىلغاندا، ئۇلارنى مىللىيچە ئالاھىدىلىككە ئىگە، ئۆزگىچە ھويلا، قورو، كۆرە، ئۆيلەردە تۇرغۇزۇش كېرەك. بۇ ئارقىلىق، چەت ئەللىك ساياھەتچىلەرنى تۇرپان خەلقى بىلەن كۆپرەك ئۇچراشتۇرۇش ۋە تۇرپاننى كۆپرەك چۈشىنىش شارائىتىغا ئىگە قىلىش كېرەك. ساياھەتچىلەرنىڭ بىر ساياھەت ئورنىغا كېلىشى روھىي جەھەتتىن قارىغاندا، كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىدىن قانائەتلىنىش بولۇپ، ھەرگىزمۇ پۈتۈنلەي بەھرىمان بولۇش

ئەمەستۇر، شۇڭا، ساياھەتچىلەرنى مىللىيچە ئالاھىدىلىكلەردىن كۆپرەك بەھرىلەندۈرۈش ئۈچۈن شارائىت ھازىرلاشقا تىرىشىش لازىم.

2) ساياھەتچىلىك مۇلازىمەت كەسپى بىلەن شۇغۇللانغۇچى ئاممىنى تەربىيىلەشكە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك.

تۇرپاننىڭ ساياھەتچىلىك ئىشلىرىنىڭ جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، نۇقتىلىق ساياھەت ئورۇنلىرىدىكى پۇقرالارمۇ مېڭىسىنى بازار ئىگىلىكىنىڭ مۇناسىۋەتلىك بىلىملىرى بىلەن قوراللاندۇرۇپ، ئۆزلىرىنىڭ ئەۋزەل يەر شەكلى ۋە ساياھەت نۇقتىسى بولۇشتەك رايون ئەۋزەللىكىدىن پايدىلىنىپ، ساياھەت مۇلازىمەت كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىشقا باشلىدى. 2004 - يىلى بۈيلۈق سەيلىگاھىدىلا 800 دىن ئارتۇق ئائىلىۋى ساياھەت ئارامگاھى بارلىققا كەلدى، بۇنىڭ بىلەن بىر قەدەر كۆلەم شەكىللەندى، بۇ خىل كۆلەمنىڭ شەكىللىنىشى پۇقرالار ئۈچۈن مەلۇم دەرىجىدە كىرىمنىڭ ئېشىشىنى بارلىققا كەلتۈردى. لېكىن شۇنىمۇ كۆرۈش كېرەككى، بۇ خىل تاللىشىش شەكلىدىكى كۆلەم ھاسىل قىلىشنىڭ ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي ئۈنۈمى تازا كۆڭۈلدىكىدەك بولمىدى. بۇنىڭ ئىچىدە بىر قەدەر كۆپ مەبلەغ سېلىپ، شارائىتلىرىنى بىر قەدەر مۇكەممەللەشتۈرگەن، ئەسلىھەلىرى زامانىۋى شەكىلدىكى ئارامگاھلارنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمى بىر قەدەر ياخشى بولدى. ئەكسىچە، باشقىلارنى دوراپ قارىغۇلارچە ئېچىلغان ئارامگاھلارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ سۈپىتى ناچار، ئەسلىھەلىرى تولۇق ئەمەس، مۇلازىمەت سەۋىيىسى تۆۋەن بولۇپ، بۇ خىلدىكىلەر سالغان مەبلىغىنى قايتۇرالمايلا قالماستىن، ئەكسىچە زىيان تارتتى. بۇ زىيان ئاساسلىق پۇقرالارنىڭ ۋە خوجايىنلارنىڭ مەلۇم دەرىجىدە باشقۇرۇش جەھەتتىكى بىلىم - سەۋىيىسىنىڭ بولمىغانلىقىدىن بولغان. شۇڭا، ئۇلارنى ئىلمىي تەرەققىيات قارىشى بويىچە يېتەكلەپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇش نىشانىنىڭ قەدەم - باسقۇچلىرىغا ماسلاشتۇرغان ئاساستا، ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن، بىرىنچىدىن، ئائىلىۋى سەيلىگاھ ئاچقۇچى پۇقرالارنى قەرەللىك كۇرس ئېچىپ، تەربىيىلەپ، ئۇلارنى ساياھەتچىلىك مۇلازىمىتىگە دائىر تۈرلۈك بىلىملەر بىلەن قوراللاندۇرۇش ئارقىلىق، ساياھەتچىلىك كەسپى بويىچە مەلۇم بىلىمگە ئىگە قىلىش كېرەك. ئىككىنچىدىن، ساياھەتچىلىك كەسپىي ئائىلىلىرىدىكى ئاما پاكىز، رەتلىك، مىللىيچە كىيىم - كېچەكلەرنى كىيىپ، ساياھەتچىلەرگە ئەدەپلىك سۆزلەپ، قىزغىن مۇلازىمەت قىلىپ، ياخشى تەسىر قالدۇرۇشقا تىرىشىش كېرەك. ئۈچىنچىدىن، پۇلنى چەت ئەللىك ساياھەتچىلەرنىڭ ئالدىدا، پايپاق، لىپتىك، بۆك، توماق، ئاياق قاتارلىق ئۇدۇل كەلگەن يەرلىرىگە تىقماسلىق كېرەك. تۆتىنچىدىن، ساياھەت كەسپى بىلەن شۇغۇللانغۇچى ئائىلىلەرنى كەسپىي جەھەتتىن تەربىيىلەپ، لاياقەتلىك بولغانلىرىنى ئاندىن ساياھەت مۇلازىمەت كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىشقا يول قويۇش كېرەك. بۇنداق بولغاندا، كۆلەملىشىشنىڭ ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنى قولغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ. بۇ تۇرپاندەك ساياھەتچىلىك رايونى ئۈچۈن ئېيتقاندا، بىر خىل شەكىلسىز، پۇل كەتمەيدىغان، ئۈنۈملۈك تەشۋىقات ئۇسۇلى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

3) تۇرپاننىڭ رايون ئەۋزەللىككە ئىگە يەرلىك، مىللىيچە قۇرۇلۇشلارنى بارلىققا كەلتۈرۈش كېرەك.

بىناكارلىق — شۇ رايوننىڭ ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت تارىخىنىڭ بىر يارقىن نامايەندىسى. تۇرپاننىڭ بىناكارلىق تارىخىدىمۇ باشقا جايلارغا ئوخشىمايدىغان ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان تارىخى ۋە تارىخىي قۇرۇلۇش ئەسلىھەلىرى بار. مەسىلەن، تۇرپاننىڭ يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە ئۈزۈم قۇرۇتۇش ئۆيى — چۈنچە. بۇمۇ تۇرپانغا خاس بولغان بىناكارلىق مەدەنىيىتىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ، چۈنچىلەردە قۇرۇتۇلغان ئەلا سۈپەتلىك يېشىل ئۈزۈملەر مەملىكىتىمىزنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا سېتىلماقتا. ئەلا سۈپەتلىك يېشىل ئۈزۈملەرنىڭ تەبىئىي قۇرۇتۇش ماكانى بولغان چۈنچىلەنىڭمۇ قىممەت يارىتىش رولى بار بولۇپ، بۇنى ئاچماسلىق بىر خىل مەدەنىيەت ئىسراپچىلىقى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا، چۈنچىلەردىن ئوبدان پايدىلىنىپ ساياھەتچىلەرنى چۈنچىلەرگە كىرگۈزۈپ، ئۇلارنى تۇرپاننىڭ يېشىل ئۈزۈمىنىڭ قۇرۇتۇش جەريانىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇرۇش، ئۇلارنى نەق مەيداندا ئۈزۈم ئۈزۈش ئەمگىكىدىن ھوزۇرلاندۇرۇش، قۇرۇغان ئۈزۈملەرنى نەق مەيداندا تېتىپ بېقىش قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق، ساياھەتچىلەرنى تۇرپاننىڭ يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە مەدەنىيەت مۆئىلىرىدىن ھوزۇرلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش كېرەك. بۇ تۈرنى ئاچقاندا ئەلۋەتتە، چۈنچە ئورنىنى دېھقانلار

توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلاردا بەرپا قىلىش ۋە ئەتراپتىكى مۇھىتلىرىنى، تەبىئىي شارائىتلارنى ياخشىلاشقا دىققەت قىلىش كېرەك.

ئۇنىڭدىن باشقا يەنە، تۇرپاننىڭ شەھەر قۇرۇلۇشىدىمۇ مىللىيچە قۇرۇلۇش ئالاھىدىلىكىنى كۆپرەك شەكىللەندۈرۈش كېرەك. نۆۋەتتە تۇرپاندا بىر نەچچە يەردە مىللىيچە پوسۇندا لايىھىلەنگەن قۇرۇلۇشلار بار بولسىمۇ، لېكىن بۇلار يەنىلا ئېھتىياجنى قاندۇرالمايۋاتىدۇ. ئۇرۇمچىنىڭ دۆڭكۆۋرۈك-تىن تارتىپ مىللەتلەر كوچىسىغىچە بولغان قۇرۇلۇشلارنىڭ تاشقى لايىھىسى بىلەن تۇرپاننىڭ ئۆزگىچە بىناكارلىقىنى بىرلەشتۈرگەن ئاساستا بۇرۇنقى كېمىر ئۆيلەرنى ئۆزگەرتىپ ياساپ، يېڭىچە قۇرۇلۇش نۇسخىسىنى بارلىققا كەلتۈرۈش جەھەتتىمۇ ئىزدىنىشكە بولىدۇ، بۇ تۇرپان ئۈچۈن ئېيتقاندا يېڭىچە بىر چىقىش نۇقتىسى بولۇپ قالغۇسى.

**4. خاتىرە بۇيۇم كەسپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش**

ساياھەتچىلىك بولسا بىر خىل ئۇنۋېرسال كەسىپ، ئۇنىڭدا قاتناش - ترانسپورت، مېھمان ساراي، يېمەك - ئىچمەك كەسپى، مۇلازىمەت كەسپىدىن باشقا يەنە، خاتىرە بۇيۇم كەسپىمۇ مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. نۆۋەتتە، تۇرپاننىڭ ساياھەت خاتىرە بۇيۇملىرىدىن خېلى كۆپ تۈرلەر بولسىمۇ، بۇلار كىشىلەر تولا كۆرۈپ ئومۇملىشىپ قالغان تۈرلەردۇر. بىراق، بۇ خاتىرە بۇيۇملار يەنىلا ساياھەتچىلەرنىڭ تەلىپىنى قاندۇرالمايدۇ. 2004 - يىلى بىز بىر سىنىپ كۇرسانتلار دۆلىتىمىزنىڭ نەنجىڭ شەھىرىگە ئېكىسكۇرسىيە ۋە جەمئىيەت تەكشۈرۈشكە بارغاندا، ئۇ يەردىكى يۇ خۋاتەي ئىنقىلابىي قۇربانلار قەۋرىستانلىقىنى زىيارەت قىلدۇق. بىز ئۇ يەردە بىر تەرەپتىن، سۈرەتكە چۈشۈپ خاتىرە قالدۇرساق، يەنە بىر تەرەپتىن خاتىرە بۇيۇملارنى سېتىۋالدۇق، شۇ يەردە مەن يۇ خۋاتەي قەھرىمانلار خاتىرە مۇنارىنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن كىچىك ئىزناكدىن بىرنى سېتىۋالدىم. شۇ ۋاقىتتا مەن: «بىزنىڭ تۇرپاندىمۇ مۇشۇنداق كىچىك خاتىرە ئىزناكلارنى ئىشلەپچىقارساق بولمامدىغاندۇ؟» دەپ ئويلاپ قالدىم.

تۇرپان سۇلايمان خوجا مۇنارى، بۇيلۇق مەنزىرە ئارامگاھى، يالقۇنتاغ، دېڭىز يۈزىدىن 154 مېتىر تۆۋەنلىكتىكى ئايدىڭكۆل خاتىرە تېشى، يارغول قەدىمكى شەھىرى، بېزەكلىك مىڭئۆيى، قوچو قەدىمكى شەھىرى، كارىز، چۈنچە. . . قاتارلىق مەدەنىيەت بايلىقلىرىمىز بار تۇرسا، هازىر ئېلېكترون تېخنىكىسىمۇ تەرەققىي قىلغان تۇرسا، بىز تۈرلۈك ئىلغار تېخنىكىلاردىن پايدىلىنىپ، بۇ تۈرلەرنىمۇ ئاچساق، تۇرپان ئۈچۈن ئىقتىسادىي ئۈنۈم ھەم ئىشقا ئورۇنلىشىش پۇرسىتى ۋە ئىجتىمائىي ئۈنۈم يارىتىپ بولاتتۇق. ئەلۋەتتە، بۇ تۈرلەرنى ئېچىش ئۈچۈن مەبلەغ كېتىدۇ. بىراق، تۇرپاننىڭ ساياھەتچىلىك ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن، بۇ خىل كەسىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئەلۋەتتە ئەرزىيدۇ دەپ قارايمەن.

خاتىرە ئىزناك كەسپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ تۇرپان خەلقى ئۈچۈن مۇنداق 3 تۈرلۈك پايدىسى بار: ① كىچىك تىپتىكى خاتىرە ئىزناك ئىشلەش كارخانىسى قۇرۇلسا، جەمئىيەتتىكى ئېشىنچە ئەمگەك كۈچلىرىنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرغىلى بولىدۇ. ② جەمئىيەت ئامانلىقىنى مۇقىملاشتۇرغىلى بولىدۇ. ③ مىللىي كارخانا تېخنىك خادىملىرىنى تەربىيىلەش ۋەزىپىسىنى ۋىلايىتىمىز تېخنىكا تەربىيىلەش مەركىزىگە ھاۋالە قىلىش ئارقىلىق، شۇ مەكتەپتە بىر سىنىپ ئېچىپ تەربىيىلەشكە بولىدۇ. بۇنىڭدا بىر تەرەپتىن، مەبلەغنى تېجەشكە بولىدۇ، يەنە بىر تەرەپتىن، مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا بىر ياخشى مۇھىت بىلەن تەمىنلىگىلى بولىدۇ.

**5. ساياھەتچىلىكتە ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيىلەشكە ئەھمىيەت بېرىش**

ساياھەتچىلىك ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا ئەلۋەتتە ساياھەت يېتەكچىسى، تەرجىمان، شوپۇر، مېھمانساراي كۈتكۈچىسى، مۇلازىمەتچى قاتارلىق خادىملار بولۇشى كېرەك. بىراق، يۇقىرىقى ئامىللارنىڭ سۈپىتىنى يۇقىرى ئۆستۈرۈش ساياھەتچىلىك كەسپىدىكى مۇھىم ئۆتكەل ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن، ساياھەت يېتەكچىسى چەت ئەل تىلىنى ۋە خەنزۇ ئورتاق تىلىنى پىششىق بىلىشتىن باشقا، يەنە مۇئەييەن سەۋىيىدە جۇڭگو تارىخى، بولۇپمۇ شىنجاڭ تارىخى، جۈملىدىن تۇرپان تارىخى بىلىملىرى، ساياھەت پىسخىكىسى، شۇ يەرنىڭ تەبىئىي بايلىقى، مىللىي ئۆرپ - ئادىتى، مىللىيلارنىڭ ھەر خىل مۇراسىملىرى قاتارلىق تەبىئىي بىلىشكە تېگىشلىك بىلىملەرنىمۇ پۇختا ئىگىلىشى كېرەك. شۇنداق بولغاندىلا، ئاندىن تۇرپاننى چەت ئەللىك ۋە دۆلەت ئىچىدىن كەلگەن ساياھەتچىلەرگە ياخشى، توغرا تونۇشتۇرالايدۇ.

نۆۋەتتە، تۇرپاننىڭ ساياھەتچىلىك ئىشلىرىدا گەرچە ساياھەت يېتەكچىلىرى بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ بىلىمى، چۈشەندۈرۈشلىرى يەنىلا ساياھەتچىلەرنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرالمايدۇ. شۇڭا، بۇ جەھەتتىكى خىزمەتلەرنىمۇ چىڭ تۇتۇپ ياخشى ئىشلەش كېرەك. بۇنىڭدا ئىككى نۇقتىنى چىڭ تۇتۇش: (1) قەدىمكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ مەزمۇنىنى توغرا چۈشەندۈرۈلۈشىگە دىققەت قىلىش؛ (2) باشقۇرغۇچى ئىختىساس ئىگىلىرىنى بارلىققا كەلتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك.

## 6. رەقەملىك فوتو ئاپاراتى بىلەن ئېلېكترونلۇق مىڭىنى ماسلاشتۇرۇپ ئىشلىتىشنى ساياھەت ئورۇنلىرىدا بارلىققا كەلتۈرۈش

رەقەملىك فوتو ئاپاراتى — ھازىرقى زامان ئېلېكترون ئۈچۈر تېخنىكىسىنىڭ ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلغانلىقىنىڭ مەھسۇلى. ھازىرقى دەۋردە، ئىچكى ئۆلكىلەردىكى ساياھەت ئورۇنلىرىنىڭ ھەممىسىدە بۇ خىل ئاپارات بار بولۇپ، ھەممىسى شەخسلەرنىڭ مەبلەغ سېلىشى ئارقىسىدا بارلىققا كەلگەن ھەم مۇئەييەن كۆلەم ھاسىل قىلىپ، خېلىلا ياخشى ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي ئۈنۈم ياراتقان. تۇرپاندا بولسا، ساياھەت ئورۇنلىرىدا بۇ خىل ئاپارات يوق، بار دېگەندىمۇ ساياھەتچىلەر ئۆزلىرى ئېلىپ كەلگەن ئاپاراتلار. بۇ مەسىلىگە كەلگەندە مەلۇم مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە ئىگە، ئىش كۈتۈپ تۇرغان ئىختىساسلىقلارنى، ئۆزلىرى مەبلەغ سېلىپ، بۇ خىل يورۇشلۇق ئاپاراتلارنى ساياھەت ئورۇنلىرىدا بەرپا قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە، تارتىلغان سۈرەتلەرنى كومپيۇتېردا رەتلەپ، چىرايلىق رامكا، خاتىرە سۆزلەرنى يېزىپ چىقىش قاتارلىق مۇلازىمەتلەرنىمۇ ماسلاشتۇرۇپ ئېلىپ بېرىش كېرەك. بۇنىڭدا بىرى، ئىش كۈتۈپ تۇرغانلار ئۆزلىرىنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرىدۇ. يەنە بىرى ئۇزۇن مۇددەت بۇ ئىش بىلەن شۇغۇللانسا، ئاستا - ئاستا كۆلەم شەكىللىنىپ، ئىقتىسادىي كىرىم قىلغىلى بولىدۇ. شۇنى بىلىش كېرەككى، ھەممە ئادەم ساياھەت ئورۇنلىرىغا فوتو ئاپاراتى ئېلىپ كىرىۋەرمەيدۇ. ئېلىپ كەلگەنلەرنىڭ بەزىلىرى، يەنىلا شۇ ئورۇندىكى رەقەملىك فوتو ئاپاراتى ئارقىلىق سۇلايمان خوجا مۇنارىنى پۈتۈن، ئېنىق ھالدا كۆرۈنۈشكە چۈشۈرگۈسى كېلىدۇ ھەم خاتىرە قالدۇرغۇسى كېلىدۇ. تۇرپاندەك دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ساياھەتچى كۆپ كېلىدىغان ئورۇندا، بۇ خىل تۈرنى بارلىققا كەلتۈرۈش ياخشى بىر باشلىنىش بولۇپ قالغۇسى.

## 7. باللار ساياھەت ئورنىنىڭ بار بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش

باللار كەلگۈسىنىڭ ئۈمىدى ۋە ئىزباسارلىرى. ئۇلارنىڭ كىچىك ۋاقتىدىن باشلاپ كۆرۈپ چوڭ بولىدىغان مۇھىتىنىڭ قانداق بولۇشى، ئۇلارنىڭ پسىخىك ساغلاملىقىغا زور تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇڭا، ئۇلارنىڭمۇ ئۆزىگە خاس دۇنياسى بولۇشى كېرەك. ھازىر تۇرپاندا باللار بايرىمى ۋە باشقا دەم ئېلىش كۈنلىرىدە باللارنى ئاپىرىپ ئوينىتىدىغان، ساياھەت قىلدۇرىدىغان سورۇندىن پەقەت ئېدىقۇت باغچىسى ۋە ساياھەت مەدەنىيەت مەيدانىلا بار، لېكىن باغچا — يازدا چوڭلارنىڭ ھەر خىل ئىچىملىكلەرنى ئىچىپ، خالىغانچە كۆڭۈل ئاچىدىغان سورۇنى؛ ساياھەت مەدەنىيەت مەيدانى بولسا، قىز - يىگىتلەرنىڭ مۇھەببەتلىشىدىغان سورۇنى بولۇپ قالماقتا. بايرام كۈنلىرى باللارنى ئاپارسا، باغچا باللارنىڭ ئەمەس، ئەكسىچە چوڭلارنىڭ بايرىمىغا ئايلىنىپ قالغاندەك، باللاردىن چوڭلار كۆپ بولماقتا. بۇ خىل مۇھىتتا باللارنىڭ خوشاللىقىدىن بەھىر ئېلىشى توسقۇنلۇققا ئۇچرىماقتا، شۇڭا، مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار باللارنىمۇ بىر ساياھەتچىلەر توپى قاتارىدا كۆرۈپ، مەخسۇس باللار ئۈچۈن ساياھەت، كۆڭۈل ئېچىش سورۇنى ھازىرلاپ بەرگەن بولسا، تولىمۇ ياخشى بولاتتى.

قىسقىسى، تۇرپاندەك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى كۆپ جايدا ساياھەت نۇقتىلىرىنىڭ تۈرلىرى كۆپ. بىز چوقۇم ئەتراپلىق خىزمەت ئىشلەپ، ساياھەتچىلەرنى كۆرۈپ قانمايدىغان ھېسسىياتقا كەلتۈرۈشىمىز كېرەك. شۇندىلا، ساياھەتچىلەردە «بۇ قېتىم كۆرۈپ بولالمىسام، كېيىن كەلگەندە تولۇقلاپ كۆرىمەن» دېگەن ھېسسىياتنى شەكىللەندۈرۈپ، تۇرپاننىڭ سېھرىي كۈچىنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ساياھەتچىلەرنى جەلپ قىلغىلى، ساياھەت بايلىقلىرىنىڭ قىممىتىدىن تولۇق پايدىلانغىلى ۋە ئېچىپ پايدىلانغىلى بولىدۇ.

(ئاپتور ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىدە)

تەھرىرلىگۈچى: ئەركىن ئىمىنىياز قۇتلۇق

# ئېكىسكۇرسىيە ۋە ئۆگىنىش خاتىرىسى

ئابلىم قېيۇم

ئۆگىنىش دېگەن بۇ ئۇقۇم ناھايىتى كەڭ مەنانى ئۆزىگە مۇجەسسەملەشتۈرگەن بولۇپ، بۇ ئۇقۇمنى ئاددىيراق مەنادا چۈشەنسەك، ئىلىم - پەن ئۆگىنىشتىن باشقا ئىلغارلاردىن، ئەلالاردىن، ياخشىلاردىن ئۆگىنىش دېمەكتۇر.

تەكشۈرۈش دېگەندە، ئۆزىمىزدە يېتەر- سىزلىكلەرنىڭ بار - يوقلىقىنى باشقا ياخشى خىزمەت ئىشلىگەنلەر بىلەن سېلىشتۇرۇپ، يېتەرسىزلىكلەرنى تېپىپ چىقىش دېمەكتۇر.

ئۆگىنىشتىكى مەقسەت باشقىلارنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى ئۆگىنىپ، ئۆزىمىزدىكى يېتەرسىزلىكلەرنى تۈزىتىپ كەسپىي خىزمەتلەرنى تېخىمۇ ياخشى ئىشلەشتىن؛ تەكشۈرۈشتىن مەقسەت، باشقىلارنىڭ ئىلغار ۋە ياخشى تەرەپلىرىنى تېپىپ چىقىپ ئۇنى كەڭ تەشۋىق قىلىپ، جەمئىيەتنى تەڭ ئىلھاملاندۇرۇپ، ئۆزىمىزدىكى يېتەرسىزلىك- لەرنى ۋاقتىدا تۈزىتىش، كەمچىللىكلەرنى تولۇقلاشتىن ئىبارەت. مۇشۇ مەقسەتتە، تۇرپان ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلارنى باشقۇرۇش ئىدارىسى ئىدارىدىكى بىر قىسىم رەھبىري كادىرلار، مەدەنىيەت يادىكارلىقلار سېپىدىكى تايانچ كۈچلەرنى، تۇرپان ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى باشقۇرۇش ئىدارىسىغا تەۋە ھەر قايسى بۆلۈم، ئىشخانا ۋە نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئورۇنلىرىنىڭ مەسئۇللىرىدىن بولۇپ، جەمئىي 12 كىشىنى تەشكىللەپ سىچۈەن، خۇنەن، شاڭخەي قاتارلىق قوشنا ئۆلكە شەھەرلەردە 2005- يىلى 10- ئاينىڭ 28- كۈنىدىن 11- ئاينىڭ 22- كۈنىگىچە ئېكىسكۇرسىيە ۋە ئۆگىنىشتە بولدى. بۇ قېتىمقى ئېكىسكۇرسىيە ۋە ئۆگىنىش پائالىيىتىنىڭ تۇنجى بېكىتى سىچۈەن ئۆلكىسىنىڭ چېڭدۇ شەھىرى بولدى. ئۆمەكتىكىلەر چېڭدۇ شەھىرىدە بىرىنچى بولۇپ تەكشۈرۈش ۋە ئۆگىنىش ئورنى قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئورۇن ۋۇخۇسېنى ئېكىسكۇرسىيە قىلدۇق. بۇ ئورۇننى ئېكىسكۇرسىيە قىلىش بىلەن تەڭ تەكشۈرۈش ئۆگىنىش ئۆمىكىدىكى يولداشلار ئۆزلىرىنىڭ تەكشۈرۈش ۋە ئۆگىنىش پائالىيىتىنى باشلىۋەتتى. بىزنىڭ ئېكىسكۇرسىيە ئۆمىكىمىزگە بىر نەپەر چۈشەندۈرگۈچى سەپلەپ بېرىلگەن بولۇپ، يولداشلار ئۇنىڭدىن بۇ ئورۇندىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى ئىشلىتىش ئۇسۇلى، قانچە نەپەر ئىشچى - خىزمەتچى بارلىقى، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ قانداق ئۇسۇل بىلەن قوبۇل قىلىنىدىغانلىقى، قوبۇل قىلىنغاندىن كېيىن تەمىناتىنى قانداق ھەل قىلغانلىقى، تەمىناتقا قارىتا خىزمەتچىلەرنىڭ ئىنكاسى، نىمە ئۈچۈن بۇنداق ئۇسۇل قوللىنىدىغانلىقى دېگەندەك نۆۋەتتە بىر قەدەر گەۋدىلىك بولىۋاتقان ئەھۋاللارنى بىلىۋېلىشقا ئالدىرايتتى. چۈنكى تۇرپان ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسىمۇ نۆۋەتتە مۇشۇنداق مەسىلىلەرگە دۈچ كېلىۋاتاتتى. بۇ، ياخشى چارە - تەدبىرلەرنى ئويلاپ، ئەتىراپلىق پىلانلاپ ھەل قىلمىسا بولمايدىغان مەسىلىلەردۇر. ۋۇخۇسىدىكى ئۆگىنىش، تەكشۈرۈش پائالىيىتىدىن كېيىن، دۇفۇساۋتاڭ دېگەن ئورۇننى ئېكىسكۇرسىيە قىلىشقا باردۇق. يولداشلار ئېكىسكۇرسىيە داۋامىدا، بۇ ئورۇننى كۆرۈش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ بىر تەرەپتىن تونۇشتۇرغۇچىنىڭ تونۇشتۇرۇشىنى ئاڭلىسا، يەنە بىر تەرەپتىن بۇ ئورۇننى باشقۇرۇش ئەھۋالىنى ناھايىتى سەگەكلىك بىلەن كۈزەتتى. ئۆگىنىش، تەكشۈرۈش پائالىيىتى ئاياقلاشقاندىن كېيىن، ئېكىسكۇرسىيە ئۆمىكىدىكى يولداشلار تونۇشتۇرغۇچىدىن بۇ ئورۇننى باشقۇرۇش ئەھۋالى، خادىملارنى ئىشلىتىش جەريانىدىكى يېڭى ئىسلاھات تەدبىرلىرى، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش چارىلىرى، مەبلەغنى تەقسىم قىلىش ئەھۋالى، ساياھەتچىلەردىن قىلىنغان كىرىمنى چىقىم قىلىش ئۇسۇلى قاتارلىق ئىگىلەشكە ۋە ئۆگىنىشكە بولىدىغانلىكى نەرسىلەرنى سوراپ

ئۆگەندى. تونۇشتۇرغۇچى تەكشۈرۈش ئۆمىكىدىكى ھەر بىر كىشىنىڭ سورىغان سوئالىغا ئۆزىنىڭ بىلگىنىچە جاۋاب بەردى. بىلمىگەنلىرىنى «رەھبەرلىرىمىزدىن سوراپ بېقىڭلار» دەپ جاۋاب بەردى. دۇفۇساۋتاڭدىكى ئۆگىنىش، تەكشۈرۈش پائالىيىتى ئاياقلاشقاندىن كېيىن، ھەممەيلەن ياتاقلىرىغا قايتتى ھەم شۇ كۈندىكى ئۆزلىرى تەكشۈرگەن ئەھۋاللارنى كۈندىلىك خاتىرىسىگە يېزىشقا كىرىشتى.

2- كۈندىكى پائالىيىتىمىز سەنشىڭدۇي مۇزېيىدا بولدى. بۇ يەردە ھەر بىر يولداش مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىدىن قانداق ئۇسۇل ئارقىلىق ياخشى پايدىلانغىلى، يەنە مۇھىم پائالىيەتلەردە مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ رولىنى قانداق قىلغاندا ياخشى جارى قىلدۇرغىلى بولىدۇ، دېگەندەك مەسىلىلەر ئۈستىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى مۇۋاپىق تىزىش بىر خىل سەنئەت. مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ياخشى تىزىش بىر خىل سەنئەتنى ئىپادىلىسە، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ ئۆزى بىر مۇكەممەل مەزمۇن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ يەردە بىز ئالاھىدە ئەسكەرتىپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدىغان بىر ئىش سەنشىڭدۇي، (ئۈچ يۇلتۇز تۇركۈمى) مۇزېيىدا كۆرگەزمىگە قويۇلغان بىر خىل مەدەنىيەت يادىكارلىقى — ئالتۇن تىللا تۇكۇلىدىغان دەرەخ بولۇپ، ئەسلى بۇيۇمنىڭ ئۆزى بىلەن ئوخشىتىپ ياسالغان مودېلىمۇ كۆرگەزمىگە قويۇلغان. بىراق ئوخشىتىپ ياسالغان مودېل ئەسلىدىكى بۇيۇمدىن نەچچە ھەسسە چوڭايتىلىپ ياسالغان بولۇپ، بۇ مۇزېينىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بوشلۇققا قويۇلۇپتۇ. ئېگىزلىكى بىنا ئېگىزلىكى بىلەن تەڭ كېلىدىكەن. تىللا تۆكۈلىدىغان دەرەخ چۆچەكلەردىلا بولاتتى. ئەمما بۇنىڭدىن خەلق ئارىسىدىكى ھەر قانداق چۆچەك، ھېكايىلەرنىڭ توقۇلۇشىدا مەلۇم مەنبەگە ئىگە ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. مەيلى ھېكايە، چۆچەكلەرنىڭ بارلىققا كېلىش مەنبەسى بولغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بولسۇن ۋە ياكى ھەقىقىي مەنىدىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بولسۇن، ئۇلارنىڭ ھەممىسىلا ئەجدادلىرىمىز ئۆزلىرى ياراتقان مەدەنىيەت يادىكارلىقى بولۇپ، ئۇلار ئەۋلادلارنى تەربىيىلەشتە مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ رولىنى ھەقىقىي مەنىسى بىلەن جارى قىلدۇرۇشتا بىز ئۈچۈن ناھايىتى قىممەتلىك مىراسلار ھېسابلىنىدۇ.

ئېكسكۇرسىيە ئۆمىكىدىكى يولداشلار بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈش، ئۆگىنىش ئارقىلىق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى كۆرگەزمىگە قويۇش بىلەنلا مەقسەتكە يەتكىلى بولمايدىغانلىقىنى شۇنداقلا، بىر مەدەنىيەت يادىكارلىقىنى ئاددىي ئۇسۇلدا تىزىپ قويۇش، سىرتتىن بەھرىمان بولۇش، قەدىمكىسىنى ھازىرقىسى بىلەن سېلىشتۇرۇش، ئەينى زامان جەمئىيەتتە ئوينىغان رولىنى چۈشىنىش، شۇ مەدەنىيەت يادىكارلىقىنىڭ ئەسلى ماھىيىتىنى بىلىپ، ئىشلىتىلگەن ئورنىنى كەڭ خەلق ئاممىسىغا ئۆز ئەينى بويىچە چۈشەندۈرۈش ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر چۈشەندى. سەنشىڭ مۇزېينى ئېكسكۇرسىيە قىلىپ بولغاندىن كېيىن، بىز لېشەندافۇ (شاتلانغان بۇددا) يادىكارلىقلىرىنى قوغداش ئورنىغا باردۇق. قوغدىغۇچى خادىملار بىزنىڭ بۇ يەرگە كېلىشتىكى مەقسىتىمىزنى ئۇققاندىن كېيىن ئۆزلىرىنىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش جەھەتتە ئىشلىگەن خىزمەتلىرىنى ئەستايىدىللىق بىلەن تەپسىلىي سۆزلەپ بەردى. چۈشەندۈرگۈچى خادىم ئۆمىكىمىزدىكى خادىملار ئۈچۈن ناھايىتى ياخشى مۇلازىمەت قىلدى، سورىغان سوئاللارغا تەپسىلىي ۋە ئەستايىدىل جاۋاب بەردى. بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈش، ئۆگىنىش ئورنى قىلىپ بەلگىلەنگەن يەنە بىر ئورۇن (ئېمېي تېغى مەنزىرە رايونى) ئىدى. ئېمېي تېغى گەرچە مەنزىرە رايونى بولسىمۇ، بۇ مەنزىرە رايونى دائىرىسىدە ناھايىتى كۆپ مەدەنىيەت يادىكارلىقلار ئورنى بار ئىكەن. بۇ مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورۇنلىرى ئىچىدە بەزىلىرى دۆلەت دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان، يەنە بەزىلىرى ئۆلكە دەرىجىلىك نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئورنى ئىكەن. ئۆمەكتىكى يولداشلار ئىگىلىگەن ئەھۋاللارغا ئاساسلانغاندا، بۇ يەر گەرچە 〈ئېمېي تېغى مەنزىرە رايونى〉 ئاتالسىمۇ، بۇ مەنزىرە رايونىنى باشقۇرىدىغان مەخسۇس باشقۇرۇش كومىتېتى قۇرۇلغان. بۇ كومىتېتنىڭ ۋەزىپىسى بۇ مەنزىرە رايونىنىڭ تۈرلۈك ئىشلىرىنى مەخسۇس باشقۇرۇش ئىكەن. بىراق بۇ يەردىكى مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورۇنلىرىنى يەنىلا ئۆلكىلىك، شەھەرلىك، ناھىيىلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئورۇنلىرى مەسئۇل بولۇپ باشقۇرىدىكەن.

كونكرېت ئىشلارنى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئىشخانىلىرى ئۆزلىرى قول سېلىپ ئىشلەيدىكەن. كەڭ دائىرىلىك ئىشلاردا باشقۇرۇش كومىتېتى بىلەن ماسلىشىدىكەن. مۇھىتىنى تۈزەش، گۈزەللەشتۈرۈش، پىلانلاش، ساياھەتچىلىكتە پايدىلىنىش قاتارلىق ئىشلاردا باشقۇرۇش كومىتېتى بىر تۇتاش پىلان ئىچىگە كىرگۈزىدىكەن. مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش، رېمونت قىلىش، قوغداش دائىرىسىدىكى بۇزغۇنچىلىقلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش، مەدەنىيەت يادىكارلىقلارنىڭ مۇھىتىنى قوغداش قاتارلىق خىزمەتلەرنى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش مەمۇرىي ئورگانلىرى بىر تۇتاش باشقۇرىدىكەن. ئۇلار ھازىر تەبىئىي مەنزىرىدىن بەھرىمان بولۇش بىلەن ئەجدادلىرىمىز بىزگە قالدۇرۇپ كەتكەن ھەر خىل مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىدىن قانغۇچە بەھرىمان بولۇش، ئۇلارنى قانغۇچە كۆرۈشنى يولغا قويۇپتۇ.

ئېكىسكۇرسىيە ئۆمىكىدىكى كەسپىي خادىملارنىڭ ۋەزىپىسى ئاساسەن ئۆگىنىش ۋە تەكشۈرۈش بولۇپ، ھەر بىر كەسپىي خادىمغا بىر تۈرلۈك كەسپىي ۋەزىپە تاپشۇرۇلغاچقا، ئۇلار ھېرىپ - چارچىغىنىغا قارىماي، ئۆزلىرىگە يۈكلەنگەن ۋەزىپىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىش ئۈچۈن تىرىشاتتى.

مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش بىر تارىخىي ۋە رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە مۇھىم خىزمەت. يەر ئۈستى ۋە يەر ئاستىدىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ياكى دېڭىز - كۆللەردىكى، سۇ ئۈستى ۋە ئاستىدىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ ھەممىسى دۆلەتكە تەۋە. دۆلەتكە تەۋە بولغان ھەر قانداق نەرسىنى دۆلەت قوغدايدۇ ۋە ئاسرايدۇ. يەنە ئۇلارنى زامانىمىز ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرىدۇ. كەڭ خەلق ئاممىسىنى روھىي جەھەتتىن بەھرىمان قىلىدۇ. ئىچكى - تاشقى ساياھەتچىلەرنى ئەمەلىي بۇيۇملارنى كۆرۈش، ساياھەت قىلىش ئارقىلىق ھوزۇرلاندۇرىدۇ. چۈنكى زامانىمىزدا ياشاۋاتقان زامانىۋى ئاڭ سەۋىيىدىكى كىشىلەرنىڭ ئىپتىدائىي زاماندىكى كىشىلەرنىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى كۆرگۈسى كېلىدۇ. زامانىۋى پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى بىلەن سېلىشتۇرغۇسى كېلىدۇ. ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىپتىدائىي جەمئىيەت دەۋرلىرىدە قانداق تۇرمۇش كەچۈرگەنلىكىنى بىلگۈسى كېلىدۇ.

مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش ۋە ئىلمىي باشقۇرۇشتىكى مەقسەت مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، ساياھەت ئىشلىرىغا ماسلىشىپ، قوغداش خىزمىتىنى كۈچەيتىپ ھەر ساھەدىكى تەتقىقاتچى، مۇتەخەسسىس، ئالىم ۋە ساياھەتچى ئامما ئۈچۈن ئەتراپلىق مۇلازىمەت قىلىشتۇر. مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بويىچە مۇلازىمەت قىلىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى يەنىلا مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ياخشى قوغداش، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ ھازىرقى ھالىتىنى ئەسلى پېتىچە ساقلاشتۇر. مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ياخشى قوغدىماي تۇرۇپ، ساياھەتچىلىكتىن ئېغىز ئېچىشقا بولمايدۇ. ساياھەتچىلىك يېقىندىن بارلىققا كېلىپ گۈللىنىۋاتقان دۇنياۋى كەسىپ بولۇپ، بۇ ئىسلاھات — ئېچىۋېتىش ئىشلىرىمىزنىڭ مەھسۇلى. ساياھەتچىلىك دېگەن «كۆڭۈل ئېچىش» دېگەنلىك، ھەر قانداق بىر ئىشنىڭ ئۆزىگە خاس مۇلازىمىتى بولىدۇ. مۇلازىمەت دېگەن «باشقىلارغا خىزمەت قىلىش» دېگەنلىك بولىدۇ. بۇ قېتىمقى ئېكىسكۇرسىيە قىلىشقا پىلانلانغان يەنە بىر جاي زىگوڭ شەھىرى بولۇپ، زىگوڭ شەھەرلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئورنىدىكى يولداشلار بىزگە مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش، باشقۇرۇش جەھەتتىكى تەجرىبىلىرىنى تونۇشتۇردى. بىز يەنە دازۇشىكى «چوڭ پۇتلۇق تاش ھەيكەل»نى ئېكىسكۇرسىيە قىلدۇق. بۇ ئورۇندىكى يولداشلار بىزگە ئۆزلىرىنىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش جەھەتتە كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقلىرىنى، ئىشلىگەن جاپالىق خىزمەتلىرىنى، بىر قىسىم ئىسلاھاتلىرىنى، ئىسلاھات ئېلىپ كەلگەن ئۆزگىرىشلەرنى تونۇشتۇردى. دازۇشىكىنى كۆرۈپ بولۇپ، چوڭچىڭ شەھىرىگە يۈرۈپ كەتتۇق. چوڭچىڭ شەھىرىگە بېرىش يولىدا بىز يەنە تەبىئەت ھادىسىلىرى كۆرگەزمىسىنى ئېكىسكۇرسىيە قىلدۇق. بۇ تەبىئەت ھادىسىلىرى كۆرگەزمىسى شۇ يەردىكى بىر نۆۋەتلىك قېزىش جەريانىدا بايقالغان دىنازاۋىرلار تاش قاتلىمىسىنىڭ تېپىلىش ئەھۋالىغا ئاساسەن قۇرۇلغان بولۇپ، ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن دىنازاۋىرلارنىڭ ئەۋرىشكە مودېلى كۆرگەزمە بۇيۇمى قىلىنغان. دىنازاۋىرلار كۆرگەزمىخانىسىدىكى خادىملارنىڭ ئەھۋال تونۇشتۇرۇشىدىن ئىگىلىشىمىزچە، بۇ يەردىن بايقالغان دىنازاۋىرلار دۇنيا بويىچە ھەممىدىن چوڭ،

ھەممىدىن مۇكەممەل دىنازاۋىرلار توپى بولۇپ، دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدا تېخى بۇ خىلدىكى دىنازاۋىرلار توپى بايقالمىغان ئىكەن.

بىز كۆرگەن بۇ دىنازاۋىرلار كۆرگەزمىسى تەبىئەت ھادىسىلىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بىلۇپ، كەڭ تەبىئەتتىكى ھاياتلىقنىڭ يىراق قەدىمكى زامانلاردىن تارتىپلا، تەبىئەت تەرىپىدىن نابۇت قىلىنغان ئەھۋاللارنىڭ بارلىقىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. يۇقىرىدىكى دىنازاۋىرلار توپىنىڭ توپى بويىچە ھالاك بولىشى دەل تەبىئەت بىلەن ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدىكى كۆرەش ھەم بىر قېتىملىق تەبىئەت دۇنياسىدىكى تەبىئەت ھادىسىلىرى تەرىپىدىن نابۇت قىلىنغانلىقىنىڭ دەلىلىدۇر. بۇ ئەھۋال بىزگە قەدىمكى زامانلاردىن تارتىپلا ئىنسانلار توپىنىڭ تەبىئەت بىلەن ئۈزلۈكسىز كۆرەش قىلىپ، ئۈزلۈكسىز ھالدا ئۆز ھاياتلىقىنى قوغدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بىز يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكەن ئۆگىنىش مەزمۇنىنى ئورۇنلاپ بولۇپ، خۇنەن ئۆلكىلىك موزېيدىكى ئۆگىنىش، تەكشۈرۈش پائالىيىتىمىزگە ئاتلاندۇق. خۇنەن ئۆلكىلىك موزېي دۆلىتىمىز ئىچىدىكى بىر قەدەر ئىلغار باشقۇرۇش ئۇسۇلىغا، زامانىۋى ئۈسكۈنىلەرگە ئىگە، ئىسلاھات - ئېچىۋېتىش تەلىپىگە ئۇيغۇنلاشقان، تۈزۈلگەن يېڭى تۈزۈملىرى ۋە تۈزۈملىرى بولغان موزېيخانىلارنىڭ بىرى بولۇپ، ھەر جەھەتتىن ۋەزىيەتكە ماسلىشىپ، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ماددىي - مەدەنىيەت ئېھتىياجىنى ئاساس قىلىپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ قەدىمكى تارىخىنى، مەدەنىيىتىنى دۇنياغا تونۇشتۇرۇشتا ياخشى خىزمەت ئىشلەۋاتقان موزېيلارنىڭ بىرى.

ئېكىسكۇرسىيە ئۆمىكىدىكىلەر خۇنەن ئۆلكىلىك موزېينى تەپسىلىي كۆردى. موزېي خىزمەتچىلىرى بىلەن ئايرىم ئەھۋاللار ئۈستىدە پىكىرلەشتى. بولۇپمۇ دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان مۇتەخەسسىسلەرنى باشقۇرۇش، دەم ئېلىش ئىشلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇش، موزېينىڭ ئىقتىسادىنى باشقۇرۇش تۈزۈمى، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئىش ھەققىنى تەقسىملەش تۈزۈمى قاتارلىق بىر قاتار ئەھۋاللارنى موزېي خادىملىرىدىن ئىگىلىدى. موزېيخانىغا تىزىلغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ مەزمۇنى مەسىلىسىگە كەلگەندە، مەلۇم مۇددەتتە ئالماشتۇرۇپ تۇرىدىغانلىقىنى، مۇشۇ ئۇسۇل ئارقىلىق موزېينىڭ مەزمۇنىنى يېڭىلاپ، ساياھەتچىلەرنى جەلپ قىلىدىغانلىقىنى، ساياھەتچىلەرنىڭ سانىنى كۆپەيتىش ئارقىلىق، ئۆز يېرىنىڭ ئىقتىسادىنى ئاشۇرۇشقا تۆھپە قوشىدىغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى.

خۇنەن ئۆلكىلىك موزېيدىكى تەكشۈرۈش پائالىيىتى تۈگىگەندىن كېيىن، ئۆگىنىش، تەكشۈرۈش پىلانىمىز بويىچە شاڭخەي موزېيخانىسىغا ئېكىسكۇرسىيىگە كەلدۇق. شاڭخەي موزېيخانىسىدىكى رەھبەرلەر ۋە بارلىق خىزمەتچىلەر بىزنىڭ ئۆگىنىشكە كەلگەنلىكىمىزنى ئاڭلاپ ناھايىتى خوشال بولدى ھەم ئۆمىكىمىزنى ئالاھىدە كۈتۈۋالدى. قىزغىن كەيپىيات ئىچىدە سۆھبەت ئۆتكۈزدۇق.

شاڭخەي موزېي، مەملىكىتىمىز بويىچە قۇرۇلۇش ئۇسلۇبى ئۆزگىچە، قۇرۇلمىلىرى ئالاھىدە، ئادەم ئىشلىتىشتە، ئىلغار سەۋىيىگە ئىگە، ئىقتىسادىي تەرەققىي قىلغان، زامانىۋى ئۈسكۈنىلەرگە ئىگە بولغان موزېيخانىلارنىڭ بىرى بولۇپ، بىزنىڭ ئۆگىنىدىغان تەرەپلىرىمىز كۆپ، ئۆز يېرىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، قوللىنىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. تۇرپان ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى تەشكىللىگەن، ئىچكى ئۆلكىلەردىكى تەكشۈرۈش، ئۆگىنىش خىزمىتى ناھايىتى ئەھمىيەتلىك بولدى ھەم ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشتى. ھەر بىر كىشى بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈش، ئۆگىنىش پائالىيىتىدىن نۇرغۇن ئەمەلىي تەجرىبىگە ۋە بىلىمگە ئىگە بولدى.

بۇ قېتىم ئۆگىنىش، تەكشۈرۈشكە قاتناشقان رەھبىرى كادىرلار ۋە كەسپىي خادىملار بۇنىڭدىن كېيىنكى ئەمەلىي خىزمەت داۋامىدا ئۆگەنگەن مول مەزمۇنلۇق بىلىملىرى، تەجرىبىلىرىنى ئۆز خىزمىتىگە تەدبىقلاپ، ئىدارىمىزنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى ھەر جەھەتتىكى خىزمەتلىرىگە ئۆلگە قىلىپ تۆھپە قوشقۇسى.

(ئاپتور: تۇرپان ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلارنى باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ كاندىدات ئالىي تەتقىقاتچىسى)

تەھرىرلىگۈچى: ئەركىن ئىمىننىياز قۇتلۇق

# Contents

▶The formation Gesesis of Turpan studies and the later Develop ment of the field. ........ A. I. kutluk, A . M . Umidyar(1)
▶Reflections on Turpan studies ........ Chen Guo Shan(18)
▶Shimazaki Akira, a famous scholar of Turpan studies ........ Abudulbasir. Shukuri(29)
▶The image of the sage in an old Uighur document ........ Peter Semi(32)
▶The econonics of a Buddhist shrine as reflected in an old uighur document ........ Yang Fu Xue(38)
▶The discovery of Oghrhoon stone stele incscriptions ...... J. Rehim Roh Lan(45)
▶The settlement of Qocho uighurs in Hunan ........ Yolwas Rashidin(47)
▶Shamanistic practices amongst the uyghurs—field survey of the turpan district ........ Adil Ghappar (63)
▶A discussion of the ethnogeny "uighur" ........ G. klavson(88)
▶The adoption of "uighur" as an ethnonym ........ Ghahp Ark(97)
▶Was Qus the ancient predecessor of yargol city? ........ Ababakri(105)
▶Some kemarks on ilchi ,the ancient name of khotan ........ Waris Tekin(109)
▶Marco Polo in the Central Asia ........ Tian Wei Jiang(111)
▶Some remarks on the use of historical artefacts for tourism development in Turpan ........ Aygul Muhammad(116)
▶The diary of investigate and visit ........ Ablim Keyum(122)

## ON THE COVER I :

The pidture of the king of Eduqut Uighuris Kingdom (The time of Educot King — 10 th century) The Wall pidture of Bezaclic grotto

. (an)nynber 45, The tribute in ancient Uighur on the two sides of the picture:"The great emperor of the empry".... the brave, the wise leader Who is a eagle of natiom a conquerov. The Uighur leader's picture" (The picture was taken off the German, Albert von Le Coq, to Berlin in the ealier of 20 th century.

Xinjiang Turpan Research Socity
and
Cultural Relic Bureau of Turpan Xinjiang

جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخى ـ مەدەنىيىتى تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ 4 ـ نۆۋەتلىك ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى 2006 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنىدىن 19 ـ كۈنىگىچە خۇنەن ئۆلكىسىنىڭ چاڭشا شەھىرىدە ئېچىلدى. يىغىنغا، مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت ئالىم، مۇتەخەسسىس ۋە تەتقىقاتچىلاردىن 114 كىشى قاتناشتى. 120 پارچىغا يېقىن ئىلمىي ماقالە تاپشۇرۇلدى. ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدىن كېيىن يىغىن ئىشتىراكچىلىرى جۇڭگو ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئىككىنچى يۇرتى خۇنەن ئۆلكىسىنىڭ تاۋيۈەن ناھىيىسى فېڭشۇ ئۇيغۇر- خۇيزۇ يېزىسىدا ئېكسكۇرسىيە ۋە تەكشۈرۈشتە بولدى. مەزكۇر ژۇرنالنىڭ ئالىي مۇھەررىرى ئەركىن ئىمىننىياز قۇتلۇق يىغىندا « خۇنەن ئۇيغۇرلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرى ھەققىدە» ئىلمىي ماقالە ئوقۇدى ۋە تارىخى يادىكارلىقلار ئورنى، مىللىيچە يېمەكلىكلەرنى ئىشلەپچىقىرىش زاۋۇتى، مەكتەپ ، مەسچىت، مەنزىرىلىك جايلار ۋە ئۇيغۇر ئائىلىلىرىدە ئېكسكۇرسىيە ۋە تەكشۈرۈپ تەتقىقات ئېلىپ باردى. ( ياسىنجان فوتوسى )





















吐鲁番学研究

主办单位：新疆吐鲁番学学会 吐鲁番地区文物局
编辑：《吐鲁番学研究》编辑部
地址：乌鲁木齐市延安路119号（伊斯兰教经学院）3号楼2单元602房
邮政编码：830009 电话：0991-2566833
印刷单位：乌鲁木齐嘉华印务有限公司
印刷日期：2006年6月
新疆内部资料（刊物）准印证：00153

TEL：0991-2566833
830009
2006
00153